


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئاپتورنىڭ رۇخسىتى ۋە تەلىپى
بىلەن ئېلكىتاب توردا تۇنجى بولۇپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# يول

(2-قىسىم)

## (تارىخىي رومان)

## ئاپتورى: ھەبىبۇللا ئابلىمىت

## ھىجران يولى

زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى،
ئۇسال كىشىلەر تەۋرىدى،
پەزىلەت تامامەن سىيرەكلەشتى،
دۇنيا بېگى يوقۇلۇپ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يول، يول يوق يەرلەردە ئىنسانلارنىڭ مېڭىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ مەيلى تاغ جىرالاردا، مەيلى دەشتى - چۆللەردە ۋە ياكى يانتاق قاپلىغان تۈزلەڭلىكلەردە بولسۇن، ھەممىسىدە ھامان ئادەم ماڭىدۇ. شۇڭا ئادەملەر ھامان ئۆزى ماڭىدىغان يولنى ئۆزى تاپىدۇ. بۇ، ئىلگىرىمۇ شۇنداق بولغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم شۇنداق داۋاملىشىدۇ، ھەتتا بۇ يولنىڭ ئاخىرى ھىجران بىلەن نەتىجىلەنسىمۇ. شۇ ۋەجىدىن ئىنسانلار ھەرگىز يولسىز قالمايدۇ، غېرىپلىق ئىچىدە يولچىلىقتىنمۇ قىلىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ھاياتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھامان بىر ياخشى يولنى تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىرگە يولچىلىقمۇ مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ، يەنى، تاكى ئادەم ئۆلگۈچە ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى قىيامەتكىچە.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەبەيدۇللاھ ئەكەلگەن قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىككى ئىنىسىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. چۈنكى، ئۇ ئەبەيدۇللاھ كېلىشىنىڭ ئالدىدىلا يەركەندىن كەلگەن خەۋەرچىلىرىدىن يېڭىسارنىڭ تەلتۆكۈس تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئۇ يەردىكى قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ نەقەدەر ھەددىدىن ئاشقان بىر ۋەھشى قەتلىئام بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان ئىدى. ئۇ بۇ چاغدا يىغلىمىدى، بىراق، ئۇنىڭ روھى سەدپارە بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «تەۋبە، تەقدىر – قىسمەتنى ئەجەپمۇ بىلىپ بولغىلى بولمايدىكەن – ھە! بۇ ھايات بىزگە نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلىدۇ؟ قاراپ تۇرۇپ ئىككى ئىنىمدىن ئايرىلىپ قالدىم، يەنە كېلىپ ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇشقا چارىسىز قالدىم ۋە ئاجىزلىق قىلدىم» دەپ قاتتىق ھەسرەت چېكىپ، كۆڭلى پەرىشان بولۇۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بىر يولباشچى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماي، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، جالالىدىن رۇمىنىڭ: «پۈتۈڭغا تىكەنلەر پاتسىمۇ قايغۇرما، بەلكى ئۇ سەن ئىزدىگەن گۈلنىڭ خەۋەرچىسىدۇر. قولۇڭ سۇنسىمۇ قايغۇرما! بەلكى ئاللاھ ساڭا قانات بېرىدىغاندۇ!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى. ئەمما، مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ھەرقانداق بىر سۆز، ھەرقانداق بىر جۈملە، ھەرقانداق بىر دەريا ئۇنىڭ يۈرىكىدە يانغان ئازابلىق ئوتنى ھەرگىز ئۆچۈرەلمەيتتى. ئۇ ئاخىر دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، ئۆز قوشۇنىنى ئارقىغا سېلىپ

يەركەن يولىغا قاراپ ئات سالدى. ئۇنىڭ مەقسىدى يەركەندە تۇرۇۋاتقان خوجانىياز ھاجىم بىلەن بىرلىشىپ، زور قوشۇن بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. ناۋادا بۇ ئويلىغانلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالسا، سابىت داموللامنىڭ قوللىشى ئاستىدا، يەركەندىكى ئۆز قوللىغۇچىلىرىنى تىنچ بىر يول بىلەن خوتەنگە قايتۇرۇپ ئەكېلىپ، ئەڭ بولمىغاندا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»نى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت ۋە نىشان قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ يەركەنگە قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يېزىلغان بىر پارچە خەت بىلەن خەۋەرچىسىنى تۈنۈگۈن يەركەنگە ماڭغۇزىۋېتىپلا، مانا بۈگۈن بامدات نامىزىدىن كېيىن يەركەنگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى. ئىككى سائەتتىن بېرى ھېچ تىنماي داۋام قىلغان بۇ يولچىلىق مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى ئۆز خىياللىرىدىن يىراق قىلالمىدى. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - ماكان، ئانا تۇپراقلار ئارىسىدىن يورغا ئاتنىڭ يورغىلىشىغا تەڭكەش قىلىپ خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئۇ ئۆزىدە بار دەپ ھېسابلىغان كۈچتىنمۇ بەتتەررەك بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئەلۋەتتە، بۇ كۈچ جىسمانىي بىر كۈچ بولماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتىكى كۈچى ئىدى. زاماننىڭ توختاۋسىز ئۆتۈشى ۋە ماكانلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشى بىلەن دەرتلەرنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنىڭ قوغلىشىپ كېلىپ يۈرەكنى مۇجۇشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ روھى كۈنساناپ تاۋلىنىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يولچىلىقنى جىددىي بىر يولچىلىق دەپ سانىغان بولسىمۇ، ئەمما رېئاللىقتىكى يولچىلىقتىن بەكرەك خىيال دۇنياسىدىكى يولچىلىققا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىۋاتاتتى.

ئاپرېل ئايلىرى بولغاچقا ئەتراپتا باھارنىڭ ئالامەتلىرى كۆزگە تاقىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا زوق بىلەن قارايدىغان ھېچبىر كۆز يوق ئىدى. ئەنە، ئاپرېل ئايلىرىنىڭ قۇياشى كۈندىن - كۈنگە ئىسسىۋاتاتتى، ئۈستىدە قارا بۇلۇتلارنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى سەزمىگەن بۇ ئانا يۇرت يېشىللىققا پۈركىنىپ، ئۆزىنىڭ ئانىلىق مېھرى بىلەن پۈتۈن جان - جانىۋار، ئۇچار - قۇشلارغا قۇچاق ئېچىپ، كۆڭلىنى چاغ قىلىۋاتاتتى. يول ياقىسىدىكى جىگدە كۆچەتلىرىنىڭ ئېچىلاي دەپ قالغان غۇنچىلىرى ئۆزىنىڭ تازا مېزىلىك پۇراقلىرىنى كەڭ كەتكەن زېمىنغا تارقىتىپ، ھېچ ئىشتىن بىخەۋەر شاخلىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۆز كۈيىدىن، ئۆز پۇراقلىرىدىن زوقلانماقتا. ياپيېشىل قويۇق ئۆسكەن بىدىلىكنى ماكان قىلغان بۆدۈنىلەر تىنماي يېقىملىق سايراشماقتا. بىراق، تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا ئەنە شۇنداق سېخىيلىق بىلەن قىلىۋاتقان شاپائىتىنى كۆرىدىغان نە كۆز، ئاڭلايدىغان نە قۇلاق، بىلىدىغان نە ھېس بار دەيسىز. چۈنكى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ئەردەم، ئەبەيدۇللاھ قاتارلىق خوتەن باھادىرلىرىنىڭ يۈرەكلىرىدىكى ھال - مۇڭى، ئازابى، ئەندىشىسى سەۋەبىدىن، ئەتراپتىكى بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى تۇيغۇدەك ھاللىرى قالمىغان ئىدى. ۋەھالەنكى، تەبىئەت ۋە ئۇنىڭ قوينىدىكى بارلىق مەخلۇقلارمۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ بۇنچىلىك مۇرەككەپ، بۇنچىلىك قانلىق ئۇرۇشلار بىلەن تولغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق دائىم تىركىشىپ تۇرىدىغان بىر ھايات ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. دېمىسىمۇ، ئەقىل ۋە ئىدراكقا ئىگە بولغان ئىنسانلار ئۆز ئۆزىنى بىلىش جەريانىدا بىر - بىرلىرىنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھابىل بىلەن قابىلدىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر مەزلۇملارنىڭ زالىملاردىن مەغلۇپ بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قىسمەتنى بىلەلمەيۋاتقان چاغدا، بۇ سېخىي تەبىئەت، بۇ مەرت باھار نەدىن بىلسۇن.

ئەنە شۇنداق يوللاردا كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ ئالدىدا، بىردىنلا يىراقتىن قاتار - قاتار چوقچىيىپ كېلىۋاتقان قوڭۇر تۆگىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كېلىۋاتقان تۆگە كارۋىنى ئۇنچىلىك كىچىك كارۋانلاردىن ئەمەس بولۇپ، سانى تەخمىنەن يۈزگە يېتىپ باراتتى. ھەممە تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان بولۇپ، ئەھۋالدىن قارىغاندا بىرەر شەھەرنىڭ خەزىنىسىنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇقداپ، مۇشۇ تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ ماڭغاندەك بىر ئالامەت، ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭغان كىشىلەرنىڭ چىھرىدىكى ئۆركەكلىكتىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ كارۋاننى كۆرگەن خوتەن ئەسكەرلىرى جىددىيلىشىپ، دەرھال ئۆزلىرىنى رۇسلاپ، ھېلى قويۇۋەتسىلا كارۋانغا قاراپ ئېتىلىدىغان ئارسلانلاردەك تەل بولۇپ تۇرۇشتى. ئەمما، بۇ كارۋاننىڭ خوجانىياز ھاجىغا ئائىت ئىكەنلىكىنى ئالدىنقاچان بىلىپ بولغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، كارۋانغا قەتئىي چېقىلماسلىق توغرىسىدا ئەردەمگە ئەمر قىلدى. ئەردەمنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان ئەسكەرلەرمۇ جىددىي بىر ئەھۋالنىڭ يوقلۇقىنى پەملەپ، كارۋانلارنىڭ يانلىرىنى ياقىلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇن چىقارماي قاراپ تۇرۇشتى. قاتار - قاتار ماڭغان تۆگىلەر بويۇنلىرىدىكى كولدۇرمىلىرىنىڭ بوم ئاۋازلىرىنى ئەتراپقا يېيىپ، كەڭ ھەم ئېغىر تاپانلىرى ئاستىدىن چاڭ - توزانلارنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىدىن پاراتتىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ، پوسكام تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. خوتەن ئەسكەرلىرى يەنە ئالاھەزەل بىرەر سائەت يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قارا ئارغىمىقىغا مىنىپ، ئارقىسىغا ئىككى يۈزگە يېقىن ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان خوجانىياز ھاجىم بىلەن يول ئۈستىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ ھالى ھال ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى بەھەيۋەت قىياپەت بىلەن ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇشلىرىدىن زەررىمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ خۇددى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئوۋچىدىن قېچىپ ھالى قالمىغان ياۋا بۆكەندەك، شۇنچىلىك چارچاپ كەتكەن بىر ھالدا ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئوۋچىنىڭ قولىدىكى قۇشنىڭ يۈرىكىدەك شۇنچىلىك تېز - تېز سوقۇۋاتقان بولغاچقىمىكىن تاڭ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ سالامىنىمۇ ھودۇقۇش، قورقۇنچ بىر ھال بىلەن ئارانلا ئىلىك ئالدى. ئەسلىدىلا دوست بولغان بۇ ئىككى يولباشچىنىڭ كونا يولدىكى بۇ ئۇچرىشىشى، خۇددى كىشى تەسەۋۋۇرىدىكى رەقىبلەرنىڭ تار كوچىدىكى ئۇچرىشىشىنى ئەسلىتەتتى. ئىككىلىسىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى بىر - بىرىگە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى دېيىشىۋېلىشىنىڭ سورۇنى، مانا بۈگۈن مۇشۇ يول ئۈستىگە راسلانغاندەك قىلاتتى. ئۇلار سوغۇق سالاملىشىشلاردىن كېيىن، يولنىڭ ياقىسىدىكى سۇسىز ئېرىقنىڭ قىرىغا سېلىنغان تېكمەتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، جىددىي مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. ھەر كىم ئۆزىنىڭ قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ، قارشى تەرەپنى قايىل قىلىشقا تىرىشىۋاتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا، بىۋاستە گەپنىڭ پوسكاللىسىغىلا كۆچتى:

– مېنىڭ بۇنداق ئالدىراپلا يەركەنگە يولغا چىقىشىمدىكى مۇددىئايىم، مەن سىلە بىلەن ئۆزئارا كېلىشكەندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، تۇڭگانلارنىڭ ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئىدى. ئەمما، سىلە مېنىڭ كەلمەكچى بولغانلىقىمنى بىلىپ، ئالدىراپلا بۇ سەپەرگە چىققاندەك تۇرىلا. تېخى تۇڭگانلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ۋە پارلاق كېلەچەكلىرىنى ئويلاپ، يەركەن خەزىنىسىدىكى بارلىق جاۋاھىراتلارنى بىراقلا ئېلىپ مېڭىپتىلا. مەن سىلە بىلەن بۇنداق بىر كۆڭۈلسىز ۋەزىيەتتە، بۇ توپىلىق يولدا

ئۇچرىششىنى ئەسلا ئەقلىمگە كەلتۈرمىگەن ئىدىم. شۇنداقتىمۇ يەنە ئۈمىدىمنى ئۈزمەي، سىلىگە بولغان ھۆرمىتىمنى ساقلاپ، يۈرەك سۆزۈمنى ئۆز ئاغزىم بىلەن دەي. مۇشۇ كەمگىچە ھەر ئىككىلىمىز زالىملارغا قارشى باش ئەگمەي كۈرەش قىلىپ كەلدۇق. خائىنلار ئىچىمىزگە سوقۇنۇپ كىرسىمۇ ئەمما يەرگە يىقىلمىدۇق. بىزنى يوقاتماقچى بولغانلار بىلسۇنكى، بىز شاھادەت يولىدا ماڭغان يولچىلار بىز. شۇڭا بۇ يولدا ئالدىمىزغا چىققان قىيىنچىلىقلارنى بال دەپ بىلدۇق. شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن ھازا ئېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي يەنە جەڭگە ئاتلاندۇق. شۇڭا بۈگۈنكىدەك جىددىي بىر ھايات - ماماتلىق پەيتتە كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرسەك، بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر نىيەتنى خالىس قىلىپ بۇ يولدا ئارقىغا يانماي ماڭىدىغانلا ئىش بولسا، قۇتلۇق دەۋايىمىز يولىدا قارا تۇپراققا بەرگەن ھەر يىگىتىمىز تىرىلىش چىنارىغا بەرگەن جان سۈيىمىز بولۇپ قالىدۇ. تۇپراققا بىر يىگىت تىكسەك مىڭ يىگىت ئۈنۈپ چىقىپ، قوشۇنىمىز زورىيىپ، خەلقىمىز بىزنىڭ يولىمىزغا ئەگىشىدۇ. خەلقىمىز ھازىر بىزدەك يولباشچىغا بەكمۇ موھتاج. شۇڭا دەيدىغىنىم شۇكى، سىلە ئارقىغا چېكىنمەي مېنىڭ بىلەن بىرگە ئالدىغا قاراپ ماڭسىلا! بۇ يولدا ئۆلسەك بىللە ئۆلەيلى، ھايات قالساق، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرايلى. مەن سىلىگە موھتاج، خەلقىمىز سىلىگە موھتاج. ھەر ئىككىلىمىزدە جاسارەت دەيدىغان نەرسە بار، ھازىرغىچە مەندىكى بۇ جاسارەت مېنى تېخى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتمىدى، سىلىنىمۇ ھەم شۇنداق. مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ مەندىكى ئاشۇ جاسارەت سىلىگە مۇشۇ گەپلەرنى دېيىشكە جاسارەتلەندۈردى. بۇ جاسارەت بىلەن يا بىز ئۆلۈمىز، يا تۇڭگانلار.

بۇ سۆزلەرنى جىددىي بىر قىياپەت بىلەن ئاڭلىغان خوجانىياز ھاجىم سۆز باشلاشنىڭ ئالدىدا بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى بىلەن قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تەپەككۇرى ئارىسىدا ھەقىقەتەن نەچچە قەۋەت تاش تامنىڭ بارلىقىنى قەشقەردىكى چاغلىرىدىلا پەملىيەلىگەن ئىدى. خوجانىياز ھاجىم ئۇيغۇرىستاندىن گەپ قىلسا، ئۇلار ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدىن سۆز ئاچاتتى. خوجانىياز ھاجىم سوۋېت ئىتتىپاقى ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشتىن سۆز ئاچسا، ئۇلار سوۋېت بىلەن دۈشمەنلىشىشتىن سۆز ئاچاتتى. خوجانىياز ھاجىم ياخشى دېگەننى ئۇلار ئەسكى دەيتتى، خوجانىياز ھاجىم بولمايدۇ دېسە، ئۇلار، ھە بولىدۇ، بىزنىڭ يۈزدە يۈز توغرا، بۇنىڭغا ئاللاھ كېپىل دەيتتى. خوجانىياز ھاجىم بىز ئۇيغۇرلار يېڭى ئىزىم پەيدا قىلىدىغان مىللەت ئەمەس، بىز ئىزمىسىز بىر بىتەرەپ ئىدىيەدە ئۆزىمىزنىلا ئويلايلى دېسە، ئۇلار پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىن ۋە پۈتۈن تۈركىستاندىن سۆز ئاچاتتى. شۇ سەۋەبتىن خوجانىياز ھاجىم ئۇنداق جاسارەتلىك سۆزلەرگە تويۇپ، ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم راست دېگەندەك يەركەن خەزىنىسىدىكى بارلىق بايلىقنى ئېلىپ، پوسكامغا ماڭغان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ نىيىتى ئېنىق بولۇپ، سوۋېت بىلەن كېلىشىش قارارىغا ئاللىبۇرۇن كېلىپ بولغان، ھەتتا بۇ توغرىسىدىكى قارارنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خاس ئادىمى مەھمۇد مۇھىتىغا ئېيتىپ، ئۆزى كەتكەندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئاللىقانداق مەخپى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. دەرۋەقە، بۇ قېتىم ئۆزى سەل ئىككىلىنىش ئىلكىدە ۋىجدان ئازابى چەككەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، قارارىدا يەنىلا ھەرگىز ئارىسالدىلىق ئالامىتى

كۆرۈلمەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قارارلىرىنىڭ توغرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆز سۆزىنى «ئەقىل» دىن ئىبارەت بۇ سۆز بىلەن باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشقاندەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

- دۇنيادا قۇدرەتلىك ئىككى نەرسە بار. بىرى، قىلىچ؛ يەنە بىرى، ئەقىل. ئەمما ئەقىلنى يېڭىدىغان قىلىچ تېخى ئىجات بولغىنى يوق. بىز تۇڭگانلارنى قىلىچ بىلەن يېڭەلمىگەندىكىن، ئەمدى ئەقىل بىلەن يېڭىشىمىز لازىم. ھازىر مۇھىم بولغان نەرسە دۈشمەنىنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆز بىلەن كۆرۈش ئەمەس، بەلكى ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، ھېسلىرىمىز بىلەن سېزىپ، پىلانلىق ئىش قىلىشتىن ئىبارەت، ئۇشبۇ سەۋەبتىن بىز قەلبىمىزدىكى ئىمانغا، ئەقلىمىزدىكى چۈشەنچىگە ئىشىنىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىشىمىز لازىم. ھازىر بولسا ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئوبدان ھېساب - كىتاب قىلىپ، ئاندىن تەدبىرلىرىمىزنى ئالىدىغان چاغ. مېنى ھازىر چېكىنىشكە يۈزلەندۈرگەن مەجبۇرىيەت، دەل ئۈستۈمگە ئالغان مەسئۇلىيەتتىن بولغان. چۈنكى، چىققان تېغىمىز ئېگىز بولسا، ئاتقان تاشلىرىمىز ئۇزۇنغا يېتىدۇ. مەن سىلىگە مىسال قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا قايسى بىر ئۇستازدىن ئاڭلىغان «ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسى»نى قىسقىلا قىلىپ ئېيتىپ بېرەي. ئەسلىدىغۇ ھازىر ھېكايە ئېيتىپ، گەپ ساتىدىغان ۋاقىت ئەمەس، لېكىن، گېپىزى كەلگەچكە بۇ ھېكايىنى ئېيتىش ئويىغا كېلىپ قالدىم:

«زامانىنىڭ زامانىسىدا بەكمۇ چوڭ بىر كۆل بولغان ئىكەن. كۆلنىڭ ئاخىرقى ئۇچى دەرياغا تۇتىشىدىكەن. دەريا ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن. بىر كۈنى بىرقانچە بېلىقچى بۇ كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ. ئۇلار كۆلگە شۇنداق نەزەر سالسا، بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگىدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال بېلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تورلىرىنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ.

بۇ كۆلدە بىرى ئەقىللىق، بىرى چالا ئەقىللىق، يەنە بىرى، دۆت بولغان ئۈچ بېلىق دوست بولۇپ ياشايدىكەن. كۆلدىكى بۇ ئۈچ بېلىق ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى پەرەز قىپتۇ. بېلىقلارنىڭ ئەقىللىقى ئۈزۈش تەس بولغان دېڭىز تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ ۋە: ‹مەن بۇ توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايمەن، چۈنكى، قارارىمدىن يېنىشنى خالىمايمەن. ئۆز جايىمغا كۆنۈپ قالغان بولساممۇ، لېكىن سەپەر قىلىشىم كېرەك، سەپەر قىلىش ئۈچۈن جاسارەتلىك بولۇش زۆرۈر. ۋەتەن سۆيگۈسىنى باھانە قىلماڭلار، بىلىشىڭلار لازىمكى، ھەقىقىي ۋەتەن سۇدا ئەركىن ئۈزەلەيدىغان جايدۇر› دەپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا ئۈزۈپ كېتىپتۇ. بۇ بېلىق شۇنداق ئۇزۇن ئۈزۈپ دەرياغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئاخىرى دەريا ئارقىلىق دېڭىزغا چۈشۈپتۇ. بۇ بېلىق يوللاردا نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما بىپايان دېڭىزدا خاتىرجەم ئەركىن ئۈزۈپ ياشاپتۇ. قالغان ئىككى بېلىق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، بېلىقچىلار تورلىرىنى ھازىرلاپ، كۆلگە تاشلاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چالا ئەقىللىق بېلىق جىددىيلىشىشكە باشلاپ: ‹ئاپلا، مەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ ئەقىللىق بېلىققا يولداش بولغان بولسام بوپتىكەن. ئۇ ھازىر بىخەتەر جايغا يېتىپ بولدى. ئارقىسىدىنلا ماڭغان بولسام ياخشى بولاتتى. بوپتۇ، ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغانىنىڭ تېخىمۇ پايدىسى يوق. شۇڭا ئەمدى بولسىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكىم كېرەك. ئۇ قېرىندىشىمىز دېڭىزغا يېتىپ بېرىپ خەتەردىن قۇتۇلدى. شۇنداق بىر ياخشى دوستۇم مېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن، دەرھال يالغاندىن ئۆلۈكتەك

بولۇۋالاي. سۇنىڭ ئۈستىدە قورسىقىمنى ئاسمانغا قىلىپ لەيلەپ تۇراي. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزۈش كەتمەيدۇ، خۇددى چۆپتەك سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئاقساملا بولدى. ئۆلۈكتەك سۇغا تەسلىم بولسام نېمە بولاتتى؟ ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈش ئازابىتىن قۇتۇلدۇرىدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بېلىق ئۆلۈكتەك بولۇۋېلىپ، قورسىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ سۇ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئۇ سۇ دولقۇنلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا ئېقىپتۇ. بۇ بېلىق گەرچە بېلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بېلىق بولسىمۇ، ۋەھالەنكى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بېلىقچىلار ئۇ بېلىققا ئېرەنسىمەپتۇ. ئۆلۈكتەك بولۇۋالغان چوڭ بېلىق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇش بولۇپ: ‹تورلىرىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇم› دەپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا ئەگىشىپ ئېقىپ كېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، بېلىقچىلار بىر بېلىقنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە دەرھال تورنى ئېتىپ، ئەخمەق بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ ھاڭۋاقتى بېلىق تورنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇياق - بۇياققا پىلتىڭلاپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى قۇتقۇزالماي، بېلىقچىلارنىڭ گۈلخان ئوتىدا كاۋاپ بوپتۇ. ئوتتا ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىق قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ، پىژىلداپ كۆيۈپتۇ ۋە قاتتىق ئاغرىق ئازابىدا: ‹ئەگەر مۇشۇ ئوتتىن قۇتۇلىدىغان بىر ئىش بولسا، ھەرگىز كۆلنى ماكان قىلمايمەن. يا ئاقار دەريانى ياكى چەكسىز دېڭىزنى ماكان قىلىمەن. ئۆز جېنىڭنىمۇ قوغدىيالمىغان يەردە، قانداقمۇ ئەركىن ياشىغىلى بولسۇن!› دەپ، نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ» دەپ ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرغان خوجانىياز ھاجىم، سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا:

- مەن يەنە بۇ ھەقتە، جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدىم: ئويلاش، پاراسەتلىك بولۇش، تەپەككۇر قىلىش، تارىخنى ئەسكە ئېلىش قاتارلىقلار ئەقىلگە ئائىت خۇسۇسىيەتلەردۇر. ئەقىل بولسا يولنى ئايدىڭلاتقان مۇسانىڭ ھاسىسىدۇر، دەرغەزەپ، ئۆچمەنلىك، ۋەھىمىگە چۈشۈش، تەمتىرەپ يۈرۈش دەل پىرئەۋننىڭ قەھرىدۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ئەقىلنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەقىل ئۇنۇتقاقلىق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ، پەرۋانىدا ئەقىل بولمىغاچقا، ئۇنۇتقاقلىقىدىن دائىم ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدۇ»- خوجانىياز ھاجىم ئۆزۈمچىللىك قىلىپ تۇرۇپ، جاھىللىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن سەل مەغرۇرلانغاندەك قىلىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا بىر قارىۋالدى - دە، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

- بىز ھازىر بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن، تۆلىگەن بەدەللەردىن ئىبرەت ئالماي، داۋاملىق ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىنى كۆپتۈرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئاۋۇندۇرساق، ئۇ ھالدا زۇلمەتلىك تۈنلەر دەل شۇ يەردىن باشلىنىپ كېتىدۇ. بىز بىر قۇش بولمىغاندىكىن، يانىڭ بويىغا كەلگەندە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا مېنىڭ قارارىم ئېنىق: ئەگەر ۋەزىيەت يار بەرسە ئۆزۈم ئاقسۇغا بېرىپ، مېنى كۈتۈۋاتقان سوۋېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن سۆزلىشىمەن ۋە قولۇمدىكى بارلىق مال - دۇنياغا تۇچلۇق ئوق – دورا، قورال – ياراق سېتىۋالىدىغان ئىشنى قىلىمەن، ئاندىن ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتىمەن.

خوجانىياز ھاجىم سۆزىنىڭ ئاخىرقى جۈملىلىرىنى تولۇق چۈشۈرۈشكە جاسارەتسىزلىك قىلىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. بۇ ھاللارنى كۆرۈپ بىر نېمىلەرنى تۇيغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، بىر جەھەتتىن خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئۆزۈمچىللىكىگە ئاچچىقى كەلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە شۇملۇقلارنىڭ ياتقانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولالماي، بىقارار بولۇپ

قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولغان بۇ ئادەمنىڭ ئالغان قارارلىرىغا قاراپ، ئۇ ئۆزىنى باسالمىدى ۋە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرمايلا مۇنداق دېدى:

- سىلە بۇياققا قەدەم باسقاندىن بۇيان، «بۆرىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىنىڭ دەرەخ بېشىدا» دېگەندەك، ئۆزلىرى ھەممە نەرسىمىزگە ئورتاقلاشتىلا، ھەتتا يەركەننىڭ خەزىنىسىدىن تارتىپ ئالدىلا. ئەمما بۈگۈن خەلقنىڭ بېشىغا تۇتۇلغاندىن ئىبارەت بۇ بالا كەلگەندە، ئالدى - كەينىلىرىگە قارىماي ئۆزلىرىنى دانا، ئەقىلدانلاردىن چاغلاپ قاچقانلىرى مېنى ھەقىقەتەن ئۈمىدسىزلەندۈردى. سىلە بىلەن پاراڭلاشقانسېرى ئۆزۈمنى بىر ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. سىلىنى تونۇغانسېرى باشقىدىن تونۇۋاتىمەن. سىلە بىلەن بىر يولدا مېڭىشقا ھەرگىزمۇ كۆزۈم يەتمىدى. ئۇنداق بولغان ئىكەن، سىلىمۇ ئۆز قارارلىرىدىن يانماي يوللىرىغا راۋان بولسىلا. مەنمۇ ئالدىمغا قاراپ يول ئالاي. ئەمما مېنىڭ ئالدىمدا ئىمكانىسىز دەيدىغان بىر ئىش يوق. ۋاقتى كەلگەندە ئەقىللىق بولۇپ بۇ رەزىل دۇنيادا ھايات ياشىغاندىن، ساراڭدەك ئۆرۈش قىلىپ ئۇ دۇنياغا شېھىت كەتكەن ياخشى. مۇشۇ ساراڭلىقىم بىلەن ئۇدۇل بېرىپ، يا تۇڭگانلاردىن قان قىساسىمنى ئالىمەن، ياكى بۇ يولدا جېنىمنى پىدا قىلىمەن. ماڭا بۇنىڭدىن باشقا ئۆچىنچى بىر تاللاش يوق. مەن بۇ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا سىلە بىلەن مۇنداق بىر رىۋايەتنى ئورتاقلاشقۇم كېلىپ قالدى. قېنى گېپىمگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئوبدان قۇلاق سالغايلا، بەلكى، بۇندىن كېيىن بۇنداق بىر پۇرسەت تا قىيامەتكىچە بولماسلىقى مۇمكىن:

«ھەزرىتى سۇلايمان جاھانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان زامانلاردا، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى زېمىنلارنى كۆزدىن كەچۈرمەكچى بولۇپ، ئۇچار گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھاۋادا ئۇچۇپتۇ. ئۇ گىلەمنىڭ ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن كارامەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، زېمىنغا نەزەر تاشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئۇچار گىلەم سۇلايمان پادىشاھنىڭ بۇ كىبىرلىكىدىن نارازى بولۇپ، ئاستا - ئاستا ئىگىلىشكە باشلاپتۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن ھەزرىتى سۇلايمان:

- ئەي گىلەم، سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇم ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشىڭ كېرەك. قەددىڭنى رۇسلاپ، تۈز ئۇچ! - دەپتۇ.

ئۇچار گىلەم تېخىمۇ بەتتەر ئىگىلىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ھەزرىتى سۇلايمان يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ:

- ھەي گىلەم ساڭا بۇيرۇق قىلىۋاتىمەن، دەرھال تۈز بول! - دەپتۇ.

بۇ چاغدا ئۇچار گىلەم دەرھال زۇۋانغا كېلىپ، مۇنداق خىتاپ قىپتۇ:

- ھەي سۇلايمان! سەن تۈز بول! ھەممە نەرسىنى مەن ئۆزۈم قىلدىم، مېنىڭلا توغرا دېمە»

بۇ رىۋايەتكە ئاساسەن دەيدىغىنىم شۇكى، بىر نەرسىنى ئەگرى كۆرگەن چاغلىرىمىزدا ياكى بىر ئىشلارنىڭ خاتا كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە قارايلى ۋە ئۆزىمىزگە سوئال قويايلى. زادى خاتالىق كىمدە؟ نەدە؟ مەغرۇرلانماي، ئەتراپلىق ئويلىنىپ ھۆكۈم چىقىرايلى. باسقان قەدىمىمىزنى يالغۇز ئەقلىمىزنىڭ ھۆكۈمىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يۈرىكىمىزنىڭ سوقۇشىغا ۋە ۋىجدانىمىزنىڭ ئاۋازىغا ماسلاشتۇرايلى. چۈنكى بىز ھەزرىتى سۇلايمان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئۇچار گىلىمىمىزمۇ يوق. مېنىڭ ئەمدى خەقتىن

مەدەت تىلەپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قاراپ، پۇت - قولۇم باغلاغلىق ئولتۇرۇشقا تاقىتىم ھېچ يوق. يەنە خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىدىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالغۇمۇ يوق. بولۇپمۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە، نەچچە مىڭلىغان شېھىتلارنىڭ قان بەدىلىگە قۇرغان «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»دىن ئايرىلغۇمۇ يوق. تېخى ئەمدى چېھرى كۈلگەن خوتەن خەلقىنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد - ئارزۇلىرىنىڭ بىردەمدىلا سىلىنىپ كېتىشىگە مەن ھەرگىز يول قويالمايمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خوجانىياز ھاجىمنىڭ بىردىنلا جۇدۇنى تۇتتى بولغاي، دەرغەزەپ بولۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى- دە:

- مەن سىلىدەك قاراملىق قىلىپ، قول ئاستىمدىكى باھادىرلىرىمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئوتقا ئىتتىرەلمەيمەن. قارارىم قارار، سىلىگە ئۇلۇغ ئاللاھتىن نۇسرەت تىلەيمەن. دېيىشىدىغان باشقا بىر ئىش بولمىغاندىكىن مەن دەرھال يولغا چىقاي، ئائىلەم پوسكامغا كەلگىنىگە ئىككى ئاي بولغان بولسىمۇ، تېخىچە دىدار كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىدى. مەن ئۇلارنىڭ يەنە يولۇمغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشىغا سەل قارالمايمەن، - دەپ، تېزرەك بۇ يەردىن كېتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئەمدى ئەسلا قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، گەپنى يەنە ئۇزارتىشنىڭ ھېچ بىر ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلىپ:

- «ھاجىم! تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر» دەيدىغان ئاتىلىرىمىزنىڭ سۆزى بار، ئاللاھ نەسىپ قىلسا، جېنىمىز تەندە ئېسەن بولسىلا يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، - دەپ چىرايلىق ئاقىيول تىلەپ، يولىغا راۋان بولدى. خوجانىياز ھاجىممۇ ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، ئەسكەرلىرى بىلەن تەك ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي پوسكام يولىغا ئات سالدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق توپا - چاڭلار يولنى قاپقارا تۇمانلار بىلەن قاپلاپ، خۇددى قارا بۇلۇتلاردەك ھاۋادا لەيلەپ يۈرەتتى. ئەتراپتا بۇلارنى ئۇچۇرۇپ ئەكەتكۈدەك سەلكىنمۇ يوق ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا تېزرەك يەركەنگە يېتىم بېرىشقا ئالدىراپ، دەممۇ ئالماي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە شۇنچىلىك خۇنۇك كۆرۈنەتتى. يول ياقىسى كەڭ كەتكەن ئوچۇقچىلىق بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىققۇدەك بىرەر نەرسە يوق ئىدى. ماڭغانسېرى ئالدى تەرەپتە دېھقانلارنىڭ كونا ئۆيلىرى، ئاندا - ساندا دەل - دەرەخلەر ۋە پاكار سوقما تاملار بىلەن ئورالغان باغلار كۆزگە چېلىقتى. بۇلاردىن ئۆتۈپ يەركەنگە يېقىنلاشقانسېرى ھەممە نەرسە خارابىلىققا ئايلانغاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەتراپتىكى تورۇسلىرى كۆيۈپ چۈچۈلە بولۇپ كەتكەن ئۆيلەر، شاخلىرى كۆيۈپ كۆسەيدەك قارىيىپ كەتكەن دەرەخلەر كىشىگە ۋەھىمە سالاتتى. يول ياقىسىدىكى زومچەك - زومچەك چاتقاللار ئادەمنىڭ كۆزىگە قەبرىستانلىقتەك كۆرۈنەتتى. ناگان - ناگاندا ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان بۇغدايلىقلاردىكى ياۋا ئوتلارنىڭ بۇغداي بولۇش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىپ بوي تارتىشلىرى، كىشىنى تەئەججۇپلەندۈرمەي قالمايتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يولمۇ ئوبدانلا ئاۋۇدى. ئەمدى كۆن بارا - بارا پەسلىمەكتە ئىدى. قاراقۇرۇم تاغلىرى بىپايان زېمىنىنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسى ئۈستىدە يەنىلا ھال رەڭ نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى. يول بەكمۇ ئەسكى بولۇپ، ھەممىلا يېرى ئېرىققا

ئوخشاش چاق ئىزلىرى ۋە سىرىق تۇپراق قاتلىمىدا ھارۋىلار قالدۇرۇپ كەتكەن چوڭقۇر كاتاڭلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنە شۇنداق ناچار يوللاردا تولا مېڭىپ چارچىغان، مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشلىرىنى ۋە يوللاردا سەپەرداشلىرىنىڭ خائىنلىق قىلىشلىرىنى كۆرۈپ ھالسىرىغان ئىدى. ئۇ شۇنچە ياش قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاشۇ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ ئۆمرىدىنمۇ قىسقا بولۇشلىرىغا قاراپ ئىزتىراپ چېكەتتى. بۇ ھايات يوللىرىنىڭ ھەر دوقمۇشىغا ئادالەتسىزلىك بىلەن قۇرۇلغان پوسۇلارنى، پىستىرمىلارنى كۆرۈپ غەزەپلىنىپ قان يۇتاتتى. ئۇ يېنىدا ھېچبىر قېرىنداشلىرىنىڭ يوقلۇقىدىن، خۇددى يەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن يالغۇز كەسلەنچۈكتەك بۇ ئەسكى يوللاردا قاتراپ يۈرۈشلەردىن ھارغان، شامالدەك گۈررىدە كېلىپ ئۆزىنى ئورۇۋالغان دەرد - ئەلەملەرنىڭ دەستىدىن ھەققەتەن جاق تويغان ئىدى. يوللاردا نەگە بارىدىغانلىقى، نەدە تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدىغان سەپداشلىرى ئۇنىڭغا ھەسرەت قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى يېڭى بىر دەرت، يېڭى بىر ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاشلاردىن تويغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەققەتەن بۇ ئازابلارنى تارتىشقا، بۇ يوللارنى مېڭىشقا ماجالى قالمايۋاتاتتى. ھەي! بۇ زېمىندا شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇكى، بەزىدە، خۇدانىڭ بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن يول قويۇۋاتقانلىقىغا ئۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى. لېكىن نە چارە، ئۇ چوقۇم يەنە بۇ يولدا مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، بۇ يولنىڭ ئاخىرى ئازاتلىققا، ئەركىنلىككە تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇ يولنىڭ يولباشچىسى، شۇڭا، مەيلى ھەرقانداق قاراڭغۇ زۇلمەت بۇ مىللەتنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ياغسىمۇ، مەيلى ھەرقانداق پىكىر ئېقىملىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسسىمۇ، مەيلى ھەرقانداق پاجىئە بۇ يۇرتتا يۈز بەرسىمۇ، مەيلى ھەرقانداق زوراۋان كۈچ بۇ مىللەتكە قەبىھلىك قىلىپ، دەپسەندە قىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز ھىمايىچىلىرىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئاپىرىدىغان بۇ يوللاردىكى تىكەنلەرنى دەسسەپ، ئالغا قاراپ كېتىۋېرىشكە ئىرادە باغلىغان ئىدى. ئەركىنلىك، ئازاتلىققا پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن مۇشۇ ئەسكى يوللاردا مېڭىش ئارقىلىق ئاندىن ئېرىشكىلى بولاتتى. چۈنكى، چىن ئىرادە بىلەن باسقان بۇ يولدا ئەركىنلىك، ئازاتلىقنىڭ ئىزلىرى بار، بۇ يوللارنىڭ ئەڭ ئاخىرى ھۆرلۈك مەنزىلى ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يەركەنگە يېرىم كېچىدە ئاياق باسقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاردىم - چارچىدىم دېمەي مەسلىھەتدىشى سابىت داموللام بىلەن باش قوشۇپ، بۇندىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. ئەمما، كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا ئۇلار ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. چۈنكى، ئەسكىري كۈچىنىڭ ئاساسلىقىنى ئىگىلىگەن مەھمۇد مۇھىتى خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش قىلىدىغان قوماندان بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرلىكسەپ تۈزۈپ تۇڭگانلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. كۆزگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ قاتمال سىياسىي ۋەزىيەتنى ھەل قىلىشقا ھازىر سابىت داموللامۇ چارىسىز قالغانىدى. شۇڭا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىشنى ئويلاپ، دەرھال قوماندانلىق شتابىنى يېڭىشەھەردىن كونا شەھەرگە يۆتكىدى. سابىت داموللام ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قاراپ ئىش كۆرۈشنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ شەھەر تېشىدىكى تۇرالغۇسىغا قايتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئادەملىرىدىن ئالغان ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، خوجانىياز ھاجىمنىڭ ھەققەتەن نىيىتىنى بۇزغانلىقىنى، ئۇنىڭ سوۋېت

ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان ياردەملەرنى كۆزلەپ، تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنىغا سابىت داموللام ۋە ئۆزىنى قولغا ئېلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالدى. دېمەك، خوجانىياز ھاجىم ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەقلى بويىچە ئىش قىلىش يولىنى تاللىغان بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاغدەك ئىشەنگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىنى ئورۇنلاشقا بويۇن ئەگكەن بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. بولۇپمۇ بۇ ئەھۋاللار كېيىنكى كۈنلەردە، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا تۇتقان پاسسىپ مەيدانىدا روشەن ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يەنىلا ئۆزىنى ئوتقا ئېتىپ، قولىدىكى بار كۈچتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ۋە مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئالىمادىس ئىچكى ئۇرۇش كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرھال خوتەنگە قايتىپ، ئۆز يۇرتداشلىرى بىلەن قۇرغان «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»نى قوغداپ، خوتەندە بولسىمۇ مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەتنى ساقلاپ قالماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز پىكرىنى سابىت داموللامغا ئادەم ئەۋەتىپ يەتكۈزدى ۋە سابىت داموللامنىڭ كونا شەھەرگە دەرھال كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما سابىت داموللام كونا شەھەرگە ھازىرچە كىرمەيدىغانلىقىنى ۋە ئەھۋالنى كۆزىتىپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، زادى ئامال بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاندىن ئۇدۇل خوتەنگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇرىۋەردى. بۇ دەل، 1934-يىلى 4 - ئاينىڭ 13 – كۈنى ئىدى. ئەپسۇس شۇ كۈنى كەچتە مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئەمرى بىلەن ھاپىز تەنجاڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، سابىت داموللامنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋالدى ۋە سابىت داموللامنى تۇتۇپ پۇت قولىغا كىشەن سېلىپ، دۈشكەلەپ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى سابىت داموللامغا ھەقىقەتەن ھار كەلدى. ئۇنىڭ پولتايىغان كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئۆچكەن، چۈۋۈلغان سەللىسىنىڭ ئۇچى مەيدىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ بارلىق ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش شۇنچىلىك تەشۋىش ئىچىدە قالغان بولۇپ، خۇشاللىقى دەردكە ئۆزگىرىپ، سۈكۈناتى بېشىغا بالا بولغانىدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇلىرى، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرى كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شاماللىرىدا ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭلاردەك، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئاياق ئاستىدا چەيلىنىپ، خازان بولۇپ كەتكەن ئىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ قەلبىدە دولقۇنلاۋاتقان ھېسلىرىدىن پەيدا بولغان ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ جاننى ئازابلايدىغان ئاچچىقى، ئازراقلا ۋىجدانى بار ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ يۈرىكىنى چوغدەك قىزارغان داغمال بولۇپ داغلىماي قالمايتتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىنى ئويغىتىپ ئۇنىڭ قەلبىگە ئۈمىد مايسىلىرىنى تىككەن بۇ زاتنىڭ قول - پۇتلىرىنىڭ بۇنداق شىددەتلىك كىشەنلىنىشى، ھەق قۇياشىنىڭ نۇرىدىن ئەسلىدىلا زەررىچىلىكمۇ بەھرىمەن بولالمىغان بەزى نائەھلىلەرنىڭ ئامىتىگە ئامەت قوشتى ئېچىنارلىقى، ئەزەلدىن بولۇپ كېلىۋاتقان ئەقىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئەسكىلەر غالىپ كېلىپ ياخشىلار مەغلۇپ بولغان، زالىملار يېڭىپ مەزلۇملار ئۇتتۇرغان ئىدى. مۇنداق تېز قىلىنغان بىر ھەملە بىلەن يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىش پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇندىن كېيىن بۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇنچىلىك ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى، بۇ سىياسىي ھەملەدە مىللەتنىڭ شاھ تومۇرى كېسىلگەن ئىدى. دېمەك، «ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارماس» دېگەندەك، بەختىيار چاغلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولدى. خەلق

ئەمدىلەتىن ئۆز دۆلىتىنىڭ سايىسىنى كۆرۈپ نەچچە ئاي بولا – بولمايلا، قورقۇنچلۇق قارا كۈنلەر يەنە ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلدى. دىڭىزنىڭ قارا تۇمانلىدەك بۇلۇتلار كۆك ئاسمانىنىڭ يۈزىنى قاپلىغان بولۇپ، مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان خوتەن دەرياسىمۇ ئۆزىنىڭ شاپائەت قولىنى بۇ زېمىنغا سۇنالماي چارىسىز قالغانلىقتىن، غەزەپ بىلەن دولقۇنلاپ تاغلار ھاسىل قىلدى. قاراڭغۇ تۈن بىلەن يورۇق كۈن روبىرو تۇتاشقان گىرۋەكلەرنى يورۇتۇپ تۇرغان ھىلال ئاي، زۇلۇمنىڭ ئىزناسىنى كۆرسىتىپ تۇرغان بۇ ئانا يۇرتنى يورۇتۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەزىز پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنىڭ ئەلەم - ھەسرىتى ئىچىدە نىقاپلىنىپ غايىپ بولدى. پۈتۈن ئانا يۇرت قارا تۈن ئىلكىدە ئېغىر تولغاق ئازابىدىن ئىڭراۋاتقان ئانىدەك قاتتىق سىلكىنىپ، ئازابلىق نىدا قىلماقتا، ھەر جاينى ھۇقۇشلار قاپلاپ، پەنەرى ئۆچكەن يولچىلار يولدىن ئازماقتا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان قاراڭغۇ زۇلمەتنىڭ تۆمۈر تاپىنىدا ئېزىلمەكتە ئىدى.

سابىت داموللامنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۇنىڭ ھاياتىدىن خاۋاتىرلىنىپ، دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇ مەھمۇد مۇھىتىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، سابىت داموللامنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما، بۇ ئورۇنلۇق ھەققانى تەلەپ مەھمۇد مۇھىتى تەرىپىدىن قەتئىي رەۋىشتە رەت قىلىندى. پەقەت سابىت داموللامنى قويۇپ بېرىش رەت قىلىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە كونا شەھەردىكى ئەسكەرگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىمۇ قولغا ئېلىش پەيلىنىڭ يوق ئەمەسلىكى، ئايغاقچىلار تەرىپىدىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىدى. ئەگەر مەھمۇد مۇھىتى خوجانىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كونا شەھەردىكى خوتەن كۈچلىرىنىڭ ئەسكەرگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان ئىش راستىنلا يۈز بېرىدىغان بولسا، بولغۇلۇق يەنىلا ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە بولاتتى. يات دۈشمەن بوسۇغىغا ئاياق باسقان بۇنداق نازۇك بىر ۋەزىيەتتە ئىككى تەرەپ ئۇرۇش قىلىپ قان تۆكۈلسە، بۇ قانلار بىلەن تارىخ تەزكىرىسىنىڭ ئاق بەتلىرىگە مەڭگۈلۈك نومۇسىنىڭ سەتىرلىرى پۈتۈلەتتى. چۈنكى سابىت داموللامنىڭ بىر جېنى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئاز دېگەندە مىڭلىغان باھادىر يىگىتنىڭ قانلىرى دەريا بولۇپ ئاقاتتى. ئەگەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالماي غەزەپلىك قەھرى قۇتراپ، مەھمۇد مۇھىتىغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بارسا، خۇددى ئۆز زەھرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن چاياندەك ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋالاتتى. ئەمما مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز زەھرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغان چايانلاردىن ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇ تەلىم - تەربىيە كۆرگەن بىر قوماندان ھەم سىياسەتچى ئىدى. تەلىم - تەربىيە ئىنسان روھىنىڭ نۇرى بولسا، سۆز - ھەرىكەت بۇ نۇرنىڭ جۇلاسى. شۇڭا، ئۇ بۇ ھەقىقەتكە ئاساسەن دەرھال ئۆزىنىڭ ھېسسى تۇيغۇلىرىنى تىزگىن ئاستىغا ئېلىپ، ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن سۆز - ھەرىكەت قىلىشنى تاللىدى. ئۇ بۇ جىددىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، قول ئاستىدىكى غاپپار ھاجى، تۇرسۇن باقى خان ۋە مۇھەممەد ئىيسا قاتارلىقلار قوماندانلىرى بىلەن باش قوشۇپ، ئەمدى قانداق قىلىش ۋە قانداق تەدبىر ئېلىش توغرىسىدا ئەھلى كېڭەش ئېلىپ باردى. ئەھلى كېڭەش نەتىجىسىگە ئاساسەن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئورنىغا دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن يەركەندىن خوتەنگە قايتىپ كېتىشنى قارار قىلدى. بۇ قارار ئارقىلىق ئۆزئارا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ،

ئەمما ئۆزئارا بىرلىكسەپ قۇرغان، ئۆزئارا ئىشەنگەن، ئۆزئارا قول بېرىشكەن ئادەملىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئويلاپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئۇمىدلىرى، ئارزۇلىرى، ئۇلارغا بولغان كۆڭلى تامامەن سۇنغان، قەلبى زەخمىناك بولغان ئىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ ئاچچىق كۈلدى، ئاندىن خوتەن يولىغا قاراپ قەھرى بىلەن ئات سالدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ يولچىلىقى ئارقىلىق خوتەننى يىمىرىلمەس قورغانغا ئايلاندۇرۇپ، بىر تەرەپتىن خوتەن دىيارىنى تۇڭگانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قىلىشنى ئويلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇش ۋە خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ، خوتەن خەزىنىسىگە چاڭ سېلىش پىلانىنى بىتچىت قىلغان ئىدى. دېمەك، دۇنيادىكى ئىشلار خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇۋەرمەيدۇ، چۈنكى ئاتىلىرىمىز ئېيتقاندەك، «بىر تۈلكىنىڭ تېرىسى ئىككى قېتىم سويۇلمايدۇ» - دە.

1934 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 – كۈنى، تۇڭگان قىسمىلىرى توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ يەركەننىڭ بوسۇغۇسى بولغان كۆك رابات دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى بولسا يەركەندە قالغان بىر قىسىم خوتەن ئەسكەرلىرى ۋە ئۆزىنىڭ قولىدىكى قوشۇن بىلەن بىرگە تۇڭگانلارغا قارشى مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىشنىڭ ئورنىغا، يەركەن شەھىرىنى پۈتۈنلەي بوشىتىپ، پوسكامنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بەشكەنت دېگەن جايدا تۇرۇۋاتقان خوجانىياز ھاجىمنى پاناھ تارتىپ، ئۆز قوشۇننى ئېلىپ ئۇنىڭ قېشىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يەركەندىكى خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ تۇڭگانلار بىلەن روبىرو ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، ئۇدۇل خوتەنگە قاراپ ماڭدى. بۇنىڭ بىلەن خورىكى ئۆسكەن تۇڭگانلار بىر پاي ئوق ئاتماستىنلا، يەركەن شەھىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشغال قىلىۋالدى. ئەمما بولغۇلۇق يەنىلا قولى قىسقا، تىرىكچىلىك يولىنى تاپالماي تاسقاقچىلىق تارتىپ يۈرگەن يەركەن خەلقىگە بولدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق، ئۆزلىرىگە بولۇشىدىغان باشپاناھىمۇ يوق، يەنە كېلىپ شاپائەتچىسىدىن ئايرىلغان يۇرت - مەھەللە ئەھلىنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۈمىد يۇلتۇزلىرى ئۆچۈپ، غەلىيانچى تۇڭگانلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشى ئالدىدا يېتىم قوزىدەك تىترەپ تۇرۇپلا قالغان ئىدى. قورال - ياراغلارنى تەخلەپ، جەڭ سېپى تۈزۈپ، يۇرتنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان قوماندان - ئەسكەرلىرى بولمىغان، يولباشچىلىرى چەتلەپ كەتكەن، ھەيۋىسى سۇنغان خەلقتە يەنە نېمە چارە بولسۇن دەيسىز. شۇنداق، بۇ قېتىممۇ ئوخشاشلا زوراۋانلار ئۇتقان ئىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغىنىدەك، زوراۋانلارنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ نىزامنىڭ ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلانغان ئىدى. بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن ئاجايىپ بولىدىكەن، تارىخ رەھىمسىز ئىكەن. ھەممىدىن بەتتەر رەھىمسىز، ھەممىدىن بەتتەر زالىم كىشلەر شەۋكەتلىك بولۇپ كۆكلەرگە كۆتۈرۈلىدىكەن. خەلقنىڭ قانلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولغان ۋە ئەھلى مەھەللىنىڭ قانلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يالىڭاچ قىلىچلىرى بىلەن دەريا - دەريا ئاققۇزغان سەركەردە، ھۆكۈمران ۋە غەلىيانچىلارنىڭ قانلىق ئۇرۇشلىرىنى جەڭنامىلەردە كۆپتۈرۈپ ماختايدىكەن. بۇلارنى تېخى نومۇس قىلماستىن شىجائەتنىڭ روھى دەپ ئاتىشىدىكەن ھەمدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قوشاق توقۇپ يادلايدىكەن، ئۇلارنىڭ شاراپىتىگە تۇغ - ئەلەملەر كۆتۈرىدىكەن. نەتىجىدە، بەختسىزلەرنىڭ پاجىئەلىرى ئۇستىگە قۇرۇلغان بەختىيارلارنىڭ شېرىن ھېكايە - داستانلىرى ئاپىرىدە بولىدىكەن. دېمەك، ئەبەدىلئەبەد تارىخنىڭ بۇ قانلىق دەرياسىنىڭ يوللىرىنى

ئەبەدىلئەبەد ھېچكىم بۇرالمىسا كېرەك. بۇ ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئادەمزاتنى تولىمۇ پەسكەش مەخلۇقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئەل - يۇرتقا خائىنلىق قىلغانلار ئۆزلىرىنى قالتىس ئىش قىلىۋەتكەندەك كارامەت چاغلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇنداق جەمئىيەت ھەقىقەتەن ئادالەتسىزلىك بىلەن بېزەلگەن ستەمكار جەمئىيەت بولۇپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق پەزىلەتسىز جەمئىيەتتە، كىم ئەسكى بولسا ئۆز ئەسكىلىكى بىلەن يۇقىرىغا قاراپ يۈكسىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۇ يۈكسەكلىكتىن تۆۋەنگە شۇنچىلىك قاتتىق چۈشىدۇ. مانا بۇ، ئىلاھىي ئادالەت! ئۇلۇغ رەببىم ئىنسانىيەتنى بۇ پەسكەشلىكلەر ئىچىدە غەرق بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، مانا شۇنداق قاباھەت ۋە ئەسكىلىكلەر ئىچىدە گۆھەردەك يالتىراپ تۇرىدىغان روھىيەت دۇنياسىغا ئىگە پەيغەمبەرلەرنى، يول باشچىلارنى، داھىيلارنىمۇ يوللىغان ئىكەن. ئۇلۇغ ئىگەم بىزنىڭمۇ شۇ زۇلمەت باسقان دۇنيادىن قۇتۇلىشىمىز ئۈچۈن، بارلىق خەلقىمىزنى ئىنتىپاقلاشتۇرىدىغان روھىيەت دۇنياسىغا ئىگە داھىيلارنى يوللىغاي! ئىشىنىڭلار ماڭا، ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مېھرىباندۇر!

بۇ يوللار دۇنيادىكى ئەڭ ناچار يوللار بولسا كېرەك. سابىت داموللام بىلەن زىرىپ قاراجىمنى سېلىپ ئاقسۇغا يالاپ ماڭغان ئات ھارۋىسى ئەنە ئاشۇ ئەڭ ناچار يوللاردا كېتىۋاتاتتى. ھارۋا ئىككى ياققا ئىغاڭلاپ، سابىت داموللامنى ئىككى تەرەپكە ئۇرۇپ ھېچ ھالىنى قويمىغان ئىدى. سابىت داموللام ئىچ ئەزالىرىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەندەك ناھايىتىمۇ بىئارام كۆرۈنەتتى. ھارۋا بۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا بىر دۆڭگە چىقسا بىر پەسكە چۈشۈپ، چاقى بىر ئازگالغا چۈشۈپ، بىر چىقىپ، يانتۇ يوللاردا ھېلىلا يۇمىلاپ كېتىدىغاندەك ماڭماقتا ئىدى. سابىت داموللام ئۆزىمۇ نەگە كەلگەنلىكىنى قىياس قىلالماي ئۆز ھالى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىياللار شۇنچىلىك قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، ئاستا - ئاستا غەربكە پېتىۋاتقان ماي ئايلىرىنىڭ قۇياشى، ئۆزىنىڭ ئىسسىق ھارارىتىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇ پىنھان زېمىنغا چېچىۋېتىش ئۈچۈن، تازا قىيامىغا يېتىپ ئوتقاشتەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. غەرب تەرەپتە يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاغلارنىڭ ئاسماننى تىرەپ تۇرغان تىك چوققىلىرىمۇ، مەشۇقىنى كۆرۈپ يۈزى قىزىرىپ كەتكەن قىزنىڭ يۈزىدەك قىپقىزىل تۈسكە كىرگەن ئىدى. قۇياشنىڭ پېتىشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان يۇلتۇزلارمۇ كۆكگۈم تۈسكە كىرىۋاتقان ئاسماندا بىر - بىرلەپ كۆرۈلۈپ، ئۇۋ ماراپ ياتقان كۆك بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر چاقناشقا ئاز قېلىۋاتاتتى. سابىت داموللام تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن خىيالچان كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىپ خىيال سۈرەتتى: «ھەي، بۇ دۇنيا ئاجايىپ تىلسىماتلار بىلەن، بۇ ھايات ئاجايىپ ۋەقە - ھادىسىلەر بىلەن ئورالغان ئىكەن. ئاشۇ چەكسىز كائىنات ۋە ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايدىكەن. قۇياش ۋاقتى كەلگەندە پاتىدىكەن، ئاي ۋە يۇلتۇزلار ۋاقتى توشقاندا ھامان چىقىدىكەن. بۇنىڭغا ھېچكىم ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدىكەن. ئەنە شۇ ئالەمنىڭ بىر زەررىچىسى بولغان ئادەممۇ بەئەينى تەقدىرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئوخشايدىكەن. ئادەم بارلىق جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئۇلۇغ جاندار بولسىمۇ، يەنىلا تەقدىرنىڭ قىسمىتىدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلالمايدىكەن. ئادەمنىڭ پىلانلىرى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئالدىدا بويۇن ئىگىدىكەن. مانا قارىمامدىغان، تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆز خەلقىنى

ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرىمەن دەپ كۈرەش قىلغان ئادەم، بۈگۈن ئۆلۈمنىڭ زەنجىرى بىلەن كىشەنلىنىپ ئولتۇرۇپتىمەن» ئەنە شۇ خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان سابىت داموللامنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر يېزا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىقىۋاتقان قويۇق ئىسلار تولغىنىپ ھاۋاغا ئۆرلەۋاتاتتى. يېزىغا كەلگەنسېرى ھەممە يەرنى قىزىللىق قاپلىدى. قىزىل دېڭىزدەك پارقىراپ قىملداپ تۇرغان بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى قۇرۇق چۆپلەر ئۈستىگە دامولامنىڭ سايىسى چۈشكەن ئىدى. سايىدىكى دامولامنىڭ بېشى ھارۋا بىلەن تەڭ يول ئالاتتى. ھارۋا ئەنە ئاشۇنداق مېڭىپ يۈرۈپ، يېزىغا يېتىپ كەلدى. ھارۋا بىر شامال چىقسا ئۆرۈلۈپ چۈشەي دېگەن ئۇ ئەسكى پاكار ئۆيلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، سابىت دامولانىڭ دىمىغىغا تېزەكنىڭ پۇرىقى كېلىپ ئۇرۇلدى. بۇ پۇراق سابىت دامولامغا شۇنچىلىك مەززىلىك پۇراپ كەتتى. سابىت دامولامنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا، «ئوچاقنىڭ يانلىرىدا ئولتۇرۇپ داغ سۇ قايناۋاتقان قازانغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان باللارنىڭ چېكەتكىنىڭكىدەك كۆزلىرى ۋە ئوچاقتا تېزەك قالاۋاتقان ئانىنىڭ چارىسىزلىق ئىچىدە، ئۈمىدى سۇنغان كۆزلىرىنى باللىرىغا تىكىپ، ياشارغان كۆزلىرىنى يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈركەۋاتقان» مەنزىرلەر كەلدى. ئۇ يەنە كوچىلاردا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ يۈرگەن، ئىككى بېقىنى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بىر نەچچە ئىتنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلەرنى پۇراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار ئارىلاپ ئارىلاپ يەردىن باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، قاۋاشنىڭ ئورنىغا ئاجايىپ غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ قوياتتى. بۇ ئاۋازلار شۇنداق بىر ئاۋاز ئىدىكى، خۇددى ئۇزۇن - ئۇزۇن ئويلىغاندىن كېيىن سۆزلىگەن چوڭقۇر مەناغا ئىگە سۆزلەرگە ئوخشايتتى. ئالدىدا ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ كېتىۋاتقان  ئەسكەر بىلەن يېنىدا مۈگدەپ ئولتۇرغان يەنە بىر ئەسكەرنىڭ يېنىدىن بىردىنلا سېسىق بىر پۇراق دامولامنىڭ بۇرنىغا كېلىپ ئۇرۇلدى. بەلكى، بۇنداق تەر پۇرىقى سابىت دامولامغا ھېچ بىر ۋاقىت بۇنچىلىك تەسىر قىلمىغان بولغىيتتى. چۈنكى، بۇ پۇراق كالللىسىغا بىر كېلىپ، بىر كېتىۋاتقان ئىرماش - چىرماش خىياللار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنى ئىنتايىن بىئارام قىلىۋېتىپ باراتتى. سابىت دامولامنىڭ ئىچى لەختە - لەختە قان ئىدى. ئىچىدىكى دەرد يارىلىرىنىڭ قانىشى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئىچى قانغا تولغانىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا پۈتۈن قەلبى بىلەن خوجانىياز ھاجىمغا ئىشەندى ۋە ھازىر ئۇنى يەنە ئەسكە ئالدى:

«خوجانىياز ھاجىم شۆھرەتكە، بايلىققا ۋە كۈچكە ئانچە مايىل بولمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭ روھى ئىلغار پىكىرگە ۋە يېڭى ئىدىيەلەرگە ئاچ ئىدى. ئۇ بۇ ھاياتتا بىزنىڭ چوقۇم بىر دۆلەت قۇرالايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىدىغان بىر چۈشەنچىگە ئاچ ئىدى. شۇڭا ئۇ شۇ پىكىر - ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن چېپىپ، بىزگە ئىشەنمىدى. ئەمما مەن ئىشىنىمەنكى، تەجرىبىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يۈكسىلىدىغان، پەرۋىش قىلىنىدىغان ۋىجدان قىممىتى، بىر كۈنلەردە ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر دۆلەت قۇرماي تۇرۇپ ئىنسانچە ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىڭ ئوتىنى سالىدۇ. شۇڭا مەن ھەر خىل پىكىرلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان دوستلۇقنى سۆيىمەن. مەن بۇ ھاياتتا بىپەرۋالىق قىلىپ قويغانلىقىمدىلا مەغلۇپ بولدۇم. بىز بەزىلەرنىڭ ئارقىنىغا ئېسىلىپ قۇدۇققا چۈشۈشكە ئۇرۇندۇق ۋە كۆپ ھاللادا ياتلارنىڭ ئارقىنى بىلەن قۇدۇققا چۈشتۇق. ئەمما بۇنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشكەندىن كېيىن بىلدۇق. بىز بۇ قېتىممۇ بۇنداق قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشكەن بولساقمۇ، بىرەر كارۋان كېلىپ خۇددى يۈسۈپ

ئەلەيھىسسالامنى قوغلىدۇرغاندەك قوغلىدۇرۇۋالمىدى. كاشكى، بىزنى قوغلىدۇرۇپ، يۈسۈپنى قۇل قىلىپ ساتقاندەك مىسىرنىڭ قۇل بازارلىرىدا ساتقان بولسا، بەلكى بىزنىڭمۇ ئامىتىمىز كېلىپ ۋەزىر بولۇپ، ئۆز دۆلىتىمىزنى باشقۇرار ئىدۇق. مانا ئەمدى بىزنى ئۆز ئادەملىرىمىز كىشەنلەپ، دۈشمەننىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەم بالىسىدىن باشقا ھېچقانداق بىر جاندارغا بېرىلمىگەن بۇ پۇشايمانلىق ھېسسىياتى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مېنى ئازابلاۋاتىدۇ. چۈنكى، بۇ يولنىڭ مەنزىلى ئۆلۈم. ياق، ئۆلۈمدىن قورقۇشقا نە ھاجەت! ئەلۋەتتە، بىز بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان ئىكەنمىز، چوقۇم ئۆلىمىز. ئادەم تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ، ئۆلۈم ئۇنىڭغا ھەرۋاقىت ھەمرا. بۇ ھايات يولىدا ئۆلۈم بىزدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەيدۇ. ئۆلۈم ئەمەلىيەتتە ھاياتنىڭ بىر پارچىسى. بۇ كۈرەشكە بىز شۇ ئۆلۈمنىڭ ھەمرالىقىدا ئاتلانغان ئەمەسمۇ. ئەگەر بىز ئۆلۈمدىن قورقساق ئۆلۈم ۋەھىمىسى روھىمىزغا تېخىمۇ سالجىدەك يېپىشىدۇ، بىزنىڭ خاتا قارارلارنى ئېلىشىمىزغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا ئۆلۈمنى نەزىرىمىزگە ئېلىپمۇ قويماي، بەلكى ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا يول ئېلىشىمىز كېرەك. نەۋاقىت ئەجەل يەتسە، شۇ چاغدا بۇ جاننى ئۆلۈمگە تەسەددۇق ئېتىمىز، ئەلۋەتتە. ھەي! ئىچىمدە سۆزلىگۈدەك شۇنچىلىك كۆپ گەپلىرىم بار ئىدىكى، ئەمما يېنىمدا ئۇلارنى ئاڭلىغۇدەك ئادەم يوق، غېرىپتىن بەتتەر غېرىپ مەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىپ، يول بويى ئۆز ئىچىدىكى ۋە روھىدىكى يولدا يۈرۈپ، ئەقلىگە ۋە تەپەككۇرىغا قاراپ يول ئالغان ئىدى.

سابىت داموللامنىڭ ئۇدۇلىدا تاتىرىپ، تەشۋىش ئىلكىدە ئولتۇرغان زېرىپ قاراجىم بىردىنلا تىك قىيانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغان ھارۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك ئەندىكىپ، يۈزلىرى تاتىرىپ، يۈرىكى ناھايىتى تېز سوقۇشقا باشلىغان ئىدى. كىم بولسا بولسۇن، بىر ئادەمنىڭ ياشاش بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدىكى يولدا كېتىۋېتىپ ۋەھىمە ئىچىدە قېلىشى، ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بىر ئىش. زېرىپ قاراجىم شۇ ۋەھىملەردىن ئۆزىنى ئازات قىلىش ياكى قېچىشنىڭ بىر پىلاننى تۈزۈش ئۈچۈن، سابىت داموللام بىلەن پاراڭلاشماقچى ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ سۆزنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي، ئۆزىگە ئوخشاش خىياللار قايىنىمىدا بىر چۆكۈپ بىر چىقىۋاتقان، مېڭىسىنى بىر - بىرىدىن مەجھۇل سوئاللار مالىمان قىلىۋاتقان سابىت داموللامغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ بارلىق جاسارىتىنى توپلاپ، ئېغىزىنى پىچاق ئاچقۇزۇشقا جۈرئەت قىلالىدى – دە:

- داموللام، چوڭقۇر خىيالغا پېتىم كەتتىلىغۇ، مېنىڭ ئىچىم بەك سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. تازىمۇ تىنىمسىز، ۋەھىملىك يولچىلىق بولدى – دە، بۈگۈن. گەپ قىلغاچ يول ئالساق ئوبدان بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن، - دېدى. ئۇدۇلىدىن تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازنى ئاڭلىغان سابىت داموللام دەرھال زېھنىنى مەركەزلەشتۈردى – دە، زېرىپ قاراجىمنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەردى:

- ھەي، ئويغا پاتقانسېرى تېگى يوق ھاڭغا شۇڭغىغاندەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئويلىماي دېسەممۇ كاللامدىن ھېچ چىقىرالمىدىم بۇ ئويلارنى. بۇ ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن پىكىر - خىياللىرىمنى يېشىمەن دەپ تېخىمۇ چىگىش قىلىۋەتتىم. شۇڭا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قېلىۋاتىمەن.

- داموللام ئويلىرىنى ئېيتىۋەرسىلە، نەدىن باشلىسىلا شۇ يەردىن باشلىسىلا، ھالىمىز بۇ تۇرسا، بۇنىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى بار دەيلا. قارىسىلا، پۇت - قولىمىزدا كىشەن. شۇڭا

ئىچىلىرىدىكى گەپلىرىنى تېشىغا ئاتسىلا، سىلىمۇ ياخشى بولۇپ قالىلا، مەنمۇ ئىچىمنىڭ سىقىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالارمەن.

- مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم، زىرىپ قاراجىم! دەرھەقىقەت، بۇ قېتىم ئىنقىلابىمىز مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىزدىن بىر دۆلەت قالدى. يەنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇق نامى قالدى، كۆك بايراق قالدى ۋە بىز بېسىپ ماڭغان يوللاردا بىر قانلىق تارىخنىڭ ئىزنالىرى قالدى. بۇ دۆلەت نامى ۋە ئىزلارنى قالدۇرۇشمۇ بىزگە ئاسانغا توختىمىدى. مانا ئۆزلىرى دېگەندەك، بىزمۇ بۇ نام ئۈچۈن جانلىرىمىزنى پىدا قىلماقچى بولۇۋاتىمىز. شېھىتلىك مەرتىۋىسى ئۈچۈن، پۇت - قوللىرىمىزدا كىشەن بىلەن بۇ ۋەيرانە يوللاردا ماڭماقتىمىز. بىزدىن قالغان ئاشۇ دۆلەت نامى، قۇربان بولغان يىگىتلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى ۋە يېتىم قالغان نارىسىدە باللارنىڭ ئاھۇ - زارلىرى ئۈچۈن بىز بۇ يولغا ئاتلاندۇق. شۇڭا يولنىڭ ئاخىرىدا بىزنى قانداق بىر قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچ ئىككىلەنمەسلىكىمىز لازىم. ئەمدى خوجانىياز ھاجىمغا كەلسەك ئۇنىڭدىن ھېچ ئاغرىنمايمەن. چۈنكى ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھەقلىق تەرەپلىرى بار. ئەگەر بىز چىن نىيىتىمىز بىلەن بۇ جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرىمىز دېگەن بولساق، ئەلۋەتتە قۇتۇلدۇرالايتتۇق. لېكىن بۇنىڭ بىلەن خوجانىياز ھاجىمنى ئوسال بىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولاتتۇق. ئۇنىڭ شۆھرىتى ۋە شۇنچە يىلدىن بېرى قان كېچىپ قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى خۇددى ئىسسىق ئاپتاپتا قالغان مۇز پارچىلىرىدەك بىراقلا ئېرىپ، قارا تۇپراققا سىڭىپ كېتىشكىمۇ ئۆلگۈرەلمەي ھەممىسى پارغا ئايلانغان بولاتتى. بىز خوجانىياز ھاجىمنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئالدىدىكى لەۋزىنىڭ يەردە قالماسلىقى ئۈچۈن، بىلىپ تۇرۇپ بۇ يولغا چىققان بىز. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا، ئۇلارنىڭ خوجانىياز ھاجىمغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشىغا ئازراق بولسىمۇ پۇرسەت بەرمىگەن بولىمىز. بۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز بىر مەزگىل كۈننىڭ نۇرىنى كۆرىدىغان بولىدۇ. بۇ قانچىلىك داۋاملىشىدۇ، ئەلۋەتتە ھازىر بۇنىڭغا ھېچقايسىمىز بىرنېمە دېيەلمەيمىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئەڭ ئاخىرىدا بىز يەنىلا مەغلۇپ بولغۇچىلار قاتارىدا تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالىمىز. ئورۇن ئالغۇچىلارنىڭ بېشىدا ئەلۋەتتە خوجانىياز ھاجىممۇ بار بولىدۇ. دەرۋەقە ھازىر بۇنىڭدىن باشقا بىر يولىمىزمۇ يوق. شۇڭا، خوجانىياز ھاجىمنى ئازراق بولسىمۇ ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىگە ئېرىشتۇرۇش ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى چوڭ بالادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئەسكى ئات ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بىز. بولمىسا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى دېگىنىنى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى زادى ئېنىق. ئۇلار بىزنىڭ تۈركچىلىك ۋە ئىسلام نامىدا قۇرۇلغان دۆلىتىمىزنىڭ، ئۆزلىرىنىڭ بىقىنىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئەسلا خالىمايدۇ. مەن باشتىلا بۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ بەزى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسامىمۇ، ئەمما تۈركچىلىك بىلەن ئىسلامىزم تەرەپدارلىرى يەنىلا كۈچلۈك تەرەپنى ئىگىلىدى. مەن يالغۇز ۋە چارىسىز قالدىم. ئەسلىدە، بۇنداق بىر تارىخي پەيت كەلگەن چاغدا قوشنىلار نېمە دېسە ھە دەپ، شۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە بىر دۆلەت قۇرۇۋالغان بولساق، مۇسۇلمانچىلىق ئاستا - ئاستا دەپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىمىز ئەڭ ئارزۇ قىلغان غايىگە يېتىپ بارالايتتۇق. سەپداشلىرىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكى دۆلەتتىن بەتتەر «ئىزم»لارنى بەك ئۇلۇغ بىلدى. ئۇلار «قۇياش يىراق بولسىمۇ، ئاپتىپى يېقىن» دېگەن تەمسىلنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمىدى. ھازىر مانا يولنىڭ بېشىدىلا مەغلۇپ بولدۇق. ئۇزۇن مۇددەتلىك

پىلاننى ھەرگىز ئويلىمىدۇق. بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، دۇنيادا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان قوشنىمىزنىڭ پەشۋاسى بىلەن بۇرنىمىزنى قاناتتۇق. بۇ ئىشلاردا ئەلۋەتتە مەندىنمۇ كۆپ سەۋەنلىكلەر ئۆتتى. بۇ سەۋەنلىكنىڭ بەدىلىنى مانا ئەمدى جېنىم بىلەن تۆلەيدىغان ئوخشايمەن. بەلكى بۇمۇ تەقدىرنىڭ بىر قىسمىتىدۇر. شۇڭا مەن بۇ يولغا جېنىمنى تىكتىم. مۇشۇنداق بولغاندا، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمدەك، جاھان ئازراق بولسىمۇ تىنجىپ، خوجانىياز ھاجىم ئۆزى ئويلىغانلىرى بويىچە بىر ئىشلارنى قىلار، قالغىنى ئاللاھ كەرىم. كېيىنكى ئەۋلادلار بىزنىڭ ئۆتكۈزگەن شۇ سەۋەنلىكلىرىمىزنى تەكرارلىماي، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ئىش قىلار ئىنشائاللاھ. ئەمما مۇشۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكىمۇ سەۋىيە، بىلىم ۋە سىياسەت كېتىدۇ. بۇنىڭغا بىر توغرا پىكىر، بىر توغرا مەپكۇرە لازىم بولىدۇ. قانداق بىر پىكىر، قانداق بىر مەپكۇرەنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا بولسىمۇ، مۇشۇ زېمىندا ئۇيغۇرنىڭ بىر دۆلىتىنى قۇرۇش ھەممىدىن مۇھىم. ئەپسۇس بىز بۇ قېتىم ئۇنداق قىلالمىدۇق. ھەممىمىز ئورتاق بىر پىكىر، ئورتاق بىر مەپكۇرە بىلەن يولغا راۋان بولماي، ئەكسىچە، ھەممىمىز يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈۋېلىپ، ھارۋىنى ئۆزىمىز بىلگەن تەرەپكە تارتتۇق. ئاخىرى ھارۋىنى سۆرەپ قىيانىڭ لېۋىگە ئەكەلدۇق - دە، ھەممىمىز بىراقلا ھاڭغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ ئۆزى بىلگەندە چىڭ تۇردى، خوجانىياز ھاجىمۇ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان يولغا ھارۋىنى تارتتى. ئاخىرىدا خوجانىياز ھاجىم كۈچلۈك كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا يان تاياق بولغان سوۋېتلەر بار. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر مەزگىل تۇرغان ۋە ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستانچىلىق ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى، ئۇيغۇر نامىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلاردەك قىلىپ بىر رېسپۇبلىكىنى قۇرۇپ چىقىش. ئەمما بۇ مېنىڭ كاللامنى قوچۇۋاتىدۇ. ئەگەر راستىنلا سوۋېتنىڭ ھىمايىسىدىكى ئاشۇنداق بىر ئۇيغۇرىستان رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلۇپ قالىدىغانلا ئىش بولسا، ھازىر يەنە مەيلى. خەلق يەنىلا خىتاينىڭ زۇلمىدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا ئېرىشمەكمۇ ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. خىتايلار بۇ گۆھەر زېمىندىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدۇ. شۇڭا بىز يەنىلا بىر تاشقى كۈچنىڭ ياردىمىگە موھتاج. مېنىڭچە، ھازىر خوجانىياز ھاجىم مانا شۇ كۈچكە تايىنىپ، ئاستا - ئاستا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكچى، ئاخىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستاننى قۇرۇپ چىقماقچى. گەرچە ھازىر بۇ يول پۈتۈنلەي خاتادەك كۆرۈنسىمۇ، كىم بىلىدۇ، كۈنلەر كېلىپ بۇ يولنىڭ توغرىلىقىنى تارىخ ئىسپاتلامدۇ تېخى. بۇ يول زاھىرەن تۈركچىلىكتىن، ئىسلامدىن سەل يىراقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللىتىنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قالىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۈركلىكى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا تەقدىرىگە پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ قېنى يەنە شۇ تۈرك قېنى. بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى گەرچە ئۆزىنىڭ ئەركىن تاللىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلار سۇتۇق بۇغراخانغا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى زىنھار قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمانلىقتىن ھەرگىز ئايرىمايدۇ. شۇڭا ئەڭ مۇھىمى، ھازىر قانداق بولسا بولسۇن، بىر دۆلەت قۇرۇۋېلىش يولىدا مېڭىش. دۆلەت بولغاندىن كېيىن ھەممە ھەقلەر كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. دۆلەت بولمىسا مۇسۇلمانچىلىقىمۇ، تۈركچىلىككىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. دۆلەتچىلىك ئىدىيەسى ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا ھازىر تەقدىرىمىزنىڭ مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خوجانىياز ھاجىمنىڭ مەۋجۇت ۋەزىيەتتە قىلغان سىياسىتىگە ئەلھۆكمۇلىللاھ دېمەي ئىلاجىمىز

يوق. يەنە كېلىپ بىزگە باشقا بىر چىقىش يولىمۇ يوق. بۇ يولنى سىناپ مېڭىپ باقمىغىچە بىلەلمەيمىز. بۇ يولدا ماڭساق، ئەڭ بولمىغاندا خەلقىمىزگە تەجرىبە بولسىمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن بولىمىز. بىزنىڭ ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانلىرىمىز، يەردە يۈرۈۋاتقان تانكىلىرىمىز يوق. ئىشلىتىۋاتقان مىلتىقلىرىمىز توققۇز ئاتارلىق قوغۇشۇن ئوقلۇق ئىپتىدائىي مىلتىقلار بولۇپ، بەش پاي ئوق ئاتار ئاتمايلا ستۋولى يا قىززىپ كېتىدۇ، يا قويۇق ئىستىن ئىتىلىپ قالىدۇ – دە، جەڭنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئېتىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق بىز بۇ ئىنقىلابنى ئىمانىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ باردۇق ۋە قىسمەن غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا ئاجىز كېلىپ، ئامال يوق مەغلۇپ بولدۇق. يەنە بىر جەھەتتىن، بىز ئوكيان ئاتلاپ كەلگەن ئەجنەبىيلەرنىڭ گەپلىرىگە بەك ئىشىنىپ، ئۇلاردىن ناھايىتى زور ئۈمىدلەرنى كۈتتۇق. ئاخىرى ئىش چىڭىغا چىققاندا، ئۇلار بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ھەممىسى بىردىنلا ئوتتۇرىدىن غايىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە بالا يەنە بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ياغدى. ئەمما خوجانىياز ھاجىم يېنىمىزدىكى قوشنىمىزغا ئىشەندى، ئۇنىڭدىن ئىلغار قورال - ياراقلارنى ئالدى، كۈچلۈكلەر تەرەپتىن ئورۇن تۇتتى. ئەگەر سوۋېتلەر ئىتتىپاقى راستىنلا لەۋزىدە تۇرسا، خەلقىمىز ئازراق بولسىمۇ ئەمىنلىككە ئىگە بولۇپ، ئەڭ بولمىغاندا پەننىي مائارىپىمىزنى، سانائىتىمىزنى ۋە سەھىيە ئىشلىرىمىزنى بولسىمۇ راۋاجلاندۇرۇۋالساق، مىللىتىمىز پىكىر جەھەتتىن ئويدانلا تاكامۇللىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئازراق بولسىمۇ يول سېلىۋالىدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزىمۇ نۆۋەتتىكى بىر غەلىبە. شۇڭا بىز ئىنقىلابىمىزنىڭ پۈتۈنلەي مېۋىسىز قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى شۇ كىچىككىنە ئۈمىد يولىدا قۇربان قىلىشىمىز لازىم. دېمەككى، بۇ ئەسكى يوللارنى خوجانىياز ھاجىمنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرى ئۈچۈن مېڭىۋاتىمىز. ئەگەر خوجانىياز ھاجىممۇ ئالدانغان بولسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ قانچىلىك ئاجىز، قانچىلىك بەختسىز بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىز تارىختا ئىسپاتلانغان بولىدۇ. بۇ قانلىق تراگېدىيە تارىختا ئۇنتۇلغۇسىز ساۋاق بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا كەلگۈسى نەسىل بۇلاردىن ئىبرەت ئالماي قالمايدۇ. ھەي ئېست! ئورتاق بىر پىكىر بىرلىكى، ئورتاق بىر مەپكۇرەنىڭ تۈرتكىسى بىلەن پۈتۈن مىللەت بىر بايراق ئاستىغا جەم بولماي تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى باشقا ئەپ چىقىش بىزدەك ئاجىز مىللەتلەر ئۈچۈن نە قەدەر تەس - ھە! پىكىر بىرلىكىنىڭ بولماسلىقى يەنىلا پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغان. بۇ ئومۇمىي ساپانىڭ تۆۋەنلىكى بىزدىكى زامانغا ئۇيغۇن بولغان مائارىپنىڭ يوقلۇقىدىن كېلىپ چىقان. شۇڭا، زامانىۋىلاشقان بىر مائارىپ سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش بىزدىن كېيىنكى نەسلىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. مۇشۇنداق بولغاندىلا، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم بولغان يېڭى زامانغا لايىق زىيالىيلار قاتلىمىنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق پۈتۈن مىللەتنى ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن يولغا سالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. بىز بولساق مۇشۇ زامان، مۇشۇ ماكاندا ئۆز تارىخىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ بولدۇق. قولىمىزدىن كېلىدىغىنى مۇشۇنچىلىك، بۇنىڭدىن ئوشۇقىغا قۇدرىتىمىز يەتمەيدىغانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. شۇڭا، تارىخنىڭ بىزگە توغرا باھا بېرىشىنى ئۈلۈغ ئىگەمدىن نىياز ئەيلەيمەن!

سابىت داموللامنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقا ھەربىر سۆزنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ بىرمۇبىر كۆڭۈل خاتىرىسىگە يېزىۋاتقان زېرىپ قاراجىم، بىردەم خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ، بىردەم بولغان پاراڭنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ئەقىل تارازىسىدا بىرمۇبىر ئۆلچەپ تارتىپ خىياللىرىغا جاۋاب ئىزدەۋاتاتتى. ئۇ

ئاخىرى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ئۆزىنىڭ گەۋدىسىنى سابىت داموللام تەرەپكە ئازراق سۈرۈپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن سابىت داموللامغا مىختەك قادىلىپ ، ئاۋازىنى پەس قىلىپ تۇرۇپ:

- داموللام، سىلىگىمۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ يولنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم، خوجانىياز ھاجىم ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزدەش ئۈچۈن، بىزنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بەرمەكچى. ھالىمىز بۇنداق چاغدا، خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئوي - پىلانلىرى بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز. ئۆزى كېلەر يار - يار، ئۆزى كېتەر يار - يار، ئۇ ياخشى ئادەم ئەمەس دەيمەن - دە. شۇڭا بىز بىر پۇرسەتنى تېپىپ قېچىپ كېتەيلى. ھەقاچان بۇ ئىككى ئەسكەرمۇ بوگۈن تازا چارچىدى، ئاشۇ ئالدىمىزدىكى ئادەم يوق دالىدا چوقۇم تونەيمىز. مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىپ، ئۆز جېنىمىزنى قۇتقۇزايلى.

- زېرىپ قاراجىم تەنتەكلىك قىلمىسىلا، ئۆزلىرىنى ئېغىر - بېسىق تۇتسىلا، ئەڭ بولمىغاندا، شۇ ئىككى يىگىتنىڭ تەقدىرىنى بولسىمۇ ئويلاپ قويسىلا. ئىككىمىزنى ئاقسۇغا ساق - سالامەت ئاپىرىش ۋەزىپىسى ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ ئاجىز زىممىسىگە يۈكلەنگەن تۇرسا، ناۋادا بىز قېچىپ كەتسەك، ئۇ يىگىتلەرنىڭ جانلىرىنى ئامان قويىدۇ، دەمدىلا. بىز ئۆزىمىز قۇربانلىق بولمايمىز دەپ ئولتۇرۇپ، ئۇ ئىككى يىگىتنى قۇربانلىققا تۇتۇپ بەرسەك، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرىمىز دەپ، ئادالەتسىزلىك قىلغان بولمامدۇق. تارىخ قۇربانلىق قىلغانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قۇربانلىقلىرى توپەيلىدىن نىجاتلىق ئاتا قىلغان ئەمەس. مەسۇملارنى قۇربانلىق قىلىۋەتكەنلەرنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. دەرھەقىقەت، بۇ ھاياتتا شۇنداق ئاددىي ۋە ئادىل نىزام بار. ئەگەر راستىنلا خوجانىياز ھاجىم بىزنى ئۆزىنىڭ شەخسىي خاھىشى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن دېگەن بولسا، ئۇ ھالدا تارىخ سەھنىسىدە چوڭ خاتالىق بولىدۇ. ئۆزىمۇ تارىختا ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقنىڭ بەدىلىنى جېنى بىلەن تۆلەيدۇ. ئەمما، مەن خوجانىياز ھاجىمنى ئۇنچىلىك ۋىجدانسىز دەپ ئويلىمايمەن. ئۇ ئامالسىزلىق ئىچىدىن بىر ئامال تېپىش ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىغان، ئۇنىڭ تاللىغان يولى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن. مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتتۈمغۇ، يەنە قايتا - قايتا تەكىتلەشكە نە ھاجەت؟ ماڭا ھازىر ئەڭ روشەن بولغان نەرسە، يەنىلا بىزنىڭ باشقىلاردىن كۆپ ئاجىز ئىكەنلىكىمىز. بىراق بىزنىڭ ھېلىھەم شۇنچىلىك ئىرادىلىك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىمىزنى سىلە تېخىچە تەخمىن قىلالمايۋاتىلا. بىزنىڭ بۇ ئاجىزلىقىمىز ھەرگىز قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ئاجىزلىق ئەمەس. ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز ئۈركۈيدىغان بىر ئاجىزلىقمۇ ئەمەس، پەقەت ھازىرقى رېئال ئەھۋالىمىز شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بىز ئاجىز كېلىپ قالدۇق. تۇنجى قېتىم ئۇچماقچى بولغان قۇشنىڭ ئۇچالماي يىقىلىپ چۈشۈشى، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمدىلا مېڭىشنى ئۆگەنگەن بىر بوۋاقنىڭ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ ھەرىكەت قىلىشى بىلەن، ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشۈشىمۇ ھەرگىز ئاجىزلىق ھېسابلانمايدۇ. بىز جاھاندا تۇنجى قېتىم «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇردۇق. ئەمما يېڭىلدۇق. بىز شۇ بوۋاق بالىدەك ماڭغاندا تەڭپۇڭلۇقنى قانداق ساقلاشنى، ئاشۇ قۇش باچكىسىدەك ئۇچقان چاغدا ئىككى قاناتنى قانداق تەڭ، ماس ھالدا قېقىشنى بىلمىدۇق. مەن ئىشىنىمەنكى، بىز ھامان بىر كۈنى مېڭىشنى، ئۇچۇشنى ئۆگىنىمىز. ئەنە شۇ چاغدا، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئايىيۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى پۈتۈن جاھان خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا، مۇشۇ ئۈستىمىزدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسماندا جەۋلان قىلىدۇ.

ئەلۋەتتە، سابىت داموللامغا مەنزىلنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم بولۇپ كۆرۈنگەن بولسىمۇ، نېمە قىلىش توغرۇلۇق ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيتتى، چۈنكى، ھەممە ئىش يۈز بېرىشكە تېگىشلىكتەكلا شۇنچىلىك تۇيۇقسىز يۈز بەردى. لېكىن ئۇ بۇنچىلىك تېز يۈز بەرگەن ئىشلارنى چەكلىيەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئالدىنىمۇ ئالالمايتتى، ئۇ پەقەت ئۆرتىنىپ، كۆيۈپ ئېچىناتتى، ئەمما بولغۇلۇق بولغان، پۈت - قولى ئاللىقاچان كىشەنلەنگەن ئىدى. ئۇ بۇ يولنىڭ تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇت كۈچىنىڭ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ۋە ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى رەھىمسىز رېئاللىق ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلاپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ دەرد - ئەلەم ئىچىدە، ھەر قاچان ئەمەلگە ئېشىشى شۇنچىلىك تەس بولغان ئادالەتنىڭ تەنتەنىسىگە قۇربان بولدى. ئەلۋەتتە ئۆتمۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، رېئاللىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت قۇرۇش روھى مۇقەددەس بىر روھ.. ئادەمنىڭ غايىلىرىمۇ شۇنداق مۇقەددەس روھلار ئىچىدە مەيدانغا كېلىدۇ.

سابىت داموللامنىڭ كەسكىن قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغان زېرىپ قاراجىم سەل ئەندىككەندەك قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز نىيىتىدىن يانماي، ھە دەپ خوجانىياز ھاجىمنى قاغايتتى، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ ساناپ، ھاياتتىكى بارلىق خاتالىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە يۈكلەشكە ئۇرۇناتتى. «ئۆچمەن ئۆچمەننى كۆرسە كۆزلىرى چاقناپتۇ» دېگەندەك، زېرىپ قاراجىمنىڭ خوجانىياز ھاجىمغا ئۆچمەنلىكى ئارتقانسېرى، ئۆزىنىڭمۇ بەزى كەمچىلىكلىرى يورۇقلۇققا چىقىشقا يۈزلەنگەن ئىدى.

ئەسلىدە «بۆدۈنىنىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا ۋىتىۋالداق» دېگەندەك، زېرىپ قاراجىم دېگەن بۇ ئادەممۇ، نەدە جان باقىدىغان يەر بولسا شۇ يەردە ۋەز ئېيتىدىغان ئاددىي مەدداھلاردىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ شېرىن جېنى ئۈچۈن، ھەرقانداق يامان ۋەزىيەتنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا بۇراشقا ماھىر كېلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم سابىت داموللامنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، يەنە ھەرىكەتكە ئۆتتى: «داموللام، سىلە تا مۇشۇنداق بىر ھالدا تۇرۇپمۇ، خوجانىياز ھاجىمغا يەنىلا چاڭ قوندۇرمايۋاتىلا، ئەمەلىيەتتە كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، خوجانىياز ھاجىم دېگەن بۇ ئادەم ئۈچىغا چىققان ئىككى يۈزلىمچى، خائىن ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ئۈچۈن بىزنى كۆھىقاپ كەبى ئازگالغا باشلاپ ئەكىتىۋاتىدۇ. مۇنداق نازۇك ھايات - ماماتلىق پەيتتە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا قارارلار ئالمىساق، باشقىلار بىزنىڭ ئەزىز جانلىرىمىز ئۈستىدىن قارار ئالىدۇ، پىلانلار تۈزەيدۇ. شۇڭا ئەڭ ئەسكى قارارمۇ، قارار ئالماسلىقتىن ياخشىدۇر» دەپ، ئېغىر خۇرسىنىش بىلەن چەكسىز بىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پاتتى. ھېس چۆللىرىدە خۇددى سەراپتەك پەيدا بولغان ئالدامچى ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ جاننى قىينايدىغان ئازابى، ئۇنىڭ بارلىق ئوي - پىكىرلىرىنى ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

سابىت داموللام زېرىپ قاراجىمنىڭ ئاچچىق يۇتۇپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئوخشاشلا ئاچچىق يۇتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆزىنىڭ تەمكىن قىياپىتىنى يوقاتماي سۆزىنى سالماقلىق قىلىپ باشلىدى:

- مېنى ئەسىرلىككە مۇپتىلا قىلغىنى ئۇ ئەمەس، ئۇ خائىن ھەم ئىككى يۈزلىمىچىمۇ ئەمەس. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش تەقۋادار، ئىمانلىق، غەيرەتلىك، ۋەتەنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەر كىشى. بىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز يەنىلا ئۆزىمىزدىكى كەمچىلىكتە ۋە بۇ كەمچىلىك سەۋەبىدىن چۈشكەن ئاللاھنىڭ غەزىپىدە. ھەر ئادەم بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ بەدىلىنى مۇتلەق تۆلەيدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شۇنچىلىك غەلىتە، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، مىجەز – خۇلقى شۇنچىلىك رەڭگارەڭ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇكى، ئەڭ مۇكەممەل پەيغەمبەرلەرمۇ بەزىدە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاددىي بىر كۆرۈنۈشىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا بىزمۇ خوجانىياز ھاجىمغا يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ ئالدىراپ باھا بېرەلمەيمىز. ھەر ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئادەم ھەر ۋاقىت تەربىيەلىنىش ئۈستىدە سىنىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ياخشى تەرىپى يامان تەرىپىدىن ئۈستۈن كەلسە، ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە پەزىلەتلىك كىشى بولۇپ، بۇ دۇنيادا ياخشى ياشاپ ئۆتىدۇ. ئەگەر يامان تەرىپى ئۈستۈن كەلسە، ئەسكى خۇيلار شۆپۈكتەك ئۇنىڭ گېلىغا چاپلىشىپ، ئۇنى بىر ئۆمۈر ئاۋارە قىلىدۇ. ئۇ ئەسكى خۇينىڭ شۆپۈكلىرى بولسا نام -شۆھرەت، مەنسەپ - ئەمەل ۋە مال - دۇنيا سۆيگۈسىدۇر. بۇلار خۇددى شۆپۈككە ئوخشايدۇ، ئۇ ساڭا باقى ئەمەس. ئۇ گېلىڭدىلا بولىدىكەن، ئابىھاياتنى ئىچىشىڭگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەر ئىككى دۇنيانىڭ لەززىتىدىن سېنى مەھرۇم قىلىدۇ. بىز ئاددىي ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تەبىئەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، تەبىئەت ھەر ۋاقىت ئۆز گۈزەللىكى بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. پۈتۈن بۇ جانلىقلار ۋە ئالەمدىكى ھادىسىلەر گۈزەللىكى ئاللاھ سۆيگۈسىنى، ئىنسان سۆيگۈسىنى ۋە تەبىئەت سۆيگۈسىنى دائىما قەلبىمىزدە جۇشقۇنلىتىدۇ. ئەمما بۇ سۆيگۈ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولغان ئەمەس. چۈنكى بەزىلەرنىڭ كۆزى بۇ گۈزەللىكلەرنى، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرمەيدۇ. ئەمما ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇپ ماڭمىسا، ئاشۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ناچار تەرەپلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ۋۇجۇدىدىكى ئەسكىلىك تەبىئىتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ – دە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ياخشى خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، تامامەن باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەن بۇ توغرىسىدا، سىلىگە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئەمەلىي ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي. مەن ئىستانبۇلدا زىيارەتتە بولۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئىستانبۇلنىڭ ئاۋات بازارلىرىنىڭ بىرىدە قاتار - قاتار دۇكانلارنى، رەڭگارەڭ ماللار بىلەن تولغان رەستىلەرنى كېزىپ كېتىۋېتىپ، بىر ئاسارىئەتىقە ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. شۇ ئاندا دۇكاننىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دۇكان تېمىغا ئېسىلغان شۇنچىلىك نەپىس بىر گۈزەل سەنئەت رەسىمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ رەسىمگە قاراپ، ئېلىشۋاتقان قەدەملىرىم ئىختىيارسىز ھالدا جايىدا توختاپ قالدى. بۇ ھالىمنى كۆرگەن دۇكاندار ماڭا سالام بېرىپ، مېنى دۇكاننىڭ ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ دۇكاندار ئاسارىئەتىقە ماللىرىنى ساتىدىغان ئەرمەن سودىگەر ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بىر ساياھەتچى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، تامغا ئېسىلغان رەسىمنىڭ قىسقىچە تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە بۇ رەسىم، نەسرانىيلىق تارىخىغا ئائىت مەشھۇر ئىيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇتۇلۇشىنىڭ ئالدىدا ئون ئىككى مۇرىتى بىلەن

بىرگە يېگەن كەچلىك غىزاسىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» ناملىق رەسىمنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بولۇپ، بۇ رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى داڭلىق رەسسام لېئوناردو سىزغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتىكى مائىيلاندىنىڭ شاھزادىسى لودوۋىكو سفرورزا 1495 -يىلى 10 – ئايلاردا، داڭلىق رەسسام لېئوناردودىن ئىيسانىڭ ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن يېگەن ئەڭ ئاخىرقى غىزاسىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلغاندا، رەسسام بۇ تەلەپنى خوشنۇتلۇق بىلەن قوبۇل قىلىدىكەن. ئەمما «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا» دەپ ئات قويىغان بۇ رەسىمنى سىزىشقا كىرىشكەندە، مۇنداق بىر قىيىنچىلىققا يولۇقۇدىكەن. يەنى، ياخشىلىققا سىمۋول قىلىنغان ئىيسا بىلەن يامانلىققا سىمۋول قىلىنغان ئىئۇدا ئىسكارىئوت (ئىيسانىڭ گېفسىمان بېغىدىكى ئەنجۇر دەرىخى ئاستىدا تۇتتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىيسانىڭ خائىن مۇرىتى)نىڭ بەدەن تەسۋىرىنى ئالاھىدە سىزىپ چىقىش كېرەك ئىكەن. ئەمما، ئىيسا ۋە ئىئۇداغا ئوخشايدىغان ئادەمنى نەدىن تاپسۇن؟ شۇنداقتىمۇ، بۇيرۇق چوڭ يەردىن كەلگەچكە قانداقلا بولمىسۇن بۇ رەسىمنى ئۆز ۋاقتىدا سىزىپ چىقىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇڭا رەسسام لېئوناردو دەرھال مودېل ئىزدەشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تىياتىر كۆرۈۋېتىپ، تىياتىردا رول ئالغان بىر ئارتىسنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئىيسانىڭ تەسۋىرىگە بەك ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئارتىسنىڭ مودېل بولۇپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنى ئۆز سىزمىخانىسىغا تەكلىپ قىپتۇ. بۇ ئارتىس تەكلىپنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، رەسسامنىڭ سىزماخانىسىغا كەپتۇ ۋە ياخشى ماسلىشىپ بەرگەچكە، رەسسام ئىيسانىڭ تەسۋىرىنى شۇنچىلىك نەتىجىلىك سىزىپ چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىيسانىڭ ئون بىر مۇرىتىنىڭ تەسۋىرىنىمۇ بىر - بىرلەپ شۇنچىلىك ئۇبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ سىزىپ چىقىپتۇ. بۇ ئىش ئۈچ يىل داۋام قىپتۇ. ئەمما رەسىم يەنىلا پۈتمەپتۇ. چۈنكى رەسسام يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان ئىئۇدانىڭ تەسۋىرى ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان مودېل ئىزدەپ، ھېچ يەردىن مۇۋاپىق نامزات تاپالماپتۇ. بۇ جىددىيچىلىكنى شاھزادە ئۇنى ئالدىرىتىپ توختىماي ئادەم يوللاۋېرىپتۇ. رەسسام لېئوناردو تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، ھەر كۈنى كوچىغا چىقىپ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئادەمنى ئالدىراش ئىزلەشكە باشلاپتۇ. نىھايەت بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، يولنىڭ ياقىسىدا غەرق مەس ھالدا بېشىنى قىيسايتىپ ئولتۇرغان، ئۆزىنىڭ يېشىغا باققاندا بۇرۇنلا قېرىپ كەتكەن، ھاراقكەشلىك دەستىدىن ھەممە يېرىنىڭ جۇللۇقى چىقىپ كەتكەن بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇ. لېئوناردا بۇ ئادەمنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كېتىپتۇكى، «ئىزدىگەن ئادىمىم دەل شۇ!» دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرھال يېنىدىكى خىزمەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە بۇ ئادەمنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ ۋە زورلاپ دېگۈدەك سىزماخانىسىغا ئەكەپتۇ. لېئوناردو ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي شۇ ھامان ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىدە كۆرۈلۈپ تۇرغان ئېتىقادسىزلىقنى، گۇناھكارلىقنى، ئىككى يۈزلىمچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تولۇق سىزىۋاپتۇ. رەسىم سىزىلىپ بولۇشى بىلەن تەڭ، ئۇ ئادەمنىڭ مەستلىكىمۇ يېشىلىپتۇ. مەستلىكتىن سەگىگەن ئادەم ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك تام رەسىمگە كۆزى چۈشۈپتۇ، ئۇ ھەيرانلىق ۋە شۇنچىلىك ئازاب ئىچىدە: «مەن بۇ رەسىمنى بۇرۇن كۆرگەن» دەپتۇ. ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئۇشتۇمتۇت چىققان بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لېئوناردىمۇ ھەيران بولۇپ: «قاچان كۆرگەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئادەم: «ئۈچ يىل بۇرۇن، مەن ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلمىغان چاغلار ئىدى. مەن ئۇ

چاغلاردا بىر ئۆمەكتە ئارتىس ئىدىم. ناخشا ئېيتىپ رولغا چىقاتتىم. ناھايىتى ئۇلۇغ ئارزۇلىرىم بار ئىدى. ھەتتا بىر رەسسام ئىيسانىڭ يۈزىنى سىزىش ئۈچۈن، مېنى مودېل قىلىپ تاللىغان ئىدى» دەپ، كۈتۈلمىگەن بىر جاۋابنى بېرىپتۇ. مەن ئەرمەن سودىگەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دۇكاندىن ئايرىلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي خېلى ئويلىنىپ كەتتىم. بىر ئىنسان ياخشى بىلەن يامانلىقنىڭ ئىككى ئۇچىغا يېتەلەيدىكەن. بولمايدىغان تاسادىپىيلىقتىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ياخشى بىلەن ئەسكىنىڭ يۈزى ئەسلىدە ئوخشاش، ھەربىر ئىنسان ھەق قۇدرەتنىڭ يەر يۈزىدىكى نامايەندىسى، ئۇنىڭدا ھەق قۇدرەتنىڭ ئالامەتلىرى ئەڭ مۇجەسسەم ھالدا تەجەللى بولغان. شۇڭا ھەقنى تونۇش ئۆزىنى سۈزۈك تونۇشتىن باشلىنىدۇ، مانا بۇ، ئالەمنى بىلىشنىڭ پرىنسىپى. ئالەمنى ۋە ئۆزىنى قانچە ياخشى بىلگەن كىشى، ھەققە شۇنچە يېقىن بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھەقنى تونۇشى ئۇنىڭ ئەمەللىرى، ئىنتىلىشلىرى ۋە ئۇنىڭ قانداق يولدا مېڭىشىغا باغلىق. ئەگەر ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، ياخشى نەرسىلەرگە ئىنتىلىپ ۋە مۇرۇۋۋەت يولىدا ماڭسا، ئادەمنىڭ ياخشىلىقى تېشىغا تېپىپ، پۈتۈن ئىش - ھەرىكىتى ياخشىلىققا مايىل بولىدۇ ۋە ھەققە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان تەقدىردە، ئادەمنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىلا بار بولغان ھايۋانىي خۇسۇسىيىتى ئۆز رولىنى دەرھال جارى قىلدۇرۇپ، يامانلىقى تېشىغا تېپىدۇ – دە، قىلغان - ئەتكىنى ئەسكىلىككە مايىل بولۇپ، ھەقتىن شۇنچە يىراقلىشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدىكى بۇ ئىككى قۇتۇپ، ئىككى خىل خۇسۇسىيەت ھەرۋاقىت توقۇنۇش ئىچىدە بولىدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋۋا ئانا جەننەتتىن قوغلانغاندىن بۇيان ئىنسانىيەتنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بارلىق قىسمەتلەر، يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن بارلىق بالايىئاپەتلەر، شۇنداقلا دەھشەتلىك ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى، ئەنە شۇ ئادەم تەبىئىتىدىكى ياخشى بىلەن ياماندىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇقارشى ماھىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز توقۇنۇشلىرىدىن بولغان ئەمەسمۇ؟

دەرۋەقە، مەن خوجانىياز ھاجىمنى ھازىرچە توغرا يولدا دەپ قارايمەن ۋە ئۇنىڭ بۇ يولىغا جېنىمنى تەسەددۇق ئېتىمەن. ۋاقتى كەلگەندە بۇ يولنىڭ دىيىتىنى ئەزىز جېنىم بىلەن ئۆتۈسەممۇ ئەلھەمدۇلىللاھ!

ئەگەر ھەقىقەتەن خوجانىياز ھاجىم توغرا يولنى تاللىمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسكىلىكى ھامان تېشىغا تېپىدۇ. ئەسلى ئەسكىلىكنى ئۆزىگە ئۆزى قىلغان بولىدۇ. بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالماق ئۈنچىلىك تەس ئىش ئەمەس، ئەسلى تەس بولغان نەرسە ئەسكىلىكتىن ساقلانماق، ئادالەتنى ھىمايە قىلماق، ۋىجداننىڭ سورىقىدىن قۇتۇلماق. چۈنكى، ئۆلۈم ئەسكىنىڭ ئالدىغا قاراپ تېخىمۇ تېز يۈگرەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۆلۈم بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئەمەس، بەلكى خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئالدىغا تېز يېتىپ بارىدۇ. ئەمما مەن يەنىلا بۇ ئىشلاردا كۆپ ئۈمىدۋار. سىلىمۇ تەشۋىشتىن قۇتۇلۇپ ئۈمىدۋار بولسىلا. ئۈمىد، كۆپ ۋاقىتلاردا تېخىمۇ زور جانلىقلىقنى، تېخىمۇ كۈچلۈك ھوشيارلىقنى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئىلگىرىلەش، تەرەققىي قىلىش، ئەركىنلىك ئارزۇسىدۇر. ئۈمىد ھەرگىز ھەددىدىن ئاشقان تىلەك ئەمەس. چۈنكى تىلەك ئاچ كۆزلۈكنىڭ، خىرىسنىڭ ئانىسىدۇر. ئۈمىد كەلگۈسى دېگەنلىك، شۇڭا ئۇ تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنگە ئائىت ئەمەس. ئىنسان ئەسلىملىرى بىلەن ئۆتمۈشنى، ئۈمىدلىرى بىلەن كەلگۈسىنى قوچاقلايدۇ. ئۈمىد دائىم ئىشەنچ بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئىشەنچ يوقالسا ئادەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ئۆز چۈشەنچىلىرىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

چۈنكى، بىز بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىش توغرىسىدا ئويلىشىمىز، يەنى پىكىر قىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. پىكىرلىرىمىز بولغاچقىلا ھايات ئەنە شۇنداق رەڭمۇ - رەڭ تۈسكە كىرگەن. بىز كاللىمىزدىكى پىكىرلەرنى ئۆز قەۋمىمىزگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام، ئۇرۇش، قىرغىنلىقلار ئۈستىگە قۇرماي بەلكى، قېرىنداشلىق، سۆيگۈ، مۇھەببەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇشىمىز لازىم. شۇڭا، ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراش ئېڭى بىزگە قىيىن شارائىتلاردا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىپ، ئەندىشىدىن ئازات قىلىدۇ. ھەر خىل گۇمانلاردىن ساقلايدۇ. مەن ھامان شۇنداق بىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئىشىنىمەن، ئۇ كۈنلەر كەلگەندە ئەپۇ قىلىنمايدىغان بەندە، قوبۇل بولمايدىغان ئارزۇ، يوقالمايدىغان زۇلۇم، شىپا تاپمايدىغان كېسەل، ھۇزۇر بولمايدىغان قەلب، ئېچىلمايدىغان كۆڭۈل، يامغۇر ياغمايدىغان تۇپراق، ئاللاھ دېمەيدىغان زۇۋان قالمايدۇ!  يەنە شۇنداق بىر چاغلار كېلىدۇكى، ھەر كىم چوقۇم ئۆزىنىڭ قىسمىتىگە پۈتۈلگەن ئاشۇ يەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە شۇ يەرگە يېتىپ بارىدۇ. مېنىڭ بارار جايىم ئەمدى خوجانىياز ھاجىمنىڭ يېرى، مېنىڭ يولۇم ئۇنىڭ قۇتۇلۇش يولىنى ئاچىدۇ. ئەگەر بىرسى ئۆز يولىغا سادىق بولسا، جاللات ئۇنىڭ تەنلىرىنى پارام - پارچە قىلغىلى كەلسىمۇ، ئۇ يەنىلا جاللاتقا كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ. بىزدەك بىرقانچە ئادەمنىڭ ھالاك بولۇشى ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس! ئەمما، بىر مىللەتنىڭ ھالاكەتكە يولۇقۇشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر ئىش.

ھارۋا چاقىنىڭ تاراقلىغان يېقىمسىز ئاۋازى ئات تۇياقلىرىنىڭ يول ئۈستىدىكى تاشلارغا سوقۇلىشىدىن چىققان ئاۋازلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، نامازشامنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ھارغان قۇياشمۇ كۈنپېتىش تەرەپكە قىيسىيىپ، تاغ بېشىنى تەكىيە قىلىپ، ئېگىز چوققىلارغا باشقويدى. ئاتنىڭمۇ ھارۋىنى تارتىشقا ھېچ ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى، ئەمما ھارۋا ھەيدىگەن ئەسكەر يىگىت كۆزلىگەن مەنزىلگە تېزرەك يېتىۋېلىش ئۈچۈن، قولىدىكى قامچىسىنى توختىماي ئوينىتىپ، ئاتقا ھەيۋە كۆرسىتەتتى. قاراڭغۇلۇقتا يولنى ئاۋايلاپ بېسىۋاتقان ئات بولسا ئۆزىگە قىلىنىۋاتقان تەھدىتتىن ئۈركۈپ، نەگە قەدەم بېسىشنى بىلمىسىمۇ، ئەمما قارىسىغا قەدەم ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. يولنىڭ ياقىسىدا ئاندا - ساندا كۆزگە گۇڭگا چېلىقىپ تۇرغان چۆپلەر دالانىڭ كەچكى شامىلىدا قارا يىلاندەك تولغىنىۋاتاتتى. ھارۋا بولسا ناھايىتى كۈچلۈك ئوغۇت پۇراقلىرى ۋە تېزەك تۇمانلىرىغا پۈركەنگەن پىنھان جايلارنى ئارقىسىغا تاشلاپ، بۇ قەدىمى يولدا تىنماي ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ھارۋا ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئەگرى - بۈگرى يوللار بىلەن يەنە بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يېزىدىن خېلى ئوبدانلا ئۇزاقلاشتى. سابىت داموللام كەينىگە مەيۈس ھالەتتە تەلمۈرۈپ قارىدى، يېزىدىكى ئۆيلەر، كوچىلار، تاملار، باغلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىگە قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى، ئۇ چىگىش بىر تۇيغۇ بىلەن ئالدىغا بۇرۇلدى، ئەمما ئالدىمۇ ئوخشاشلا قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئىككى قەدەمنىڭ نېرىسىدىكى يولنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئاسمان گۈمبىزىدە چاراقلاپ يانغان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىمۇ بارا - بارا قاپقارا بۇلۇت پەردىسى كېلىپ يېپىپ، قارا بوران ئىچىدە شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرگەن دېڭىزدەك كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئىدى. سابىت داموللامنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا ئەنسىز بىر تۇيغۇ چۈشتى، چۈنكى پۈتۈن تەبىئەت قاراڭغۇلۇققا چۆكۈۋاتاتتى، ھارۋا خۇددى يوقلۇق سەھراسىدا غايىپ بولۇپ، ماكان ۋە زاماندىن ئايرىلغان بىر

قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەكلا قىلاتتى، ئاللىقاياقلاردىن چىلبۆرىلەر توپىنىڭ ئۆز ئولجىسىنىڭ باغرىنى پارە - پارە قىلىۋەتكەندىن كېيىنكى غەلىبىسىنى ئالەمگە جاكارلىماقچى بولۇپ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ھارۋا مېڭىپ - مېڭىپ ئانا يۇرتىنىڭ مېھرىلىك كۆزلىرىدىن يوشۇرۇنلەي يىراقلىشىپ، ئاخىرى تەلتۆكۈس غايىپ بولدى، شۇندىن مۇقەددەم سابىت داموللامنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرۈش ئەل - يۇرتقا ھېچ بىر زامان نېسىپ بولمىدى ھەمدە بۇ يوللار تارىختا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبىگە ھىجران يوللىرى بولۇپ مۆھۈرلەندى.

خوجانىياز ھاجىم ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ ئاقسۇغا قاراپ يول ئالغاندىن كېيىن، يەركەنتنى ئىشغال قىلغان تۇڭگانلارنىڭ ھەددى ھەسسىلەپ ئېشىپ، جاسارىتى ئۈستىگە جاسارەت قوشۇلغان ئىدى. مانا مۇشۇ ماكاندا، مۇشۇ زامان ئىچىدە ما جۇڭيىڭ ھېچ بىر ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، دەرھال پۈتۈن قوشۇنىنى قايتىدىن رەتلەپ، بارلىق كۈچىنى توپلاپ ما رۇلۇڭنىڭ قوماندانلىقىدا ئەڭ يېڭى مىلتىق ۋە پىلىمۇتلار بىلەن قوراللانغان بىر ئاتلىق قىسىمنى گۇمىنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرىغان ئىدى. ھەقىقەتەن، ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسلى مەقسىتىمۇ خوتەننى دەرھال ئىشغال قىلىپ، گېزى كەلگەندە خوتەندىن بۇلىغان بارلىق بايلىقلارنى تۇڭگىلىرىگە ئارتىپ، چۆل يولى ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا قېچىش ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆز مەقسەت - مۇرادىغا يېتىشنىڭ تازا پۇرستى كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال خوتەن كۈچلىرىگە كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئېچىشقا تۇتۇش قىلغانىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ بۇنداق بولۇشنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن، يەركەنتتىن خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، شېھىت بولغان ئىككى ئىنىسى شاھ مەنسۇر بىلەن ئەمىر ساھىبنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىپ، ياسىن ئوقۇپ ھازا ئېچىشنىڭ ئورنىغا، دەرھال دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۇرۇشىنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىمۇ ئۆز باھادىرلىرىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان ئازابىنىڭ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەمرى بىلەن شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. چۈنكى دۈشمەن بېسىپ كەلگەندە، ئەل - يۇرتنىڭ ئامانلىقى ھەممە ئىشتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەل - يۇرت ئامان بولسا، بۇ يولدا شېھىت بولغان شاھ مەنسۇر، ئەمىر ساھىب، ئەرەن ۋە ھامۇت دېھقاندەك باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ روھى ئەلۋەتتە شاد بولۇپ، ئەمىن تاپىدۇ، ئەل – يۇرتنى دۈشمەندىن ساقلىغانلارغا ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزگەننىڭ ساۋابىدىنمۇ كاتتا ساۋاب تېگىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، پۈتۈن خوتەن خەلقى ھازا ئېچىپ يىغلاپ ۋە ياسىن ئوقۇغاننىڭ ئورنىغا قوللىرىغا قورال ئېلىپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممەيلەن ئۆز ئانا يۇرتىنى دۈشمەندىن قوغداش جېڭىنىڭ تەييارلىقىغا ئاتلانغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەر بىر ئىستىھكامغا بارغاندا، ئۆزىنىڭ جاراڭلىق نۇتۇقلىرى بىلەن جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇراتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ھەربىر سۆز، ۋەتەن مۇھەببىتى|گە تويۇنغان ھەر بىر جۈملە خوتەن خەلقىنىڭ يۈرەكلىرىنى لال قىلاتتى. ئۇلارنىڭ جان سۈيىگە جان قوشاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى تارىخ بەتلىرىگە ئەبەدىلئەبەد ئۆچمەيدىغان ئالتۇن خەتلەر بىلەن نەقىشلەنگەن ئىدى: «ئەي مېنىڭ ئەزىز يۇرتداشلىرىم، ئەي مېنىڭ باھادىر ئەزىمەتلىرىم، ھازىر دۈشمەن بارغانسېرى يېقىنلاپ، بوسۇغىمىزغا قەدەممۇ - قەدەم يېتىپ كېلىۋاتىدۇ. تۇڭگانلار ھەددىدىن ئېشىپ، زالىملاشتى،

دوست دەپ بىلگەن كىشىلىرىمىز بىزنى يالغۇز تاشلاپ، يىراق - يىراقلارغا قاچتى. ئەمما بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە! ئاللاھ بىزگە يېتەر! قەلبىمىزدىكى ئىمان كۈچى بىزگە يېتەر! يۈرىكىمىزدىكى ئەل - يۇرت سۆيگۈسى بىزگە يېتەر! ھەي باھادىر ئەسكەرلىرىم، ئەمدى بىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئەل - يۇرتنىڭ ئېسەنلىكى ئۈچۈن، كەلگۈسى نەسلىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، ئەزىز جانلىرىمىزنى تىكىپ جەڭ قىلىدىغان ۋە شاھادەت شەربىتى ئىچىدىغان ۋاقىت كەلدى! جەڭدە نۈسرەت قازىنىش ئۈچۈن، بىرلىشىپ دۈشمەننى قورشايلى، ئاتلىرىمىز يىقىلسا ئۆرە تۇرۇپ يۈگرەيلى، ئارسلاندەك ھۆركىرەپ، رەقىبىمىزنىڭ ئالدىغا ئېتىلايلى! مۇشۇ يۇرت، مۇشۇ چاغ، دەل تارىخ بەتلىرىگە ئىسسىق قانلىرىمىز بىلەن داستان يازىدىغان پەيتتۇر! مىللەتنىڭ ئىقبالى، دۆلىتىمىزنىڭ قايتا تىرىلىشى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۈلگە بولىدىغان چاغ، دەل مۇشۇ چاغدۇر! قېنى ئەزىمەتلىرىم، پىدائىيلىرىم، مېنىڭ بىلەن بىرگە ئازاتلىق ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا تەييارمۇ سىلەر؟»

مۇھەممەد ئىمىننىڭ جاراڭلىق سادالىرىنى ئاڭلىغان بارلىق ئەسكەر ۋە خەلق بىردەك، «تەييار!» دەپ تۇۋلىدى. ئەنە شۇ ئاۋازلارنىڭ نىداسى بىلەن پۈتۈن خوتەن خەلقىنىڭ روھى قايتىدىن يەنە بىر قېتىم تىرىلىپ، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى قارا كۆزلىرىدە يېڭىۋاشتىن جۇلالىنىپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىشقا ئاتلانغان ئىدى. خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان مۇھەممەد نىياز - مىلىك ھەزرەت چوڭ مەسچىتنىڭ قۇببىسىدە ۋەز ئېيتىپ، تەبلىغ قىلىپ، گاھ جىھادنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلىسە، گاھ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدىن، بەدىر ئۇرۇشى، ئۇھۇد ئۇرۇشى، خەندەك ئۇرۇشى قاتارلىق مۇھىم ئۇرۇشلارنى مىسال ئېلىپ سۆزلەپ، ئەل - جامائەتنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى، يەنە گاھىدا ھۇدەيبىيە شەرتنامىسى قاتارلىق مۇھىم سۈلھىلەردىن ۋەز بېرىپ، پەيتى كەلگەندە سۈلھى قىلىپ، تىنچلىققا ئېرىشىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ، يۇرت - ئەھلىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنىڭ بۇلاق كۆزلىرىنى ئاچاتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئاساسلىق قوماندانلىرىدىن بولغان ما رۇلۇڭ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنىنى باشلاپ گۇمىغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا خوتەن قىسىملىرى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى خوتەننى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىغا تەييارلىق قىلىشقا قاراتقانلىقى ئۈچۈن، ما رۇلۇڭ ھېچ بىر بەدەل تۆلىمەيلا گۇمىنى ئاسانلا قولغا كەلتۈردى. ئۇ خوتەننى كۆزلەپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 6 -ئاينىڭ 4 - كۈنى پىيالمىنىمۇ ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا، 35 كىلومېتىرلىق چۆل يولنىڭ نېرىسىدىكى تاربوغۇزدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قىسىملىرى ئىستىھكام قۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن قاتتىق تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تۇڭگان قىسىملىرى يەنە ئالغا ئىلگىرىلەشكە جاسارەت قىلالماي، ھۇجۇم قىلىشتىن يالتىيىپ، قەشقەردىن ئاساسلىق كۈچنىڭ ياردەمگە كېلىشىنى كۈتۈپ، پىيالمىدا بارگاھ قۇرۇپ ياتتى. 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە كەلگەندە، تۇڭگانلار قەشقەردىن ياردەمگە كەلگەن زور كۈچ بىلەن ئۆز قوشۇنىنى تېخىمۇ زورايتىپ، تار بوغۇزغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇشتا خوتەن قىسىملىرى ئۆز يۇرتىنى دۈشمەندىن قوغداش ئۈچۈن، جان تىكىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلدى. جەڭ تۆت سائەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، تۇڭگانلار ئالدىدىكى كۈچلۈك مۇداپىئە لىنىيىسىنى

يىمىرىپ تاشلىيالمىغانلىقتىن، ئاخىرى نائىلاج چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، كەچ كىرگەندە تۇڭگانلار ئۆزىنىڭ روبىرو ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن، يەنى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پولاتتەك ئىستىھكاملارنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ چارىسىنى تېپىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. تۇڭگانلار ئالدىنقى سەپنىڭ شىمالىي تەرىپىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى چەمبەرچەس قورشىۋېلىپ، پۈتۈن بىر سەپنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، پارچىلاپ يوقىتىش تاكتىكىسى بىلەن بارلىق ئوت كۈچىنى ئۆزلىرى قورشىۋالغان سەپكە قارىتىپ، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئىدى. دۈشمەنىنىڭ پىلىمۇتلىرىدىن توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئوقلار ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالغان خوتەن ئەسكەرلىرى، ئاخىرى نۇرغۇن شېھىتلارنى قالدۇرۇپ زاۋىغا چېكىندى. ئەمما ئۆز غەلىبىسىدىن كۆرەڭلىگەن تۇڭگانلار خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ، زاۋىدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تېخى سەپ تۈزۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن خوتەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە قارا بوراندەك باستۇرۇپ كەلدى ۋە پىلىمۇتلىرىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىر خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم قورغىنى بولغان زاۋا قولدىن كەتتى. زاۋا قولدىن كېتىش بىلەن تەڭ، بارلىق ئەسكەرلەر چوپاندىن ئايرىلغان قويلاردەك تەرەپ - تەرەپكە تارىلىپ كېتىپ، ئىلچى شەھەر ئىچىگە قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەي قالغان بىر قورقۇنچلۇق ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئەگەر چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئىلچىگە كېلىپ توپلانمىسا، شەھەر تامامەن مۇداپىئەسىز قالاتتى. دېمەك، زاۋا ئۇرۇشىدا خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسكىرى كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. بۇنداق جىددى پەيتتە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ ئازغىنە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ زاۋا تەرەپ ئات سالدى. گەرچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئۈمىدىنى كەسمەي، قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن ئەسكەرلىرىدىن قانچىلىك بولسا شۇنچىلىكىنى يىغىپ ئەكىلىپ، ئىلچىنى ئەڭ ئاخىرقى كۈچى قالغۇچە دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش، ئەگەر ئىش ئوڭغا تارتمىسا تاغ تەرەپكە كېتىپ، كۈچ توپلاپ دۈشمەنگە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئويلاشقان ئىدى. لېكىن يول بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوتەن ئەسكەرلىرى مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالمىغان ئادەتتىكى دېھقانلاردىن تەشكىل قىلىنغان بىر قوشۇن بولغاچقا، ئۇرۇشتىكى كىچىككىنە مەغلۇبىيەتنى كۆرۈش بىلەنلا ھەر كىم ئۆز بېشىنى قولتۇققا قىسىپ، پۈتى تايغان تەرەپكە سامانداك چېچىلىپ كەتكەن ئىدى. مۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، باش قوماندان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى بىردىن - بىردىن يىغىپ ئەكىلىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈزدەك ئەسكىرى بىلەن بىرگە زاۋىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يولدا ئۇچرىغانلا ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قوشۇپ ماڭغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەسكەرلەر يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. چۈنكى بۇنچىلىك ئەسكەر بىلەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسانغا توختىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى تاغ تەرەپكە بۇرىدى. ئۇ تاغقا يېتىپ بارماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ سانى 200 گە يەتتى. «ئات باشقا كۈن چۈشسە يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر، ئەر باشقا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر» دېگەندەك، خەتەرلىك جىرالاردىن يول ئېلىپ، كېچىلەپ توختىماي ئات سېلىپ، ئەتىسى لاڭرۇ دېگەن تاغلىق كەنتكە يېتىپ كەلدى. زاۋىنى ئاسانلا ئىشغال قىلغان ما رۇلۇڭنىڭ ئەسكەرلىرى مۇداپىئەسىز قالغان

ئىلچىنى دەرھال ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىغا ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى بولغان قاراقاشنى ئىشغال قىلدى. ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن بۇ مەغلۇبىيەتلەرنى كۆرگەن خوتەن ھۆكۈمدارى مۇھەممەد نىياز ئەلەم، تۇڭگان جاللاتلىرىنىڭ قانلىق قىلىچلىرى ئاستىدا بىگۇناھ خەلقىنىڭ ئورۇنسىز چېپىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، شەھەر كاتتىلىرى بىلەن مەسلەھەتلىشىپ تۇڭگانلارغا تەسلىم بولۇش قارارىنى ئالدى. بۇ قاراردىن مەمنۇن بولغان ما رۇلۇڭ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئىلچىنى تەلتۆكۈس ئىشغال قىلدى. ئۇ ئىلچىنى ئۇزۇن مۇددەت ئۆزىنىڭ تەسەررۇپ ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنى خوتەننىڭ ۋالىيسى قىلىپ بېكىتتى. مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم گەرچە خوتەننىڭ ۋالىيسى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەتلا قۇرۇق نامدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە بارلىق ھوقۇق تۇڭگانلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ خوتەن خەلقى ئىچىدىكى نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئۆزىگە ئەبەدىي بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ياشىنىپ قالغان مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم خەلقنى تۇڭگانلارنىڭ قەتلىئام قىلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ۋە ئاخىرىدا تۇڭگانلارنىڭ زۇلمىدىن ئازراق بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنىڭ يوللىرىنى قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولغان ئىدى. ئەمما رېئاللىق شۇ ئىدىكى مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ ئىشى ھەممىدىن قىيىن ئىدى. چۈنكى ئۇ بىر تەرەپتىن ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرىلەرنىڭ قارنىنى تويغۇزۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن قوزا - قوزىلارنىڭ جانلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا شۇنچىلىك تېز گۇمران بولۇپ، خوتەننىڭ ئاستىن – ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنىگە يۈرىكى چىدىماي، قېرى جېنىدىن جاق تويغان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىغان ئامانىتىنى تېزرەك ئېلىشىنى تىلەپ، ئۇزۇنغىچە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ كېتىدىغان چاغلىرى كۆپىيىپ قالغان ئىدى. مانا ئەمدى نەچچە مىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قۇرۇلغان خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى، خۇددى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ، يەر يۈزىدىن ئۈن - تۈنسىز غايىپ بولدى. دېمەك، بىر دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك پاجىئە بۆلۈنۈش بولۇپ، بىر پۈتۈن تۇرۇقلۇق پار - پارچە بۇلۇش ۋە تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىشىنىڭ ئۆزى، شۇ دۆلەتنىڭ ھالاكىتىگە يول ئاچىدۇ. ئەڭ بۈيۈك ئۇتۇق بولسا ھەرۋاقىت بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ قېلىش، تۈگۈلگەن بىر مۇشت بولۇپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈشتۇر. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىن ۋە يەرلىك خەلق بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە، ئۇ خۇددىي بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بارمىقى كېسىلسە، بۇ بىر تال بارماقنىڭ ئاغرىق ئازابىنى جان ۋە بەدەننى باشقۇرغۇچى باش بىلەن بىرلىكتە، پۈتۈن بەدەن تەڭ تارتىدۇ. مەيلى ئۇ بارماق پۈتۈن بەدەننىڭ قانچىلىك كىچىك بىر پارچىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئاچچىق ئاغرىقىنىڭ دەردى ياكى ساقايغاندىن كېيىنكى كەيپى پۈتۈن بەدەنگە ئورتاق ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، شەرقىي تۈركىستان بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە ئوخشايدۇ. ئۇنى باشقۇرىدىغان، ئىدارە قىلىدىغان دۆلەتمۇ پەقەت بىر، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان دۆلەت. دۆلەت بىر، ۋەتەن بىر، خەلق

بىر ۋە بايراق بىر بولغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ھەقىقىي ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە، ئازاتلىققا مۇيەسسەر بولىدۇ.

6 - ئاينىڭ 15 – كۈنى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق قوشۇن جەمئى 300 گە يەتكەن بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ قوشۇن بىلەن مۇستەھكەم بىر قورغان قۇرماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ تۇرۇۋاتقان كەنتنىڭ يۇقىرىدىكى پوپۇنا دېگەن كەنتتە ھەربىي بازا قۇرۇش ئۈچۈن، شۇ كۈنى پوپۇنا كەنتىگە يۆتكەلدى. ئۇنىڭ مەقسىدى، قايتا كۈچ توپلاپ، تۇڭگانلارنى خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىش ئىدى. ئەمما دۈشمەننىڭ ھەر تەرەپكە سەلدەك يېيىلغان جاسۇسلىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ پىلانىنى تۇيۇپ قېلىپ، تۇڭگانلار پوپۇنىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى. قانلىق جەڭ سەھەردىلا باشلىنىپ، دۈشمەن تېزلىكتە بارلىق كۈچىنى يىغىپ ئالدىدىكى تۆپىلىكنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئۆزىنىڭ ئورۇن ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، تۆۋەندە تۇرغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇردى. تۇڭگانلار يۇقىرىدا، خوتەن ئەسكەرلىرى پەستە تۇرۇپ ئېتىشقان بۇ جەڭ ئۈچ سائەت داۋام قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەسكەرلىرى ئېگىزدىن يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان ئوقلارغا قارشى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇپ، قوراللىرىدىن شۇنچىلىك چاققان ھەرىكەت بىلەن ئوق ئۈزەتتى. ئۇلار چېكىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئېگىزدىكى دۈشمەننى چەنلەپ قوراللىرىدىن توختىماي ئوق ئاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىشى ھازىرچە ئەسلا مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. چۈنكى دۈشمەن پىلىمۇتلىرىنىڭ ئوت كۈچى بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى. دۈشمەن بىر چەتتىن ئوق ئېتىپ، بىر چەتتىن ئۈزۈلدۈرمەي قول بومبىلىرىنى ياغدۇراتتى. دۈشمەنگە قارىتىپ تاپانچىسىدىن ئوق ئۈزۈۋاتقان قوماندان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، بۇ ئورۇشتا تۇڭگانلارنى يېڭىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، يەنە داۋاملىق ئېتىشسا بارلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن پەملەپ، بىرىدىنلا يۇقۇرغا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوڭ قولىدىكى تاپانچىسىنى پىلاڭلىتىپ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن: «ئېتىشنى توختىتىپ، چېكىنىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى، يەر بېغىرلاپ يېتىپ دۈشمەنگە ئوق ئېتىۋاتقان ئەسكەرلەر بۇ ئەمرنى ئاڭلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تۆۋەنگە تېز چېكىندى، بۇ جەسۇر ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئېتىلىۋاتقان پىلىمۇت ئوقلىرىدىن ۋە قول بومبىلىرىنىڭ پارتلاشلىرىدىن ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. ئەمما، يەنە نۇرغۇن جەڭچىلەر ئورۇنلىرىدىن قوپالماي، ئاشۇ ئەزىز ئانا تۇپراقنى مەڭگۈلۈك باغرىغا بېسىپ يېتىپ قالغان ئىدى. «شا!» دەپ ۋارقىراپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان تۇڭگانلارنىڭ ئوقلىرىدىن يەنە نۇرغۇن جەڭچىلەر يىقىلىپ، قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئالدىدىكى دەرەخلىككە باغلانغان ئاتلىرىنىڭ چۇلۇۋۇرلىرىنى تېزلىكتە يەشكەن جەڭچىلەر، ئالدىراپ - سالدىراپلا ئۈزەڭگىگە پۇتلىرىنى تىقتى - دە، ئۆزلىرىنى ئېگەرگە ئاتتى. بىراق، ئۇلار ئاتقا كېيىن قاياققا چېپىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى. چۈنكى، تۇڭگانلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قوشۇنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنى دۈشمەن كۈچلىرى پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلىغان ئىدى. ئاخىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قول ئىشارىتى بىلەن ئەسكەرلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، دەريا تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. ئېغىر بەدەل تۆلىگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز ئەسكەرلىرى

بىلەن بىرلىكتە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قۇتۇلۇپ، دەريا بويىغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن خەتەردىن تېخى تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئىدى.

قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان،
ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان.
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،
خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان[1].

دەپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەيت قىلىنغان ئاشۇ قوشاقلاردىكى «خۇيى ئەسكى» خەلققە ئوخشاپ قالىدىغان، ئاياقنىڭ ئاستىغا چاپلاشقان سېغىزدەك جاھىل تۇڭگانلار ئۆزىنىڭ ۋەھشىي نىيەتلىرىدىن يانماي، داۋاملىق ئىز بېسىپ قوغلاپ، دەريا بويىغىچە كەلدى.

«كۆھقاپتىن چىقتى جىنلار شادلاندى،
تەڭرى كۆردى ئەمما كۆرمەسكە سالدى»

دېگەن نەزمىلەردىكىدەك، تۇڭگانلار ئۆز ئەسكىلىكىدىن شۇنچىلىك شادلىناتتىكى، ئۆز قانخورلۇقىدىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى تولۇپ تاشاتتى. ئەپسۇسكى، شۇنچە ئەسكىلىكنى كۆرۈپ تۇرغان تەڭرىمۇ بۇ ھەقىرلىقلارنى راستتىنلا كۆرمەسكە سالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان تۇڭگانلار نۇرغۇن بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرىغا زامىن بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەھشىي، ھايۋانىي نىيەتلىرىدىن يانماي، داۋاملىق قان تۆكۈپ، زېمىننى قىزىل رەڭگە بويىماقتا ئىدى. ئەجىبا، بۇ بىر سىناقمىدۇ؟ ياكى سەۋرمىدۇ؟

قوغلاپ كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان دەريا بويىغا كېلىپ، سۈزۈك، ئەمما غەزەپ بىلەن شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ ئېقىنغا ئات سېلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بۈگۈنكى غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىپ، يىرتقۇچ قۇشلاردەك چىرقىرايتتى، ئاتلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن قامچا سېلىپ، گاھ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا چاپتۇرسا، گاھ تۆۋەن ئېقىنىغا چاپتۇرۇپ، دەريا بويىدىكى يۇمران چۆپلەرنى، تولۇق ئېچىلغان لالىلەرنى تەلتۆكۈس چەيلەپ تىلغىۋەتكەندىن كېيىن، ئارقىسىغا يېنىپ قايتىشتى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز ئادەملىرى بىلەن يېگانە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان پوپۇنا دەرياسىغا ئات سېلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۇ قاتقا ساق - سالامەت ئۆتىۋالدى. ئەمما ئۇلار ھېچ ئارام ئالماي، تاغدىن ئۇرغان يازنىڭ كەچكى شامىلىدا ساما ئويناۋاتقاندەك تولىمۇ چىرايلىق دولقۇنلىنىپ تۇرغان ياپيېشىل دالىدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇلار شۇ چاپقانچە 42 كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن، خۇپتەندىن ئۆتكەندە دۇۋا كەنتىگە يېتىپ كەلدى. ئەمما ئۇلار كەنتنىڭ ئىچىگە كىرمەي، سىرتىدىكى كەڭ دالىغا كېلىپ توختىدى.

---

[1] بارسغان - خۇيى ئەسكى دېگەن مەنىدە.

مانا ئەمدى، ئىلچى قولدىن كەتكەندىن كېيىن، مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆزىنىڭ يولىغا ئەگەشكەن ئەسكەرلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ قۇرغان پوپۇنا ئەسكىرى بازىسى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەسكىرى كۈچى شۇنچىلىك ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى ھېسابلىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن باشتىن ئاياغ بىر پىكىردە بولۇپ، ھايات - ماماتلىق جەڭلەردە بىرگە جەڭ قىلغان قوماندانلىرىدىن تۇرسۇن باقى خان، ئىسمائىل داموللام ۋە ئەردەمنىڭ قول ئاستىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىن تۆت يىگىت بولۇپ، جەمئىي 200 دىن ئوشۇق قوماندان ۋە ئەسكەر شېھىت بولغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم، تېنى شۇنچىلىك چارچىغان، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىلا ئەمەس، ھەتتا روھىمۇ ھارغانىدى. ئۇ ئۆزىنى بەك يالغۇز ھېس قىلدى. ئەمما ھېچقاچان ئۈمىدىنى يوقىتىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پېتىپ قالمىدى. ئۇنىڭ ھازىرلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇۋاتقان يۈرىكى «تەقدىرىمىز مانا مۇشۇنداق كاج ئوخشايدۇ» دېسە، قۇرۇپ شىلىمشىپ كەتكەن تىلى «سەۋر قىل» دەپ خىتاپ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ جىمجىت، پاراغەت بىر ماكان ئىزدەيتتى. ئۇ ھازىر ھەقىقەتەن غوۋغاسىز، تىۋىشسىز كەڭ بىر دۇنيانى خالاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ جىمجىتچىلىق ئىچىگە چۆكۈپ، ئۆزى ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر بىر تەپەككۇر قىلىشقا ئېھتىياجى بار ئىدى. چۈنكى ئادەم بەزىدە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ، غېرىپسىرىغاندا، شۇنچىلىك يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەم شۇنداق ئىزتىراپقا چۆمگەن يالغۇزلۇق ئىچىدىلا، تېرەن تەپەككۇر قىلالايدۇ. تەپەككۇر قانچە تېرەن بولسا، كىشى ئۆزىنى ۋە ئەتراپىنى شۇنچە توغرا تونۇپ يېتىدۇ. ئۆزۈڭنى ۋە ئۆزگىنى تونۇپ يەتسەڭ، ئۆزۈڭنى كەشىپ قىلىپ ھاياتنى تونۇپ يېتىسەن. ئاندىن بۇ دۇنياغا زادى نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى بىلىسەن ۋە ئۆزۈڭگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشىنىسەن. ئۆز ۋەزىپەڭنى چۈشەنگەن چېغىڭدىلا، ھاياتتا يېڭى بىر يولنى كەشىپ قىلىسەن ۋە بۇ يوللاردا ئۆز ئىزلىرىڭنى قالدۇرۇپ ماڭىسەن. ئۇ ئازابقا تولغان، ھارغىن كۆزلىرىنى كەڭ ساماغا تىكتى. سامادا ئاي ۋە يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى، ئەمما قايغۇ، ماتەم بۇلۇتلىرى بولسا توپ - توپى بىلەن لەيلەپ يۈرەتتى. يېنىدىكى ساققالغان ئازغىنە ئەسكەرلىرى بولسا، شېھىت بولغان سەپداشلىرىنى ئويلاپ، نادامەت ئوتىدا يۈرەكلىرى پۇچۇلىنىپ، پىغان چېكىشۋاتاتتى. ئەتراپتا تاغ شامالىرى يەڭگىل ئۇشقىرتاتتى، تۇشمۇ - تۇشتىن پىغانلىق ھوۋلىغان بۆرىلەرنىڭ ئاۋازى دالانى بىر ئالغان ئىدى. ئوت - چۆپلەرنىڭ گۈپپۈلدەپ تۇرىدىغان پۇراقلىرى دىماقلارغا گۈپپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى. ئېگەرلىك ئاتلار سەۋر - تاقەت بىلەن ئىگىلىرىنىڭ دەردلىرىگە جۆر بولۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قىمىرلىتىپ - قىمىرلىتىپ قوياتتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپنىڭ شوللىرى ئەكس ئەتكەنىدى. بەزى يىگىتلەر چارچاپ ھەممە يېرىدىن تەر ئېقىپ تۇرغان ئاتلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ ئېسىلىپ، شېھىت بولغان سەپداشلىرى ئۈچۈن ئۈنسىز پەرياد چېكىشىۋاتاتتى، چارچاش ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۈزىتىپ تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈن تاڭ ئاتقاندىن بېرى گاھ جەڭگاھتا جەڭ قىلسا، گاھ جىلغا يوللىرىدا ئات چاپتۇرۇپ، گاھ ئۇلۇغ ئېقىنلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلىقى ئۈچۈن، تەنلىرى شۇنچىلىك ھېرىپ، يۈزلىرى بۇلۇت توسقان ئايدەك

خىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. قورساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي يول ئالغانلىقىنى مانا ئەمدىلەتىن سەزمەكتە ئىدى. ئاچلىقتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاشقازانلىرى ئېچىشىپ، دىماغلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەتراپقا بۇركۈتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، 50 قەدەمچە يىراقلىقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇزلۇكنى كۆرسىتىپ، ئاشۇ يەردە غىزالىنىپ، تۇنەشنى قارار قىلدى.
بۇ قاراردىن ھەممەيلەن مەمنۇن بولۇشۇپ، ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئاشۇ تەرەپكە تارتىپ مېڭىشتى. بۇ يەر تۈپتۈز بولۇپ، ئۈستىنى قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر يېپىپ تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئارىسىدا جىمىرلاپ ئېقىۋاتقان بىر ئېرىقمۇ بار ئىدى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئېگەرلەرگە ئارتىلغان خۇرجۇنلىرىنى ئېلىپ، ئاندىن ئاتلىرىنىڭ ئۇلاغ توشلۇكلىرىنى يەشتى، ئېگەر - جابدۇق، قۇشقۇن ۋە نوقتا - ئېغىزدۇرۇقلىرىنى بوشاتتى، ئارقىدىن ئاتلىرىنىڭ ئالدى پۇتلىرىغا چۇشەك سېلىپ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق قىرىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئوتلارغا سوۋۇتۇش ئۈچۈن قويۇۋەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىغان مۇزدەك تاغ سۈيىدە يۈز - كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، سۇدىن قانغىچە ئىچكەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك راھەت ھېس قىلدى. ئاندىن ئۇلار بۇ دۇنيادا قورساقتىن باشقا ھېچبىر غېمى يوق ئادەملەردەك خۇرجۇنلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نېمەتلەرنى چىقىرىپ، دالىدىن قۇرۇق يۇلغۇن شاخلىرى، سۆكسۆك، توغراق پوستى دېگەندەك قوراي – قوۋزاقلارنى يىغىپ كېلىپ گۈلخان يېقىپ، گۈزەل بىر سورۇن ھازىرلاشتى. ئەتراپتا ئاتلارنىڭ بوشغاندىن كېيىنكى ھۇزۇرلۇق كىشنەشلىرى، تۈن قۇشلىرىنىڭ سۈرلۈك سايراشلىرى، تومۇزغىنىڭ تىنىماي چىرىلداشلىرى، ئېرىق سۈيىنىڭ تىنىماي شىلدىرلاشلىرى قۇلاقلارغا شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەبەيدۇللاھمۇ خۇرجۇندىن ئانىسى ئۆز قولى بىلەن يېقىپ قولىغا تۇتقۇزغان يەتتە تال قىزىرىپ پىشقان توقچىنى ئوشتۇپ، ئوتتۇرىغا قويدى. قورسىقى ئېچىپ ھېچ ماجالى قالمىغان ئەردەم دەرھال توقاچتىن بىر پارچىنى ئېلىپ، شۇنچىلىك مەززە بىلەن چايناشقا باشلىدى. توقاچ ھەقىقەتەت شۇنچىلىك مەززىلىك ۋە لەززەتلىك ئىدى، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بۇنداق بىر لەززەتلىك ناننى يېگەنلىكىنى ئەسكە ئالالمىدى. ئەمدى ئۇ توقاچنى چاينىغاچ، ئۆز خىيال ئاسمىنىدا لەرزان قانات قېقىشقا باشلىدى:
«بۇ نانلار، ئەبەيدۇللاھنىڭ چېچى غىۋىدەك ئاقارغان ئانىسى سەيدىنىسەخان ئانىنىڭ قورۇق باسقان قوللىرىدا يېقىلغان نان ئىدى. بۇ نانلار، ئېتىزلاردا ساپان سۆرەپ يەر ئاغدۇرۇپ، ئوسا قىلىپ يەرنى سۇغۇرۇپ، ئۇرۇقلارنى بىر - بىرلەپ تۈجۈپىلەپ تۇپراققا تېرىپ، مىڭبىر مۇشەقەتتە بوي تارتىپ مايسا بولغاندا، ئارىسىدىكى ياۋا ئوتلارنى بىر - بىرلەپ ئوتاپ، ئالتۇن باشاق بولغاندا قاداق باسقان قوللىرى بىلەن ئۆزى ئورۇپ، خاماندا تۇلۇق پىرقىرىتىپ ئۆزى تەپكەن، ئەمگەكچان ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىزنىڭ ھالال مېھنەت تەرىدىن پۈتكەن نانلار ئىدى.
بۇ مىللەتنىڭ بەختى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ قوللىرىدىن تۇغۇلىدۇ. ئۇلار ۋاقتى كەلگەندە يەر تىرىپ زىرائەت ئۆستۈرىدىغان دېھقان بولسا، پەيتى كەلگەندە ھېچ ئىككىلەنمەي قوللىرىغا قورال ئېلىپ ياۋ بىلەن جەڭگاھتا جەڭ قىلىدىغان بىر ئەسكەر بولالايدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئوخشاش بىر غولدىن شاخلانغان توغراق تاللىرىدەك بىر نەسەپتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئانا زېمىننى ماكان قىلىپ، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يىلتىز تارتقان. دېھقانلارنىڭ تەقدىرى پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە شۇ ئانا زېمىننىڭ تەقدىرى بىلەن بىر تۇتاش».

ئەردەم ناننى ئاستا چايناپ، ئۇنىڭ مىزىلىك تەمىنىڭ ئاغزىدا مەڭگۈلۈك قېلىشىنى ئويلاپ، يۇتۇۋېتىشكىمۇ قىيالماي ئاغزىنىڭ ئىچىدە بىر مەزگىل تۇتۇپ تۇردى، ئاخىرى ئاغزىدا ئېرىپ كەتكەن نان، باياتىن بېرى ئىچىگە كىرىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان گېلىگە شۇنچىلىك سىلىق كىرىپ كەتتى.

قورساقلىرى تويۇپ، كۆزلىرى نۇرلانغان، تەنلىرىگە مادار كىرىپ، كەيپىياتى سەل جانلانغان جەڭچىلەرنى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئۆز يىگىتلىرىنىڭ رەڭگى - روپىغا قاراپ ئۇلارغا زوقى كەلدى. ھەممىسى شۇنچىلىك شىر يۈرەك ئەزىمەتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولۇپ، جاپالىق ھايات ئۇلارنى ئوخشاش بىر تەڭلىدە يۇغۇرۇپ، ئوخشاش بىر تونۇردا پىشۇرۇپ چىققان ئىدى. قاراقاش ئىنقىلابىدىن تا ھازىرغىچە بولغان بىر يېرىم يىلغا يېقىن بۇ ۋاقىت، ئاشۇ ئېرىقتىكى سۇلاردەك شۇنچىلىك تېز ئېقىپ كەتكەنىدى، ھەربىر دەقىقىنىڭ ئۆتۈشى، شۇ تاغ سۇلىرىنىڭ ئېقىشىغا ئوخشاش ئالدىدىكىسىگە زىنھار ئوخشىمايتتى. دېمەك، ھايات بىر ئېقىن سۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس ۋە ئۇنىڭ ھەربىر دەقىقىسى ئادەم بالىسىنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ مۆجىزىلەرگە تولغان. ئەجىبا، ھازىر يېنىدىكى ھايات قالغان بۇ يىگىتلەرنىڭ سانىنىڭ 40 بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن بىر تاسادىپىيلىقمۇ؟ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىنتايىن ھەيرانلىق ئىچىدە تەپەككۇرنى ئەجدادلار تارىخىغا ئاغدۇردى. ئىنسان ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىنى بىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھېكمىتىنى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى ئىدراك قىلىدۇ. كەچمىشى بىلەن ئۆزى ئارىسىدا بىر باغ قۇرۇپ، كەلگۈسىدىكى يولىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەجدادلار تارىخىغا بەكمۇ قىزىقاتتى ۋە بۇ تارىخنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش يولىغا قەدەم باسقان ئىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەچكە، «ئەركىنلىك!» دەپ شېھىت بولغان تالاي ئەجدادلارنىڭ قۇتلۇق قېنىنىڭ مۇشۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن تۆكۈلگەنلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. تۆكۈلگەن ئاشۇ قانلاردىن ئاپىرىدە بولغان ئۇلۇغ قەھرىمانلىقنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى بىلەن بۇ تۇپراقلارنىڭ شان - شۆھرىتىنى جاھانغا يايغان سەلتەنەتلىك كەچمىشنى، ئەجدادلار بېسىپ ماڭغان تاغ ئېتەكلىرىدىكى، دەريا ياقىلىرىدىكى، چەكسىز داللىدىكى قەدەم ئىزلىرنى ناھايىتى ياخشى تونۇيالايدۇ. ئۇنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتى ۋە مىللەت سۆيگۈسى بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ساپ ۋە چوڭقۇر تۇيغۇلار، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئوقۇغان قۇچاق - قۇچاق تارىخ كىتابلىرىدىن، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ روھىغا سىڭىپ، بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ سۈزۈلكەلەشكەن تارىخ بىلىملىرىدىن مەيدانغا كەلگەن. بۇنداق بىلىمنى ئەلۋەتتە ھېچقانداق بىر كۈچ، ھېچقانداق بىر قورالمۇ ئۇنىڭدىن تارتىپ ئالالمايدۇ. بۇ بىلىملەر پەقەت ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەبەدىلئەبەد ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ. ئۇ مانا بۈگۈن، يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان 40 يىگىتكە، ئۆزى ئۆگەنگەن ئاشۇ تارىخىي بىلىملىرىدىن بىر قىسسە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى. ئۇ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان 40 باھادىر يىگىتكە قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

- بۈگۈنكى بۇ قانلىق ئۇرۇشتا، ساق 40 يىگىتنىڭ مېنىڭ بىلەن بىرگە دۈشمەن مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، بۇ يەردە جەم بولۇپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە بولسا

كېرەك. مەن «40» دېگەن سانغا مۇناسىۋەتلىك تارىختىكى بىر ۋەقەنى سىلەرگە قىسقىچە ھېكايە قىلىپ بەرمەكچىمەن. چۈنكى تارىخنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبادەت. تارىختا ئۆتكەن قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۆگەنگەندە ئادەمنىڭ روھى تىرىلىپ، پاكلىنىدۇ. ئاندىن ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىش تۇيغۇسى، تەپەككۇر قىلىش ئېڭى يېتىلىدۇ. بىزنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتىمىزنى ئاشۇرۇپ، مۇستەقىللىق ئىدىيەسىنى تىكلەش يولىغا يېتەكلەيدۇ. مۇستەقىللىق ئىدىيەسى بولسا، نۆۋەتتە خەلقىمىز ئۈچۈن يورۇقلۇق قىيامىدىكى قۇياشتەك بىباھا!

ئەمىسە گەپنى ئۇزارتماي ھېكايىگە كېلەيلى، ئەلقىسسە، 628 - يىلى شەرقىي تۈركلەرنى تەشكىل قىلغان ئون بەش قەبىلە ئىچىدىكى شەرقىي ئۇيغۇر قەبىلىسى، ئۇيغۇر قەبىلىسى ۋە سۇرتاردۇشلار ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. بۇنى پۇرسەت بىلگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لى شىمىن ئۇلارغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ھەدىيە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شانلىق كۆكتۈرك خاندانلىقىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، شۇ يىللاردا كەينىدىن ئۇزۇلمەي ئېغىر تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ، خەلقنىڭ نۇرغۇن چارۋا ماللىرى قىرىلىپ كېتىپتۇ. خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ، ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. مانا شۇ ۋەجىدىن تۈركلەر غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇنى پۇرسەت دەپ بىلگەن لى شىمىن سەددىچىندىن چىقىپ، تۈركلەرگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاپتۇ ۋە كۆچ - كۆچتە كېتىۋاتقان 100 مىڭدىن ئوشۇق تۈركنى ئەسىرگە ئېلىۋاپتۇ. ئۇ بۇ ئەسىرلەرنى سەددىچىننىڭ ئىچىگە مەجبۇرى كۆچۈرۈپتۇ. مەقسىتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئۇرۇقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىش ئىكەن. لى شىمىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەگزادىلەرنى پايتەخت چاڭئەنگە ئەكېلىپ، نەزەربەنت قىپتۇ. شۇ چاغدا ئەسىرگە چۈشمەي قالغان بىر قىسىم تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا كېتىپ، شەرقىي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ قۇتۇلۇپتۇ. ئەمما، ئەسىرگە چۈشكەن تۈركلەر سەددىچىننىڭ ئىچىدە ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراپتۇ، ئۇلارنىڭ قاغانى قاراخان 634 - يىلى چاڭئەندە ۋاپات بوپتۇ. 639 – يىلى، لى شىمىن ئەسىرگە چۈشكەن تۈركلەردىن بىر قورچاق تۈرك قاغانلىقى تەشكىل قىپتۇ. ئەمما، ئەسىرلەردىن بۇيان مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن تۈرك خەلقى بۇ قورچاق قاغانلىقنى ئېتىراپ قىلماي، مۇستەقىل بىر تۈرك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن مەخپىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپتۇ. بۇ ئۇلۇغۋار غايىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ۋە ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغۇچى سۇۋارخاننىڭ كىچىك ئوغلى شاھزادە كۇرشاد ئىكەن. ئۇ چاڭئەنگە مەجبۇرىي كەلتۈرۈلگەن تۈرك بەگزادىلىرىدىن 40 يىگىتنى ئەتراپىغا توپلاپ، بىر مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپتۇ. ئۇلار، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشسا كۇرشاد قاغان بولىدۇ دەپ مەسلىھەت قىلغاندا، كۇرشاد بۇ تەكلىپنى رەت قىپتۇ ۋە قاغان نامزاتلىرىغا ئۆز جىيەنلىرىدىن بىرىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭ تەكلىپى ئورتاق قاراردىن ئۆتۈپتۇ. بۇ تەشكىلات ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىلانلىرىنى ئېنىق تۈزۈپ چىقىپتۇ. ئۇلار باشقىلاردەك ئەمەل - مەنسەپ، يۈز - ئابروي تالاشماپتۇ، بەلكى ھەممىسى بىر تەن بولۇپ، بىر باشقا بويسۇنۇپتۇ. كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، كۆپ پىلان تۈزۈپ يۈرمەپتۇ، بىر - بىرى بىلەن جاڭجال - توپىلاڭلارمۇ چىقارماپتۇ، ئۇلار خوتەنلىك، قەشقەرلىك، قۇمۇللۇق، ئىلىلىق دەپ يۇرتۋازلىق قىلىپمۇ ئولتۇرماپتۇ. بەلكى، پەقەت ۋە پەقەتلا ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بىر يولباشچىنىڭ ئارقىسىدىن غىڭ - پىڭ قىلماي مېڭىپتۇ. ئۇ يولباشچى بولسا كۇرشاد ئىكەن.

ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى ساپ ۋە خالىس بولغاچقا، بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئىككىلا قارار ئاپتۇ. ئۇلار بۇ قارارلارنى ئىككى باسقۇچ بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى پىلانلاپتۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، پادىشاھ لى شىمىننى تىرىك تۇتۇپ، ئۇنى تۆركلەر يۇرتىغا ئەپقېچىش. ئاندىن پايتەختتە نەزەربەند بولۇپ تۇرغان تۆرك بەگزادىلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش. ئىككىنچى باسقۇچتا، بارلىق تۆركلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، شەرقىي تۆرك قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىكەن.

ئەينى چاغدا، لى شىمىننىڭ پۇقراچە كىيىنىپ كەچتە چاڭئەننىڭ ئاۋات كەچلىك بازارلىرىنى ئايلىنىپ، پۇقرالاردىن ئەھۋال ئىگىلەيدىغان ئادىتى بار ئىكەن. كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 باھادىرى مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، لى شىمىننى قولغا چۈشۈرۈشنى پىلانلىغان ئىكەن. ئەمما، پىلانلىغان كۈنى يەر جاھاننى قارا جۇدۇن، بوران - تۇمان قاپلاپ، قاتتىق گۈلدۈرماما چاقماق چېقىپ، قارا بۇلۇتلاردىن دەھشەتلىك يامغۇر قۇيۇلۇپتۇ. ھاۋانىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن لى شىمىن تالاغا چىقىشتىن ۋاز كېچىپ، ئوردا ئىچىدە كۆڭۈل ئېچىشنى قارار قىپتۇ. ئاق يۈزلۈك ئۆزى كېلىشكەن، قارا كۆزلىرى شەھلا، بۇرۇتى شالاڭ، ئېگىز بويى، تەقى - تۇرقىدىن پەم - پاراستى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ شاھ ئۈستىگە سىرىق دۇردۇندىن ئەجدىھا تون كىيگەن، بېلىگە رەڭدار قۇش چۈچىلىق شايى پوتا باغلاپ، تونىنىڭ ئالدى پەشنى پوتىسىغا قىستۇرغان ھالدا، زەردىن زىغزىق قويۇلغان سۇمرۇغ شەكىلدىكى كۆسەي ئۆتۈك كىيگەن پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ھەشەمەتلىك شىرە يېنىدا پوزۇر ئولتۇرۇپتۇ. ئەجدىھا سۈرەتلىرى نەقىشلەنگەن ئالتۇن پۇتلۇق شىرەنىڭ ئۈستى خىلمۇ - خىل تائاملار، كۆك - گېزەك ۋە يەل - يېمىشلەر بىلەن بېزەلگەن ئىكەن. قېنىق دەملەنگەن چايلار ئاجايىپ خۇش پۇراق چېچىپتۇ. شاراپچى قىزلار تەبەسسۇم بىلەن كەھرىۋا جاملاردا سۈپسۈزۈك ئېسىل شاراپلارنى سۇنۇپ، شاھنىڭ كۆزىنىڭ خۇمارىنى يەپتۇ. يەلپۈگۈچتىن چىققان ساپ ھاۋانىڭ پەيزىدە، يېشىل تونغا پۈركەنگەن زىلۋا بويلۇق ناخشىچى قىزلارنىڭ نەي، بالىمانغا جۆر بولۇپ ئېيتقان ناخشىسىنىڭ شېرىن ئاۋازلىرى ئوردا ئىچىنى زىلزىلىگە ساپتۇ. نىلۇپەردەك خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان رەققاس قىزلارنىڭ نازلىنىپ ئوينىغان ئۇسسۇل ھەم لەپەرلىرىدىن لى شىمىننىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، شەھۋانىي ھەۋەسلىرى قوزغىلىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، شۇ شىۋىرغانلىق كېچىدە مەيگە، كەيپ - ساپاغا ئىشتىياق باغلاپتۇ.

ئەمما مۇشۇ پەيتتە، كۇرشادنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ، قوشما قاشلىرى تۈرۈلگەن چاغ ئىكەن. ئۇنىڭ نۇرلۇق چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئەنسىزچىلىكنىڭ ئالامىتى يىغىپتۇ. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئىچىدە مۇنداق ئويلاردا بوپتۇ: «ئەگەر بۈگۈن ئۇ چىقمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا چوقۇم ئاشكارىلىنىپ قالىدۇق دېگەن گەپ. شۇڭا، يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ، ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇنى شۇ يەردىن تۇتۇشىمىز لازىم».

بۇ ئويلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوست، سەپداشلىرىغا ئېيتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ 40 ئەزىمەت بارلىق ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تولۇق جابدۇنۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش كېلىشكەن نەۋقىران يىگىتلەر، باھادىر جەسۇر پالۋانلار ئىكەن. بولۇپمۇ بېشىغا يۇلغۇن تىرىسىدىن تۇماق كىيگەن، مەيدىسى ھەم دۈمبىسىگە قارا قىلىن چەمدىن ياسالغان يۈرەك دالدىغاچ تاقىغان، ئىچىگە كۆك رەختتىن پەشمەت، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە تاسما باغلاپ، تاسمىنىڭ دەستىسىگە بۆرە سۈرىتى نەقىشلەنگەن خەنجەر

تاقىغان، مۈرىسىنىڭ سول تەرىپىگە ئوقيا، ئوڭ تەرىپىگە لىق ئوق تولغان تېرە چىشلىتىلگەن ساداق ئېسىپ، قولىدا پارقىراپ تۇرغان قىلىچىنى تۇتۇپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا قىپقىزىل چوغدەك تورۇق ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ قىران يىگىتلىكىنى نامايەن قىلغان يىگىت بولسا ئۇلارنىڭ يولباشچىسى كۇرشاد بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ چەۋەنداز باھادىر پالۋان ئىكەن. قالغان 40 باھادىر يىگىتمۇ قوللىرىغا نەيزە، قىلىچ، شەمشەر، ئايپالتىلارنى ئېلىپ، تولۇق جابدۇنغان پېتى كۇرشادنىڭ ئالدىدا ئاتلىرى بىلەن قاتار - قاتار تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇق سۈپىتىنى نامايەن قىپتۇ. ئۇلار ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا، بىر - بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە سەمىمىي بېقىشىپتۇ. ئاندىن، يېرىم كېچىدە ئۇدۇل پادىشاھ ئوردىسىغا قاراپ دەھشەتلىك بوراندەك ئات سېلىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار پادىشاھ تۇرغان سارايغا يېقىنلىشىشقا باشلاپتۇ. بۇ دەل تۈن نىسپى بولۇپ، يامغۇر توختىغان ئىكەن. ئاسماندا قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ تولۇن ئاي ئەتراپنى يورۇتۇپ، قۇتۇپتىكى يەتتە پەرۋىن يۇلتۇزى باھادىر 41 يىگىتنىڭ ئۈستىدە چاقناپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئوردا قاراۋۇللىرى ئەتراپتىكى ھەرقانداق بىر شەپىگە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ چارلاۋاتقان ئىكەن. يىگىتلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلىشىپ، ياغا ئوقلىرىنى بېسىپ، كىرىچىنى بولۇشىغا تارتىپ، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ يورۇقىدا، ھەر بىرى بىر قاراۋۇلنىڭ يۈرىكىنى نىشانغا ئاپتۇ. كۇرشادنىڭ بىر ئىشارىتى بىلەن تەڭلا 40 يايدىن 40 ئوق ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ چىقىپ، 40 دۈشمەننىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۇلار دەرھال يەنە يايلىرىغا ئوق بېسىپ قالغانلىرىنى نىشانغا ئېلىپ ئېتىپتۇ – دە، ئارقىدىن قىلىچلىرىنى قېنىدىن سۇغۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئوردا قوروسىغا قۇيۇندەك باستۇرۇپ كىرىپتۇ. ئەمما، ئۇلار ئوردا قاراۋۇللىرىنىڭ بۇنچىلىك كۆپ ھەم ئۇنچىلىك باتۇرلۇقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن. لى شىمىن ئۆزىنى شۇنچىلىك قوغدىغان ئىكەنكى، ئوردا باقاۋۇلنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزىلا ئىككى مىڭغا يېتەتتىكەن. بۇنىڭ بىلەن قاتتىق جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ.

ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

يىگىتلەرنىڭ بىرلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرىدىن دۈشمەن مەشقاۋۇللىرى تىك چۈشۈپ، تۈلكە - توشقاندەك جان بەرسە، يەنە بىرلىرىنىڭ كارامەت قىلىچۋازلىق سەنئىتىدىن جەۋلان قىلغان قىلىچلىرىنى كۆرگەن ئوردا نۆكەرلىرى يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، غال - غال تىترەپ ئارقىسىغا داجىپتۇ. يىگىتلەر بولسا ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەنلا نۆكەرنىڭ بويىنىغا شەمشەر ئۇرۇپ، كالللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. كامالەتلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قولىدىكى ئايپالتىلىرىنى ئويناتقان جەۋەندازلارنىڭ ئالدىنى ھېچكىم توسالماپتۇ. جەڭ داۋاملاشماقتا ئىكەن. ئەمما، ئوردا قاراۋۇللىرىمۇ ئۇنچىلىك بوش نۆكەرلەردىن ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇلارمۇ جان تىكىپ ئېلىشقانلىقى ئۈچۈن، يىگىتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى مۇمكىن بولماي قاپتۇ. چۈنكى، ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قاراۋۇللارنىڭ قۇيرۇقى ھېچ ئۈزۈلمەپتۇ. قايسى غالىپ، قايسى مات ئايرىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ مىنۇتتا كىم ھايات كىم مامات ئىكەنلىكى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ھەممە يېرى رەقىبلىرىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان كۇرشاد ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ، قارا قىياندەك گۆركىرەپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لى شىمىنى ئوردىدىن تۇتۇپ، ئېلىپ چىقىشقا كۆزى يەتمەي، ئالپلىرىغا ئوردىدىن چېكىنىشكە ئەمر قىپتۇ. كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 ئالپى بىر تەرەپتىن ئېلىشىپ، بىر تەرەپتىن چېكىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئات ئۇلاغلىرى

ئوردىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە قالغان بولۇپ، ئۇياققا چېكىنىش ھازىر ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. كۇرشاد شۇ پەيتتە ئۆزلىرىنىڭ ئوردا ئىبغىلى تەرەپكە كېلىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ ـ دە، دەرھال ئوردا ئاتخانىسىدىكى ئاتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ قېچىشنى ئويلاپ، شۇ تەرەپكە چېپىپتۇ. ئاتخانىدىكى جىددىي جەڭلەرگە تەييارلاپ قويغان، ئېگەر ـ جابدۇقلىرى راسلاغلىق ئاتلارنى مىنىپ قېچىپتۇ. گەرچە كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 ئالپىنىڭ ئىچىدە ئۆلگەنلەر يوق بولسىمۇ، ئەمما تىغ زەربىسىدە يارىلانغانلار بار ئىكەن. ئەمما، ئات ئۈستىدە چوڭ بولغان بۇ ئەزىمەتلەر يارىدار بولسىمۇ ئاتنى خۇددى ئارام ئېلىۋاتقاندەك بەھوزۇر چاپتۇرۇپ، قۇيۇندەك يول ئاپتۇ. كۇرشاد ۋە 40 ئالپىنىڭ 41 ئېتىنىڭ 164 نالىسىدىن چىققان توپا ـ چاڭلار، چاڭئەن كوچىلىرىنى قويۇنتاز ئىچىدە قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. قۇيۇندەك چېپىۋاتقان ئاتلارنىڭ تۇۋۇقىدىن چىققان جەڭ سادالىرى ئەسىرگە چۈشكەن يۈز مىڭ خەلقنىڭ يۈرەكلىرىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرماقتا ئىكەن. كۇرشاد 40 ئالپ بىلەن ئۇدۇل ۋېيخې دەرياسى تەرەپكە قاراپ ئات سالپتۇ.

چاپقۇر ئاتلار بىلەن ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 يىگىتىنىڭ ئارقىسىدىن ئوردا قاراۋۇللىرى، مەشقاۋۇل، تۇتقاۋۇل، باققاۋۇل، ئاتارمەن ـ چاپارمەن بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن چىن لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرىنىڭ چېپىشلىرىمۇ يىگىتلەرنىڭكىدىن ھەرگىز قېلىشمايدىكەن.

قۇياش ئەتراپىغا قىپقىزىل چوغ تارتىپ كۆتۈرۈلىۋاتقاندا، كۇرشاد خۇددى يالقۇن يالىلىق، شەپەق قۇيرۇقلۇق، ئەت ـ يانلىرى گوياكى پەرداز بىلەن بويالغاندەك، قۇلاقلىرى قىپقىزىل يۇپۇرماقتەك كۆرۈنىدىغان ئاتنىڭ ئۈستىدە قانداقتۇ بىر قۇتۇلۇش يولىنى كۆزلەپ، تۇياقلىرى ئاستىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ غۇيۇلداپ چېپىپتۇ. ئۇ، ئەركىنلىك ئۈچۈن چاپقان تۇلپارنىڭ تېزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەتكە تولغان بۇ ھاياتتا ھەر خىل ئىدىيۋى تۇزاقلار ۋە ھىيلە ـ مىكىرلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، مەھكۇم مىللەتنى زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئات سالماقتا ئىكەن.

ئۇلار شۇ چاپقان پېتى ياردىن ـ يارغا ئۇرۇلۇپ ھەيۋەت بىلەن دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ۋېيخې دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريا بويىدا ھېچ بىر قولۋاق يوق ئىكەن. يەنە كېلىپ سۇنىڭ دەھشەتلىك بۇ ئېقىنىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ئەمما، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نەچچە يۈزلىگەن چىننىڭ لاۋۇلەشكەرلىرى يېقىنلاپ قالغانىكەن. بۇنداق ھايات ـ ماماتلىق چاغدا كۇرشادنىڭ دەرھال بىر قارار بېرىشى بەكمۇ زۆرۈر ئىكەن. يەنى، يا دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ، بىر ئۆمۈر قۇل بولۇش، ئىزا ـ ئاھانەت بىلەن ياشاش، ياكى مۇشۇ جەڭگاھتا باتۇرلۇق بىلەن ئاخىرقى نەپسىگىچە ئېلىشىپ، مەڭگۈلۈك ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، شەرەپ ـ نومۇسىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرسىنى تاللاش ئۈستىدىكى قارار ئىكەن.

ۋېيخې دەرياسى لېۋىدە، كۇرشاد لاۋۇلداپ يالقۇنجىغان تۇلپىرىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، 40 زەپەردىشىغا بىر ـ بىرلەپ قاراپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇ، 40 ئالپىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى ئوۋغا ئېتىلىپ تۇرغان ئارسلاندەك ئوت چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. گەرچە ئۇلار بۇ ماكان، بۇ زاماندىكى ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەقى

- تۇرقىدىن، چېھرىدا باتۇرلۇق بالقىپ تۇرغان روھىي ھالىتىدىن بۇ گۈزەل ھاياتقا بولغان ئۈمىدلىرى جۇلالىنىپ تۇرماقتا ئىكەن.
كۇرشاد سول قولىدا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىدىكى قىلىچىنى ھاۋادا ئېگىز كۆتۈرۈپ:
- باھادىر ئالپلىرىم! سەپداش دوستلىرىم! بىز مىللىتىمىزنىڭ ئەركىنلىكى، دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بۇ يولغا ئاتلانغان. ئەمدى يولنىڭ ئاخىرىغا كەلدۇق. گەرچە مەقسىدىمىزگە يېتەلمىگەن بولساقمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ كۆرسەتكەن جەڭگىۋار پىداكارلىقىمىزنى ئەۋلادلار مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ. ئۇلار بىزنى تىللاردا داستان قىلىپ ياد ئېتىدۇ. بىزنىڭ يولىمىز ھەق، ئادالەت يولى، ئەركىنلىك، ھۆرلۇك يولى. ئى ئەزىمەتلىرىم، بۇ يولدا تا ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە جەڭ قىلىشقا ھازىرمۇ سىلەر؟
40 باھادىر ئالپىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىققان «ھازىر! ھازىر!» دېگەن ياڭراق سادالار، ۋېيخې دەرياسى ساھىلىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. بۇ ئاۋازدىن دەريا سۇلىرى چايقىلىپ، ئۆركەشلەپ، قىرغاقلاردىكى قۇرام تاشلارغا غەزەپ بىلەن ئۇرۇلۇپتۇ. دەريا سۈيى دەھشەتلىك شاۋقۇن چىقىرىپ، بۇژغۇنلىرى ساماغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. مانا شۇ چاغدا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ روھى پاكلىنىپتۇ.
ئاخىرى ئۇردا سەركەردە ۋە نۆكەرلىرى دولۇلدەپ دەريا لېۋىگە قىستاپ كېلىشىپتۇ. تۈركلەر ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سوقۇشۇشقا ماھىر بولغاچقا، ئالپلەر ئامال بار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭ قىلىشنى ئويلاپتۇ ۋە ئىرغىپ، كىشنەپ تۇرغان ئارغىماقلارنىڭ تىزگىنى تارتىپ، بېقىنلىرىغا پۇتلىرى بىلەن دېۋىتىپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ يۈرۈپتۇ، چىن لەشكەرلىرى يەنە ئارقىدىن تىنىماي قوغلاشقا باشلاپتۇ.
كۇرشادنىڭ ئوقتەك غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ئېتى تاڭ شەپىقى ئىچىدە تېخىمۇ قىزىرىپ، بەئەينى ئوت چەمبىرىكى ئىچىدە كۆيۈپ تۇرۇپ چېپىۋاتقان چوغ تۇلپاردەك ئەركىنلىك ئۈچۈن قەدەم تاشلاپتۇ. كۇرشات بىردىنلا ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا ئىلىپ قويۇپتۇ، ئۇ سول قولىغا كۆك بۆرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يانى ئېلىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئوقنى بېسىپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ كىرىچىنى كۈچەپ تارتىپ، ئەڭ ئالدىدا چېپىپ كېلىۋاتقان دوقا ماڭلاي، ئورا كۆز، قاشلىرى تىك نەيزىدەك، قىزىل يۈزلۈك تۇتقاۋۇلنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ ئېتىپتۇ. ئوق ئۇچقاندەك بېرىپ تۇتقاۋۇلنىڭ سول مەيدىسىگە گاچچىدە چوقۇلۇپتۇ. ئۇ شۇ زامان ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈپتۇ. ئارقىدىنلا، 40 چەۋەندازنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئاتقان ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن چىن لەشكەرلىرى مىنگەن ئاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ گۈپۈرلەپ يىقىلىپتۇ.
ئاتلار دەريا لېۋىنى بويلاپ ئۇچقاندەك چاپماقتا ئىكەن. ئالپلار ئات ئۈستىدە تەتۈر ئولتۇرۇپ دۈشمەنگە توختىماي ئوق ئۈزۈپتۇ. ئەمما دۈشمەننى قانچە موللاق ئاتقۇزغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سانى يەنىلا ئازلىماپتۇ، ئۇلار ئۆز زامانىسىدىمۇ ھازىرقىدەك شۇنداق سانى كۆپ خەق بولغاچقا، ئەسكەرلىرىمۇ كۆپ ئىكەنتۇق. شۇڭا كۇرشادلارنى قوغلاپ ئارقا – ئارقىدىن، قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي نەرە تارتىپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ سانىمۇ ساناقسىز ئىكەن. ئاخىرى ئالپلار بىر قىيانىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاپسىلىپ قاپتۇ. لەشكەرلەر ئۇلارغا ۋىڭىلدىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئالپلار قۇيۇندەك كېلىۋاتقان ئوقلارنى ئۆز يايلىرى بىلەن ئېتتىرىشكە، قالقانلىرى بىلەن توراشقا

ئۆلگۈرەلمەيلا قاپتۇ. گاچىلداپ سانجىلغان ئوقنىڭ زەربىسىدە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئوندەك يىگىت يەرگە يىقىلىپتۇ. قاتتىق غەزەپلەنگەن كۇرشاد ۋە باشقا ئالپلار دۈشمەنگە قاراپ ئات سالپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈزلىگەن چىرىكلەر بىلەن قانلىق جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ.

ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

ئات ئاتقا گىرەلىشىپ چىقىۋاتقان كىشنەش- سادالار، تىغ تىغقا ئۇرۇلۇپ چاچراۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى، چاچرىغان قانلار، قىيا - چىيالار ۋېيخې دەرياسى قىرغىقىنى بەئەينى دوزاخنىڭ ئۆزىگە ئايلاندۇرغان ئىكەن. لەشكەرلەرنى چېپىپ تۈگىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارمۇ ئۆلۈمدىن قورقماي شۇنچىلىك ئەسەبىلىك بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئالپلار ئاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە يىقىلغانلىرى يىقىلىپتۇ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپتۇ، يارىلانغانلىرى يارىلىنىپ، كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاشقا قاراپ يۈزلىنىپتۇ. ئەڭ ئاخىرى پەقەت كۇرشاد قوشۇلۇپ تۆت يىگىتلا هايات قاپتۇ. ئۇلار دۈشمەننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يىرتقۇچ ئەجدىهاغا ئورۇلۇپ قالغان كۆك بۆرىلەردەك تۇرۇپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ تۆتى تۆت تەرەپكە قاراپ دۈگىلەك بولۇپ تۇرۇپ، قىلىچلىرىنى سېپىدىن چىڭ قىسىپ تۇتۇپ، دۈشمەندىن ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگىنىنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. قاتتىق تېرىككەن لەشكەرنىڭ باققاۋۇلى دوق - پوپوزا قىلىپ تۇرۇپ: «قىلىچلىرىڭنى تاشلاپ تەسلىم بولۇش. بولمىسا ھەممىڭنى چېپىپ قىيما - چىيما قىلىپ، دەرياغا تاشلاپ، دەرهال بېلىقلارغا يەم قىلىۋېتىمەن!» دەپ ۋاقىراپتۇ. ئەمما قاتتىق هالسىزلىغان كۇرشاد بار كۈچىنى يىغىپ: «بىز سەنلەرگە ئەسلا تەسلىم بولمايمىز. بىرىڭ كەلسەڭ بىرىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمىز. سەنلەر جان قىيىپ، ئوت قويۇپ، بۇلاپ - تالاپ، ھەددى - ھېسابسىز بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشتۈڭ. يۇرتلىرىدىن ئايرىشتىڭ. سەنلەر ئۆلۈمگە مەهكۇم! بىز ئاخىرغىچە جەڭ قىلىمىز. قېنى جېنىڭدىن تويغىنىڭ كېلىش! ئەگەر ھەقىقىي مەرت بولساڭ بىرگە بىر چىق!» دەپ، غەزەپ بىلەن قىلىچىنى كۆتۈرۈپتۇ. بۇ سادانى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە تاغۇ - دەريالاردىكى يىرتقۇچ يولۋاس ئاڭلىغان بولسا، قورققىنىدىن يۈرەكلىرى جىغىلداپ كەتكەن بولار ئىكەن. بۇ چاغدا قاتتىق قورققان ۋە غەزەپكە كەلگەن خىتاي باقاۋۇل تىترەپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كېتىپتۇ. كۇرشادنىڭ قىلغان ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئۆزىگە قىلىنغان هاقارەت دەپ بىلدىمۇ قانداق، ئۇ ئەتراپىدىكى چىلبۆرىلەردەك تۇرغان لەشكەرلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: «چېكىنىڭلار!» دەپ ۋاقىراپتۇ. ئۆز سەركەردىسىدىن ئۆلگىدەك قورقۇدىغان لەشكەرلەر دەرهال ئارقىغا گۈررىدە سۈرۈلۈپتىكەن، قورشاۋ چەمبىرىكى كېڭىيىپ، چوڭ بىر مەيدان ئېچىلىپتۇ. ئېگىز بويلۇق، بەستلىك كەلگەن خىتاي باقاۋۇل، بېشىغا شىرنىڭ سۈرىتى نەقىشلەنگەن پولات دۇبۇلغا، دۇبۇلغىنىڭ ئارقىسىدا يوغان قىزىل پۆپۈك، ئۇچىسىدا قەلەي تەڭگىچلەردىن قۇرۇلغان ساۋۇت، بېلىدە يىرتقۇچ هايۋان بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ، ئالتۇن بىلەن هەل بېرىلگەن كەمەر، مەيدىسى ۋە دۈمبىسىدە مىستىن ياسالغان يۈرەك دالدىغاچ، پۇتىغا كۆسەي ئۆتۈك كىيىۋالغان قىياپەتتە، قولىغا ئالتۇن يالىتىلغان شەمشىرىنى تۇتقان پېتى مەيدانغا سەكرەپ چىقىپتۇ ۋە جىددىي قىلىپ: «مەرتنى مەيداندا سىنا دەپتىكەن، قېنى كەلمەمسەن، ئېلىشىپ باقمايمىزمۇ»

دەپ جار ساپتۇ. خىتاي باقاۋۇلنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ باتۇرلىقى نامايەن بولۇپ، نوچىلارغا قول قويىدىغان، باتۇرلۇققا زوقمەن بىر قوماندان ئىكەنلىكى  ئاشكارا بوپتۇ.
ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ «مەرتلىك»نى كۆرگەن كۇرشادمۇ دەرھال پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، قىلىچىنى دەستىسىدىن چىڭ سىقىپ تۇتۇپ، باقاۋۇلنىڭ ئالدىغا مەردانە قەدەم تاشلاپتۇ. باقاۋۇلمۇ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ كۇرشادقا ئېتىلىپتۇ.

ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇخاس!

بۇ ئىككىسى قاتتىق ئېلىشىپتۇ. گاھ بىرىگە بىرى خۇددى سۇمۇرغدەك چەرخ ئۇرسا، گاھ بىرىنى بىرى بۈركۈتتەك غۇيۇلداپ سوقۇپتۇ. بىرى ھەملە قىلىپ تىغىنى خىرىس ئەيلەپ چەنلەپ ئۇرسا، بىرى تىغىنى قالقان قىلىپ، پەم بىلەن بېشىنى قاچۇرۇپتۇ. بىرى غۇلاچ كېرىپ شىددەت بىلەن قىلىچىنى ئۇرۇپ ئالدىغا ئېتىلسا، يەنە بىرىمۇ ھېچ قورقماي شۇڭغۇپ ھۇجۇم قىپتۇ. بۇ ئىككى پالۋان شۇ تەرىقىدە 30 نەچچە مەرتەم ئېلىشىپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. ئەمما، كۇرشادنىڭ ئېلىشقانسېرى ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپتۇ. باقاۋۇل بولسا بارا – بارا مۇداپىئە ھالىتىگە چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئەتراپتىكى لەشكەرلەر باقاۋۇلنىڭ يېڭەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھەممىسى گۈررىدە كېلىپ باقاۋۇلغا بولۇشماقچى بوپتۇ، كۇرشادنىڭ ئۈچ ئالپىمۇ شىددەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئەمما، باقاۋۇل ئەسەبىيلىك بىلەن لەشكەرلىرىگە قول ئىشارىتى قىپتۇ. لەشكەرلەر يەنە گۈررىدە ئارقىغا داجىپتۇ. يەنە بىر مەيدان يەكمۇيەك ئېلىشىش باشلىنىپتۇ. بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن، پاراسەت - پەم بابىدا ھەممىدىن ئەلا كۇرشاد چاندۇرغاندەك قىلىپ، بىر ھىيلە ئىشلىتىپتىكەن، باقاۋۇل ئەمدى ئېپى كەلدى دېگەندەك قىلىپ، شەمشىرىنى بار كۈچى بىلەن كۇرشادنىڭ كۆكسىگە سانجىماقچى بوپتۇ، ئەمما دەل مۇشۇ پەيتتە كۇرشاد شارتلا قىلىپ تولغىنىپتىكەن، باقاۋۇل شەمشىرى بىلەن بىللە كۇرشادنىڭ قوينىغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا كۇرشاد ئەپچىللىك بىلەن قىلىچىنى «شارت» قىلىپ ئۇنىڭ بوينىغا سۈرتۈپتۇ. بوغۇزى كېسىلگەن باقاۋۇل بىر خىقىراپ يەرگە دۈم چۈشۈپتۇ. كۈتۈلمىگەن بۇ مەغلۇبىيەتنى كۆرگەن لەشكەرلەر نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭ قېتىپلا قاپتۇ. شۇ چاغدا ئارىدىن بىرسى «چېپىڭلار!» دەپ جان – جەھلى بىلەن ۋارقىراپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان يۈزلىگەن لەشكەر دەرھال ئەس - ھۇشىنى تېپىپتۇ- دە، ئاچ قالغان يىرتقۇچ ھايۋاندەك يارىلانغان تۆت باھادىر يىگىتنىڭ ئۈستىگە بىراقلا ئېتىلىپتۇ. ئۇلار بۇ يىرتقۇچلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ ئاخىرقى تىنىقى قالغۇچە قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، كۇرشاد لەشكەرلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئوڭ قولىدىن ئايرىلغان، سول قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. ئۇ ئەتراپىدا ھۆرپىيىپ تۇرغان لەشكەرلەرگە مۇتلەق ئېتىبار بەرمەي، يارىلانغان بۆرىدەك قەھر – غەزەپلىك ھۆركىرەپ، لەشكەرلەرنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىم سېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قىلچە يېقىن يولاتماپتۇ. ئاخىرى قاتتىق قانسىرىغانلىقتىن، ئۆرە تۇرۇشقا ھېچ ماجالى قالماپتۇ. ئۇ قىلىچىنىڭ ئۇچىنى قارا تۇپراققا سانجىپ تۇرۇپ، دەستىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئاندىن ئەتراپىدا ياتقان ئۈچ سەپدىشىنىڭ قان ئىچىدىكى جەستىگە سىنچىلاپ قاراپتۇ. بۇ ئۈچ باھادىرنىڭ قان يۇقى يۈزى، تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرىدا يەرگە ۋاقتىسىز تۆكۈلگەن قىپقىزىل

يوپۇرماقتەك يالتراپ تۇرغانىكەن. كۇرشادنىڭ قىلىچ دەستىسىگە يەملىشىپ كەتكەن، قىپقىزىل قانغا بويالغان تېنىمۇ قاراڭغۇلۇقتا، زۇلمەتتە قالغان خەلققە يېقىلغان مەشئەلدەك لاۋۇلداپ يانماقتا ئىكەن. سەۋر - تاقىتى قالمىغان لەشكەرلەر بۇ لاۋۇلداپ تۇرغان مەشئەلنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، تەرەپ - تەرەپتىن دۈرۈلدەپ كېلىپ، ئۆز تىغلىرىنىڭ زەھەرلىك ئۇچىنى كۇرشادقا ئارقا - ئارقىدىن سانجىپتۇ.

بۇ ھىجران ئازابىدىن، تەڭرى لەشكىرى قەھرىدىن ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلاپتۇ. ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تاڭ چولپىنى دەريانىڭ چېتىگە تاسقىلىپ مۆكۈنۈپتۇ. ئۈنچە - تەڭگىلەردەك تۆكۈلگەن يامغۇرلار كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 ئالپىنىڭ مۇبارەك تەنلىرىدىن ئاققان قىپقىزىل قانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، دەريانىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇلىرىغا ساقىپ، جۇشقۇنلىرى ئۇپۇققىچە ئۇلىشىپتۇ. دەريا ۋادىسىدىكى چوغلۇق گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىكى قان داغلىرى يۇيۇلۇپ، تۆۋىگە ساقىپ سىڭىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا پۈتۈن تەبىئەت، پۈتۈن ئالەمنى ئاق گۈل، ئاق چېچەك قاپلاپ، پۈتۈن جىلغىلار ئاق لىباستا ياسىنىپتۇ. كۇرشاد ۋە 40 ئالپىنىڭ يەردىكى تىغ ۋە نەيزىلىرى كۈمۈشتەك يالتراپ، شەمشەر، ئايپالتىلىرى پارقىراپ چاقناپتۇ. ئۇقيا ۋە ساداقلارىدىكى كۆك بۆرىلەرنىڭ نەقىشلىرى جانلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكنى ئۆرتەپ تاشلايدىغان، ئادەمنىڭ ئەسەبلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ناللىرى ئەتراپتىكى جىلغىلارنى زىلزىلىگە ساپتۇ. كۇرشاد ۋە 40 ئالپىنىڭ مۇبارەك تەنلىرىدىن ئايرىلغان روھلار 41 ئاققۇ بولۇپ، كۆكتە ئۇقيا شەكلىدە سەپ تۈزۈپ، ئانا ۋەتەنگە قاراپ لەرزان قانات قېقىپتۇ.

ئەلقىسسە، كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 ئالپىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىنى بايان قىلىدىغان بۇ ھېكايە  مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. مېنىڭ گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سېلىڭلار ئالپلىرىم، بىز بۈگۈن ئاشۇ كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 ئالپىدەك باھادىرلىرىمىزدىن ئايرىلىپ، ھىجران ئازابىدا قەلبىمىز ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتۈلمەكتە، يۈرەكلىرىمىز پارە – پارە بولماقتا. بىز تۈرك مىللەتلىرىنىڭ شانلىق ۋە تىراگېدىيەلىك تارىخىدا ھەمدە مۇشۇ تاپتا نۇرغۇن قەھرىمانلار، شاھلار، خانلار ۋە باھادىر ئەزىمەتلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 ئالپىدەك خىتاي پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىشتەك بۇنداق باتۇرلۇق ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان. قاراڭغۇلۇقتا مەھكۇم بولغان خەلققە ئەركىنلىك مەشئىلىنى ياققان بۇ باھادىرلار، گەرچە مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن خىتاي پادىشاھى لى شىمىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئەينى چاغدا شۇنچىلىك قورقۇپ كەتكەنكى، ئەسىرگە ئالغان 100 مىڭدىن ئوشۇق تۈركلەرنى چىنىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرىگە تارقىتىپ، ئۇلارنى ئېرىتىپ تۈگۈتىۋېتىش نىيىتىدىن دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەممىسىنى ئۆز يولىغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەركانلىرى تۈركلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا بالا بولۇشىدىن قاتتىق قورقۇپ، دەرھال ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بىر مىللەت ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، ھۆرلۈك يولىغا قاراپ ماڭغان. كېيىن بۇ مىللەت تەرەققىي قىلىپ، تىرىلىپ تارىختا شانلىق ئىمپېراتورلۇقلارنى قۇرغان. ئەگەر شۇ چاغدا كۇرشاد ۋە ئۇنىڭ 40 باھادىرىنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى بولمىغان بولسا، بەلكى بۈگۈنكى تۈرك مىللىتى بولمىغان بولاتتى.

كۇرشادنىڭ بۇ بۈيۈك قەھرىمانلىق روھى پۈتۈن تۈرك قەۋملىرىنىڭ مىللى روھىدۇر. كۇرشاد بىر پۈتۈن تۈرك تارىخىدىكى لاۋۇلداپ يانغان يالقۇنلارنىڭ، ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ، يانار تاغلارنىڭ

يېنىدا پارلىغان مەڭگۈ ئۆچمەس كۆك قۇبىبدىكى يالتىراق شاھاپ يۇلتۇزى. ئەنە شۇ چاقنىغان يۇلتۇز تارىخنىڭ يولىنى ئۆزگەرتتى. مىللەتنى يوپيورۇق داغدام يولغا باشلاپ، ئەڭ بۈيۈك ھەقىقىي ئەركىنلىكنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر ئەيلىدى. بۇ، ئەركىنلىكنىڭ ئەزەلى ۋە ئەبەدى قەھرىمانلىق، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ تۈرتكىسى ئارقىلىق كېلىدىغانلىقتىن ئىبارەت يەنە بىر ھەقىقەتنى بىزگە يورۇتۇپ بەردى. تارىخ يول، يول تارىختۇر. تارىخىي يوللارغا مىللىتىمىزنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى ساپ قەھرىمانلىق روھى كۆمۈلگەن. بىز ھەر بىر تارىخىي ھېكايىلەرنى ئوقۇغۇنىمىزدا، ئۇنىڭ چىنلىقى ۋە بەدىئىيلىكىدىن ئىستېتىك زوق ئېلىپلا قالماي، يەنە مىللىتىمىزگە ئورتاق بولغان قىممەت قاراشنى خاتىرلەيمىز، غەلىبىلىرىدىن پەخىرلەنسەك، مەغلۇبىيەتلىرىدىن ئۆكۈنىمىز. تراگېدىيەلىك ئازاب ئىچىدە سىلكىنىپ ئويغىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ ھەرقايسى زامان ۋە ماكاندىكى ماڭغان يوللىرىدىن يېڭى يوللارنى ئاچىمىز.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ تەسىرلىك تارىخىي ھېكايىسىنى ۋە ئاخىرىدا قىلغان خىتابلىرىنى زەن سېلىپ ئاڭلىغان 40 يىگىتنىڭ غەزەپ ۋە ئۈمىدكە تولغان كۆزلىرىدە، ئالدىدا يالجىپ يېنىۋاتقان قۇرۇق توغراق شاخلىرىنىڭ ئوت يالقۇنىنىڭ شولىسى ئەكس ئەتتى. قاراسلاپ ئاۋاز چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاندىن چىققان قارا تۈتۈن، توختىماي يىلاندەك تولغىنىپ يۇقىرىغا ئۆرلەيتتى. گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان گۈلخاننى ئاستا تۈرتۈپ قويغان ئەردەمنىڭمۇ قەلبى ئوت ئىچىدە قالغاندەك، ئىچىدىكى بۇ ئوت ئەپتىگە تەپكەندەك يۈزلىرى بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە كۆكتىكى بۇلۇتلارمۇ ئاستا - ئاستا تارقىلىپ، ئاينىڭ جامالىنى يېپىپ تۇرغان داكا رومال ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئاي شۇنچىلىك يۈكسەكتە تۇرۇپمۇ نۇرلىرى بىلەن يوغان كۈمۈش تاۋاقتەك پۈتۈن دالانىڭ ئۈستىنى قاپلىغان ئىدى. بۇ چاغدا  ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، تاڭدىن كەچكىچە جەڭ قىلىپ، يول ئېلىپ چارچىغان يىگىتلەر ئەسنەپ، مۈگدەشكە باشلىدى ۋە ھەممىسى ئولتۇرغان يەرلىرىدىلا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.
مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بولسا ھەربىر جەڭچىگە ئايرىم - ئايرىم كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ تۇرقىغا بىر - بىرلەپ قارىدى، ئۇلار دەردلىرىگە دەرد قوشۇلۇپ، ئۈستىدىكى يۈكى تېخىمۇ ئارتىۋاتقان ھېس - تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تېخى ئۇخلىمىغان ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھنى بىر چەتكە تارتىپ، ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزاق بىر ۋاقىتقىچە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلاشتى. كېيىن ئۇلارمۇ يۇلتۇزلۇق سامانى يوتقان، ئانا تۇپراقنى كۆرپە، ئېرىق قىرلىرىنى مامۇق ياستۇق قىلىپ قاتتىق ئۇيقۇغا چۆكتى. سەل يىراقتا قاراۋۇللۇقتا  تۇرغان ئىككى يىگىتنىڭ تاماكىسىنىڭ ئوتى تاڭ يورۇغىچە ھېچ ئۆچمىدى.

تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ، يېڭى بىر كۈن يەنە باشلاندى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە ھەرىكەت قىلىپ، جانلانغان ئىدى. تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۈستىگە چۈشكەن شەپەق نۇرى بىلەن تەڭلا ئىسپاتلاپ بولغان ئىدى. شەپەقنىڭ قىزىل نۇرلىرىدا كەھرىۋادەك قىزىرىپ تۇرغان يېزىنىڭ پاكار - پاكار ئۆگزىلىرى، ئۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ قېنىق رەڭلىك سامانلىقلىرىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى ئارىسىدىن تاڭ نۇرى سىزىلىپ چۈشۈش بىلەن تەڭ، دېھقان ئاكا كالىسىغا يەم بېرىشكە ئالدىراۋاتاتتى. بىراق، كالا يوغان بېشىنى بىر تەرەپكە بۇراپ، نېمىگىدۇر دەردلىك ھالدا مۆرەشكە باشلىدى. ئۈۋىسىدىن ئېتىلىپ چىققان بىتاقەت تورغايلار

ئاشىقنىڭ دىدارى بىلەن قۇچاقلىشىش ئۈچۈن، ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ قانات قاقتى. كەلكىلەر تاشلارنى ئارىلاپ مېكىيىننى چاقىرىپ چۆرگىلەيتتى. ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھمۇ تاڭ يورۇش بىلەن تەڭلا، ئىلچى تەرەپكە قاراپ ئات سالغان ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئاخشام بەرگەن ئەمرى بىلەن، ئىلاخۇن تېۋىپ ۋە ئۇنىڭ قىزى پەرۋىننى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. ئەگەر تۇڭگانلارغا قارشى بىر ئەسكىرىي بازا قۇرۇلۇپ، ئۇرۇش داۋاملىشىدىغان بولسا، ئىلاخۇن تېۋىپتەك ئۇستا بىر ئەمچى ئەلۋەتتە كېرەك ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۇلارنىڭ ئامانلىقىدىن  ئەنسىرەپ قالغانىدى. چۈنكى تۇڭگانلارنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقى، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىكنىڭ كېلىدىغانلىقى بۆشۈكتىكى بوۋاقتىن تارتىپ ھەممە بىلىپ كەتكەن بىر ھەقىقەت ئىدى. شۇ كۈنلەردە تۇڭگان ئەسكەرلىرى بارلىق نەرسىلەرگە ئاچكۆزلۈك بىلەن چاڭ سېلىپ، پۇلغا يارىغۇدەكلا نەرسە بولسا، ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنىڭ تاماسىدا ئىدى. ئەگەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن قىزى پەرۋىننى يېنىغا ساق - سالامەت ئەكىلەلىسىلا، بۇ قېتىم ئەردەمنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشنىمۇ كۆڭلىدىن ساقىت قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن، پەرۋىن بىلەن ئەردەمنىڭ بېشىنى رەسىم - يوسۇن بويىچە قوشۇپ قويۇش توغرىسىدا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىلاخۇن تېۋىپقا ئېغىز ئاچقان ئىدى. ئىلاخۇن تېۋىپمۇ بۇ خەيرلىك ئىشقا خوشنۇتلۇق بىلەن ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. لېكىن ئىشلار ئۇلار ئويلىغاندەك بولماي، بىردىنلا ھەممە ئىش تەتۈرىسىگە مېڭىپ، ئارقا – ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن باشقا كەلمىگەن ئىش ئاساسەن قالمىدى. مانا ئەمدى ۋاقتى - سائىتى كەلدى بولغاي، ئەردەم ئۆز يارىنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىزمۇ - ئىز ئەبەيدۇللاھ چاپماقتا ئىدى. يول بويى ئۇچرىغانلا تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئەردەمنى ھاياجانغا سالغان ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەمدى تەبىئەتنىڭ تىنىقى ئىسسىدى، ئۇزۇن يول يۈرگەن ئاتلار تەرگە چۆمۈلۈپ، قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، لۆمۈلدەپ كېتىۋاتاتتى. ئەردەممۇ قالغان يولنى ئات ئۈستىدە پەرۋىننى خىيال قىلىش بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى. پەرۋىننىڭ نازۇك، نەپىس يۈزىنى تەكشى ئوراپ مۈرىلىرىگە دولقۇنلىنىپ چېچىلغان چاچلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. بىر - بىرىنى ئاجايىپ تەرزدە تولدۇرۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ كۆكۈش كۆزى بىلەن چېچىنىڭ قارىلىقى ۋە چېھرىگە ئاجايىپ جەزىبە، لاتاپەت بېغىشلىغان مېھرىلىك جامالى ئەردەمنىڭ كۆز ئالدىدىن سۈرەتتەك ئۆتتى. ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، شېرىن ئويلارنىڭ جىمجىت دېڭىزىغا باشتىن - ئاياغ شۇڭغۇپ كەتتى:

«ھىجران دەيدىغان بىر نەرسە يوق، بۇ بىزنىڭ يالغان ئويلىرىمىز. سۆيمەك بار، ياخشى كۆرمەك بار، سېغىنماق بار، ۋىسال ئۈچۈن سەۋر بىلەن ساقلىماق بار. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە نەدىدۇرسەن؟ نېمە قىلىۋاتقانسەن؟ بەلكى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، چاچلىرىڭنى تارىغاچ مېنى ئويلاۋاتقانسەن؟ ئاشۇ گۈزەل يۈزۈڭدە تەبەسسۇم، كۆكۈش كۆزلىرىڭدە مېنىڭ ئەكسىم كۆرۈنۈۋاتقاندۇ ھەقاچان؟ سېنىڭ گۈزەل بىر كۈلۈشىڭ قاراڭغۇ ئۆيگە تۈڭلۈكتىن چۈشكەن قۇياش نۇرىغا ئوخشاش، مېنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان كۆڭلۈمنى ۋاللىدە يورۇتاتتى. مۇتلەقكى، بىز ھېچبىر زامان ئايرىلمىدۇق، مەن سېنى دائىم قەلبىمدە ساقلىدىم، مەيلى جەڭدە، مەيلى يولدا ۋە ياكى ئۇيقۇدا دائىم سېنىڭ بىلەن بىرگە بولدۇم. سېنىڭ

بىلەن بىرگە يول يۈردۈم، يول ئالغانسېرى سېنىڭ بىلەن بەختكە ئېرىشتىم. مەن ساڭا ئېيتاي! نى - نى بەختلىك كۈنلىرىمىز ئالدىمىزدا تېخى، مانا مەن سېنىڭ ئالدىڭغا قاراپ كېلىۋاتىمەن، ئىلاخۇن دادام بىلەن سېنى ئېلىپ كەتمەكچىمەن. بىز ئۇزۇن بىر يولچىلىققا چىقىمىز، بۇ يولچىلىقتا سېنىڭ بىلەن ئۇزۇن بىر ئۆمۈرنى بىرگە ئۆتكۈزىمىز. جاپا ۋە ھالاۋەتتە بىرگە بولىمىز، ئايدىڭ كېچىلەرنى بىر ياستۇققا باش قويۇپ ئۆتكۈزىمىز. بىز ئەمدى ئۆمۈر بويى ئايرىلمايمىز، ھىجران دېگەن بۇ سۆز بىز ئۈچۈن يات، بىزنىڭ ئارىمىزغا بۇ سۆز ئەمدى ھەرگىز قىسىلىپ كىرەلمەيدۇ. شۇنداق ئۇزۇن تۇيۇلغان ئاشۇ ھىجران يوللىرىدا، سېنىڭ مۇھەببىتىڭدىن باشقا ھەممە نەرسە مېنىڭ دىلىمنى سەدپارە ئەيلەپ، يۈرىكىمنى شىكەستىلىگەن ئىدى. مەن بۇ ياخشىلىق ھاياتىمدا سېنىڭدىنلا تەسەللى تاپتىم. بىز ئاشۇ مەۋج ئۇرغان دەريا بويىدىن ئايرىلغان كۈندىن بېرى، ئارانلا ئۈچ قېتىم ئۇچراشتۇق، دەرۋەقە، بۇ ئۈچ قېتىملىق ئۇچرىشىش شۇنچىلىك قىسقا، يەنە كېلىپ شەخسىي ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قىلىۋاتقان ئەركىنلىك كۈرەشلىرىمىز يولىدىكى ۋەزىپىلەر ئۈچۈن بولغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا كۆرۈشتۇق. قىسقا دەقىقىلەر ئىچىدە كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى، كۆڭۈللىرىمىز تۇتاشتى، يۈرەكلىرىمىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن سوقتى، مانا شۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئالەمچە بەخت ئەكەلگەن ئىدى. سەنمۇ شۇ چاغلاردا كۆپ جەبىر - جاپا چەكتىڭ، كېچە - كۈندۈز يارىدارلار ئۈچۈن دورا - مەلھەم تەييارلىدىڭ، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، ئاغرىق - ئازابىغا ئورتاق بولدۇڭ. ياشىنىپ قالغان داداڭنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ئىشلىرىنىڭ ئاقساپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولۇڭدىن كەلگەننى قىلدىڭ. كەچ يېتىپ، سەھەر تۇردۇڭ، ئاز يەپ ئاز ئىچتىڭ. مەن سېنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تۇرارىمىزدا كۆرگەن چېغىمدا، سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن تەييارلىغان دورىلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپلا، يەنە ھەمشىرىلەرگە ياردەم قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ماڭا ھېچ ۋاقىت ئايرىيالمايلا كېتىپ قالغان ئىدىڭ. ئەنە شۇ چاغدا، سەن مېنىڭ كۆزۈمگە بەئەينى يېنىۋاتقان نۇرلۇق چىراقتەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭ، مېنىڭ قاراڭغۇ دۇنيايىمنى ئايدىڭلاتقان، ئۈمىد يوللىرىمنى يورۇتقان ئىدىڭ. شاھ مەنسۇر، ئەمىر ساھىب ۋە ئەرەن، ھامۇتكاملارنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن كېيىن، يارىلانغان يۈرىكىمگە مەلھەم بولغان ئىدىڭ. مەن سېنىڭ ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈردۈم، ئەمما سەن مېنى كۆرمىدىڭ. بەلكى كۆرگەن بولساڭمۇ كۆرمەسكە سالدىڭ. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلاندىم، ئەمما سېنىڭ شۇ تۇرقۇڭنى كۆرۈپ ئىچىم ۋاللىدە يورىدى، كۆڭلۈم يايرىدى، سېنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن تەڭرى تەئەلاغا مىڭ شۈكۈر ئېيتتىم. بەلكى سەن شۇ چاغدا، مەن بىلەن شېرىن ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتىن كۆرە، ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى بىجا كەلتۈرۈشنى ئۈستۈن كۆرگەن بولغىيتتىڭ. شۇندىن مۇقەددەم مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى، يىگىتلىك ئېتىم ئىشق باياۋانىغا قاراپ چاپتى. يېنىڭغا بېرىپ ئاۋازىڭنى ئاڭلىغۇم كەلدى، شېرىن تىنىقلىرىڭنى ئىچىم توشقىچە سۈمۈرگۈم كەلدى. لېكىن نە چارە، مەندە ئۇنچىلىك جاسارەت نەدە؟ ئاخىرى، مەن چوغدەك يېنىپ تۇرغان چىراقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھارغان پەرۋانىدەك چارچىدىم. ئەمما شۇ چاغدا مەن سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيۈپ كۈل بولۇشقا، قاناتلىرىمنىڭ سۇنۇپ تۈزىشىغا رازى ئىدىم. ھە! راس، ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى، سېنىڭ يېنىڭغا كېلىپلا، قاناتلىرى سۇنغان قۇشتەك پۇت - قولۇمنىڭ ھېچ ماجالى قالمىدى، تىللىرىم كالۋالاشتى. ئەمما، ئىچىم ئاتاشتەك يانغىنىغا تولغان ئىدى، بىز كۆرۈشتۇق، سالاملاشتۇق ۋە ئازراق بولسىمۇ پاراڭلاشتۇق.

مەن تېخى بىردىنلا جاسارەتلىنىپ، ھەزرىتىمنىڭ داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشى توغرىسىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنىمۇ ئىما قىلغانىدىم. سەن مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى دەرھال ئىدراك قىلىپ، ياڭاقلىرىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەنىدى، كۆكۈش كۆزلىرىڭنىڭ ئىچى بولسا، خۇددى دېڭىزغا چۈشكەن قۇياشنىڭ مىڭلىغان نۇرلىرىنىڭ سۇنۇشىدىن ھاسىل بولغان نۇر ئۇنچىلىرىدەك، ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ كەتكەن ئىدى. كۆكسۈڭ دەھشەتلىك دەريا دولقۇنلىرىدەك بىر چۈشۈپ بىر كۆتۈرۈلۈپ، ئىتتىك سوقۇۋاتقان يۈرىكىڭگە تەڭكەش قىلاتتى. مەن سېنىڭدىكى بۇ ھاياجاندىن ئۆزۈمنى ئالەمچە بەختىيار ھېس قىلغان ئىدىم. مانا ھازىر سېنى ئېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، ساڭا تەلمۈرۈپ چېپىۋاتىمەن».

ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ ھازىر ئىلچىغا تۇتىشىدىغان دەريا ياقىسىدىكى يول بىلەن، ئەتراپنى تەكشى كۈزىتىپ، ئېھتىيات بىلەن كېتىپ باراتتى. بۇ يولچىلىقتا دەريا ئۇلارغا باشتىن - ئاياغ ھەمرا بولۇپ، سول تەرىپىدە تەكشى ئېقىۋاتاتتى. قۇياشنىڭ نۇرىدا جىلۋىلەنگەن سۇ يۈزى خۇددى مىڭلىغان ئالماس دانچىلىرىنى چېچىۋەتكەندەك يالتىرايتتى. دەريا لېۋىدىن ئەسكەن سەلكىن ئاتلارنىڭ تېنىغا ئارام بەخش بېرىپ، نەپەسلىرىنىڭ يەڭگىللەپ قېلىشىغا يول ئاچقان بولغاچقا، ئاتلار ئەمدى قەدەملىرىنى يەڭگىل - يەڭگىل ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. يول بويى ئۆي - ماكانسىز قالغان كىشىلەرنىڭ نىشانسىز تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھنىڭ ئىچلىرى ئېچىشماقتا ئىدى. يىراقلاردىن كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان، كۆيۈپ خانى ۋەيران بولۇپ، كۈلى كۆككە سورۇلغان ئۆيلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغانىدى. ئاباي، ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ دەريا ياقىسىدا كىيىملىرى جۇل - جۇل بىرقانچە ئوغۇل بالىنىڭ لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇلار ۋەزىيەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۇلارنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئالدىراش يولىغا راۋان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىسى ئەنە شۇنداق يول يۈرۈپ، چىڭقى چۈش پەسلى ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ دۆڭلۈكتىكى ئۆيىنى يىراقتىن كۆردى. ئۇلار قويۇق ئۆسكەن چىغىرتماقلار ئارىسىدىن ئېچىلغان چىغىر يول بىلەن يۇقىرىغا قاراپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئوچۇقچىلىق ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەيناغا يېتىپ كەلدى. ئەتراپنى سۈكۈنات باسقان بولۇپ، يەردە ئات تۇياقلىرىنىڭ قالايمىقان ئىزلىرى ۋە تېخى قاتمىغان ئات تىزەكلىرى چېچىلىپ تۇراتتى. ئەردەمنىڭ ئېتى بولسا پۇشقۇرۇپ، بىر شەپىنى تۇيغاندەك قىلىپ ئۈركۈپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ جىم تۇرمايۋاتاتتى. ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ ئالىمادىس بىرەر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئالدىراشلىق بىلەن پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىدىن ئېلىپ يەرگە چۈشتى. ئۇلار تىزگىننى ئىشىك ئالدىغا يېڭىلا سېلىنغان كەپىنىڭ لىمىغا چالا - پۇلىلا باغلىدى، ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ باسقان ئاۋاز بىلەن ئەبەيدۇللاھ «ئىلاخۇنكا! ئىلاخۇنكا! بامۇ سىلەر؟» دەپ ۋارقىرىسا، ئەردەم «پەرۋىن! پەرۋىن!» دەپ ۋارقىراپ، ئىشىكلىرى ھاڭقىرقاي ئوچۇق تۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا يۈگۈرگەن پېتى كېلىشتى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ھەممىسى ئوچۇق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرىدىكى ئاشخانىغا يۈگرەپ كىرگەندە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقان ئىلاخۇن تېۋىپنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە دۈم ياتقان پەرۋىننى كۆردى. پەرۋىننىڭ كۆك رەڭلىك ئەتلەس كۆينىكىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاچقان يارىسى، ئەردەمنىڭ يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىتىۋەتتى. كۈتۈلمىگەن پاجىئەدىن ئەردەمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، تېگى يوق

قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆزلىرى بىردىنلا تورلاشتى. ئۇ، «پەرۋىن! پەرۋىن!» دەپ چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن يۈگۈرگەن پېتى كېلىپ، پەرۋىننىڭ جانسىز بەدىنىنى ئۆرۈدى، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، تولۇپ باسقان، تاتارغان يۈزلىرىنى سىلاپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغىچە ئەبەيدۇللاھ «ئىلاخۇنكا! ئىلاخۇنكا!» دەپ يىغلاپ ۋارقىراپ، ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ دوپپىسىز باشلىرىنى سىلىدى. ئاندىن ئاستاغىنە بويىنىنى تۇتتى. ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ بەدىنى بۇ چاغدا ئاللىقاچان مۇزلىغان ئىدى. ئۆينىڭ ھەممە تەرىپى ئۇۋۇتەي - توۋۇتەي قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئىشكاپقا قاتار تىزىلغان قۇتۇلۇق دورىلارنىڭ ھەممىسى يوق تۇراتتى. كىتابلارنىڭمۇ ھەممىسى دېگۈدەك بۇلاپ كېتىلگەندەك قىلاتتى. قۇتىلاردىن تۆكۈلگەن ئاللىقانداق دورىلارنىڭ ئۇۋاقلىرى ۋە يىرتىلغان بەزى كىتابلارنىڭ ۋاراقلىرى يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ يۇمۇلغان ئوڭ قولىدا قايسى بىر كىتاب ۋارىقىنىڭ پارچىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تېبابىتى ئۈچۈن ئاتىغان بۇ تېۋىپنىڭ مۇبارەك كۆكسىگە ئوق تەگكەن، ئارقىدىن يەنە ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق دادىسىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇچاقلىغان پەرۋىننىڭ دۈمبىسىگە كېلىپ تەگكەن ئىدى. دېمەك، ۋاقتى كەلسە خۇداغا چالما ئېتىشتىنمۇ يانمايدىغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى بۇ دۆڭلۇكتىكى تەنھا ماكانغا باستۇرۇپ كىرىپ، پۇلغا يارىغىدەكلا نەرسە بولسا ھەممىسنى بۇلاپ - تالاپ چاڭ سالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىپلاس قوللىرى كىتابلارغا ئۇزانغاندا ئىلاخۇن تېۋىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن، ئەمما، ئاچ نەپسى ئۈچۈن ئادەمنى بىر چۈمۈلىنى ئۆلتۈرگەندەكلا پەرۋاسىز ئۆلتۈرىدىغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى، ئىلاخۇن تېۋىپكە قارىتىپ ئوق چىقارغان ۋە ئارقىدىن پەرۋىننىڭ ياش جېنىغىمۇ زامىن بولغان ئىدى. مانا ھازىر گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك خوتەن قىزلىرىنىڭ بەرنالىرىدىن بولغان پەرۋىننىڭ جانسىز، مۇزلىغان تېنى يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەردەم ئەينى چاغدا ئۆزىنىڭ ئەكسىنى ئاشۇ كۆكۈش گۆزلەرنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى، مانا ئەمدى بۇ كۆزلەر ئەبەدىلئەبەد يۇمۇلغان. دائىم تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدىغان سىلىق يۈزى ئاق ئالمىدەك ئاقىرىپ، زىناقلىرىغا چاڭ قونغان ئىدى. قىزىلگۈل بەرگىلىرىنى ئەسلىتىدىغان لەۋلىرى تاتارغان بولۇپ، بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن ئۇنچىدەك چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەردەم ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ كۆكسىدىن سوغۇق پەرياد ئېتىلىپ چىقىپ، ئاھ - زارى ئۆينىڭ تورۇسلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغاندەك تىترىتەتتى. ئۇنىڭ يەتمىش ئىككى تومۇرى بىراقلا كۆپۈپ كەتكەندەك بولۇپ، بويۇن تومۇرلىرى چىڭقىلىپ تىۋىلغا تاللىرىدەك بولۇپ كەتتى. سەلدەك ئاققان ياشلىرى پەرۋىننىڭ مۇزلىغان يۈزلىرىگە يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. ئەردەم قىزنىڭ يۈزىنى يەڭگىل سىلاپ ۋارقىرايتتى، ئاھ ئۇراتتى: «پەرۋىن! پەرۋىن! كۆزۈڭنى ئاچ! مەن سىلەرنى ئالغىلى كەلدىم، ئەھدىمىزنىڭ گۈللىرىنى ئۈزگىلى كەلدىم، كۆزۈڭنى ئاچ، ماڭا بىر باق! ۋەدىمىزگە ۋاپا قىل! قاراڭغۇ تۈنلەرنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈپ، تاڭ شەپقىنى بىرگە كۈتۈۋالىدىغان بولغانىدۇققۇ، بىرلىكتە يىغلاپ بىرلىكتە كۈلمەكچىتۇققۇ، بىرلىكتە بەختلىك بولۇپ، بىرلىكتە دەرتلەرنى تارتىپ، بىرلىكتە قېرىماقچى بولغان ئىدۇققۇ. كۆزۈڭنى ئاچ، ئەي جانان، مېنى بۇ دۇنياغا يالغۇز تاشلاپ كەتمە، كۆز ياشلىرىمنى سۈرت، قېنى نەپەس ئال، ئاخىرقى نەپسىمىزنى بىرلىكتە بېرەيلى. پەقەت بىر نەپەس ئال، بىر نەپەس!»... ئۇ قۇچىقىدىكى پەرۋىننى باغرىغا چىڭڭىدە بېسىپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى ۋە يەنە: «ئەي پەلەكنىڭ رەھىمسىز چاقى، سەن

بىزنىلا ئېزەمسەن؟ دۇنيادىكى بارلىق سۆيگەنلىرىمنى مەندىن بىر - بىرلەپ ئالدىڭ، بارلىق زۇلۇمنى بىزنىڭ بېشىمىزغا ئەكىلىپ سالدىڭ. بۇ تۇڭگانلار ئادەم ئەمەس، ۋەھشىي ھايۋان خەقكەن، ۋەھشىي! ئىھ! ئاللاھ، نېمە كۈن بۇ؟»

ئەردەم بۇ دەرد - ئەلەمگە، بۇ ھىجرانغا چىدىماي، داد دەۋېتىشكە تاسلا قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان نىدالىرى ھەرقانداق باغرى تاش ئادەمنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىپ، تىتىۋېتەتتى. يۈرەك باغرى پارە - پارە بولغان دوستىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ تۇرغان ئەبەيدۇللاھ، دوستىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى ۋە ئۆزىنىڭمۇ قانداق تەسەللى تېپىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. يۇمران مەڭزىگە سىيرىلىپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ نادامەتلىك كۈنلەرگە سەۋەب بولغان تۇڭگانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئاخىرى ئۇ بىر قارارغا كەلگەندەك، تاغدەك غەزىپى ۋە ئىچىنى ئۆرتىگەن ئىنتىقام تۇيغۇسى بىلەن: «ئاداش! ئەردەم! يىغلىغىڭ كەلسە يىغلىۋال، كۆز ياشلىرىمىز بىز ئاڭلىتالمىغان، دېيەلمىگەن ھەسرەتلىرىمىزنى، دەرت - ئەلەملىرىمىزنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن تۆكۈلىدۇ، شۇڭا بۇ ياشلار يۈرەك قانلىرىمىزدىن سۈزۈلۈپ چىققان» دېدى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ مەسۇم كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلىرىنى ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتتى . ئەردەم بولسا بار ئاۋازى بىلەن ھۆكۈرەپ يىغلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ يىغىسى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا مۇشۇنداق ئاھ ئۇرۇپ، بار كۈچى بىلەن توختىماي يىغلىسا، ئىچىدىكى بارلىق دەرد-ئەلەملىرى بىراقلا كۆز يېشى بىلەن تەڭ يەر يۈزىگە تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ۋە قۇچىقىدا جانسىز ياتقان پەرۋىنىگە بىردىنلا جان كىرىپ، بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن ئازراق ۋاقىت ئۆتە ئۆتمەيلا ئەبەيدۇللا ھوشۇنى تاپقاندەك بولدى ۋە ئۆزىنى رۇسلاپ تۇرۇپ
: «ئەمدى يىغلاپ ئولتۇرمايلى، مېيىتلەرنى دەرھال يەرلىككە قويۇۋېتىپ، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئىنتىقام ئالىدىغان ئىشنى قىلايلى. ئەمدى بۇ يولدا يا ئۇلار ئۆلىدۇ، يا بىز ئۆلىمىز، بۇ يولدا جېنىمىز تەسەددۇق!» دەپ ۋارقىردى.

ئەردەمنىڭ كاللىسى قۇپقۇرۇق ئىدى، ئىچىدە نە بىر ئەقىل، نە بىر پىكىر يوق ئىدى. ئەمما، تۇيۇقسىز ئەبەيدۇللاھنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «ئىنتىقام» دېگەن سۆز، ئەردەمنىڭ قۇلاق تۈۋىدە گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىدى. يۈرىكىدە يۈزمىڭ پىچاق سانچىلىپ تۇرغاندەك دەرد - ئەلىمى بولسىمۇ، ئۇ ئەمدى: «توغرا، ھازىر يىغلاپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، ئىنتىقام ئالىدىغان پەيت!» دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ بارلىق قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئەمدى ئىنتىقام ئوتى قاپلىغان ئىدى. قۇپقۇرۇق كاللىسىنىڭ ئىچىگە «ئىنتىقام» دېگەن بۇ سۆز كىرىپ يەرلەشكەنىدى. تەن ۋە روھىنى چۇلغىغان بۇ ئىنتىقام تۇيغۇسى، ئۇنىڭ بەدىنىگە قايتىدىن جان كىرگۈزدى. ھايال ئۆتمەي ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باغچىدىكى بۈكباراقسان بولۇپ كەتكەن ۋە غورىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن شاخ - شاخلىرى ئېگىلىپ تۇرغان جىگدە دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىغا، يانمۇ - يان قىلىپ ئىككى يەرلىك قازدى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنىڭ يار بېرىشىچە شېھىت ئاتا - قىز ئىككىسىنىڭ مېيىتىنى ئىسلامىي يوسۇن بويىچە دەپنە قىلدى. ئۇلار گۆپۈلدەپ تۇپراق پۇراپ تۇرىدىغان ئىككى قەبرىگە قاراپ ياسىن ئوقۇپ، روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ئاندىن ئەردەم سول قولى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى بىر نەچچە قېتىم سىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئەتراپقا سىنچىلاپ بىر قارىۋېتىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ ئادەمنىڭ دىمىقىغا گۆپۈلدەپ

پۇراقلىرى ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ئەتراپتىكى چوغلۇق، ياسىمىن، مامكاپ گۈللىرىنى ئۈزۈپ ئەكېلىپ، قەبرىنىڭ ئۈستىنى ياپتى. شۇ تاپتا مۇشۇ ستەمكار ماكان ۋە زامانغا بولغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى ھەسسىلەپ ئاشقان ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھايات پۈتۈنلەي ئاخىرلاشقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. لېكىن قەلبىدىكى ئىنتىقام تۇيغۇسى ئۇنىڭغا بۇ ھاياتنىڭ ئەمدى باشلانغانلىقىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ پۈتۈن ھېسلىرىنى، سۆيگۈسىنى، مۇھەببىتىنى پەرۋىن بىلەن بىرگە مۇشۇ قارا تۇپراققا كۆمۈۋەتتى. ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەت ۋە پەقەت بىرلا نەرسە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، بۇ ھاياتقا بولغان نەپرىتى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇ ئاچچىق دەرت - ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، دەريا تەرەپتىن ئەسكەن شامالدا شاخ ۋە ياپراقلىرى شىلدىرلاپ ئاۋاز چىقىرىپ، ئۈستىگە سايە تاشلاپ تۇرغان جىگدە دەرىخىگە قارىدى. شاخ – يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن سىزغان قۇياش نۇرلىرىدا شاخلىرىدا قاتار - قاتار تىزىلغان غۇرىلىرى يالتىراپ تۇرغان جىگدە دەرىخى، ئۇنىڭ كۆزىگە بەئەينى ئاللاھنىڭ 99 مۇبارەك ئىسمىنى ئاتاپ، يېشىل ئۇرۇقلۇق تەسۋىسىنى سىيرىپ دۇرۇد ئوقۇۋاتقان شەيختەك بەھەيۋەت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ ئاللاھقا مۇناجات قىلدى، دۈشمەنلىرىنى قاغىدى ۋە ئاخىرىدا ئانت ئىچتى: «ئەي ئاللاھىم! ئۆزۈڭنىڭ چەكسىز كامالى قۇدرىتىڭنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزۈڭ ياراتقان بۇ ئالەمدىكى ناھەقچىلىكنى تەڭشىگىن! ئاجىز بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، ياخشى ئادەملەرنىڭ بېشىنى سىلىغىن، يامان ئادەملەرنىڭ، تاجاۋۇزچى زالىملارنىڭ جاجىسىنى بەرگىن. بىزگە كۈچ - قۇۋۋەت، ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلغىن، ئۆز ئىنتىقامىمىزنى ئېلىشقا ئاسايىشچىلىق يارىتىپ، بۇ يولدىكى مۈشكۈلۈمىزنى ئاسان قىلغىن! بۇ ئانا تۇپراق دۈشمەننىڭ ناپاك ئاياقلىرى ئاستىدا بۇلغىنىپ، شۇ گۇناھكار زالىملارنى كۆتۈرگىدەك ماجالى قالمىدى. ئەي مېھرىبان پەرۋەردىگارىم! سەن ھەممىگە قادىرسەن، ھەممىنى بىلگۈچسەن، سەن يەر يۈزىدە جەننەت يارىتىمەن دەپ كۇپۇرلۇق قىلغان شەددادنى، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان پىرئەۋننى، دۇنيا مېلى بىلەن دۇنيانى سېتىۋالماقچى بولغان قارۇننى، مەككە مۇكەررەمەگە پىللىرى بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ كەئبىنى ئۆرۈمەكچى بولغان ئەبرەھەنى قانداق كۇمپەيكۇم قىلغان بولساڭ، بىزنىڭ يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەن نىجىس تۇڭگانلارنىمۇ شۇنداق كۇمپەيكۇم قىلغىن، بىزگىمۇ ئۆز ياردىمىڭنى ئايىماي ئانا يۇرتنى قوغدىشىمىزغا مەدەت بەرگىن! ئۆز تېگى پۈشتىنى بىلمەيدىغان تۇڭگانلارنىڭ جېنى جەھەننەمدە يانسۇن! مەن ئەمدى ئۆزۈمگە ھەرگىز ھۇزۇر ئىستىمەيمەن، ھاياتىم پۈتۈنلەي ئۆچ ئېلىش بىلەن ئۆتىدۇ!»

گەرچە ئاتا - قىز ئىككىسىنى يەرنىڭ ئاستىغا كۆمگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەردەمنىڭ قەلبىگە گۆمۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئەردەمنىڭ يۈرىكىدە ئىدى. ئەردەم ئۇلارنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنۇتماسلىققا ئەھدە ئىچتى. ئۇنىڭ ياشلىرى ئەمدى توختىدى، بىراق يۈرىكى قاناشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە، يۈرەكتىكى قانىغان يارىنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەتراپ جىمجىتلىققا پاتقان، تەبىئەت سۈكۈتتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە دۇنيامۇ غايىپ بولغان بولۇپ، كۆرۈۋاتقىنى پەقەت ئوت - يالقۇن ئىچىدە يانغان زۇلمەتلىك ئانا يۇرت ئىدى. ئۇ قەددىنى رۇسلىدى ۋە: «تەۋەككەل ئەلەللاھ! ئىتنىڭ خوجىسى بار، بۆرىنىڭمۇ تەڭرىسى بار» دەپتىكەن ئاتالىرىمىز دەپ، ئاتلىرى تەخلەكلىك يەرگە قاراپ ماڭدى، غەم - ئەلەمدىن تىلسىز قالغان ئەبەيدۇللاھمۇ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلدى. ئىككىسى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا

ئېلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئۈزەڭگىگە دەسسىدى – دە، چاپقۇر ئاتلارنى قاتتىق دېۋىتىپ تۈڭگانلار ماڭغان يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ دۇنيادا بۇ خورلۇق بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ئەمما ئۇ ئىككى يىگىتكە سادىق ئاتلار بۇ خورلۇقتىن قۇتۇلۇش، ئىنتىقام ئېلىش يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن چاپماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۈركۈتتەك كۆزلىرى ھېچ ئاداشماي ئىزمۇ - ئىز قوغلاپ، دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ ئىككى باھادىر ئەزىمەتنىڭ ھېچنىمىدىن قورقماسلىقتەك قاراملىقىغا ۋە باتۇرلۇقىغا ياخشىلارنىڭ زوقى كەلسە، چاقماقتەك ياشلىق ۋە يىگىتلىك نۇرىغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمىغان ئەسكىلەرنىڭ ئۆچمەنلىكى كېلەتتى.

ئەلقىسسە، تۈڭگانلار ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن پەرۋىنىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، پۈتۈن ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن ۋە پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەر بولسىلا ھەممىسىنى ئېلىپ، قەيەردىندۇر بىر بىچارىدىن بۇلاپ ئېلىۋالغان جۈدەك تورۇق ئاتقا دەريانىڭ تۆۋىنىنى بويلاپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇلار ئازراق مېڭىپلا، كۈننىڭ قاتتىق ئىسسىقىغا چىدىمىغان، شۇڭا ئاتنى ئۈستىگە ئارتىلغان ماللار بىلەن قوشۇپلا دەريا ياقىسىدىكى جىغانلىقنىڭ ئېغىزىغا باغلاپ قويۇپ، سەگىدەش ئۈچۈن دەرياغا ئۆزلىرىنى ئاتقان ئىدى. مۇزدەك ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى ئۇلارنىڭ قىززىغان بەدىنىگە راھەت ئاتا قىلىپ، كۆپكەن تومۇرلىرىدا كۆۋەجىگەن قانلىرىنى سوۋۇتقاچقىمىكىن، سۇدىن مەرىنى ھېچ ئۈزەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇزۇنغىچە چۆمۈلۈپ، ئالغان ئولجىلىرىدىن شاتلىنىپ، بىر - بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ، دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈشۈۋاتاتتى. بۇ تەلۋىلەر خۇددى ئۆزلىرىگە ئۆلۈم ئىزدىگەندەك، خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلىشماي، جاھىل ھاكاۋۇرلۇقى سەگەكلىكنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ئەتراپتىكى شەپىلەرگە زىنھار قۇلاق سالمىغان ئىدى. قويۇندەك كېلىۋاتقان ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ ئۇلارنىڭ غەلىتە ئاۋازلىرىنى يىراقتىنلا ئاڭلىدى. شۇڭا ئۇلار يىراقتىن ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى ئادەمنىڭ كۆزىدىن خالىي يەرگە باغلاپ قويغاندىن كېيىن، تۈڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ يېنىغا پەم بىلەن يېقىنلاشتى. ئەردەم جىغانلىق ئېغىزىدا تۇرغان ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزىگە تونۇش ئانارگۈللۈك خۇرجۇن ۋە بوغجىلارنى كۆرۈپلا، قاتىللارنىڭ دەل ئاشۇ سۇدىكى بەش تۈڭگان ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇلار يوشۇرۇنچە ئۆمىلەپ كېلىپ، دەريا لېۋىگە تىكلەپ قويغان قوراللارنى تۇيدۇرماستىن ئالدى، ئاندىن ئېھتىيات بىلەن ئارقىسىغا ياندى ۋە يېپيېڭى بۇ بەش ئاتارلىق مىلتىقلارنى ئوبدان بىر يەرگە تىقىپ قويدى. ئارقىدىن ئۇلار ئولجىسىغا ئېتىلغان بۆرىلەردەك ھۆركىرەپ كېلىپ، قوللىرىدىكى تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ئۇلارنى سۇدىن چىقىشقا ئىما قىلدى. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ئىككى باھادىرنى كۆرگەن بەش تۈڭگان يۈرەكلىرى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ، غال - غال تىترىگەن پېتى دەريا لېۋىگە چىقىپ كەلدى. ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ ناھايىتى ھوشيار تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۇلارغا ئوقتەك تىككىنىچە قوللىرىدىكى تاپانچا بىلەن ئۇلارنى مولجالغا ئېلىپ تۇرۇپ، قول ئىشارىتى بىلەن ئۇلارنى يالىڭاچ پېتى قاتار قىلىپ تىزدى. نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايلا قالغان تۈڭگان ئەسكەرلىرى بىر - بىرلىرىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكىنىچە: «تەسلىم بولدۇق، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىڭلار» دېگەندەك، ئەركەك غازنىڭ غاقىلدىغىنىدەك چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاۋازلارنى چىقىرىپ ۋارقىراشتى ۋە باشلىرىنى تۆۋەنگە توختىماي ئېگىپ تەزىم قىلىشتى. ئۇلار كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ئۆزلىرىگە ھېلىلا ئېتىلىدىغان غەزەپلەنگەن ئارسلاندەك تۇرغان بۇ ئىككى

يىگىتنىڭ پەيلى - تۇرقىدىن قاتتىق قورقۇپ، ۋەھىمە ئىچىدە قالدى ۋە ئاجايىپ يېلىنغان بىر ئاھاڭدا ئىغىزلىرىنى ئۆمەللەشتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى. بۇ چاغدا ئەبەيدۇللاھ ئەردەمگە قاراپ: «ۋاقتى كەلدى، ئەمدى تېزدىن بۇ كۆكەرمىلەرنى جايلىۋېتىپ، يولىمىزغا راۋان بولمىساق، ئاھ! ۋادەرىخا! دەپ، ئۆزىمىزگە ئىش تاپىمىز، ياشاش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش كېرەك، ئۆز سۆيگەنلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىمىز كېرەك!» دەپ، ئۇنىڭغا كەسكىن كۆز ئىشارىتى قىلدى. ئەردەممۇ ئىشنى ئۇزارتىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بىلگەچكە، ھەم قەھرى - غەزىپى تاغدەك ئۆرلەپ تۇرغاچقا، ئىككەيلەن بىر - بىرىگە كۆز ئېتىشىۋەتكەندىن كېيىن، بەش تۈڭگانىنىڭ پىشانىسىنى قارىغا ئېلىپ تۇرۇپ، تاپانچىلىرىنىڭ تەپكىسىنى ئارقا - ئارقىدىن باستى. ۋىڭىلداپ ئېتىلىپ چىققان بەش پاي ئوق دەل جايىغا تېگىپ، ئارقىسىغا يىقىلغان بەش يالاڭاچ تەن جانلىرىدىن شۇ زامان جۇدا بولدى. ئىككى ئەزىمەت بەش جەسەتنى بەش باغلام قوراينى سۆرىگەندەك سۆرەپ جىغانلىقنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ، ئۈستىنى جىغان شاخلىرى بىلەن يېپىپ كۆمۈۋەتتى. ئۇ ئىككىسى بۇ ئىشلارنى خۇددى سىرىق مايدىن قىل ئالغاندەك شۇنچىلىق تېز، شۇنچىلىك سىلىق پۈتتۈرگەن ئىدى. ئەبەيدۇللاھ ئوق ئاۋازىدىن ئۈركۈپ، بىئارام بولۇپ تۇرغان جىغانلىق ئىغىزىدىكى ئاتنىڭ باشبىغىنى يېشىپ يېتىلىدى، ئەردەم بولسا ئۇلجا ئالغان بەش قورالنى كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرى بار تەرەپكە قاراپ چاقماقتەك ھەرىكەت قىلدى. ئەبەيدۇللاھ ئۇلجا ئالغان ئاتنىڭ باشبىغىنى ئۆزىنىڭ ئىگىرىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھالقىغا كىرمەك ئۆرۈپ باغلىدى ۋە ئەردەمنىڭ قولىدىكى قوراللاردىن بىرىنى ئەردەمگە قالدۇرۇپ، تۆتىنى ئۆزى ئالدى. ئۇ قورالارنىڭ بىرىنى مۇرىسىگە ئەپلىك قىلىپ ئاستى، قالغان ئۈچىنى ئۇلجا ئالغان ئاتنىڭ توقۇمىغا تۆشلۈك تاسمىسى بىلەن قوشۇپ چىڭ باغلىغاندىن كېيىن، ئەردەمگە: «ئۆچىمىزنى ئالدۇق ئاداش!» دېگەندەك قىلىپ، كۈلۈپ قاراپ قويدى. ئەردەم بولسا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك پەرۋاسىز ھالدا مىلتىقنى مۇرىسىگە ئېسىپ، ئېتىنىڭ ئۈستىگە مىندى. ئۇلار ئات ئۈستىدە ئارقىسىغا تەڭلا بۇرۇلۇپ، ئىسسىق ئاپتاپتا ئوت كەتكەندەك قىززىپ كەتكەن جىغانلىققا قاراپ، بىر ئېغىزدىن: «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېدى – دە، ئاتلىرىنى دېۋىتىپ دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغا قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇلار بۇ قېتىم قىساسلىرىنى نېسىگە قويۇپ قويماي، قىززىقىدىلا ئالغاچقىمىكىنتاڭ، ئىككىسىنىڭ شىكەستىلەنگەن يۈرەكلىرى سەل ئارام تاپقاندەك ئىدى.

بەش تۈڭگان ئەسكىرىنىڭ كۆپكۆندۈزدە، ئىككى بىگۇناھ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆيۋاقلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىنىغا قارىغاندا، خوتەننىڭ تۆت ئەتراپىنى تۈڭگان قوشۇنلىرىنىڭ ئىگىلەپ بولغانلىقى ھەممە ئادەمگە بەش قولدەك ئايان بولغان ئەمەلىيەت ئىدى. شۇڭا ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن يول يۈرۈپ، ھېچ يەردە ئارام ئالماي، نەدە تار يول، نەدە جىلغا يوللىرى بولسا شۇ يوللار بىلەن مېڭىپ، خۇپتەندىن ئۆتكەندە تۇراسغا يېقىنلاپ كېلەلىدى. نەچچە سائەتتىن بېرى ئەردەم بىلەن ئەبەيدۇللاھنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى چارچىغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، يىراقتىن ئىككى ئاتلىق كىشىنىڭ بىر ئاتنى ئارقىسىغا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر چەتتىن خۇش بولغان بولسا، يەنە بىر چەتتىن يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى سىزىلغاندەك، ئەندىشە ئىچىدە قالغان ئىدى. ئەردەممۇ ئالدىغا قاراپ كېلىۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن چۈشتى - دە، مۇھەممەد ئىمىن

بۇغرانىڭ ئالدىغا كىچىك باللاردەك ھۆكىرەپ يىغلاپ كېلىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئارقىسىدىن ئەبەيدۇللاھمۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كۆڭۈلسىز بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى دەرھال ئاڭقىرىدى، ئەمما نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ئالدىراپ سوراپ - سۈرۈشتۈرمەي ، ھېرىپ - ئېچىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان بۇ ئىككى يىگىتنى قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن باغرىغا باستى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان سەپداشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئولاشتى. ئەردەم ئېسەدەپ تۇرۇپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باشتىن ئاياغ زىر – زىۋىرىگىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

ئەردەمنىڭ ياش بېشىغا كەلگەن بۇ زۇلمەتلەردىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا داڭ قېتىپلا قالدى ۋە: «ۋاي، بۇ نېگى پەس تۇڭگانلارنىڭ شورۇ قۇرۇسۇن! ئۇ شۇم تاپانلار نەگە قەدەم باسسا، شۇ يەردە بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈۋاتىدۇ!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ، بىر تەرەپتىن بۇ ئىككى يىگىتنىڭ بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدە بېشىغا كەلگەن ئېغىر مۇسىبەتلەردىن قاتتىق قايغۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆز ئىنتىقاملىرىنى ئېلىش يولىدىكى جاسارىتىگە، قىساسىدىن قايتمايدىغان باتۇرلۇقىغا ئىچىدە مىڭ كەررە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ ئەردەمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئىننالىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن» (ئاللاھتىن كەلدۇق ۋە يەنە ئۇنىڭغا قايتىمىز) دەپ تەسەللى قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سەۋر قىلىشى ئۈچۈن ئۆگۈت بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ياخشى ئوزۇقلىنىپ، ئارام ئېلىشىنى تاپىلىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا گەرچە بۇ ئىككى ياشقا تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى شۇنچىلىك تۇتىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما كېچىنى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي خىيال بىلەن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆزىنىڭ ۋاپادار ئايالى ۋە ئوماق قىزىنىڭ گۈزەل سىماسى ھېچ كەتمىدى. ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن پەرۋىنىنىڭ تراگېدىيىلىك ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ، ئەمدى ئۇ ئايالى ئامىنە خانىم بىلەن قىزى فاتىمەنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلىغان ئىدى. «ھەي! يىلنىڭ باشلىرىدا سەيدە ئانامىلار كىچىك مۇھەممەد رىزانىمۇ ئېلىپ چوڭ بىر كارۋان بىلەن مەككە مۇكەررەمگە ھەج تاۋابى ئۈچۈن يولغا چىققاندا، ئامىنە بىلەن قىزىم فاتىمەنىمۇ بىللە يولغا سېلىۋەتكەن بولسام، بۇنچىلىك دەككە - دۈككىدە قالمىغان بولاتتىمكەن. ئەينى چاغدا ئامىنەنى قىزىم بىلەن بىرگە شۇلارغا قوشۇلۇپ ھەرەمگە كېتىشكە شۇنچە دەۋەت قىلساممۇ، مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا كۆزى قىيماي ھېچ ئۇنىمىغان ئىدى. كېيىن مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ مەجبۇرلىمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىمدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلغۇم كەلمىگەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلار نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا جاھاننىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىكەنمەن. ھەي... بولۇپمۇ بىز خەقتە بۇنچىلىك كۆپ يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئەنە شۇ ئۆزىمىزدىكى سەۋەنلىكلەر بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىمىزغا سەۋەب بولدى. بىز بىرلىك - ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ھەرىكەت قىلالمىغانلىقىمىزدىن، جەڭگە كىرىشنى بىلگەن بىلەن دۈشمەننى مولجالغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈشنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن، بىر مىللەت تۇرۇپ يۇرتۋازلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك قىلىپ، پارچە - پارچە بولۇپ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىمىزدىن، بىر پىكىردە بىرلىككە كېلىپ، شۇ پىكىردە چىڭ تۇرۇپ، ئىشنى ئەقىل - پاراسەت بىلەن قىلىدىغان

ئادەملىرىمىزنىڭ كەمچىلىكىدىن ئۆز يۇرتىمىزدا بېشىمىزنى خاتىرجەم تىققۇدەك جاي چىقماي، تاغمۇ - تاغ، چۆلمۇ - چۆل قېچىپ يۈرۈۋاتىمىز. ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى كۆرە - كۆرمەيلا ھەممىمىز ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىمىزغا ئىش كۆرۈپ، ئەسلىدىلا ئاجىز بولغان كۈچىمىزنى پارچىلاپ يوق قىلىۋەتتۇق. يەنە تېخى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ما جۇڭيىڭنىڭ بېشىمىزغا بالا بولغىنىنى دېمەيلا قوياي. يەنە دېسەم يەنە شۇ دەرت. ئۆز دۆلىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ۋاز كېچىشكە مۇمكىن بولمايدىغان بىر نەرسىدىن ۋاز كېچىشنىڭ ئۆزى، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا ۋەتەن ئۈچۈن قىلغان ئەڭ زور پىداكارلىقتۇر. بۇنداق پىداكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرالىغان ئادەم ئەڭ بۈيۈك روھقا ئىگە بولغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. مىڭ ئەپسۇس، بىزدە بۇنداق روھقا ئىگە كىشىلەر ھازىر يوق دېيەرلىك ئىكەن».

ئۇ تەبىئەت قوينىدا يېتىپ ئۆكۈنۈش، ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە تەئەججۇپلىنەرلىك ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن بىرگە، يەنە خۇشاللىق كۈنلەرنىمۇ تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەسلەپ، ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنى بىر يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە خوتەن دىيارىدىن تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقتە چارقىلىقتىن تارتىپ غەربتە يېڭىسارغىچە بولغان زېمىنلارنى ئازات قىلغان چاغلارنى، ئايمۇ ئاي، كۈنمۇ كۈن، سائەتمۇ سائەت بويىچە كۆز ئالدىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزدى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە خوتەننىڭ يۇرتئەھلى ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن بىرمۇنچىسىنى مەككە مۇكەررەمگە ھەج تاۋابى ئۈچۈن يولغا سېلىۋەتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى، ئۇ، «بولمىسا مۇشۇ ئۇرۇش مالىماتاڭچىلىقىدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن قانداق خەۋەر ئالار ئىدىم؟ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قانداقمۇ قوغدايتتىم؟ ھەقىقەتەن ھەج تاۋابىدەك بۇ مۇقەددەس يولدا نۇرغۇن ساۋاب ۋە ھېكمەت بار ئىكەن! مانا، ھازىر ئۆزۈمنىڭ ئاكىسىدەك كۆرىدىغان ئىلاخۇن ئاكىغا ۋە ئۇنىڭ قىزى پەرۋىنگىمۇ ئىگە چىقالمىدىم، ئۇلارنى قوغدىيالمىدىم. ھەتتا ئىككى ئىنىمنىڭ قەبرىسىنىڭ نەلەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۇلارنىڭ قەبرە بېشىدا ئولتۇرۇپ ياسىن ئوقۇشقىمۇ نېسىپ بولمىدى. شۇنچىلىك چارىسىز، ئاجىز بىرىسىگە ئايلىنىپ قالدىم، ئەمدى مانا ئۆز ئايالىم بىلەن قىزىمنىڭ قانداق قىسمەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىنمۇ بىخەۋەرمەن» دەپ، يەنە ئۇھ تارتتى. ئۇ، ئائىلىسىنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلدى ۋە ھىجران يولىدا سەدپارە بولغان قەلبى ئۇلارنىڭ ۋىسال يولىغا ئىنتىزار بولدى. ئۇ ئېگىز خىياللار تېغىدا پەرھاتتەك كېزىپ، كېچىچە ئۇيىاقتىن - بۇياققا ئېغىناپ ياتقاچقا، ئۇيقۇ كەلمىگەن كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرى، ئۇ ئۈمىدسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كۆزىنى سۈرتەتەك ئاقىرىپ تۇرغان تۈن باغرىغا قاراتتى. ئاينىڭ يۈزى كۆككە ئېسىلغان ئالتۇن تاۋاقتەك يالتىراپ تۇراتتى، ئەتراپىدا جىمىرلاپ تۇرغان دۇردانە يۇلتۇزلار كىشىنىڭ غەش كۆڭلىنى ۋاللىدەك يورۇتۇۋەتەتتى. قارىماققا بۇ تۈننىڭ چېكى يوقتەك، ئاي پاتماي، يۇلتۇزلار ھېچ ئۆچمەيدىغاندەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما بەرىبىر تاڭ ئاتاتتى، ئاي پېتىپ، يۇلتۇزلار ئۆچۈپ، مېھىرلىك قۇياش جاھاننى يورۇتاتتى. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ مەڭگۈ بۇزۇلماس نىزامى ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىككى ئىنىسى شېھىت بولغاندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئۇچرىغان مەغلۇبىيەتلەر سەۋەبىدىن، مۇشۇ ھالغا ئامالسىز چۈشۈپ قالغان ئىدى. بولۇپمۇ بۈگۈن ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن پەرۋىننىڭ تراگېدىيەلىك ئۆلۈمى، ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىماقتا ئىدى. ئۆز ئىنىسىدەك

كۆرىدىغان ئەردەمنىڭ تېخى بىلى قاتماي تۇرۇپ بۇنداق ئىغىر ئەلەملەرنى تارتىشىغا كۆزى قىيمايتتى. نە چارە، مۇشۇ كۈنلەردە تۇڭگانلارنىڭ قانلىق قولى يەتمىگەن بىرمۇ ئۇيغۇر ئائىلىسى قالمىغان ئىدى. ئارقا - ئارقىدىن بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ كۈلپەتلەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قەلبىنى ئامبۇردەك قىسىۋاتاتتى. ئۇ بۇ كېچە كۆزىنى يۇمۇشقا شۇنچە تەرەددۇت ئەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، تاكى تاڭ سۈزۈلگۈچە ھېچ كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ: «مانا مۇشۇنداق دەرت، ئىزتىراپ ۋە ھىجراننىڭ ئازابىدا چارىسىز قىلىۋاتقان مەندەك بىر يولباشچى بارمىدۇ جاھاندا؟ مۇنداق يولباشچىنى قايسى ماكان، قايسى زاماندا كۆردىڭىز؟ ئىھ ئۇلۇغ ئاللاھ! ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يوللىرىغا تەلمۈرۈپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مەن بولۇپ قالاي! ھېچكىمنى ۋاقىتسىز قارا تۇپراقنى قۇچاقلاتقۇزۇپ قان يىغلاتمىغىن! ھېچكىمنى ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ھىجران يولىدا مېڭىشقا مەجبۇر قىلمىغىن! بۇ دۇنيادا ئەنە شۇنداق غېرىپ يولچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى مەن بولۇپ قالاي!» دەپ، ئۆز ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئاللاھقا نىدا قىلىپ تاڭنى كۈتۈۋالدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئۇنىڭ 40 باھادىرى بۇ تۇرادا ئون كۈندىن بېرى تۇرۇۋاتاتتى. بۇ جەرياندا ئەڭ خوشاللىق ئىش شۇ بولدىكى، ئەبەيدۇللاھ ئۆز يىگىتلىرىدىن ئىككى چەۋەنداز ئەزىمەتنى يېنىغا ئېلىپ بىر كېچىسى تۇيۇقسىز كۆزدىن غايىپ بولدى - دە، ئەتىسى نامازشامدا ئەرشتىن چۈشكەن مالائىكىلاردەك، ئامىنە بۇغرا بىلەن قىزىنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە تۇراغا باشلاپ كەلدى. تەڭرىنىڭ رەھمى ۋە يىگىتلەرنىڭ سەۋەب قىلىشى بىلەن كۆرۈلگەن بۇ مۆجىزە، تۇرادىكى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باشلىق پۈتۈن ئەسكەرلەرنى ئالەمچە ھاياجانغا سېلىپ، شۇنچىلىك بەختلىك قىلىۋەتكەن ئىدى. قىزغۇچ توروق ئاتنىڭ ئۈستىدە چەبدەس ئولتۇرغان ئامىنە خانىم ئورۇق ئوتتۇرا بوي، قەددى - قامەتى قاملاشقان، ئاق يۈزلۈك، يېقىملىق ئايال ئىدى. ئامىنە بۇغرا ئالدىدا ئولتۇرغان قىزى پاتىمەنى سول قولى بىلەن قۇچاقلاپ تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى پۇتى بىلەن ئۈزەڭگىنى چىڭ دەسسەپ، بىلىنەر - بىلىنمەس بەختلىك ۋە شادىيانە تەبەسسۇم بىلەن تۇراغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىدا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كۆڭۈللىرى يايراپ، دىللىرى سايراپ كەتكەن ئىدى. ئامىنە بۇغرا تېخى ئۆزى بىلەن قوشۇپ، ئىككى بىرېزېنت دالا چېدىرى، سوغۇقتا كىيىدىغان كىيىم - كېچەك ۋە سەپەردە جىددىي لازىم بولىدىغان قازان، چۆمۈچ قاتارلىق نەرسە - كېرەكلەرنى، يولدا يېيىش ئۈچۈن سۈرلەنگەن گۆش، تېخى ھۆل مېۋىلەرنىمۇ ئالغاچ كەلگەن ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئايالىنىڭ ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا، ھايات - ماماتلىق پەيتلەردىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، تەمكىنلىك بىلەن بارلىق ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلىغانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولدى. بولۇپمۇ بۇ سىپايە ئايالىنىڭ ئات ئۈستىدە شۇنچىلىك مەغرۇر ئولتۇرۇشلىرى، تۈرك تارىخىدىكى ئىرادىلىك باھادىر ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سىماسىنى ھەركىمگە ئوبدان خاتىرىلىتىپ قويغان ئىدى. دېمىسىمۇ تۈرك قەۋملىرىنىڭ تارىخىدا ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئۇلارغا بولغان ھۆرمەت بەكمۇ يۇقىرى. دۇنيا تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساقمۇ، ئاياللارنىڭ ئورنى تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭكىدەك شۇنچە يۇقىرى بولغان ئىككىنچى بىر مىللەت يوق. خىتايلار ئۆز قىزلىرىنىڭ پۇتلىرىنى بوغۇپ، توغرا - دۇرۇس ماڭالمايدىغان مەجرۇھقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان، ئەرەب ئەللىرىدە بولسا قىز تۇغۇلسا نومۇس دەپ بىلىپ، قىز بوۋاقلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇتتەك

يالقۇنجاپ تۇرغان چوڭ قۇملىرىغا تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان، ئافرىقا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئاياللارنى هايۋان ئورنىدا قۇل بازارلىرىدا ئاشكارا ئېلىپ - ساتىغان زامانلاردا، ھەممىدىن ئەرك، ھەممىدىن ھۆر تۈرك قىزلىرى ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ چەۋەندازلىق قىلىشنى ئۆگىنەتتى. ياۋلار بېسىپ كەلگەندە، ئۇلار ئەرلەرگە ئوخشاش قولغا قورال ئېلىپ مۆرىسىگە ساداق ئېسىپ چاپقۇر ئاتلار بىلەن سەپ يېرىپ جەڭگاھتا ياۋلار بىلەن تىغمۇ - تىغ، روبىرو جەڭ قىلاتتى. ئەل ئامان، تىنچ زامانلاردا ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندىن سىرت، يەنە تېرىقچىلىق قىلىش، چارۋا مال بېقىشتەك ئىشلارنىمۇ زېممىسىگە ئالاتتى. تۈرك ئەنئەنىسى بويىچە ئاياللار يالغۇز ئائىلىدە سۆز ساھىبى بولۇپلا قالماي، يەنە قەبىلە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە دادىللىق بىلەن ئالاتتى. شۇڭا تۈرك قەۋملىرىدە، «بىرىنچى بايلىق تەننىڭ ساقلىقى، يەنە بىر بايلىق بولسا ياخشى بىر قىزغا ئۆيلىنىش» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بىكارغا دېيىلمىگەن. تۈرك ئەرلىرى شۇ زامانلاردا خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئالمايتتى. دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھېچبىر زامان ئەر بىلەن ئايالغا ئايرىمچىلىق قىلمايتتى. ھەتتا ھۇنلار زامانىدا، قاغاننىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىنىڭ ئاستىغا ئۆزىنىڭ مۆھۈرى بىلەن ئايالىنىڭ مۆھۈرىنى تەڭ باسىدىغان قائىدە بار ئىدى. ئەگەر ئايالىنىڭ مۆھۈرى ئۇرۇلمىغان بولسا، بۇ بۇيرۇق ئۆزىنىڭ كارايىتىنى يوقاتقان بولاتتى. ئەگەر قوشنا ئەللەردىن ئەلچىلەر كەلسە، قاغان بىلەن تەڭ ئايالىمۇ بىرگە قارشى ئالاتتى. دۆلەت مەكتۇپلىرى بولسا، «قاغان ۋە خاتۇننىڭ نامى بىلەن...» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن باشلىناتتى. مانا ھازىر، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھەسرەتتە قالغان سۆيۈملۈك ئايالى بىلەن چىرايلىق كۆزلىرى بۆلەكچىلا خۇمالىشىپ ئويناپ كەتكەن قىزىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقى ئالەمگە سىغماي قالغان ئىدى. يىگىتلەر بۇ ۋىسالنى قۇتلاش ئۈچۈن، ھايت - ھۇيت دېگۈچە ، كەنتتىن سېتىپ ئەكەلگەن قويلارنى سويۇپ، گۆلخان يېقىپ، قازان ئېسىپ، گۆش پىشۇرۇپ مۆھتەشەم بىر زىياپەت ھازىرلىدى. ئۇلار ھەممىسى دەرقەمتە ئولتۇرۇپ، قورساقلىرى چىقىپ كەتكۈچە يەپ - ئىچتى، بىردەم بولسىمۇ دۇنيانىڭ غەملىرىنى ئۇنتۇشقان بولدى.

ئۇلارنىڭ بۇ تۇرادا تۇرۇۋاتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ يەردە بىكارغا كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋېرىشكە رايى بارمىدى. ئۇ بۇ ئىنقىلابتىن يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ئەبەيدۇللاھنى يىگىرمە يەتتە باھادىر بىلەن سانجۇغا ئەۋەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر قارارغا كېلىشىدىكى مەقسىدى، سانجۇدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەرنى قايتا توپلاپ، يېپيېڭى بىر قوشۇننى قايتىدىن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، يېڭى بىر كۈرەش يولىغا ئاتلىنىش ئىدى. ئەبەيدۇللا ئەنە شۇنداق مەقسەت ۋە نىشان بىلەن ئۆزىنىڭ يىگىتلىرىنى ئارقىغا سېلىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە جانجىگەر دوستى ئەردەم بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. بۇ يول ھىجران يوللىرى ئىدى. ئەبەيدۇللاھ ئوڭ قولىدا تۇتۇۋالغان بادام دوپپىسىنى ئۇزۇنغىچە پۇلاڭلىتىپ، ئۇلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشتى. گەرچە ئەبەيدۇللاھ بىلەن ئەردەم يولغا چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنغىچە مۆكىدىشىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقا قىيماي كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەبەيدۇللاھ سەپداشلىرىدىن، ھەزرىتىمدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي ئارقىسىغا قاراپ: «ئەلۋىدا قوماندان ھەزرىتىم! ئەلۋىدا دوستۇم ئەردەم!» دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن يولغا چىقىشقا ئالدىراۋاتقان ئالتۇن رەڭلىك ئەتىۋارلىق بوگرۇل ئېتىنىڭ

تىزگىننى قويۇۋەتتى، ئارقىدىنلا قالغان يىگىتلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن قويۇق چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلدى. ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇچقۇر ئاتلار ئوقتەك چېپىپ، بۇ ئاتەش باسقان قانلىق زېمىندىن تېزرەك قۇتۇلۇپ نەلەرگىدۇر كەتمەكچى بولغاندەك، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئەردەم ياخشى بىر دوستتىن، ياخشى بىر سەپدىشىدىن ئايرىلغان ئىدى. بۇ ھايات يولىدا، بولۇپمۇ بۇنداق قانلىق كۈرەش يوللىرىدا ئادەمنى پەخىرلەندۇرىدىغان، بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدىغان، ھايات - ماماتلىق جەڭلەردە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ بىرگە جەڭ قىلىدىغان، چەكسىز دالىلاردا بىرگە دۈم يېتىپ دۇم قوپىدىغان، پايانسىز چۆللەردە، ئېگىز تاغلاردا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ دۈشمەنگە قارشى بىرگە كۈرەش قىلىدىغان ئەبەيدۇللاھدەك يىگىتلەرنى جان دوست تۇتۇپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆلۈپ، بىرگە تىرىلىشتىنمۇ ئارتۇق بەختلىك ئىش بولمىسا كېرەك. ئەردەم، ئەبەيدۇللاھ، ئەرەندەك يىگىتلەرنىڭ دوستلۇقى گويا ئادەمنى سېھىرلەيدىغان يارقىن سىرلىق كۈيدەك كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. قول ئېلىشقان چاغلاردا بىر - بىرىگە ئىپادىلەيدىغان خەيرخاھلىقنى تەسۋىرلەشكە كىشىنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇمۇرلۇق، خۇشپېئىل، قىزىقچى مىجەز - خاراكتېرى ھاياتتىكى بارلىق خاپىلىقلارنى، بىئاراملىقلارنى ۋە غەم - غۇسسىلەرنى بىراقلا يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەن ئالدىدىكى شىر يۈرەك باتۇرلىقى بۇ مۇقەددەس زېمىننى دۈشمەن تاپىنىدا خورلۇققا قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ تۆككەن قانلىرى ئانا يۇرتنى مەڭگۈ ياشنىتىپ تۇرىدۇ.

ئەبەيدۇللاھ ئۆز يىگىتلىرى بىلەن سانجۇغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ يەرنىمۇ تۇڭگانلار ئىگىلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە كۈچى بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ غەلىبە قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قايتماقچى بولدى. ئەمما، ئارقىسىدىكى يوللارنىمۇ دۈشمەن كۈچلىرى كېسىپ تاشلىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، خوتەندە پارتىزانلىق ئۇرۇش قىلىشنى نىيەت قىلىپ، تاغ يولى بىلەن نائىلاج خوتەن تەرەپكە قاراپ ئات سالدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ بۇياققا قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر ئالغاندىن كېيىن، بۇ تۇرادا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئىمكانى قالمىغانلىقىنى بىلىپ، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سانجۇ داۋىنىدىن ئۆتۈپ، يەنە ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن سوگەت قورۇلغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ئالتە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلارنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ھىندىستان تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. ئات ئۈستىدە باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئەردەم قاتارلىق ئون ئىككى باھادىرغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىچى سىرىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يۈرىكى ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتاتتى. ئۇلار مۇشۇ قارا تۇپراقلاردا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى، بۇ تۇپراقلاردىن پۈتلىرىنى ئۈزۈشكە رازى ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ ئەردەم داۋاملىق ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىنى ھەممىدىن بەك چاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئوڭ قولى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئۈچ قېتىم سىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئانا زېمىنغا سىنچىلاپ قارىدى، شۇ تاپتا خۇددى دادىسى ئۇنىڭغا «ئوغلۇم! ئوغلۇم! نەگە كېتىۋاتىسەن، قايسى يولغا؟» دەپ، ئانا زېمىن ئاستىدا تۇرۇپ ۋارقىراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. دادىسىنىڭ ئولتۇرۇشقان كۆزلىرى، ياداڭغۇ يۈزى، قاداق باسقان قوللىرى، ئېغىر

بازغان ۋە سەندەل ئۈستىدىكى چوغدەك قىزارغان تۆمۈرلەر كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىچىدە، «مەن ئەنە شۇنداق ئېزىلگەن ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن بۇ يولغا چىققان ئەمەسمىدىم، شۇلارنىڭ بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلغان ئەمەسمىدىم، دوستلىرىم ئاشۇلار ئۈچۈن، ئانا يۇرت ئۈچۈن ياش جانلىرىنى پىدا قىلغان ئەمەسمىدى، دۇنيادا مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك بولغان سۆيگىنىم پەرۋىنىدىن شۇ سەۋەپتىن ئايرىلغان ئەمەسمىدىم، يەنە شۇ سەۋەپتىن ئاشىقىنىڭ ھىجران ئازابلىرىغا چىداپ، تاغ – داللاردا داق يەرلەردە يېتىپ كۈرەش قىلغان ئەمەسمىدىم. ئەمدى ئۆز يۇرتىمىزدىن ئۆزگىلەر قوغلىدى، بۇ دۇنيادا ئادالەت يوقمۇ؟» دەپ، ئۆزىگە تۈگىمە سۇئاللارنى قوياتتى.

سوغۇق تاغ شامىلى ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئۇچۇرتسا، چاپىنىنىڭ ياقىسى سەرسان قۇشنىڭ ھالسىزلىغان قانىتىدەك يەلپۈنەتتى، يۈز - كۆزىدە سۆيگۈ، دەرد ۋە ئېچىنىشلىق بىر ھىجران ئازابى بار ئىدى. چارچىغان ئاق قاشقىلىق ئېتى ئۇنى ھاپاش قىلىپ كۆز يەتكۈسىز داۋان ئۈستىگە توختىماي يامىشىۋاتاتتى. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھېچ كۆرۈپ باقمىغان يىراقلاردىكى يات بىر دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۇياقتا ئۇنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بىلىدىغىنى پەقەت، شۇ يەرلەردە كۈچىيىپ پەيتى كەلگەندە قايتىپ كېلىپ، ئۆز يۇرتىنى ئازات قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ تۇتۇپ، يۈرىگى ئۈستىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن باستى، ھازىر ئۇنىڭ مۇشۇ ئېتى بىلەن ھەزرىتىمدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغان ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە باقتى، ئەمما يۈرىكى تېخىمۇ سىقىلىشقا باشلىدى، ئىچىدە بىر سانجىق پەيدا بولدى. ئۇ يەنە تاغنىڭ ئۈچلۈق چوققىلىرى تاقاشقان كۆز يەتكۈسىز ساماغا قارىدى ۋە  ئۇپۇقلارغا قەدەر سوزۇلغان سامان يولىنى كۆرگەندەك بولدى، سامان يولى كۈمۈشتەك پارقىراپ، ئۇنىڭغا يەنە ھىجران يوللىرىنى ئەسلەتتى. بۇ يولدا كېتىۋاتقان سەپداشلىرىنىڭ تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى شۇنچىلىك بىئارام، ھاللىرى بىر - بىرلىرىدىن بەتەر ئىدى. بۇ ھاللارغا ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ شېرىك ئىدى، لېكىن ئۇ بىر يولباشچى بولغاچقا، ئۆز سەركىلىرىگە قايتىدىن ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا قاراپ: «بۈگۈن ئۈستىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەن تۈگىمانلار خۇددى ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىگە قونغان توپا - چاڭلارغا ئوخشايدۇ. بۇ توپا - چاڭلار بىر شامال چىقسىلا ھەممىسى توزۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ تاغلار مۇشۇ ئانا تۇپراقنىڭ ئۈستىدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئەنە ئاشۇ ھەيۋەتلىك تاغلار دەل بىزگە ئوخشايدۇ. بىز بۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە ئەبەدىلئەبەد يوقالمايمىز. چۈنكى بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بىز. توغرا، بىز ھازىر ئانا يۇرتىمىز خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىلدۇق، بىز ئۆمرىمىزدە ھېچ كۆرۈپ باقمىغان يات ئەللەرگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. بىز، ‹رىمدىن قوغلاپ چىقىرىلساڭ، رىمنىڭ سىرتىدا ياشايسەن، خالاس› دېگەن رىملىقلاردەك، بىز خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىلدۇق، خوتەننىڭ سىرتىدىكى ئەللەردە ياشايمىز، خالاس، دەپلا، ھەممە ئىشقا خالاس قىلىۋېتىدىغان رىملىقلار ئەمەس. بەلكى بىز خوتەنلىك! بىرنى بىر دەيمىز! خوتەن بىزنىڭ، بىز خوتەننىڭ، بىز خوتەنگە چوقۇم قايتىپ كېلىمىز، خالاس! بىز كۈچىمىزنىڭ يېتىشچە دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلدۇق، ئەپسۇس ئاجىز كېلىپ قالدۇق. قانداق كۈرەش قىلغانلىقىمىزنى پۈتۈن ئەل بىلىدۇ. كونىلار ‹ئەل ئۈمىدىنى ئەل ئاقلار، ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار!› دەپتىكەن، بىزنىڭ بۇ كۈرەشلىرىمىزنى، بۇ يولدا كۆرسەتكەن بىداكارلىقلىرىمىزنى، دەريادەك

سەل بولۇپ ئاققان شېھىتلار قانلىرىنى ئەل - يۇرت ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. كەلگۈسىدە بۇ كۈرەشلىرىمىز تىللاردا داستان بولىدۇ، يازغۇچى، ئالىملىرىمىز دەستە - دەستە كىتابلارنى يازىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىز پەقەت ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق!» دەپ كەسكىن خىتاپ قىلدى. ئاندىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئېگىز داۋاندىن ئاخىرقى قېتىم پەسكە نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۇرغۇسىنى كۆتۈرۈپ ۋەزىنلىك قىلىپ ئېيتقان «ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق!» دېگەن جاراڭلىق سۆزلىرى، كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان مېھرىلىك خوتەن دىيارىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا تارىلىپ كەتكەندەك بولدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا «ئېھ، باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ قانلىرى بىلەن بويالغان، شېھىتلەر مازارلىقلىرى بىلەن قاپلانغان شېھىدانە خوتەن! شۇ مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەسرەتلىك ياشلىرى بىلەن تولغان، ئۇيغۇر خەلقىگە سۆيگۈ بىلەن باققان قاراقاش ۋە يورۇڭقاش دەريالىرى، مەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، قەھرىڭدە چوڭقۇر بىر قايغۇنىڭ، ئاچچىق بىر ئەلەمنىڭ ئىزى بار. مانا ھازىر سېنىڭ يۈزۈڭنى بىر قارا ھىجران تۇمانى قاپلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن شۇنچە دەردلىك، شۇنچە ھەسرەتلىك، شۇنچە مۇڭلۇق ئاقماقتاسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەزەپلىك سەن، شۇ غەزەپلىرىڭدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئاپئاق كۆپۈكلەرنى چاچرىتىپ، نەچچە مىڭ يىللار بويى قوينۇڭدا ساقلاپ كەلگەن قاشتاشلىرىنى قىرغاقلىرىڭغا پىرقىرىتىپ ئېتىپ، يۈرەك - باغرىڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئاچچىقىڭدىن دېڭىزدەك دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا سەن. كۆك بۆرىدەك ئاۋازلىرىڭنى چىقىرىپ، قىيا تاشلارغا ئۆزۈڭنى زەرب بىلەن ئۇرۇشلىرىڭدا، يىلاندەك تولغىنىشلىرىڭدا تاپتايىنلىق بىر چوڭقۇر مەنا بار. سەن بەلكى بىزنى يولىدىن ئۇزاقلاشتى دەپ ئويلىدىڭ. بۇنداق ئويلاشقا ھەم ئەلۋەتتە سېنىڭ ھەققىڭ بار، ھەر نېمە قىلماققا ھەققىڭ بار. مانا، مەن ۋە سەپداشلىرىم يولغا چىقىش ئالدىدا سەن بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن، ساڭا ھېرىس، تەشنا كۆزلىرىمىز بىلەن باغرىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرماقتىمىز. بۇ ھاياتتا پەقەت سەنلا بىزنى چۈشىنىسەن، چۈنكى سەن بىزنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىمىزغا شاھىت بولدۇڭ، بىز يول يۈرگەندە، سەن بىزگە ھەمراھ بولۇپ يانمۇ - يان ئاقتىڭ. يولىمىز، يۆنىلىشىمىز بىر بولدى. مانا ھازىر بىز بىلەن سېنى ھىجران ئازابى ئازابلىماقتا. سەن بىزنى ئۇنۇتما، بىزنى ھەر زامان ئەسلە. بىزنىڭ سۆيگۈمىزنى، ۋاپادارلىقىمىزنى، ۋەتەن سۆيەرلىكىمىزنى، ئار - نۇمۇس ئۈچۈن كۈرەش قىلغان روھىمىزنى، ئەزگۈ ھېسلىرىمىزنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېقىتىپ، ئەزىم تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ تەكلىماكانغا سىڭىپ كەت! ئەي ئۇلۇغ ئانا يۇرت! سېنىڭ ئۈچۈن چەككەن ئەلىمىم، سېنىڭ ئۈچۈن تارتقان دەرتلىرىم، سېنىڭ ئۈچۈن ئۇچرىغان جاپا - مۇشەققەتلەر مەن ئۈچۈن مەڭگۈلۈك راھەت! مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت! سەن بىزدىن رازى بول! ھەققىڭنى بىزگە ھالال ئەيلە. سەن ئۈچۈن تۆككەن قانلار سېنىڭ يۈزۈڭنى مەڭگۈ پاك تۇتسۇن! ئەلۋىدا، ۋەتەن! بىزنىڭ روھىمىز ھامان سەن بىلەن بىرگە، بىز پەقەت سېنىڭ ئۈچۈن سېنىڭدىن ئايرىلدۇق!» دېگەن ئويلارنى كۆڭلىدە ئويلاپ، لېۋىدە پىچىرلاپ، ئېگىز داۋانغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ قاتمۇقات داۋانلار ئاشقاندا، بۇ ھىجران يوللىرىنى پات يېقىندا ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئانا يۇرتقا تېزرەك قايتىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلدى. ئۇنىڭ ئۈمىد، ئارزۇغا چۆمۈلگەن ئات ئۈستىدىكى سىماسى ماكان سۈپەتلىك تاغلار ئىچىگە، زامان سۈپەتلىك يولچىلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.ئەي ھىجران يولچىسى، خەيرلىك بول! ھىجران يولىنىڭ ئۇزۇن – قىسقىلىقى قەلب

كۆزۈڭنىڭ نۇرى بىلەن ئىرادەڭنىڭ تاللاش  ئىقتىدارىدا! ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپراقلىرىدىن ئاستا – ئاستا يىراقلىشىۋاتقان يولچىلارنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قاناتلىرى ئاستىدا، جالالىدىن رۇمىنىڭ «ھىجران ئەتمە» ناملىق شېئىرىنىڭ ھېكمەتلىك مىسرالىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ئاللاھىم بۇ ۋىسالنى ھىجران ئەتمە،
ئاشىقنىڭ مەستخۇشلىرىنى نالە ئەتمە.
سۆيگۈ باغلىرىنى ياپيېشىل قوي،
بۇ ئاشىق باغلىرىنى ۋەيران ئەتمە.
تال ياپراقىنى قاقما خازان پەسلىدەك،
خەلق بېشى قايغان ھەقىر ئەتمە.
قۇش ئۇۋاسى بار دەرەخنى ئۆرىمە،
قۇشلارنى دات - پەريات ئەتمە.
قۇمۇنى ۋە مۇمىنى ئارىلاشتۇرما،
دۈشمەنلەرنى كور قىل، شاد ئەتمە.
ئوغرىلار ئايدىڭلىقنىڭ دۈشمىنى،
ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان ئەتمە.
ئىقبال قىبلىسى پەقەت خەلق ئۈچۈن،
ئۇمىد كەبىسىنى ۋەيران ئەتمە.
بۇ چېدىر يىپلىرىنى ئۇنداق قاتلىما،
چېدىر سېنىڭدۇر ھەي سۇلتان! ئەتمە.
يوقتۇر دۇنيادا ھىجراندىن بەتەر ئاچچىق،
نېمە قىلساڭ قىل - دە، ئۇنى ئەتمە.

## ۋەتەن ھەسرىتى

ئىگەمنى ماختايمەن،
بىلىمنى توپلايمەن.
كۆڭۈلنى تۈگمەن،
پەزىلەت ئۈستىگە يۆگىلىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يولچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ھاياتتا، ئۆزۈڭنى بەختلىك ھېس قىلمىغان ئۆتەڭلەردە ئۇزۇن تۇرما. چۈنكى ئۆزۈڭ ياتسىرىغان يەردە قېلىشقا مەجبۇر بولۇشنىڭ ئۆزى، بۇ ھاياتتىكى ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. كىشى مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، قانچە تېز بولسا شۇنچە تېز بۇنداق يەرلەردىن ئايرىلىپ، يولنى داۋام قىلىش كېرەك. بۇ ھاياتتا ۋاقىت ھېچبىر زامان جىم تۇرمايدۇ، ھايات ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋېرىدۇ، بۈگۈن ئەسلا قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشقا نە ھاجەت، چوقۇم يول ئېلىش، ئالدىغا مېڭىش كېرەك. گەرچە يول ئۈستىدە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما يولنىڭ ئاخىرىدا ھامان بىر قىسمەتنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقى جەزمەن. بېشىڭغا سېلىنغان نۇختىدىن قۇتۇلمەن دېسەڭ، باشقىلار كۆرسەتكەن يولدا ئەمەس، ئۆز ئەركىڭ بىلەن ئۆزۈڭ بارماقچى بولغان مەنزىلنى نىشانلاپ يول ئال! گەرچە يولچىلىق ئۇنچىلىك ئاسان بولمىسىمۇ يەنىلا يولغا چىق! ئۇچالمىساڭ چاپ، چاپالمىساڭ ماڭ، ماڭالمىساڭ ئۆمىلە، قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل، مۇھىمى ئالدىڭغا قاراپ ئىلگىرىلە. قورقما! ھەرقانداق قىيىن ۋە ئۇزۇن يول بىر قەدەم بىر قەدەمدىن بېسىپ ماڭغاندىلا تۈگەيدۇ. سېنىڭ ئۇچىدىغان قانىتىڭ بولمىغاندىكىن يولغا يېقىن بول، يولغا قانچە يېقىن بولغان شۇنچە بىخەتەر بولىدۇ، چۈنكى يول زېمىنغا ئەڭ يېقىن.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا سەپەرداشلىرى بىلەن كېتىۋاتقان يول ئىككى نۇقتا ئارىسىدىكى ئەڭ قىسقا يول بولماستىن، بەلكى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، نۇرغۇن دوقاللاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان تاغ يوللىرى ئىدى. ئۇلار تاغ - داۋانلار، دەريا - ئېقىنلاردىن ئېشىپ ئۆز مەنزىلىگە قاراپ يۈرمەكتە. يوللار شۇنچىلىك مۈشكۈل ۋە رەھىمسىز بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەبىئىي يوللاردىكى قىيىنچىلىقلار ھەممەيلەنگە ئورتاق بولۇپ، ھېچكىم بۇ مۈشكۈلاتتىن قاچالمايتتى. مانا بۇ، تەبىئەتنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا بولغان ئورتاق ئادالىتى. دېمەك، تەبىئەتتە ئادالەتسىزلىك بولمايدۇ، ئادالەتسىزلىكنى ئىنسانلار بىرى - بىرىگە ئۆزلىرى قىلىدۇ. يولدا قار - يامغۇرلار، بوران - چاپقۇنلار ھەممە ئادەمگە ئورتاق. ئېگىز مۇزلۇق چوققىلاردىن يېڭى ئېرىپ چۈشكەن سۈزۈك سۇلار قەدىمىي قىرغاقلاردىن ئېقىپ ئۆتسە، كونا يوللاردا يېڭى كارۋانلار ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. ھەر ئىنسان بۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئادالەتسىزلىكلەردىن كېلىپ چىققان زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، بۇنداق قىيىنچىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا ئىلاجى

يوق. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قۇتۇلۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدەپ، يېڭى مەنزىلگە قاراپ ماڭغاندا، خوجانىياز ھاجىم ئۆزى بىلگەن كونا يولدا، مەجھۇل مەنزىلگە قاراپ يولغا چىققان ئىدى.

خوجانىياز ھاجىم سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە شىڭ شىسەي بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە ئەمەل قىلىپ، ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇش ئۈچۈن ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. خوجانىياز ھاجىمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇد مۇھىتى 400 گە يېقىن مىللىي ئەسكەرگە قوماندان بولۇپ، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاقسۇدا قالدى. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا، رۇس ۋە خىتاي ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان زور بىر قوشۇن ما جۇڭيىڭنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن، قەشقەرگە جازا يۈرۈشى قىلدى. ئايروپىلان ۋە ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان سوۋېت قوشۇنلىرى ۋە خىتاي ئەسكەرلىرى تۇڭگانلارنىڭ ئۈستىگە بوراندەك باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ھېچقانداق چېكىنىش يولى تاپالمىغان ما جۇڭيىڭ ئەجەل ھودۇقۇشىدا ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن بۇلىۋالغان نۇرغۇن ئالتۇن ۋە ئالماس قاتارلىق قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئۈچ نەپەر ئوفىتسېرى ۋە 70 قوغدىغۇچىسى بىلەن بىرگە ئەركەش تامدا قورال تاپشۇرۇپ، 1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا ئۈننى چىقارماي كىرىپ كەتتى. شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىدا چاقماقتەك چېقىپ، چۈشكەنلا يېرىدىن ئوت – ئاپەت ۋە قانلارنى ۋۇلقاندەك ئېتىلدۇرغان ما جۇڭيىڭ قانداق تېز چاقنىغان بولسا شۇنداق تېز ئۆچۈپ، ھايت - ھۇيت دېگۈچە جىمجىتلا كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇ خۇددى تۇيۇقسىز بېسىپ كېلىپ كىشىگە دەھشەت سالىدىغان دېڭىز دولقۇنلىرىدەك بىردىنلا پەيدا بولۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يۈرىكىگە دەھشەتلىك بىر قورقۇنچنى سالغىنىدەك، يەنە نەدىن چىقىپ نەگە يوقالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان چۆل سەراپلىرىدەك تۇيۇقسىز كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قىسمىتىنى بىر ئاللاھ، بىر ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ما جۇڭيىڭ غايىپ بولغان چاغدا سوۋېت ئەسكەرلىرى قەشقەرگە باستۇرۇپ كىرمىدى، ئەمما خىتاي ئەسكەرلىرى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ قاقشاتقۇچ زەربىگە چىدىيالمىغان ما خوسەن ئۆچىنى قەشقەر خەلقىدىن ئېلىپ، بىگۇناھ يۇرت ئەھلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئۇ دۇنيادا تېخى يۈز بېرىپ باقمىغان بارلىق ۋەھشىيلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئاندىن خوتەنگە قاراپ قاچتى. شۇندىن كېيىن ئۇ خوتەن دىيارىدا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ، ئۇ زېمىنلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇردى. بۇ مەزگىلدە شىڭ شىسەي بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قەشقەرنى ساقلاشقا قالدۇردى، لېكىن ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، ئۆز ئىتتىپاقدىشى خوجانىياز ھاجىمنىڭ قوماندانى مەھمۇد مۇھىتنى قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسمىنىڭ باشقوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا «سىجاڭ»لىق مەنسىپىنى لايىق كۆردى.

مانا شۇ ئىشلار يۈز بېرىۋاتقاندا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز ئائىلىسى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىكى يوللاردا تىرمىشىپ – چىرمىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار گاھ گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس دالالاردا يۈرسە، گاھ مۇزلۇق داۋان يوللىرىدىن ئۆتەتتى، گاھىدا يەنە ئېقىن دەريالاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، تىنماي ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. گەرچە يوللار شۇنچىلىك خەتەرلىك، شۇنچىلىك تار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئۆز ئەركىنلىك مەنزىلگە تۇتاشقان يوللاردىن ۋاز

كەچمەيتتى. بەزىدە قۇياشنىڭ پۈتۈن ھارارىتىنى ئىمىشۇالغان قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قىززىق تاشلىرىنى دەسسەپ ماڭسا، يەنە بەزىدە پۈتۈن قار – مۇزلارنى يۇتۇۋالغان ھىمالايا ئېتەكلىرىدە يول ئالاتتى. ھاۋاسى شالاڭ ئېگىز مۇزلۇق داۋانلاردىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرى مۇزلاپ، كۆز ۋە بۇرۇنلىرىدىن سۇ ئېقىپ، نەپەسلىرى سىقىلاتتى. ئەردەمنىڭ سەپەردىكى ئەڭ قىيىن دەملىرى، يوللاردا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۆلۈپ قالغان ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاقىرىپ كەتكەن دۆۋە - دۆۋە سۆڭەكلىرى ۋە قازا قىلغان يولچىلارنىڭ تاشلار بىلەن قۇپۇرۇلغان قەبرىلىرىنى كۆرگەندە، ۋەھىمە ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان چاغلىرى ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئەنسىرىگەن ئىشى بېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە باشتىن - ئاياغ ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان قارا رەڭلىق قاشقا ئېتى بەھەيۋەت يوغان تاشلار بىلەن ئورالغان يولنىڭ ئوڭ يېنىدا يېتىپ قالدى. ئات شۇنچىلىك جۇدەپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقى قاۋۇل، توم پاچاقلىرىدىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغان ئىدى. ئات ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. ئۇ جان تالىشىۋاتقاندا ئەردەمگە ئاخىرقى قېتىم بىر قارىدى، ئاندىن قارا كۆزلىرىدىن مۆنچاق - مۆنچاق ياشلار تامچە - تامچە بولۇپ تۆكۈلدى. بۇ ياشلار قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن تۆكۈلدىمۇ ياكى ئەردەمگە بولغان ساداقىتىدىن - ئۇنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويغانلىقىغا ئۆكۈنگەنلىكىدىن تۆكۈلدىمۇ، بۇ بىرگە نامەلۇم. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قاتتىق بىر تىپىرلىدى ۋە تۆت پۇتى تەڭلا ھەرىكەتكە كەلدى، يەرلەر تىلغىنىپ، يۇقىرىغا توپىلار توزىدى، ئاندىن كۆزلىرى مەڭگۈلۈك يۇمۇلدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئاستىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاقىلار شۇنچىلىك ئۇپراپ، نېپىزلاپ، تۇياقلىرىغا يەملىشىپ كەتكەن ئىدى. نۇرغۇن يوللارنى ئەردەم بىلەن بىرگە بىر ئۆمۈر باسقان بۇ تۇياقلار ئەمدى بۇ زېمىنىنىڭ ئۇستىگە دەسسىيەلمەيتتى، بۇ ھايات يوللىرىدا ئەمدى يەنە ئەردەمنى ئۇستىگە مىندۈرۈپ چېپىپ ئىز قالدۇرالمايتتى. ئۇنىڭ دائىم تىك تۇرىدىغان، شۇنچىلىك يىراقتىكى شەپىلەرنى ئېنىق تۇيۇپ، ياپراقتەك تىترەپ كېتىدىغان بىر جۈپ قۇلىقى ئىگىلگەن ئىدى. بۇ قۇلاقلار بۇندىن كېيىن قايتا يەنە تىك بولالمايتتى ۋە ئەردەمنىڭ «چۇھ، چۇھ» دەپ ۋارقىرايدىغان ئاۋازىنى ئەمدى ئاڭلىيالمايتتى.
ئەردەم قاتتىق ئېزىتىراپ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاتنىڭ ئۇستىگە ئىگىلدى ۋە ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قاپاقلىرىنى ئوڭ قولى بىلەن ئاستا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە سىلىدى، بۇ قارا كۆزلەر ئەمدى مەڭگۈلۈك يۇمۇلغان ئىدى. ئۇ ئەمدى بۇ يورۇق دۇنيانى كۆرەلمەيتتى، ئەردەم بىلەن بىرگە يىراق - يىراقلارغا ئۇزۇنغىچە نەزەر تاشلىيالمايتتى. ئەردەم ئۇنىڭ ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان ئاپئاق بۇلۇتتەك قاشقىسىغا ئىسسىق لېۋىنى ياقتى ۋە بېشىدىكى نوختىلىرىنى ئاستا سىيرىپ ئالدى. ئاندىن بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان سومۇرغ باشلىق پىچىقىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئاتنىڭ تۆشلۈك تاسمىسىنى كەستى – دە، ئۇستىدىكى ئېگەر - جابدۇقلارنى يېشىپ ئېلىۋەتتى، ئۇ ئاتقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شۇنچىلىك سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ قاپقارا تېنى بۇ تاشلىق زېمىندىكى ئەڭ قىممەتلىك مەدەنىدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرى گىرۋىكىدە تۇرۇپ قالغان بىر نەچچە تامچە ياش قارا مۆنچاقلاردەك يالتىرايتتى. ئەردەمنىڭ ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى، ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى، يول بويى ئالتە قېتىم قىلغان ئىشنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش ئىدى، يەنى، ئاتنىڭ ئۇستىگە تاشلارنى دۆۋىلەپ بىر قەبرىدەك قىلىپ قويۇپ، يولنى داۋام قىلدى. ئەردەم ئېغىر قەدەملەر بىلەن تۆپە ئارىسىدىكى تاشلىق يولدا كېتىپ باراتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان

تەۋەرۈكلەردىن بىلدىكى ئاشۇ پىچاقتىن باشقا ھېچنىمە قالمىغان ئىدى. ئۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئىشارەت بارمىقى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئۈچ قېتىم سىلىۋېتىپ، ئىچىدە «قېرىپ، پۈت - قوللىرىمنىڭ مادارى قالمىغان چاغدا، يولداشلىرىمنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، يول ئۈستىدە ئۆلۈشنى ھەرگىز خالىمايمەن. ئى ئالالاھ، ئەگەر ماڭا مېھرى - شەپقەت يەتكۈزمەن دېسەڭ، مېنىڭ جېنىمنى يول ئۈستىدە ئەمەس، مەنزىلدە ئال ۋە ياكى جەڭدە ئال!» دەپ تىلەك تىلىدى.

دېمەك، بۇ ھاياتتا ئادەملەرگە نېسىپ بولغان پالاكەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئادەملەرنىڭ قىرىلىپ ئۆلۈپ كېتىشلىرى، چۈشكۈنلىشىشلىرى، زەئىپلەپ ئارقىغا چېكىنىپ كېتىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. لېكىن ئېنىق غايىگە ئىگە كىشلەر ماڭغان يولدىن قەتئىي يانمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ غايە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا باغلىق بولسا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇلۇغ كارۋان ئېقىن سۇلاردەك ئالدىغا قاراپ توختىماي ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى. ئادەمنىڭ ماڭغان يولى، ئۇ يولنىڭ مەنزىلى بىلەن قەدىرلىك. چۈنكى مەنزىل قانچە ئۇلۇغ بولسا يوللىرىمۇ شۇنچە مۇشەققەتلىك بولىدۇ، يولچىلارمۇ شۇنچە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەيدۇ. بۇنداق يوللار يولچىلاردىن قۇربان بېرىشنى، قىممەتلىك نەرسىلەردىن ئادا - جۇدا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر سىز شۇ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەشكە تەييار بولسىڭىز، ئاندىن بۇ يولنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، شۇ ئۇلۇغ مەنزىلگە يېتىپ بارالايسىز. ئەكسىچە بولغاندا، سىز ھامان يېرىم يولدا قالىسىز. ئەنە شۇ جاپالىق يوللاردا كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى مۇنداق يارقىن ۋە ئوتلۇق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن ئىدى:

شەرقنىڭ ئازاتلىقچۈن مىڭ جېنىم بولسا پىدا
مەقسەت ئەرمەس مالۇجاھۇ راھەتۇ ئايۋان سارا،
مىللىتىمدىن گەر ۋاپا كەلسۇن ماڭا خاھى جابا
بەلكى قوزغار ھىممىتىمنى ھەر زامان بەرگەچ نىدا،
دىن ئىلە ئىنسانلىقۇ ۋىجدان ئىلە سىدقۇ ساپا.

مەن ۋەتەن قۇربانىمەن سەئىيەيلىگۈم جانىم بىلەن
چۈن ۋەتەن ئازاد بولسا كۈشەشۇ قانىم بىلەن
نۇسرەتنى غەيبىگە تەسدىقۇ ئىمانىم بىلەن
بۇ سائادەت بەسكى، ھەمراھ ئولسا ئەكفانىم بىلەن
دىن ئىلە ئىنسانلىقۇ ۋىجدان ئىلە سىدقۇ ساپا.

ھەر زامان پەرياد ئېتەر بۇ جانۇ بۇ خاكى بەدەن،
ئاھ مىللەت! ئاھ تۈرك! ۋە ئاھ پاكىز ۋەتەن،
قۇرتۇلۇرمۇ ئول ۋەتەن، خاك ئولغۇچە بۇ جانۇ تەن،
قۇرتۇلۇر ئارى ئەگەر سەندە ئىسە بى شۇبھۇ زەن،
دىن ئىلە ئىنسانلىقۇ ۋىجدان ئىلە سىدقۇ ساپا.

تىنمىغايمەن تا تىرىكمەن ھەر زامان پەرياد ئېتىپ
ئول ئۇلۇغ تۈركىستانىمنى ھەر نەپەستە ياد ئېتىپ
ھەر تەرەپ مىللەت ئۈچۈن ماتەم سارا بۇنياد ئېتىپ
ئۇشبۇغە مەجبۇر ئېتەر ھەردەم مېنى مۇنقاد ئېتىپ
دىن ئىلە ئىنسانلىقۇ ۋىجدان ئىلە سىدقۇ ساپا.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ مەنزىلى ھەقىقەت ئىدى. ئۇ شۇ مەنزىلدە ئەركىنلىك، ئازاتلىق كۈرەشلىرىنىڭ بوشۇكىنى قايتىدىن تەۋرەتمەكچى ئىدى. بۇ مەنزىل ئۈچۈن ئۇلار تولەشكە تېگىشلىك بارلىق بەدەللەرنى تولىگەن ۋە ئاخىرى مەنزىلگە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىغان ئىدى. كارۋان يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرسلا لاداخقا يېتىپ باراتتى. ئۇلار ھارغىن قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئالدىدىن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر كارۋاننى كوردى. ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل كېلىۋاتقان ئىككى تەرەپتىن كارۋان بىر - بىرىگە قاراپ يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قۇلاقلىرىغا يېقىملىق ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى. دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىكى بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەل تاۋۇشلىرى ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى كورۇپ شۇنچىلىك بەختىيارلىق ئىچىدە، قۇچاقلىشىپ كورۇشتى، ئاندىن ھازا ئېچىپ يىغلاشتى. ئۇلار بىر چەتتىن خوشال بولسا، يەنە بىر چەتتىن قايغۇلۇق كوز ياشلىرىنى توكتى، شۇ دەمدە خوشاللىق بىلەن قايغۇلار بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. كىچىك رىزا بىلەن پاتىمەنىڭ خوشاللىقى ئالەمچە بولۇپ، بۇ خۇشاللىق بارلىق قايغۇلاردىن غالىپ كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن مەزگىل چوڭلار بىلەن بىللە مۈشكۈل سەپەرلەرنى بېسىپ چارچىغان، ئىچى سىقىلىپ بۇ يوللاردىن جاق تويغان ئىدى. مانا ئەمدى، مۈشكۈل سەپەردە ئۇچراشقان بۇ ئىككى بالىنىڭ خۇشاللىقلىرى ئىچىگە سىغماي، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈگۈرىشەتتى، ئۇلار ھارغىنلىقىنىمۇ تۇيماي ئوينىشاتتى. بۇ كەڭ دالادا ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ، بارلىق جاپا - قايغۇلارنى ئۇنۇتقان ئىدى. كارۋانلار ئۇچراشقان جاينىڭ نېرىسىدىكى بوشلۇققا چېدىر تىكىپ، قازان ئېسىپ شۇيەردە تۈنىمەكچى بولدى.

ئەسلىدە، قارشى تەرەپتىكى كارۋان، ئۆز ۋاقتىدا ئىلچىدىن مەككە مۇكەررەمىگە ھەج تاۋاپى ئۈچۈن يولغا چىققان مۇھەممەد نىياز ھاجىم دېگەن كىشى باشچىلىقىدىكى ھەج كارۋىنى ئىدى. بۇ كارۋاندا ئامىنە بۇغرانىڭ ئانىسى سەيىدەخان ھاجىم بىلەن توققۇز ياشلاردىكى ئىنىسى مۇھەممەد رىزامۇ بار ئىدى. ئۇلار ھەج تاۋاپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كەلگەن يولىنى بويلاپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ ماڭغان ئىدى. ئۇلار مەككىدىن يولغا چىقىپ لاھورغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلاپ كەتكەنلىكىنى، خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرەتىنىڭ ئىككى ئىنىسى شاھ مەنسۇر ۋە ئەمىر ساھىبىنىڭ يېڭىساردىكى ئۇرۇشتا شېھىت بولغانلىقىنى گېزىتلەردىن ئوقۇپ، ناھايىتى قايغۇرغان، غېرىپ كوڭۈللىرى سۇنغان ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنىڭ ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە قالغانلىقىنى، قايتىپ بارسا جانلىرىنىڭ خەتەر ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆز يولىدىن يانماي، يۇرتىغا قاراپ يولنى داۋام قىلغانىدى. ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بۇنداق يولدا ئۇچرىشىپ، تۇيۇقسىز جەم بولۇپ

قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئامىنە بۇغرا ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، يولدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىدىغان، ئۆزگەرگەندىمۇ شۇنچىلىك دەھشەت ئۆزگىرىدىغان ھاۋا كىلىماتلار دەستىدىن تارتقان تالاي جاپالىرىنى بىراقلا ئېسىدىن كۆتۈرىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. ئامىنە بۇغرا بېشىدىن ئۆتكەن مۇسىبەتلەرنى ئانىسىغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپ، ئانىسىنى قۇچاقلاپ كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. سەيىدەخان ھاجىم قىزىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى سەبىر قىلىشقا ئۈندەپ، ئۈگۈت بەردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەج پائالىيەتلىرىدىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قىزى بىلەن نەۋرىسىگە سۆزلەپ بېرىپ، پۇرسەت بولغاندا مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ ھەج تاۋابى قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئامىنە بۇغرا ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، بىردەم بولسىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭىمۇ، ئانا ئائىلىنىڭ مۇرەببىيسى، غەمگۇزارى دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان، نى - نى شائىرلار ئانىلار ئۈچۈن شېئىرلار يېزىپ بىكارغا مەدھىيەلەر ئوقۇمىغان - دە. ئەلىشىر ناۋايىمۇ ئانىلار ئۈچۈن:

ئانا شەرەپ گەۋھەرىنىڭ كانى، بىل،
گەۋھەر كانى، ھەرنە دېسەڭ ئانى بىل.

دېگەن ئىدى.

ئانا بىلەن قىز تازا قىيامىغا يەتكۈزۈپ مۇڭدىشىۋاتقاندا، يەنە بىر چېدىردا ئەرلەر بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش، قايسى يولدا مېڭىش توغرىسىدا ئۇزۇن - ئۇزۇن سۆھبەتلەرگە چۈشۈپ كېتىشكەن ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز قاراشلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ يەرلەرگە ئاتلىنىشىدىكى مەقسىدىنىڭ قايتا كۈچ توپلاش ۋەتەنگە قايتىپ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىسىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، پامىر تاغلىرى ئارقىلىق يۇرتقا يېنىپ كىرىشنىڭ چارىسىنى قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. مۇھەممەد نىياز ھاجىم بولسا، «بىز داۋاملىق يۇرتقا قاراپ ئۇدۇل يول ئالىمىز، ئۆيىمىزگە تېزرەك يېتىۋالمىساق بولمايدۇ. يۇرتنى بەكمۇ سېغىندۇق، بېشىمىزغا نېمە كۈن كەلسە كەلسۇن، تەۋەككۈل پەقەت ئاللاھقا» دەپ، باشقا يۇرتداشلار بىلەن يولنى داۋام قىلىدىغان بولدى، ئۇلار شۇ گەپ بويىچە يۇرتقا قاراپ يول ئالدى. ئەمما سەيىدەخان ھاجىم بىلەن مۇھەممەد رىزالار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرالار بىلەن قالدى. كىچىك مۇھەممەد رىزا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن قالغىنىدىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى. سەيىدەخان ھاجىم بىلەن مۇھەممەد رىزا ئارقىسىغا يېنىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كارۋىنى بىلەن ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن، كەشمىرنىڭ لاداخ دېگەن يېرىگە يېتىپ كەلدى. لاداختىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كارۋىنىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى ئايرىم بىر بىناغا ئورۇنلاشتۇردى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ يەردە تۇرغان بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، «بىزگە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ» دەپ ئويلىغان خېلى كۆپ زاتلار بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما، ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يولنى داۋام قىلىپ، كەشمىرنىڭ سىرىناگار شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتى. بىر ھەپتىلىك يولچىلىقتىن كېيىن ئۇلار سىرىناگارغا

يېتىپ كەلدى. كەشمىردىكى ئۇيغۇر يۇرتداشلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئالدىغا چىقىپ، بۈيۈك بىر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلار كارۋاننى ئېسىل بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك مېھماندارچىلىقنى ئاياغلاشتۇرۇپلا، يەنە ئالدىراش ھالدا ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ئىجابىي بىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئۇ يەنە يولنى داۋام قىلىپ، ھىندىستاننىڭ ئەمرەتسەر شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە، بۇرۇن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئالاقە ئورناتقان «ئەزىز ھىندى» تەخەللۇسلۇق، ئەسلى ئىسمى غۇلام مۇھەممەد خان بولغان كىشىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئۇ كىشى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كارۋىنىنى چوڭ بىر بىناغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەمرەتسەرگە كەلگەندىن كېيىن، تۈركىيەلىك دوكتور رەمزى بەگ ئايالى بىلەن كابۇلدىن زىيارەتكە كەلدى ۋە مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە قىزغىن ھەم جىددىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىر نەچچە ئايلىق پائالىيەتلىرىدە ئەنگلىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دىپلوماتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، نۇرغۇن قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچ بىر ئىجابىي نەتىجە چىقمىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە ھەقىقىي مەنىدە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان بىرمۇ دۆلەتنىڭ يوقلۇقى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلىگە كۆكتىكى قۇياشتەك ئوپئوچۇق ئايان بولغان ئىدى. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا رول ئوينىغان تۈركىيەلىك دوستلىرى بولسۇن، ياكى ئەنگلىيەلىك ھىمايىچىلىرى بولسۇن، ھازىر ھەممىسى مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بىر جاۋاب بەرمىگەن ئىدى. بۇ زاماندىكى دۇنيا سىياسەتلىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھىندىستاندا تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقتىن ئىبارەت رېئاللىقنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا ئۆز ۋاقتىدا خوجانىياز ھاجىمنىڭ سابىت داموللامغا ئېيتقانلىرىنىڭ مەلۇم جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكىنىمۇ دەلىللىگەن بولدى. بىر قاتار دىپلوماتىك ئۇچرىشىشلاردىن كېيىن بىر قارارغا كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، يەنىلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ كۈرەش قىلماقتىن باشقا بىر يولنىڭ يوقلۇقىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئازغىنە ئىمكانلاردىن پايدىلىنىپ، پامىر ئېتەكلىرىدە قوراللىق كۈرەشلىرىنى داۋام قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال، قېيىنئانىسى سەيىدەخان ھاجىم بىلەن ئائىلىسىنى ھەج تاۋاب قىلىش ئۈچۈن مەككىگە يولغا سېلىۋەتتى. ئاندىن مۇھەممەد رىزانى ئىنگلىز ۋە ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن غۇلام مۇھەممەد خاننىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇپ، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «ئابدۇللاخان»غا ئۆزگەرتىپ، 15 ئادىمى بىلەن پامىر تاغلىرىغا قاراپ ئاتلاندى. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى تازا ئەزۋەيلەيدىغان فېۋرال ئايلىرىنىڭ باشلىرى بولغاچقا، ھىندىستان چېگرالىرىدىن پامىر تاغ ئېتەكلىرىگىچە بولغان تاغ يوللىرى غىچ قار بىلەن قاپلانغانلىقتىن، ئات بىلەن يول ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئۆزلىرى يۈدۈپ پىيادە يول ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قاتتىق جۇدۇن بولغان كۈنلەردە، ئۇلار داۋاملىق مېڭىشقا ئامالسىز قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆزلىرىگە ئازراق دالدا بولىدىغان بىرەر يەرنى تېپىپ، گۈلخان يېقىپ تۈنەيتتى.

ھاۋا ئىچىلغاندا يەنە داۋاملىق نىشانغا قاراپ يول ئالاتتى. بۇ مۇشكۈل يوللاردا ئەردەمگە مەدەت ۋە ئۈمىد بېرىۋاتقىنى، يەنىلا شۇ ئانا يۇرت سۆيگىسى ئىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، ۋەتەن تۇپراقلىرىغا چاققانراق يېتىۋېلىشنى ئويلايتتى، ياقا يۇرتلاردا سەرسان ھايات كەچۈرگەندىن كۆرە، ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپراقلىرىدا دۈشمەنلىرى بىلەن ئېتىشىپ ئۆلگەنىنىڭ ئۆزى مىڭ ھەسسە ئۇلۇغ ئىش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇدۇل بىرىپ ئوخشاش بىر تىلدا پاراڭلىشالايدىغان ۋە چىرايى ئۆزىگە ئوخشايدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى، يۇرتىنى ئىللىتىدىغان ۋە روھلىرىنى ئويغىتىدىغان چۈشلەرنى كۆرەلەيدىغان مېھرى ئىسسىق يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى. ئۇ دۈشمەندىن قېچىپ قۇتۇلدۇم دەپ ئويلاپ، ئۆزىدىن سايىدەك نېرى كەتمەيدىغان ھىجران ئازابىغا تۇتۇلغانلىقىدىن بەكمۇ ئىزتىراپ چېكەتتى. مانا ئەمدى، ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ چېگرىسىغا قاراپ قارلىق تاغ يوللىرىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى، يۇرتىنىڭ چېگرىسىغا تېزرەك يېتىۋېلىشلا ئىدى. ئۇلار قاتتىق سوغۇقتا بىر ئايغا يېقىن قاقاس دالىلاردا، تاغ ئېدىرلىرىدا يول يۈرگەچكە، تومۇرلىرىدىكى قانلىرى توڭلاپ قالغاندەك ھەممە يەرلىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئىدى. مانا بۈگۈن، يول ئۈستىدە ئافغانىستاندىكى ۋاخان قەبىلىلىرىدىن بىرىگە مەنسۇپ بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ چۈشتى. ئۆينىڭ ئىچى تالادىن بەتتەر سوغۇق ئىدى. دېرىزىلىرىدە قات – قات مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، يېغىۋاتقان قار ئۇچۇپ كېلىپ دېرىزىگە ئۇرۇلغاندا، دېرىزىدىكى مۇزلار ئۈستىدە قېتىپلا كاللەك – كاللەك بولۇپ قالاتتى. قار ئۇچقۇنلىرى دېرىزىگە ئۇرۇلغاندىن كېيىنكى تاراسلىغان ئاۋاز كىشىنىڭ قەلبىگە مۇزدەك بىر دەھشەتنى ياغدۇراتتى. ئۆينىڭ لاي سۇپىسىنىڭ ئۈستىدە چۆرىلىرى تىتىلىپ كەتكەن ئەسكى كىگىزدىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. ئۇلار پەگادىكى كۆللىرى سورۇلۇپ تېشىغا چىقىپ تۇرغان ئوچاققا ئوت يېقىپ، ئۆينى ئازراق ئىسسىتتى. قايناقسۇ قايىنىتىپ يانلىرىدا ئېلىۋالغان نانلىرى بىلەن قورساقلىرىنى بىر ئاز ئەستەرلىگەندىن كېيىن، يېتىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇخلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىدى. چۈنكى ئەسكى كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بۈرگىلەر بىردىنلا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۇلارغا «ھۇجۇم» باشلىۋەتكەن ئىدى. گەرچە چىراقنى ياندۇرۇپ، كېچىچە بۈرگە قوغلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۈرگىلەرنىڭ قورشاپ كېلىشلىرىدىن ھەرگىز قۇتۇلالمىدى. كېچىچە ئۇخلىيالماي، جاق تويۇپ چىققان كىشى يەنە شۇ ئەردەم بولدى. ئۇنىڭ قېنى باشقىلارنىڭ قېنىدىن تاتلىقمىكىنتاڭ، ھەممە بۈرگىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەكرەپ، نېرى كېتەلمەيتتى، جۇدەڭ تەنلىرىدىكى تاتلىق قانلىرىنى شوراپ، ئۇنىڭغا ۋەھشى زۇلۇم قىلاتتى. ئەردەم  بۈرگىلەرنىڭ قەبىھ قان شورىشىغا چىدىيالماي، ئۇلارنى تۇتۇۋالغان ھامان مىجىپ تاشلىغۇسى كېلىپ، ئەتراپىنى كۆزىتىپ ئۇخلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇن - تىن چىقارماستىن «چىم» قىلىپلا چىقىشتەك كەسكىنلىكىگە بىر تەرەپتىن قول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ، يولۇچىلار بۇ «دوزاق»تىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ، يولغا ئاتلاندى، تالادا تېخىچە قار يېغىۋاتقان ئىدى. بۈرگىنىڭ دەستىدىن كېچىچە كىرپىك قاقمىغان ئەردەم سىرتتىكى ساپ ھاۋانى ئىچىگە تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ سۈمۈردى، ئاندىن بىر - بىرىگە سوقۇلماي، ئۆزئارا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي ھەممىسى ئۆز يولى بويىچە تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان سان - ساناقسىز قار ئۇچقۇنلىرىغا جۇدەڭ يۈزىنى ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇردى. ئۇ

يەڭگىل - يەڭگىل نەپەس ئالغاندىن كېيىن ئىچى ئازراق يورۇپ قالغاندەك بولدى – دە، يولنى داۋام قىلدى. ئۇلار نىھايەت 6 – مارت كۈنى ئافغانىستاننىڭ ۋاخان جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى. گەرچە باش باھار يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ تاغلىق رايونلاردا قارلار تېخىچە ئېرىمەي شۇ پېتى تۇراتتى. بۇنداق چاغدا پامىردىن ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشى ئىمكانسىز ئىدى. ئۇلار يولنىڭ ئېچىلىشىنى ساقلاپ بۇ يەردە ئىككى ئاي تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى.  بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا، ئۇلار سوغۇق ھەم ئۆزگىرىشچان ھاۋا ئىقلىمىدا كۆرمىگەن كۈننى كۆردى. ئەمما پامىر يولىنىڭ قارلىرى ئېرىپ يول ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، يۈرەكنى ئېزىدىغان شۇم خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدى. ئۇلار ئۇياقتىن قېچىپ ئۆتكەن يۇرتداشلىرىدىن تۇڭگانلارنىڭ خوتەن خەلقىگە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئاخباراتلارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، تاشقورغان تەرەپكە پامىر قىرغىزلىرىدىن جاسۇس يوللىدى.  ئېرىشكەن مەلۇماتلاردىن شۇ ئېنىق بولدىكى، پۈتۈن يوللارغا خىتاي ۋە رۇس ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇلار كىرگەن ھامان تۇتۇشقا تەق بولۇپ تۇرغانلىقى مەلۇم بولدى. تەبىئىي شارائىتى ئىنتايىن ناچار، كىرىش ۋە چىقىش ئېغىزلىرى پۈتۈنلەي دۈشمەن قاراۋۇللىرىنىڭ كېچە - كۈندۈز چارلىشى ئاستىدا تۇرغان يولدىن ئۆتۈپ ۋەتەنگە كىرىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئۇلارغا ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرغان تاغدەك ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىق ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئافغانىستانغا چېكىنىشىدىن باشقا يولى قالمىغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارقىغا چېكىنىشكە رايى بارمايتتى. ئەنە ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغنىڭ ئارقىسىدىكى يۇرتىغا قايتالماي چارىسىزلىك ئىچىدە بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشى، ئۇلارغا بەك ئەلەم قىلىۋاتاتتى. ئاخىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئافغان قەبىلىلىرى بىلەن كېلىشىپ ئۇلاردىن قورال ۋە ئادەم كۈچى سېتىۋېلىپ، ۋەتەن چېگرىسىدىن باستۇرۇپ كىرمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ قولىدىكى بار ئىقتىسادىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بەردى، بىراق بۇ پىلانىمۇ سۇغا چىلاشتى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالغانلىقىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى. چۈنكى، ئىلگىرى گەپنىڭ چوڭىنى قىلغان قەبىلە ئاقساقاللىرىدىن كېيىن ھېچبىر پايدىلىق سادا چىقمىغان ئىدى. ئۇلار ئادەم كۈچى ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئالتۇن - كۈمۈش تۆلەپ ئالغان قوراللارنىمۇ بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يا ئالدىغا ماڭالماي، يا ئارقىغا يانالماي، بۇرغىل چېگرا ئېغىزىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا كېيىن كېلىپ قوشۇلغان 30 پىدائىي ۋەتەنگە كىرىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇياق - بۇياققا تارقاپ كېتىشتى. ئۇنىڭ يېنىدا بارلىق جاپالارغا ئاخىرىغىچە چىداپ، چىشىنى چىشلەپ قالغىنى يەنە شۇ ئەردەم قاتارلىق ئۆزىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ۋەھالەنكى، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭمۇ ئەمدى ھېچ چىدىغۇچىلىكى قالمايۋاتاتتى. ئەردەممۇ بۇ يەردىكى قىيىنچىلىقلاردىن ۋە ۋەتەن ھەسرىتىدىن جېنى بىلەن تەڭ روھىمۇ ئۈپراپ، ھېچبىر ماجالى قالمىغان ئىدى. ئەردەم بەزىدە ۋەتەندىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچى تېخىمۇ ياناتتى، ۋەتەننىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ روھى چۈشەتتى ۋە دوستى ئەبەيدۇللاھنىڭ ھاياتىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلاتتى. چۈنكى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى يات ئەللەردە شۇنچىلىك قىيىن ھالدا تۇرسىمۇ، دوستىغا بولغان رىشتى يەنىلا ئۈزۈلمىگەن ئىدى. ئۇ دوستىغا ياردەم قولىنى

سۇنالمىغانلىقىدىن قاتتىق زەردىگۆش بولۇپ، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئاجىز، قانچىلىك چارىسىز ئىكەنلىكىنى سېزەتتى، شۇڭا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنى، ئۇ ۋەتەن تەرەپكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئىچىدە نەچچە ۋاقتىن بېرى يىغىلىپ قالغان ھەسرەتلىرىنى ۋە ھارغىن روھلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان قەلب نىدالىرىنى كۆڭلىگە تىزىلغان مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىدى:

سىيا قىلىپ قېنىمنى، تېنىمنى قەلەم،
سۆيگىنىم پەرۋىن ئۈچۈن مەكتۇپ يازدىم.
ئاققان سۇدەك زامان ئۆتتى تەنھالىقتا،
ئېھ! ۋەتەن سېغىنىشتىن ئەمدى ھاردىم.

مۇپتىلا بولدۇم دەرتكە ياش چېغىمدا،
بىر قېتىملا ئولتۇرغانىدىم يار يېنىدا.
ئەرك ئۈچۈن يۈردۈم تالاي مۈشكۈل يولدا،
غازاڭدەك ئۇچۇپ ھەريان، ئەمدى ھاردىم.

گۈلىمىز ئېچىلمايلا بىۋاق سولدى،
نوتىمىز كۆكلىمەستىن قۇرۇدى، سۇندى.
سېغىنىشتىن قەلبىم پىراق، دەرتكە تولدى،
كېزىپ تاغ - داۋانلارنى ئەمدى ھاردىم.

كۈنلەر، ھەپتىلەر ۋە ئايلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ، ئەتىيازغا ئۇلىشىپ يازمۇ كېلىپ قالغانىدى. بۇنداق چاغدا تاغ باغرىنىڭ مەنزىرىسى ئالاھەت گۈزەللىشىپ كېتەتتى. ئەتراپنى قاپلىغان گۈل - گىياھلارنىڭ كىشىنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلىدىغان شېرىن پۇراقلىرى، كۆكتە پەس ھەم ئېگىز ئۇچۇۋاتقان رەڭمۇ - رەڭ، خىلمۇ - خىل قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، تاغ باغرىنى قاپلىغان ھەرخىل ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان سېھىرلىك لاتاپىتى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس بىر بارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇ مەنزىرىلەر چېلىقمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كېچە ھەم كۈندۈز سېغىنىدىغىنى ئەتراپنى تاقىر تاغلار بىلەن قۇملۇقلار ئوراپ تۇرغان، ئۈستىنى كۆك ئاسمان يېپىپ تۇرغان ئاشۇ قۇرغاق ئىقلىملىق يۇرتىلا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كونىلار «يېلىقسىمۇ ياغ ياخشى، كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان – دە!

ئەنە شۇ مەزگىللەردە، ئافغانىستان چېگرا ئەمەلدارلىرى ئابدۇللاھخاننىڭ ئەمەلىيەتتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى پايتەخت كابۇلغا مەلۇم قىلدى. ئافغانىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ نېمە مەقسەت بىلەن چېگرادا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئافغانىستان چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا يوليورۇق بەردى. ئۇلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن رەسمىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ

سۆھبەتلەردە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز مۇددىئاسىنى ئېنىق قىلىپ: «پەقەت ئۆز يۇرتۇمغا قايتىش ئۈچۈن بۇ يولغا ئاتلانغان ئىدىم. ۋەھالەنكى ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرغىنىڭلاردەك، ئالدىغا ئىلگىرىلەش يولۇم توسۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالدىم. ئەگەر بۇ قىيىنچىلىقىمنى نەزەرگە ئالغان ئافغانىستان ھۆكۈمىتى مېنىڭ كابۇلغا بېرىپ بىر مۇددەت تۇرۇشۇمغا ئىجازەت بەرسە، كابۇلغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇنداق جىددىي بىر قارارنى ئېلىشىنىڭ تۈرلۈك ئاساسلىرى بار ئىدى. بىرىنچىدىن، ئالدىدىكى يولنىڭ ۋەتەنگە ئەمەس، ئۆلۈمگە تۇتاشقان بىر يول ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ يەردىكى يەرلىك قەبىلىلەردىن كۈتكەن ئۈمىدى پۈتۈنلەي كۆپۈككە ئايلانغانىدى. ئۈچىنچىدىن، بۇ يەردە ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇۋاپىق ھەربىي بازا قۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەندىن بارغانسېرى دەھشەتلىك شۇم خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، بولۇپمۇ خوتەن دىيارىنىڭ ھالى ھال ئەمەس، خەلقىنىڭ كۈنى كۈن ئەمەس ئىدى. خوتەنگە تەۋە بولغان قاغىلىق، گۇما، قاراقاش، ئىلچى، لوپ، چىرىيە، كېرىيە، نىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلىگەن ما خۇسەن، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي قوشۇنىنىڭ بارلىق خىراجەتلىرىنى خوتەن خەلقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىي قوشۇنىدا ھەربىي لاۋازىمەت باشقارمىسى، ھەربىي ئەسلىھە باشقارمىسى، ھەربىي قانۇن باشقارمىسى، سىياسىي تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى، ھەربىي ئات – ئۇلاغ باشقارمىسى، ھەربىي دوختۇرلۇق باشقارمىسى، مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى قاتارلىق باشقارمىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ خىراجىتى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. تۇڭگانلار ئۆزلىرىنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، توپچىلار قىسمى، مىلتىقچىلار قىسمى، ساقچى قىسمى، ئاتلىق قىسىم، قىلىچ - نەيزە قىسمى قاتارلىق ئەسكىرى كۈچىگە تايىنىپ، خوتەن خەلقىنىڭ ئۈستىدىن قاتتىق ھەربىي دىكتاتۇرلۇق تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن خەلقتىن مەجبۇرىي ئەسكەر ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەللە - پاراق يىغىپ خەلقنىڭ كۈنىنى دوزاختىن بەتتەر قىلىۋەتكەن ئىدى. نۆۋەتتە، ما خۇسەننىڭ خوتەندىكى ئومۇمىي ئەسكىرى سانى 13 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئەسكەرلەر تۇڭگانلارنىڭ خوتەندىكى ئىشغالىيەتچى ھاكىمىيىتىنى قوغداشتىن باشقا، يەنە خوتەننىڭ يەرلىك كان بايلىقلىرىدىن قاشتېشى ۋە ئالتۇنلارنى قازاتتى. ئۇلار ھەددى - ھېسابسىز بايلىق توپلاش ئۈچۈن خوتەننىڭ دەريا ۋادىلىرىنى، تاغلىرىنى چاشقاندەك كولاپ، ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇلارنى ئاز دەپ بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق، قاتىللىق قاتارلىق ئېغىر جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، خوتەن خەلقىنىڭ بېشىغا بالا ياغدۇرۇۋاتاتتى. ھەتتا ما خۇسەن خوتەندە ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل تارقىتىپ، خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى قۇرۇق قەغەزگە تېگىشىۋېلىشقا ئۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ زالىملىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى ئۇنىڭ خوتەن خەلقىغە سالغان ئالۋاڭ - سېلىقلىرى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە 40 خىلدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. يەنى، يەرگە قويۇلغان ئاساسلىق باجلاردىن ھېسابلىنىدىغان غەللىدىن باشقا، ئۆشرە ۋە دەن ئاشلىقى بېجى؛ چۆرىمە ئاشلىق (بوغازغا كېلىدىغان ئاشلىق) بېجى، ئاتلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ھەر بىر مو يەرگە قاراپ ئېلىنىدىغان ئارپا قاتارلىق ئاشلىق سېلىقى؛ ئاتلار ئۈچۈن كېپەك، سامان، ئوت - چۆپ سېلىقى؛ كىيىم - كېچەكلەر ئۈچۈن چەكمەن، پاختا يىپ سېلىقى؛ ئائىلىلىرىنىڭ توپلەيلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ جابدۇقلىرى ئۈچۈن خۇرۇم، چەم، تېرە

سېلىقى؛ يوتقان ـ كۆرپىلىرى ۋە گىلەم، خۇرجۇنلار ئۈچۈن يۇڭ ۋە يۇڭ يىپ سېلىقى. ئاتلارنىڭ يۈگەن، تاقىلىرى ئۈچۈن ۋە قىلىچ، مىستەك، بومبا، ئوق ـ دورىلارنى ياساش ئۈچۈن تۆمۈر، مىس، چويۈن، قوغۇشۇن، قەلەي، تۇچ قاتارلىقلار سېلىقلار بار ئىدى. ئۇندىن باشقا مىنىش ئۈچۈن ئات، يېيىش ئۈچۈن قوي ـ كالا، توخۇ ـ ئۆردەك، كەپتەر قاتارلىق سېلىقلار، يەنە تېخى جىگدە يىلىمى، ئۆرۈك يىلىمى سېلىقى، قاشتېشى سېلىقى، تۈلكە (چاپانلىرىغا ياقىلىق ئۈچۈن) تېرىسى سېلىقى قاتارلىق سان ـ ساناقسىز سېلىقلارنى خەلقنىڭ ئۈستىگە قۇمدەك ياغدۇرۇۋەتكەن ئىدى. تۇڭگانلار يەنە قول ـ ھۈنەرۋەنلەرنى مەجبۇرىي تۇتۇپ ئەكېلىپ ھەقسىز ئىشقا سالدى. يەنى ياغاچچى، ماشىنىچى، تامچى، سۇۋاقچى، كىگىزچى، جۇۋىچى، موزدۇز، جۇۋازچى، تۆمۈرچى، گىلەمچى، ساتىراچ، ئاشپەز، خامچى (چەكمەنچى)، مىسكەرچى، بوياقچى، ئاتقۇچى (پاختا ئاتقۇچى)، قوشۇقچى (تاماق يەيدىغان ياغاچ قوشۇق ياسىغۇچى)، بورىچى، ساندۇقچى، تاغار ـ خۇرجۇنچى، تۇماقچى، ئېگەرچى، زەرگەر، سېۋەتچى، ئەلگەكچى، شاخاچى (سوپۇن ياسىغۇچى)، قەغەزچى، نوختىچى، مەشچى، قازانچى (بومبا قويۇش ئۈچۈن)، تاشچى، تۈگمەنچى، تۇزچى، بۆزچى، ساراچ (ئىگەر ـ جابدۇق تىككۈچى) قاتارلىق 40 خىلدىن ئوشۇق ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ ئەكىلىپ مەجبۇر ئەمگەككە سېلىپ، سىمكارىنى بەرمەيتتى. مانا مۇشۇنداق ئېغىر زۇلۇمنىڭ دەستىدىن، خوتەن خەلقى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن خانى ـ ۋەيرانچىلىققا دۇچار بولۇۋاتاتتى. ئەگەر ئۇلار بۇ سېلىقلارنى تۆلىمىسە ياكى ھاشارلارغا كۆنمىسە، تۇڭگانلار ئۇلارنى باغلاپ ئۇرۇپ، تېرىسىنى تەتۈر سوياتتى. ھەتتا بىر قېتىم ئالەمدىكى ئەڭ ۋەھشىيلىكنى تۇڭگانلار بۇ ماكاندا قىلغان ئىدى. ئۇلار 36 ئۇيغۇرنى تۇتۇپ ئەكىلىپ، ئالتىدىن تىزىپ، ئالتە سەپ قىلىپ تۇرغۇزدى. بىرىنچى سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ بۇرنىغا سىم ئۆتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە چاتتى، ئىككىنچى سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ قۇلىقىدىن سىم ئۆتكۈزدى، ئۈچىنچى سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ دولىسىدىن سىم ئۆتكۈزۈپ چاتتى، تۆتىنچى سەپتىكى ئالتە ئادەمنىڭ ئالقىنىدىن تېشىپ سىم ئۆتكۈزۈپ چاتتى، بەشىنچى ۋە ئالتىنچى سەپتىكى 12 ئادەمنىڭ قولىنى كەينىگە قىلىپ سىم بىلەن باغلاپ ئوراپ، ھەممىسىنى يالاڭ باش قىلىپ يۈكۈندۈرۈپ، قىلىچ بىلەن چاناپ ئۆلتۈردى. شۇ كۈنلەردە تۇڭگانلارنىڭ زۇلمى چەككە يېتىپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار خەلقنىڭ يىلىكىنى سۈمۈرۈپ، گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى يېپىنچا قىلىپ، ئەل ـ يۇرتنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋاتاتتى. دەرد ـ ئەلەمدە زەردىگۆش بولۇپ ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. تالاي ـ تالاي قىز ـ چوكانلارنىڭ يۈزى تىلىغاندى، موماي ـ بوۋايلارنىڭ كۆزى ياشلاندى، يېتىملەرنىڭ بېشى ئېگىلدى، پالۋانلارنىڭ قانلىرى سەل بولۇپ ئاقتى. ئەسلىدىلا قەبرە كۆپ خوتەن ۋادىسىدا، ئەمدى قەبرىلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشتى ۋە قىرى توغراقلار رەڭلىك لاتىلارغا پۈركەندى.

بۇ زۇلۇملارغا چىدىمىغان ئەبەيدۇللاھ ئۆز يىگىتلىرى بىلەن تۇڭگانلارغا قارشى كۈرەش يولىغا ئاتلاندى. ئۇ ئۆز يىگىتلىرىنى قايتا توپلاپ، تۇڭگانلارغا قارشى قاراقاشتىكى ئەگرى سايدا قوزغالماقچى بولدى. بۇ ئۇچۇردىن خەۋەردار بولغان قۇم ئېرىقلىق دانا تاز دېگەن خائىن، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق تۇڭگان قىسىملىرىنىڭ قوماندانى لەڭ پۇگوەن دېگەن تۇڭگان ئوفىتسېرغا چېقىپ قويىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لەڭ پۇگوەن دەرھال ئىلچىدىكى باشقوماندانلىق شتابىغا خەۋەر قىلدى ۋە دەرھال قاراقاشقا ئەسكىرىي يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالدى. لەڭ پۇگوەن ئەسكەرلىرىنى تەقلەشكە باشلىغان چاغدا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مىرزا كېرەم

دىگەن كىشى ئۆز ئادىمىنى بىر پارچە خەت بىلەن ئەبەيدۇللاھنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئەبەيدۇللاھ پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن بىللە كېچىلەپ يول يۈرۈپ، دۇۋا پاششىيىمغا قېچىپ كەتتى. چۈنكى، كېلىۋاتقان تۇڭگانلار سانىنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپلىكى توغرىسىدىكى مەلۇمات خەتتە ئېنىق يېزىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ تاغلىق رايونلارغا قېچىپ بېرىپ، تۇڭگانلارنى شۇ يەردە جايلىماقچى بولغان ئىدى. تۇڭگانلار ئەتىسى قاراقاشقا بېسىپ كەلدى ۋە ئەبەيدۇللاھنىڭ قوروسىدىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى مورىنى مولجالغا ئېلىپ ئوق ئېتىپ، قىڭغىيىپ ئاران تۇرغان مورىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى. ئوق ئاۋازىدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئەبەيدۇللاھنىڭ دادىسى جالالىدىنخان يۈگۈرگەن پېتى تالاغا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا قوراللىرىنى تەڭلەپ تۇرغان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى كۆرگەن جالالىدىنخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، قول باغلىغان پېتى قېتىپلا قالدى. ھەش - پەش دېگۈچە ئەسكەرلەر جالالىدىنخانىنىڭ قوللىرىنى ئارقىغا قايرىپ، چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى. ئارقىسىدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ چىققان سەيدىنىسە خېنىم جالالىدىنخانىنىڭ باغلاقلىق تۇرقىنى كۆرۈپ، ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئەبەيدۇللاھنىڭ ئاللىقاچان ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان لەڭ پۈگۈەن جالالىدىنخانغا قاراپ، «ئەبەيدۇللاھ نەدە، دەرھال ئالدىمغا كەلسۇن!» دەپ جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، تەھدىت سالدى. ئۆز پەرزەنتىنى جېنىنى تىكىپ قوغدايدىغان جالالىدىنخان ئەلۋەتتە بالىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھەرگىز ئېيتمايتتى. شۇڭا ئۇ بىلمىگەن قىياپەتتە، لەڭ پۈگۈەننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ: «مەن ئەبەيدۇللاھنى كۆرمىگىلى تۆت يېرىم ئاي بولدى، باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھازىر ئەگرى ساي دېگەن يەردە ئويناپ يۈرگەنمىش» دېدى. بۇ گەپلەرگە قەتئىي ئىشەنمىگەن لەڭ پۈگۈەن غەزەپلىنىپ، جالالىدىنخاننى چوغۇندەككە ئېسىپ قويىدى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان جالالىدىنخانىنىڭ ئىنىسى مەمتىلىخان يۈگرەپ كېلىپ، لەڭ پۈگۈەنگە نەچچە تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاكىسىنى قويۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇردى. ئۇ لەڭ پۈگۈەنگە ئەبەيدۇللاھنىڭ خەۋىرىنى ئۆزى ئەكىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. لەڭ پۈگۈەن ئون كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ، جالالىدىنخاننى قويۇپ بەردى. مەمتىلىخان بىلەن ئەبەيدۇللاھخان يەردە ياتقان سەيدىنىسە خېنىمنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزدى، ئۇنىڭ ئېغىزىغا سۇ قۇيۇپ، چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ يۈرۈپ، بىرھازادىن كېيىن ھۇشىغا ئاران كەلتۈردى. ئاندىن ئۈچى ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىرىنى ئوبدان پىشۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەمتىلىخان ئېتىنى توقۇپ، دۇۋا پاششايىمغا ئات سالدى. بىراق ئەبەيدۇللاھ بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن پۈشنىڭ تېغىغا قاراپ كەتكەن ئىدى. مەمتىلىخان پاششايىمنىڭ شەيخلىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، يولنى يەنە داۋام قىلىپ تاغنىڭ باغرىغا كەلگەندە، ئات تۇياقلىرىنى ئاڭلىغان ئەبەيدۇللاھ تاغىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەمتىلىخان باشلىرىغا كەلگەن بالالارنىڭ ھەممىسنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، ئۇ بۇندىن كېيىن ئۆزلىرىگە قاراقاشتا ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەبەيدۇللاھ تۇڭگانلارغا ھەرگىز تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى، تۇڭگانلار بىلەن ئاداققىچە جەڭ قىلىپ شېھىت بولۇش يولىنى تاللىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى تۇڭگانلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇپ، دادىسى ۋە ئانىسى بىلەن ھەرەمگە دەرھال كېتىشىنى ئېيتتى. ئۇ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا - ئانىسى بىلەن تىرىك تۇرۇپ رازىلاشتى ۋە ئۇلار بىلەن ئۇ دۇنيادا

كۆرۈشۈدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەبەيدۇللاھنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان مەمتىلىخان ئىچىدە «ئوغۇل بالىكەنسە!» دەپ، ئاپىرىن ئېيتسا ئېشىدا ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىش توغرىسىدا ئازراق نەسىھەت قىلغان بولدى. ئاخىرى ئۇ ئەبەيدۇللاھ بىلەن قۇچاقلىشىپ ۋىدالىشىپ، ئارقىسىغا ياندى. مەمتىلىخاندىن خەۋەر كۈتۈپ ياتقان تۇڭگانلار ئۇنىڭدىن ئەبەيدۇللاھنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى، مەمتىلىخانمۇ ھېچ يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا: «ئەبەيدۇللاھنى ئىزدىسەڭ، پۇشنىڭ تېغىغا چىققىن» دېدى. لەڭ پۇگۇەن دېگەن تۇڭگان ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ دەرھال تاغقا قاراپ ئاتلاندى. تۇڭگانلار تاغ باغرىغا كېلىپ، ئېگىز داۋانغا چۆمۈلىدەك يامىشىشقا باشلىدى. قاراۋۇلدا تۇرۇۋاتقان ئەبەيدۇللاھنىڭ ئىككى يىگىتى ئۇلارنى كۆردى ۋە دەرھال ئەبەيدۇللاھقا خەۋەر قىلدى. ئەبەيدۇللاھ داۋاندىن تۆۋەنگە شۇنداق قاراپلا، تاغقا چىقىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ سانىنىڭ قۇم - تۇپراقتەك شۇنچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئەبەيدۇللاھنىڭ يېنىدىكى بىر قىسىم پىدائىيلار، «تۇڭگانلارنىڭ ئوقىدا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، شۇنچە كۆپ ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز» دەپ، تاغنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ قېچىپ كەتتى. ئەمدى ئەبەيدۇللاھنىڭ يېنىدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن خوشلىشىپ قايتقان چاغدىكى يىگىتلىرىلا قالغان ئىدى. ئۇلار ئېگىز - ئېگىز قورام تاشلارنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋاتقان تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى مولجالغا ئېلىپ ئوق ئاتتى. جەڭ ئەنە شۇنداق باشلىنىپ كەتتى. لېكىن تۇڭگانلارنىڭ سانى شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ئۇلارنى ئېتىپ تۈگىتىشكە ئەبەيدۇللاھنىڭ يىگىتلىرىنىڭ ئوقى ھەرگىز يەتمەيتتى. بۇ چاغدا، ئەبەيدۇللاھ يىگىتلىرىگە ئۆزىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشنى ئەمر قىلدى. ئەمما، يىگىتلەر: «مۇشۇ كەمگىچە بىللە ئويناپ چوڭ بولدۇق، نۇرغۇنلىغان جەڭلەردە بىر - بىرىمىزگە يار بولدۇق، دالا - چۆللەردە تەڭ يېتىپ تەڭ قوپتۇق ۋە نېمە تاپساق تەڭ يەپ، تەڭ ئىچتۇق. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، سېنى يالغۇز تاشلاپ ھەرگىز كەتمەيمىز، ئۆلسەك تەڭ ئۆلىمىز، تىرىك قالساق بىرگە كېتىمىز. بىز سېنى تاشلاپ قويۇپ، بۇ يەردىن تىرىك جېنىمىزنى ئېلىپ كېتىپ، جالالىدىنخان خوجامنىڭ تەرىگە قانداق قارايمىز. ئەبەيدۇللاھ نەدە قالدى؟ دەپ سورىغىدەك بولسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالايلى ئەبەيدۇللاھ ئاداش! قاچساق بىللە قاچايلى، بولمىسا سېنىڭ بىلەن بىللە جەڭ قىلىمىز، ئوتقا كىرسەڭ بىللە كىرىمىز، سۇدا ئاقساق بىللە ئاقىمىز، سەن بىزگە ھەزرىتىمىنىڭ ئامانىتى» دەپ، ھەرگىز كەتكىلى ئۇنىمىدى. مۇشۇ تالاش - تارتىشلار بولۇۋاتقاندا، تۇڭگانلار چاققانلىق بىلەن يۇقىرىغا ئىلگىرىلەپ، ھەر تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. ئەبەيدۇللاھ بىر تۆۋەنگە، بىر ئۆزىگە ئەندىشە بىلەن قاراپ تۇرغان پالۋانلىرىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن يەنە ئەمر قىلدى: «سادىغاڭغا كېتەي پالۋانلىرىم، بىزنىڭ بۇ يەردىن تىرىك قۇتۇلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا سىلەر مېنىڭ ئەمرىمگە قارشى كەلمەي، بارلىق ئوقلىرىڭلارنى، بومبىلىرىڭلارنى ماڭا قالدۇرۇپ، دەرھال چېكىنىڭلار! ھە، راست! ئانام بىلەن دادام سورىسا، ئاخىرەتتە كۆرۈشىمىز دەيدۇ، دەڭلا! قېنى ئەمدى ھېچ ۋاقىت قالمىدى، قېچىڭلار پالۋانلار!» دەپ ۋارقىردى. ئارىسالدا قالغان پالۋان يىگىتلەر ئامالسىز يانلىرىدىكى ئوقلىرىنى ئەبەيدۇللاھقا قالدۇرۇپ، چېكىنىپ كەتتى. ئەبەيدۇللاھ چاشقاندەك ئىتتىك ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان تۇڭگانلارغا قارىتىپ، يۇقىرىدىن قول بومبىلىرىنى ئاتتى، كۈچلۈك پارتلاشتىن كۆتۈرۈلگەن سادالار بىلەن تەڭ، ئۇششاق تاشلار

دۈشمەن تەنلىرىنىڭ پارچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەتراپقا چېچىلدى. كۆتۈرۈلگەن ئىس - تۇتەكلەر ئارىسىدا ئەبەيدۇللاھ دەرھال ئورنىنى يۆتكەپ، شۇنچىلىك چاققانلىق بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئوق ياغدۇردى. ئەبەيدۇللاھ تۇتقانلارنى ئۆلتۈرگەنسېرى ئازايماي ئەكسىچە كۆپىيىۋاتقاندەك، دۈشمەنىنىڭ سانى شۇنچىلىك جىق ئىدى. ئۇ دۈشمەننى شۇنچە ئېتىپمۇ، ئۇلارنى چېكىندۈرەلمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ، «ھېچ تەسلىم بولمايمەن! ئەڭ ئاخىرقى بىر پاي ئوقۇم قالغۇچە جەڭ قىلىمەن» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە ئانت ئىچتى. ئۇ ھېچ ئۆچمىگەن، ئەمما ئەمەلگىمۇ ئاشمايۋاتقان ۋە ئۇنى ئۆلۈم دەرۋازىسى ئالدىغا سۆرەپ كېتىۋاتقان غۇۋا بىر ئۈمىدىنىڭ ھاياجانى بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بۇ جەڭدە ياردەمدە بولۇۋاتقىنى پەقەت ئەتراپىدىكى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا ياراۋاتقان تاشلاردىن باشقا يەنە ئۆزىگە مەدەت بېرىپ كۈلۈپ تۇرغان كۆكتىكى قۇياش ۋە قەلبىنى جۇغلىغان مىللىي روھ بىلەن ئىمانى ئىدى. ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتقان لەڭ يۈگۈەن ئەبەيدۇللاھ بىلەن يۈزمۇ - يۈز جەڭ قىلسا ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى بولغاي، دەرھال بىر قىسىم ئەسكەرلىرىگە تاغنىڭ يان تەرىپىدىن قورشاپ كېلىشكە بۇيرۇق بەردى. دۈشمەن ئوت كۈچى ئەمدى ئۆچكەندەك بولدى، ئەبەيدۇللاھ پەسلەپ قالغان ئوق ئاۋازلىرى ۋە سۇسلىشىپ قالغان ئوت شوللىرى ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆككە باقتى. ئۇ ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كۆك يۈزىگە قاراپ، يېڭى بىر دۇنيانىڭ تاڭ نۇرىنى كۆرگەندەك بولدى. چۈنكى ئۇ بىر سائەتتىن بېرى پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان دۈشمەنىنىڭ باشلىرى بىلەن تاشلاردىن كۆز ئۈزمىگەچكە، دۇنيانىڭ ئەڭ سۈزۈك ئەينىكىنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغانلىقىنىمۇ سەزمىگەن ئىدى. كۆك يۈزى خۇددى تۇتقانلار ۋە ئۆزىگە تەكشى قاراپ، «ئەي ئىنسانلار! ئەي تاغلار! ئەي ئاستىمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلار! سىلەر مەندەك سۈپسۈزۈك ۋە گۈزەل بىر كۆك يۈزىنىڭ ئاستىدا ياشاپ تۇرۇپ، نېمىشقا بىر - بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ گۈزەل تەبىئەتنى ئوق - دورىلار بىلەن پارتلىتىپ، پاختىدەك ئاتىسىلەر؟ ماڭا قاراڭلار، مەن سىلەرنىڭ ئەينىكىڭلار، ماڭا قاراپ ئۆزۈڭلار ئۈستىدىن تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھاياتلىقىڭلار ئۈچۈن ياشلىرىمنى يامغۇر قىلىپ، ماكانىڭلارنى كۆكەرتىپ، قارنىڭلارنىڭ تويۇشى ئۈچۈن زىرائەتلەرنى سۇغاردىم، سىلەر ئۈچۈن كۈندۈزى كۈننى، كېچىلىرى ئاي بىلەن يۇلتۇزنى قوينۇمدىن چىقاردىم. سىلەر مېنىڭ جېنىم ھەم كۆزۈمنىڭ نۇرى بولىسىلەر، ماڭا سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار، ۋەدەڭلار، قىلغان ئىبادىتىڭلار كېرەك ئەمەس، ماڭا پەقەتلا سىلەرنىڭ ياخشى ئەمەلىڭلار كېرەك، سىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلماي تىنچلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان ھاياتىڭلار كېرەك. سىلەر مۇشۇنداق ئۇرۇشۇپ، بىر - بىرىڭلارنىڭ قانلىرىنى تۆكسەڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن قانداقمۇ ئازابلانماي تۇرالايمەن؟ مېنىڭ ئازابلىرىم چېكىگە يەتكەندە، قەھرى - غەزەپكە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟» دەپ نىدا قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تۇيۇقسىز، ئەبەيدۇللاھنىڭ ئارقا تەرىپىدىن تۇيدۇرماي كەلگەن تۇتقان ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىلبۆرىلەردەك تاشلاندى - دە، ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالدى، ئۇلار ئۇنى باغلاپ تاغدىن ئېلىپ چۈشتى. تۇتقانلار ئۇنى ئۇدۇل ئىلچىغا يالاپ ئېلىپ كەتتى ۋە خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، «بىزگە قارشى چىققاننىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى مۇجىماقچى بولدى. ئەبەيدۇللاھنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى ئاڭلىغان يۇرت ئاقساقاللىرى لەڭ يۈگۈەننىڭ ئالدىغا بېرىپ، «ئونبەش چارەك

(300 سەر) ئالتۇن بېرەيلى، ئەبەيدۇللاھنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇن بەش كۈن كېچىكتۈرسەڭ» دەپ يالۋۇردى. ئۇنبەش چارەك ئالتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان لەڭ پۇگۇەن، «بەرىبىر ئۆلتۈرىدىغان بولغاندىكىن، بېرىدىغان ئالتۇننى ئېلىپ ئۆلتۈرمەيمەنمۇ» دەپ ئويلاپ، ماقۇل بولدى. ئەمما، ئەبەيدۇللاھنى زىندانغا تاشلاپ، قاتتىق قىيىندى. تۇڭگانلارنىڭ جاللاتلىرى ئەبەيدۇللاھنىڭ ئىككى قولىنى كېرىپ، تامدىن ئىككى غېرىچ چىقىپ تۇرغان چوغۇندەككە قادالغان پولات ھالقىلارغا باغلىدى، ئىككى پۇتىنىمۇ قولىغا ئوخشاش باغلاپ، چوغدەك قىزىغان داغمالنى ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا ئوينىتىپ تۇرۇپ، مەيدىسىگە يېقىپ داغلىدى، قاتتىق كۆيۈك ئاغرىقىغا چىدىمىغان ئەبەيدۇللاھ ئارقىسىدىكى تامغا قەغەزدەك چاپلىشىپ كەتتى. قولىدىكى قىزىق داغمالنى ئەبەيدۇللاھنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ، دېۋەيلەپ كەلگەن جاللاتلار ئۇنىڭغا، «ئادەملىرىڭ نەگە قاچتى؟ ئېيت! بولمىسا پۈتۈن بەدىنىڭنى داغلاپ كاۋاپ قىلىۋېتىمەن» دەپ ۋارقىراپ، بار ھەيۋىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولدى. ئەبەيدۇللاھنىڭ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرگۇدەك ھالى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاچچىق بىر كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، مەسخىرە بىلەن جاللاتقا تىكىلدى ۋە: «مەن بىلمەيمەن، بىلگۈڭ بولسا ئۆزۈڭ ئىزدەپ تاپ، ئۇلار نەگە كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى مۇشۇ دىيار تۇرسا، ئۇلار قاچاي دېسىمۇ سەنلەردەك قاچىدىغان تۆشۈكى يوق. ئالدىرىمىساڭ ئۇلار بەرىبىر سەنلەرنى ئىزدەپ كېلىدۇ. سەن قولۇڭدىكى ئۇ قىزىق داغمال بىلەن مېنى ئۆزۈڭگە باش ئەگكۈزەلمەيسەن. سېنىڭ ياققان ئوتۇڭ پەقەت مېنىڭ تېرەمنى ئېتىمنىلا كۆيدۈرەلەيدۇ. ئەمما، ئىمانىمغا، روھىمغا ھەرگىز تەسىر قىلالمايدۇ. سەن ئۇ ئوتنى ماڭا قانچە ياققانسېرى، مېنىڭ روھىم قارا تۆمۈردەك شۇنچە تاۋلىنىدۇ. بىز بۇ زېمىنىنىڭ ئىگىلىرى بىز يىراقتىكى ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان توغراقلارغا ئوخشايمىز. بىز يۇكسەكلىككە، قۇياش نۇرىغا، ئەركىنلىككە چىقىش ئۈچۈن قانچە كۆرەش قىلغانسېرى، مۇشۇ تۇپراققا شۇنچە يىلتىز تارتىمىز، شۇڭا بۇ زېمىندىن ئايرىلماي، سەنلەرنى قوغلاپ چىقارغۇچە كۆرەشنى داۋام ئېتىمىز» دېدى. ئەبەيدۇللاھنىڭ ئېغىزىدىن پىلمۇتنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۆزلەرنىڭ زەربىسىگە چىديالماي قالغان جاللات، بار ئۆچىنى بىراقلا ئېلىش ئۈچۈن داغمالنى ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە بار كۈچى بىلەن ياقتى. قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەبەيدۇللاھنىڭ تېنىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆيۈك ئەت پۇرىقى قاراڭغۇ زىنداننىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئاندىن ھەممە يەر تىمتاس جىمىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ھۇشىدىن كەتكەن ئىدى. گەرچە ئەبەيدۇللاھ ئۆتكۈر تىغلارنىڭ بىسىغا ئۆزىنىڭ گۆش ۋە ئۇستىخانلىرى بىلەن، قىپ - قىزىل چوغدەك قىزارغان داغمالغا پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان تېرىسى ۋە تومۇرىدا قايناپ تۇرغان قانلىرى بىلەن قارشى چىققان بولسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ قەبىھ قىيناش ئۇسۇللىرى ئالدىدا ئۇنىڭ ئاجىز تېنى ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، پۈتۈن ئالەمدە ھاياتى قىل ئۇستىدە تۇرغان بۇ باھادىر ئەزىمەتكە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان بىرەر ئادەم يوق ئىدى. ئاستا - ئاستا پېتىۋاتقان قۇياش ئۆزىنىڭ زىندان دېرىزىسىدىن شۇڭغۇغان ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن يىگىتنىڭ ھوشسىز ھالەتتە ئېسىغلىق تۇرغان بەدىنىنى قان رەڭگىدە بوياپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالەم زۇلمىتىگە چۆكمەكتە ئىدى.

زېمىنىنىڭ ھەرقانداق جايىدا بىر ئىنسانغا ياكى بىر قەۋمگە قىلىنغان ھەرقانداق جىنايەت، ھەرقانداق ياۋۇزلۇق، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان جىنايەت ھەم ياۋۇزلۇقتۇر.

گەرچە كۆپلىگەن ئىنسانلار بۇ جىنايەتتىن، بۇ ياۋۇزلۇقتىن شۇنچە يىراق ۋە تامامەن بىخەۋەر بولسىمۇ، ھەتتا بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلىشنى خالىمىسىمۇ ياكى بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمغان تەقدىردىمۇ، بۇ جىنايەت ۋە ياۋۇزلۇق بەرىبىر ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق. چۈنكى، مەيلى جىنايەتنى، ياۋۇزلۇقنى سادىر قىلغۇچى بولسۇن، مەيلى ئاشۇ جىنايەت ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ مەسۇم قۇربانلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەر بىرى پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان بىر پارچە، خالاس. شۇڭا، بۇ زۇلۇم يالغۇز ئاشۇ كىشى ياكى ئاشۇ قەۋمگە قىلىنغان زۇلۇم بولماي، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان زۇلۇم، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۆتكۈزگەن جىنايەت ۋە ياۋۇزلۇقتۇر. ئەگەر ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئىنسان دەپ بىلىپ، قىلغان ياخشى – يامان ئىشلىرىنىڭ ئىنسانىيەتكە شەرەپ ياكى نومۇس كەلتۈرىدىغانلىقىنى چۈشەنسە ئىدى، بۇ دۇنيادا ئىلاھىي ئادالەت ھەقىقىي مەنىدە تەجەللى بولغان بولاتتى، بۇ دۇنيادىن زۇلۇم بىلەن ئۇرۇشلار ئەبەدىلئەبەد يوقىلىپ، ھايات مەڭگۈ گۈزەللىككە تولغان بولاتتى.

ئەبەيدۇللاھنىڭ ئۇن بەش كۈن ھايات قېلىشى ئۈچۈن پۈتۈن بىساتىنى سېتىپ، ئونبەش سەر ئالتۇننى جايلاپ لەڭ پۇگۇەنگە تاپشۇرغان سەيدىنىسە خېنىم، ئىككى كۈندىن كېيىن مىڭ بىر مۇشەققەتتە بالىسنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ، ئىلچىدىكى زىنداندا يېتىپ كەلدى. گۇندىپاينىڭ ئارقىسىدىن قورقۇنچ ئىچىدە ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىپ كىرگەن ئانا، ئۆز ئوغلىنىڭ بىر باغلام زېغىر پاخلىنىڭ ئۈستىدە پۈتۈن ئەزايى جاراھەت ئىچىدە كىشەنلەنگەن ھالدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئانا ئېتىلىپ بېرىپ ئوغلىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سۆيۈپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئانىسىنىڭ مېھرىلىك سۆيۈشلىرىنى، قارا چاچلىرىنى سىلاشلىرىنى خۇيمۇ سېغىنغان ئەبەيدۇللاھ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا تارام - تارام ياش تۆكتى. ئۇ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل چاغلارنىڭ بالىلىق دەۋرلىرى ئىكەنلىكىنى، ئاتا – ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئۆتمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشقا، ياخشى بىر ئەسلىمىسىنىڭ يوقلۇقىنى، ئاشۇ زامانلاردىن تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ مۇكەممەل بىر زامانىڭمۇ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ بۇنداق تۇيغۇ ھەممە ئادەمگە ئورتاق بولىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەجىر قىلىدۇ، بۇ يولدا كۆپلەپ جەۋر - جاپالارنى چېكىدۇ، پەرزەنتلىرىگە ئەڭ ساپ ۋە غەرەزسىز نىيەت بىلەن كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلىدۇ. مانا بۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ گۈزەل سوۋغا ۋە تەربىيەدۇر. بىر ئادەم  بالىلىق دەۋرلەردىكى شۇ گۈزەل تەربىيەلەرنى قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، بۇ ھاياتقا قەدەم باسسا، تا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك بولۇپ ئۆتىدۇ. ئالدىغا قانچىلىك قىيىنچىلىق چىقسا چىقسۇن، قانچىلىك جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتسا - تارتسۇن، شۇ گۈزەل ئەسلىملەرنى، گۈزەل چاغلارنى ئەسلەپ روھى مەڭگۈ تالماي، ئارقىغا چېكىنمەي، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئىنسان ھاياتىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ئەسلىملەر ئەنە شۇ ئۆتمۈرلۈك چاغلاردىكى گۈزەل ئەسلىملەردۇر. ئاشۇ چاغلاردىن قالغان بىر گۈزەل خاتىرە ۋاقتى كەلگەندە سىزنى پېتىپ قالغان پاتقاقچىلىقتىن سۆرەپ ئەچىقىپ، قۇرۇق، پاكىز ۋە داغدام بىر يولغا سالىدۇ. مانا ھازىر، ئېغىر قىيناشلاردىن پۈتۈن ئەزايى شىكەستىلەنگەن ئەبەيدۇللاھ دۇنيادىكى ئەڭ يۇمشاق، ئەڭ ئېسىل ماموق ياستۇق ھېسابلىنىدىغان ئانا قۇچىقىغا باش قويۇپ، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئاشۇ گۈزەل خاتىرىلەرنى خىيال قىلماقتا ئىدى. ئانىنىڭ مۇقەددەس قۇچىقىدا، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى، بىر پۈۋلىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان پەيدەك يېنىك

بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئازاب ئىچىدە تۇرۇپ خۇشاللىق تۇيغۇسى بىلەن بارلىق رەستىلەرنى ئايلىنىپ چىققانلىقىغا قاراپ، ئۆزىنى بىر چوڭ كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۆزىنى شېرىن ئۇيقۇنىڭ ئەڭ لەززەتلىك چاغلىرىنى ئۇخلاۋاتقاندەك، ئەگەر ئويغىنىپلا كەتسە، پۈتۈن بەختى، خۇشاللىقى بىردىنلا يوق بولۇپ كېتىدىغاندەك ئەنسىزلىك ئىچىدە ھېس قىلدى. ئۇ ئانىسىنىڭ تېخىچە ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرغانلىقىنى ئەسكە ئالدى – دە، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، ئانىسىنىڭ مەڭزىدىكى قورۇق ئېرىقچىلىرىدىن سىزىۋلۇپ ئېقىۋاتقان ياشلارنى ئاجىز قوللىرى بىلەن سۈرتتى. ئاندىن ئانىسىغا تەسەللى بېرىشكە يۈزلەندى: «يىغلىما ئانا، يىغلىما. كۆز ياشلىرىڭنى تۆكمە. بۇ كۆز ياش تۆكىدىغان چاغ ۋە جاي ئەمەس. مېنى كەچۈرگىن ئانا، ساڭا لايىق بىر ئەۋلاد بولالمىدىم، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم. مەن ئۆز رازىلىقىم بىلەن جەڭ قىلدىم، ئۆز پالۋانلىرىمىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۆزۈمنى قۇربان قىلدىم. ئۇلارغا ھاياتلىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارمىغاننى سۇنغانلىقىمدىن ئالەمچە پەخىرلىنىمەن. سەنمۇ پەخىرلەن ئانا! ئەمما سېنى نائۈمىدتە قويغانلىقىم ئۈچۈن، سېنىڭ مۇبارەك كۆزلىرىڭنى ياشلىغانلىقىم ئۈچۈن، سېنىڭ يۈرىكىڭگە سېغىنىش، ھىجران دەرد - ئەلەملىرىنى سالغانلىقىم ئۈچۈن، ساڭا ھەسسىلەپ قەرزدارمەن. مېنى كەچۈر ئانىجان، مېنى چۈشەنگىن، بۇ ئۇرۇشنى بىز قوزغىمىدۇق، بىز ئۇرۇش ئىستىمىدۇق، بۇ ئۇرۇشنى تۇڭگانلار قوزغاتتى، ئۇلار كېلىپ ھەربىرىمىزنىڭ جان يېرىدىن ئۇردى، ئۈستىمىزگە ۋەھىمىلىك پالاكەت بولۇپ چۈشتى. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەركى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن جانلىرىمىزنى پىدا قىلىپ، تاجاۋۇزچىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى توغرا تاپتۇق. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق مىللىتىمىزگە، ئىنسانلىقىقا قانداق لايىق بولالايمىز، ئانا!؟ مېنىڭ ئارزۇيۇم قەھرىمان بولۇش ئەمەستى، بەلكى ئاددى بىر بالا، تولىمۇ ئاددى بىر ئادەم بولۇشتى ئانا. ئەمما رەھىمسىز رېئاللىق بۇنىڭغا يول قويمىدى. جېنىم ئانا! ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مېنىڭ تولىمۇ توغرا بىر يولنى تاللىغانلىقىمنى ھېس قىلىسەن. مەندىن رازى بول ئانا! ئوغلۇڭ ھەقىقەتەن شەرەپلىك بىر يولدا ماڭدى. بۇنىڭغا بىر كۈنلەردە تارىخ جاۋاب بېرىدۇ، تارىخ مەن ئۈچۈن داستانلار يازىدۇ!»

باليسىنىڭ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان يۈزلىرىگە، مەيدىسىدىكى كۆيۈكلەرگە، زەخىم يېگەن پۇتلىرىدىكى سوغۇق قارا كىشەنگە قاراپ يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولغان سەيدىنىسە خېنىم، ئوغلىنىڭ كۆز چاناقلىرىغا چۆكۈپ كەتكەن قارا كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ: «ئاھ ئوغلۇم، نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتقانسەن، مەن سېنىڭدىن ئىككى دۇنيا رازى، سېنىڭدەك بىر ئوغۇل تۇغقانلىقىمدىن ئالەمچە خوشالمەن. ئەمما، سېنىڭ بۇ ھالىڭ مېنى بەكمۇ ئازابلاۋاتىدۇ، سېنى بۇ زىنداندىن تىرىك قۇتۇلدۇرۇشقا داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۈچى يەتمىدى. بىز قاراپ تۇرۇپ سەندىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، تىرىك تۇرۇپلا ئۆلۈۋاتىمىز. دۇنيادا ئۆز باليسىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب ئىش بارمۇ؟ سەن تېخى ياش ئىدىڭغۇ، سېنىڭ تېخى نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ بار ئىدىغۇ، مەن سېنى ياشلا ئۆلۈپ كېتىش ئۈچۈن تۇغقانمۇ؟ داداڭ ئىككىمىزنىڭ كۈچى سېنىڭ ئۆمرۈڭنى ئاران ئونبەش كۈن ئۇزارتىشقىلا يەتتى. ئوغلۇم! بۇ دۇنيادا بۇندىن كېيىن سېنى كۆرەلمەيمەن، داداڭ ھازىر زىنداننىڭ سىرتىدا قالدى. شۇنچە يالۋۇرساقمۇ داداڭنىڭ سېنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلمىدى. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دىدارلىشىشىمىز. ئەلۋىدا، ئوغلۇم! بىزمۇ ھايال ئۆتمەي ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمىز، سەنمۇ بىزنى كەچۈر، بىزدە

ھەققىڭ بولسا سەنمۇ رازى بول. بىزنىڭ ھەققىمىز ساڭا ئوغۇز سۈتۈمدەك ھالال بولسۇن!» دېدى، ئادەم بالىسى كۆتۈرەلمەيدىغان دەردلەرنى تارتقان جاپاكەش ئانا، بالىسىنى باغرىغا چىڭگىدە بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن بېشىدىكى ئاپئاق داكا ياغلىقىنى ئېلىپ، ئوتتۇرىسىدىن كۈچەپ تارتىپ يىرتىپ ئىككىگە بۆلدى – دە، ئاۋايلاپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئىككى پۇتىدىكى كىشەننىڭ ئىككى ھالقىسىغا داكىلارنىڭ ھەربىرىنى ئەپچىل قىلىپ ئورىدى. ئەمدى ئەبەيدۇللاھنىڭ يارىلانغان پۇتلىرىنىڭ بېغىشلىرى مۇزدەك كىشەننىڭ ئاچچىق ئاغرىتىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغدا گۇندىپاي قوپال ئاۋازى بىلەن: «ۋاقىت توشتى، بولدى قىل، ماڭ، چىق ئەمدى» دەپ ۋارقىراپ كەلدى ۋە سەيدىنىسەخان ئانىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا سۆرەپ ماڭدى. پاختىدەك ئاپئاق چاچلىرى چۇۋۇلغان ئانا ئوغلىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئەلۋىدا، ئوغلۇم! ئەلۋىدا، دەپ چىرقىرىدى. ئىككى قولىنى يەرگە تىرەپ ئورنىدىن ئاران تۇرغان ئەبەيدۇللاھ ئانىسىغا قاراپ، يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەلۋىدا ئانا! ئەلۋىدا دادا! دادامغا سالام دېسىلە ئانىجان! ئەلۋىدا يۇرتداشلار! ئەلۋىدا شېھىدانە خوتەن! ئەلۋىدا پۈشىنىڭ تېغى! مېنىڭ سىلەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، مېنى ئۇنۇتماڭلار!» دەپ بار كۈچى بىلەن توۋلىدى.

ئونبەش كۈن مۆھلەت تولغان كۈنى پېشىن ۋاقتىدا، تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئەبەيدۇللاھ ۋە كېيىن تۇتۇلۇپ قالغان توققۇز پالۋاننى ئىلچىنىڭ ئات بازىرىغا يالاپ ئاپىرىپ، يۈزىنى ئەسكى تامغا قارىتىپ قاتار تۇرغۇزدى. بۇ قەدىمىي كوچا ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئەمما تۇڭگان ئەسكەرلىرى خالايىقنى پالۋانلارنىڭ يېنىدىن 100 قەدەم نېرىدا توراپ، ئۇلارنى يېقىن يولاتمىدى. بەش ئەسكەر بەش پالۋاننى مولجالغا ئېلىپ تۇردى، لەڭ پۇڭگۈەننىڭ بىر قول ئىشارىتى بىلەن بەش مىلتىقتىن تەڭلا ئېتىلغان بەش پاي ئوق بەش پالۋاننى يەرگە يىقىتتى. مىلتىقلىرىغا دەرھال يەنە بەش پاي ئوقنى بەتلىگەن ئەسكەرلەر ئەبەيدۇللاھ بىلەن تۆت پالۋاننى مولجالغا ئالدى. دەقىقە ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئەبەيدۇللاھ بىلەن تۆت پالۋانغا ئوق تەگدى. تۆت پالۋان يەرگە قىڭسىيىپ يىقىلدى. ئەبەيدۇللاھقا ئېتىلغان ئوق ئۇنىڭ گەجگىسىدىن كىرىپ، ئوڭ كۆزىنى بۆسۈپ چىقىپ، تامغا كىرىپ قادالغان ئىدى. ئەبەيدۇللاھنىڭ پىشانىسى تامغا بېرىپ تاقىلىپ قالدى، نەپىسىمۇ شۇ زامان كېسىلدى. ئەمدىلا 19 ياشتىن ئاشقان يىگىتنىڭ ھاياتى ئاشۇ ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى.

ھاياتتا ھەممە نەرسە ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ھېچ تۈگىمەيدىغان دەردلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن بىراقلا تۈگەيدۇ، ھېچ ئاخىرلاشمايدىغان بەخت بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتىدۇ. ماڭسا - ماڭسا تۈگىمەيدىغان يولغىمۇ ئەنە شۇ ئۆلۈم خاتىمە بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ياشاۋاتقان ئەمەس، بەلكى كېتىۋاتقان بۇ ھاياتتا، ئىنساندەك ياشاپ ئۆتۈپ كېتىشتىن باشقا يەنە قانداق ياخشى بىر يول بولسۇن؟ چۈنكى ئىنساندەك ياشىغان ئادەمنىڭ بۇ ھاياتلىق يولىدا ئىزلىرى قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ زور كۆپچىلىكى چەكسىز كەتكەن قۇم - باراقسانلىقتا ئۆسىدىغان توغراقنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار ھېچ ۋاقىت توغراقنىڭ شاخلىرىدا مەڭگۈ قالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەرگە چۈشۈپ، دەسسىلىپ - چەيلىنىپ يۇرسە، بەزىلىرى شامال قاياققا چىقسا شۇ ياققا قاراپ ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزلىرى بەلگىلەلمەيدۇ. پەقەت ناھايىتىمۇ ئاز ساندىكى ئىنسانلارلا ئاشۇ توغراقلارنىڭ غوللىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاشۇ تۇپراققا

مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ، ھەر باھاردا قايتىدىن كۆكلەپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا شامال تەسىر قىلالمايدۇ، ئۇلار ئۆز ئىرادىسىنىڭ كۈچى بىلەن جايىدىن مىدىرلىماي تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆز يولىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. باشقا بىر كۈچ ئۇنىڭغا تەسىر قىلالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ھاياتلىق كۈچى ئۆزىدىن كېلىدۇ. ئەبەيدۇللاھ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ روھقا ئىگە، ئەنە شۇنداق ئىنساندەك ياشىغان باھادىر پالۋان، ئىبىسلىق قوماندان، ياخشى دوست، ياخشى بالا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن تارىختا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەبەيدۇللاھتەك شانلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ، شاھادەت شەربىتىنى ئىچىش ھەممە كىشىگە نېسىپ بولمايدۇ. چۈنكى، شاھادەت جانىدىن، مالىدىن ۋە نەپسىدىن ۋاز كەچكەنلەرگە نېسىپ بولىدىغان ماقام. ئۇ - بۇ قۇتلۇق كۈرەش يولىدىن قەتئىي قايتمىغانلارنىڭ ماقامى.

لەڭ پۇگۇەن ئەبەيدۇللاھنىڭ جەسىتىنىمۇ پۇل قىلدى. ئۇ ئەبەيدۇللاھنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى قاراقاش ئەھلىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، قاراقاش ئەھلى ئىككى يېرىم سەر ئالتۇن تۆلەپ، جەسەتنى لەڭ پۇگۇەننىڭ قولىدىن ئېلىپ، شېھىدلەر مازارلىقىغا دەپنە قىلدى. بۇ دۇنيادا، ما خۇسەننىڭ قول ئاستىدىكى لەڭ پۇگۇەندەك كىشىلەر كۆپىنچە ئۆزىنىڭ زالىم ھۆكۈمدارلىرىدىن بەتتەر زالىم بولىدىكەن. ما خۇسەندەكلەرنىڭ ۋەھشىي قىلمىشلىرى كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى لەڭ پۇگۇەندەك چاكارلىرىنىڭ ۋەھشىيلىك ئاچلىقىنى تويدۇرالمايدىكەن. خۇددى رىم ئىمپېراتورىنىڭ پەلەستىندە تۇرۇشلۇق ۋالىيسى بىلادو ئىيسانى قويۇپ بېرىش نىيىتىگە كېلىپ تۇرسا، ۋالىينىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنى كىرېست ياغىچىغا مىخلاپ ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغىنىدەك.

بۇ رەھىمسىز جاھاندا لەڭ پۇگۇەندەك زالىم چاكارلار باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشنى، ۋەھشىيلىك قىلىشنى، مەزلۇملارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئويۇن - تاماشاغا، كۆڭۈل ئارامىغا ۋە پۇل تاپىدىغان ئەپلىك تىجارەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ ھاياتتا ھەممىدىن مۇھىم بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان، ئۇ بولسىمۇ ئىلاھىي ئادالەت! پۈتۈن جاھان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قېلىپ، زۇلۇم ھەممە يەرگە يېيىلسىمۇ، ھەق يولچىسى رەببىنىڭ ئۆزىنى ئۇنۇتمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. شۇنچە كۆپ ئەسكىلىك، پىتنە - پاسات ھۆكۈم سۈرگەن، زالىملار غالىپ كېلىپ ئېزىۋاتقان زامانلاردا ئۈمىدسىزلىككە پاتماستىن، ئىستىقبالنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ساداسىنىڭ ھەق ۋە ھەقىقەتنىڭ ساداسى ئىكەنلىكىگە پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىشىنىدۇ. مانا بۇ ئىماندۇر، مانا بۇ مىللىي روھتۇر. ھەق يولچىسى ئەسكىنىڭ شەھىرىدىن قورقۇپ ھەرگىز يولىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

شۇندىن مۇقەددەم ئەبەيدۇللاھنىڭ باتۇرلۇقىنى، مەرتلىكىنى، ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى مەدھىيەلەيدىغان «ئەبەيدۇللاھخان» ناملىق داستان، خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ خوتەن دىيارىدا كەڭ تارقالدى. كۆپ ئۆتمەي بۇ داستان تاغلار ئاتلاپ، چۆللەر كېزىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۇلۇڭ – پۇشقاقلىرىغىچە يېيىلدى. ئازغىنە كەم بىر ئەسىردىن بۇيان، كىچىك باللاردىن تارتىپ ئاق چاچلىق بوۋاي - مومايلارغىچە بۇ داستاننى ئېيتىپ كەلمەكتە.

«........................

..................................
سەيدىنسە خېنىم ئەمدى،
كېسەل بولاپ ياتقانىكەن،
قېشىغا خەۋەر كىردى:
- ئەبەيدۇللاھنى ئەكەلدۈك.
شۇنداققىنا دېگەندە،
ئورنىدىن يىقىلىپ قوپاپ،
دەرۋازى ئالدىغا چىقسا،
جېيغىنى كۆرگەن چېغىدا،
ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.
ھۇشىغا كەلگىنىدە،
جېيغىنىڭ قېشىغا كېلىپ،
يۈزىنى ئۆرۈپ قالىسا،
قىزىل قاندا بويىلاغلىق،
ئوڭ كۆزلىرى ئويىلاغلىق،
ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەمدى،
يەنە ئايلىنىپ چۈشتى.
ھۇشىغا كېلىپ ئەمدى،
قارا بوراندەك ياش تۆكتى:
ئىمامى ئەپتەر ھەيۋەتلىك،
كۆلچەك سۈيى شەرۋەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
ئەبەيدۇللاھ رەھمەتلىك.

دەريا سۈيىنى كەچتۈك،
كۇلا كۆۋرۈكىنى كەستۈك.
تۇڭگان قولىغا چۈشكەندە،
قىزىل قېنىڭنى چاچتى.
ئاتا - ئانىسىدىن كەتكەن
ئا بالام! ئا بالام.

ئاق قۇچقاچ ئارىسىدا،
قارا قۇچقاچقا ئوق تەگدى.
ئېگىز ئېرىق ئارىسىدىن،
ئەبەيدۇللاھقا كۆز تەگدى.
ئاق قۇچقاچ، قارا قۇچقاچ،

چا بۇغدايغىمۇ تويدۇڭمۇ؟
سەيدىنىساخان ئاناڭنى،
دەت ئۇتىدا قويدۇڭمۇ؟
ئاھ بالام!»

ئەردەم خوتەن خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق پاجىئەلەرنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ جانجىگەر دوستى ئەبەيدۇللاھنىڭ ۋاقىتسىز بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، مەيدىسىگە تۈگمەن تېشى كېلىپ چۈشكەندەك، يۈرىكى قىسىلىپ شۇنچىلىك ئاغرىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە ئىشلار ئاستا - ئاستا نورماللىشىدىغان بۇ ھاياتتا، ئەردەممۇ بۇ ئازابلىق كۈنلەرگە كۆنۈشكە باشلىدى. ئۇ بىر مەزگىل، «ئەبەيدۇللاھتەك شېھىدلارنىڭ تەقدىرى شاھادەت بىلەن بىرگە يېزىلىدۇ. ئەمما، مېنىڭ تەقدىرىمگە دەردلىك ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدىكى ۋەتەن ھەسرىتى يېزىلغان ئوخشايدۇ» دەپ ئۈمىدسىزلىككە پاتقان بولسا، كېيىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ شۇنچىلىك قىيىن، چارىسىز قالغان چاغلاردىمۇ ھېچ تەمتىرەپ قالماي ۋە ھېچ ئۈمىدىنى يوقاتماي، يېڭى بىر چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن قاتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇپۇقنىڭ يورۇق نۇرلىرى پارقىراشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ئۆز خىيال دۇنياسىدا ئۆز ئۆزىگە تەسەللى، مەدەت ۋە ئۈمىد بېرىپ، ئۆزىنىڭ تەرزىگە تازا ماس كەلمەيدىغان پەيلاسوپلارچە خىياللارنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى: «دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك قەھرىمانلارنى ياراتقان ۋە يارىتىۋاتقان بىر يەر بار دېيىلسە، ئۇ يەر دەل شەرقىي تۈركىستان دىيارى، شېھىتلەرنىڭ ئانا يۇرتى خوتەن! خوتەن دەل مېنىڭ يۇرتۇم! مانا بۇ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى مېنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. ۋولقاندەك ئېتىلىپ ماگمىدەك يامرىغان ۋەتەن سۆيگۈسى پۈتۈن جان – جىسمىمنىڭ ئەڭ تېرەن يەرلىرىگىچە كىرىۋاتىدۇ. كۆزلىرىم ۋە قەلبىم بۇ نۇر بىلەن يورۇۋاتىدۇ. ھاياتتا سېنى يولۇڭدىن توسۇدىغان ئۈمىدسىزلىكلەر بار بولغىنىدەك، يەنە سېنى باشقا بىر يورۇق يولغا باشلايدىغان ئىشارەتلەرمۇ بار. يۈرىكىڭنى كۆيدۈرىدىغان پالاكەتلەر بار بولغان بولسا، يەنە ئۇ يۈرەكلىرىڭدىكى جاراھەتلەرنى ساقايتىدىغان مۆجىزىلەرمۇ بار. دېمەك، بۇ ھاياتتا ھەر نەرسىنىڭ ئۆز يېرى، ھەر سوئالنىڭ جاۋابى، ھەر كېسەلنىڭ شىپاسى، ھەر يولنىڭ مەنزىلى بار. سەۋر قىلىپ تىرىشقانلار چوقۇم مەقسەتكە، مەنزىلگە يېتىدۇ، ھايات دېگەن مانا مۇشۇ. مەرھابا يېڭى ھايات!»

ئىزتىراپ، ھەسرەت، ھىجران ئازابلىرى ئەقلىلىق ۋە تېرەن تۇيغۇلارغا ئىگە كىشىلەر ئۈچۈن نورمال ھادىسە. ئۇلار ھەرۋاقىت ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ غېمىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن، ھەسرەت، ھىجران ئازابلىرىنى تارتىشتىن ئىبارەت  مەسئۇلىيەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. ئۇلار بۇنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ دەردلەر، ئازابلار، قىيىنچىلىقلار ئاستىدا مىجىلىپ قالمايدۇ، ئەكسىچە يىقىلغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ، دائىم ئالغا قاراپ يول ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇغان ئىرادىلىك، جەسۇر ۋە يىراقنى كۆرەر كىشىلەر.

بۇ ئارىدا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىر تەرەپتىن ئافغان ھۆكۈمىتىدىن كېلىدىغان خەۋەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى ئاللاھتىن تىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ تاغلىق رايوندا ئۇزاق يېتىپ

كېتەرمىزمۇ دەپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئەندىشىگە چۈشكەن سەپداشلىرىغا سەۋر قىلىشنى، ئۈمىدنى يوقاتماسلىقنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇ بىر كۈنى كۆڭلىنى راھەت تۇتۇپ، رىشىت دېگەن يىگىتنى ئەمرەتسەر شەھىرىگە يولغا سالدى. چۈنكى ئۇ يەردە مۇھەممەد رىزا بار ئىدى. بۇ چاغلاردا ئەمرەتسەرگە شەرقىي تۈركىستاندىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىشكە باشلىغان ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەج تاۋابى ئۈچۈن خوتەندىن كەلگەنلەر بولسا، بەزىلىرى تۇڭگانلارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان ئۇيغۇرلار ئىدى. مۇھەممەد رىزا رىشىت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەككىگە يولغا چىقىشنى، ۋە ھەج تاۋابى ئاخىرلاشقاندا، ئانىسى ۋە ھەدىلىرى بىللە بىرگە بومباي ئارقىلىق كابۇلغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد رىزا رىشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا يەنە مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ مەككىدە ئانىسى ۋە چوڭ ھەدىسى ئامىنە ھاجىم، كېيىن ھەج ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن كەلگەن كىچىك ھەدىسى ھەبىبەخان ھاجىم قاتارلىقلار بىلەن دىدارلاشتى. ئۇلار ئۇزۇندىن ئۇزۇن پاراڭلاشتى. چۈنكى ھەبىبەخان ھاجىم ھەج تاۋابىنى قىلىپ بولغاچقا، ئائىلىسى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا تەرەددۇت قىلىشۋاتاتتى. بۇ چاغدا سەيىدەخان ھاجىم قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي ئىككى ئوتتۇرىلىقتا قالدى. بۇنداق جىددىي قارارلارنى ئېلىشقا دۇچ كەلگەندە، ھەممىدىن ئىبغىر بەدەللەرنى تۆلەيدىغان كىشى يەنىلا شۇ ئانا بولاتتى. سەيىدەخان ھاجىمنىڭ بىر يېقىدا ۋەتەننىڭ ئىللىق مېھرىگە تۇتاشقان يول، يەنە بىر يېقىدا ئۆزىنىڭ جىگەر پارىسى، كەنجىۋاي ئوغلى مۇھەممەد رىزانىڭ مېھرى چۈشكەن ۋەتەننىڭ كەلگۈسىگە سوزۇلغان ئۇيۇق يولى تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى، ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنىڭ ياراملىق بىر جەڭچى بولۇپ يېتىلىپ چىقىشنى كۆزلەپ، مۇھەممەد رىزانى ئاۋۋال ئاللاھقا، ئاندىن قىزى ئامىنە ھاجىمغا تاپشۇردى. پىداكار ئانا ھىجران ئازابىدىن تىغلانغان قەلبىدىكى دەرد - ئەلەملىرىنى يۇتۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئوغلىنىڭ يۇمران، سەبىي قەلبىگە تولدۇرۇپ، كىچىك قىزى ھەبىبەخان ھاجىمنىڭ ئائىلىسى ۋە باشقا يۇرتداشلىرى بىلەن بىرگە كۆز ياشلىرىدا چۆل يوللىرىنى نەمدەپ، چوڭ بىر كارۋان بىلەن ۋەتەنگە قاراپ ماڭدى. ئامىنە ھاجىم ئانىسىنىڭ تاپىلىشىنى قەلبىگە پۈكۈپ مۇھەممەد رىزانى ئېلىپ، رىشىتنىڭ ھەمراھلىقىدا بومبايغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ دوستى سەيىد مەھمۇتخان تۆرەنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ بىرقانچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، پىشاۋۇرغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار پىشاۋۇردا ئافغان ۋىزىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاپتوبۇس بىلەن جالالئابادقا كېلىپ، ئۇ يەردە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، ئەتىسى يەنە يولغا چىقىپ، كەچتە كابۇلغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ دوستلىرى چىقىپ قارشى ئېلىپ، شەھەر مەركىزىگە يېقىن بولغان چوڭ باغچىلىرى بار بىر قوروغا ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ چاغلاردا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز ھەمرالىرى بىلەن تاغ جىلغىلىرىدا ئافغان ھۆكۈمىتىدىن كېلىدىغان خەۋەرنى ساقلاپ، زەردىگۆش بولۇپ مەنىسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ۋەتەندىن بولسا كىشىنى ئەندىشىگە، ۋەھىمىگە سالىدىغان خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىشۋاتاتتى. بۇنداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان چاغدا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قاتتىق ئەلەم ئىچىدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالىدىن، ھال - ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ، چوڭقۇر ئىزتىراپ بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ شېئىرلار يازاتتى:

هالىڭ نى بولدى ئىكەن ئايا دىلكۇشا ۋەتەن،
جەننەت كەبى خوش ئاب ئىدىڭغۇ خوش ھاۋا ۋەتەن،
غەمكىن كۆڭۈلغە سەن داۋا، ئى غەمزادە ۋەتەن،
دۈشمەن ئاياغى ئاستىدا بولدۇڭ ئادا ۋەتەن،
مىسكىن ۋەتەن، غېرىپ ۋەتەن، بىناۋا ۋەتەن.

.......................................

تۇغدۇڭ ئەخىرى بىر نەچچە ھىممەت يىگىتلىرىڭ،
جانۇ ھاياتى مەسرەپى مىللەت يىگىتلىرىڭ،
ئىززەت پەرەستلىكنى زىللەت بىلگەن يىگىتلىرىڭ،
قۇللۇق ئۇلار كۆزدە مۇسىيبەت يىگىتلىرىڭ،
مىسكىن ۋەتەن، غېرىپ ۋەتەن، بىناۋا ۋەتەن.

چىقدۇق يولۇڭدا جانلىرىمىزنى نىسار ئېتىپ،
مەيدان يۈزىنى قانلىرىمىز جۇيىبار ئېتىپ،
بىر كۈن ئىچىدە نەچچە تەرەپ كارزار ئېتىپ،
دۈشمەن ئۆلۈكلىرى بىلە كاللا مۇنار ئېتىپ،
مىسكىن ۋەتەن، غېرىپ ۋەتەن، بىناۋا ۋەتەن.

...........................

راھەت ئىرۇر يولۇڭدا ماڭا بارچە مېھنىتىم،
ئىززەت دۇرۇر كۆز ئالدىدا ئازارۇ زىللىتىم،
پىكرىڭ بىلە كۆزۈمگە كۆرۈنمەس بۇ غۇربىتىم،
جانىم ساڭا پىدا ۋە تەنى پاكى تىيىنىتىم،
مىسكىن ۋەتەن، غېرىپ ۋەتەن، بىناۋا ۋەتەن.

نىھايەت، ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن خەۋەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئافغان ھۆكۈمىتى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ سىياسي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىق شەرتى ئاستىدا، «ئابدۇللاخان يەركەندى» نامدا ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن كابۇلغا بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ خەۋەرنى ئالغان ھامان كابۇلغا قاراپ يولغا چىقتى.
كابۇل شەھىرى، ھىندىقۇش تاغلىرى باغرىدىكى كابۇل دەرياسىنى بويلاپ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۇزۇن سوزۇلغان ۋادىدا، ئەسىرلەردىن بېرى ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە تاۋلىنىپ، ئۆزىنىڭ

مىللى روھىنى يوقاتمىغان بىر قەۋمنى باغرىغا بېسىپ ياتاتتى. بۇ زېمىن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بېشىغا ئېغىر كۈلپەتلەر كېلىپ، نەگە بېرىشنى بىلەلمەي تاغ جىلغىلىرى ئارىسىدا تەمترەپ قالغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى سېخىيلىق بىلەن ئۆز قوينىغا ئالدى. ئافغانىستان دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فەيزى مۇھەممەدخان، باش مىنىستىر سەردار مۇھەممەد ھاشىمخانلار شەخسەن ئۆزلىرى بېۋاستە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا كۆپ ھۆرمەت كۆرسەتتى، بارلىق ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەمراھلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. ھەتتا، ۋاقتى كەلگەندە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئافغانىستاندىن چىقىپ پائالىيەت قىلىدىغان بىر يەرگە كېتىشىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئافغان ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدى. ھازىر ئۇ ئائىلىسى ۋە سەپداشلىرى بىلەن كابۇلنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئانچە يىراق بولمىغان چوڭ قوروغا جايلىشىپ، خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ يېڭىدىن كەلگەن چاغلاردا، بۇ تۇرالغۇدا يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەدى مېھمانغا چاقىرىدىغان كونا - يېڭى دوستلارمۇ كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، مېھماندارچىلىقنىڭ دىشۋارچىلىقلىرىدا ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا تۇيدۇرمايلا كەلگەن ئالتۇن كۈزدىكى، ياپراقلارنىڭ سارغىيىشلىرىنى، يەرگە تۆكۈلگەن غازاڭلارنىڭ ئۇياق - بۇياقلارغا مۇساپىردەك قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ئۇچۇپ يۈرۈشلىرىنى، قارا بورانلارنىڭ كۆكنى قاپلاپ، يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ، دەرەخ شاخلىرىنىڭ قايرىلىپ قاراسلاپ سۇنۇشلىرىنى، بۇلبۇللارنىڭ ئۇچۇپ كېتىپ، ئورنىغا قاغىلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى پەرق ئەتمەي، قىشنىڭ بوسۇغۇسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئەمدىلەتىن سەزگەن ئىدى. كابۇلنىڭ قىش كۈنلىرى كېلىپ، قورو ۋە كوچىلار يېڭى ياغقان قېلىن قار بىلەن كۆمۈلۈپ، بەئەينى شىمالىي قۇتۇپقىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۈگۈن بەزىلەر قورولىرىدىكى قارلارنى تازىلاش بىلەن ئالدىراش بولسا، يەنە بەزىلەر پاكار - پاكار ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىدىكى قېلىن قارلارنى يوغان ياغاچ كۈرەكلەر بىلەن تۆۋەنگە ئىتتىرىپ، كوچا تاملىرىنىڭ تۆۋىگە دۆۋىلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مانا شۇتاپنىڭ ئۆزىدە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەردەم بىلەن قورودىكى قارلارنىڭ ھەممىسىنى پاكىز تازىلاپ، قار دۆۋىلىرىنى قورونىڭ ئارقىسىدىكى باغ تەرەپكە توشۇۋەتكەندىن كېيىن، دەرۋازىنى ئېچىپ سىرتقا چىققان ئىدى. ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن كۆمۈلگەن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى يېنىغا ئېگىز دۆۋىلىۋېتىلگەن تاغدەك قار دۆۋىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئاق تېرەكلەر شاخلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارنىڭ ئېغىرلىقىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي، يەرگە قاراپ تازىم قىلىپ تۇراتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مۇشۇ كەمگىچە بۇ كوچىدا بۇنچىلىك كۆپ ئۇششاق بالىلارنى كۆرمىگەچكە، توپ - توپ بولۇپ قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقان بالىلارغا ھەيرانلىق ئىلكىدە بىردەم قاراپ تۇردى. تام تۈۋىدە قار توپىنى دۈگىلىتىۋاتقان ۋە بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان قار توپىغا قاراپ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىۋاتقان قىزى پاتىمە بىلەن مۇھەممەد رىزانى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى پاراغەتكە چۆمدى. ھازىر ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىكى ئەڭ چوڭ ئائىلىلەردىن بىرى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بەخت - تەلىيى ئىدى. ئائىلە بۇ ھاياتتىكى مۇشەققەتلىك ئۇزۇن يولدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يولنى ئۇلار سەۋر بىلەن، ئەجىر بىلەن ۋە مېھىر- سۆيگۈ بىلەن ياساپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ يان قورونىڭ پاكار سوقما تېمى ئۈستىدىكى قارلارنىڭ ئاستا - ئاستا بىرىكىپ قاتمۇ - قات

بولۇپ، خۇددى تامنىڭ ئۇستىگە سوقۇلغان يېڭى بىر تامدەك تۇرغانلىقىغا قاراپ، ئەقلىدىن بىر ئويلار كەچكەندەك بولدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يېقىندىن بېرى زۆرۈر بولمىغان بارلىق ئىشلارنى يىغىشتۇرۇپ، زېھنىنى ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەر كۈنى كابۇلدا چىقىدىغان بارلىق گېزىتلەرنى ئوقۇغاندىن سىرت، كابۇلدىكى چوڭ كۇتۇپخانىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، پارسچە، ئەرەبچە نۇرغۇن تارىخىي كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئەكېلىپ ئوقۇشقا ۋە ئۇلاردىن خاتىرە قالدۇرۇشقا كىرىشكەن ئىدى. بولۇپمۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ كابۇلدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ باش ئەلچىسى مەمدۇھ شەۋكەت ئەسەندالنىڭ تۈركىيەدىن ئەكەلدۈرۈپ بەرگەن تۈرك تارىخىغا ئائىت كىتابلىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۈچۈن قىممەتلىك بىر بايلىق بولۇپ قالغانىدى.
مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئافغانىستاننىڭ ئىچكى سىياستى ۋە دۇنيا خەۋەرلىرىگە ئائىت گېزىتلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلاتتى. ئۇ تەرەققىي قىلغان مەدەنىي دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىلىم - پەن، سانائەتكە ئائىت بارلىق خەۋەرلىرىنى، كىتابلارنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ھازىر ئەڭ قىزىقىپ ئوقۇۋاتقان كىتابلىرى يەنىلا تۈرك تارىخىغا ئائىت كىتابلار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى تۈرك تارىخىغا ئائىت  نۇرغۇن كىتاب ۋە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئۇلار ئۈستىدە تارىخنىڭ ئىلمىي مېتودىغا تايىنىپ  ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان تىللاردىكى تۈرك ۋە دۇنيا تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان 40 تىن ئوشۇق كىتابنى ئوقۇپ، سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭدى. خۇددى فاتىمە بىلەن مۇھەممەد رىزانىڭ مۇشتۇمدەك كاللەك قارنى ئاپئاق قار ئۈستىدە دۆگىلىتىپ – دۆگىلىتىپ، بوي يەتكۈسىز چوڭلۇقتىكى قار توپىغا ئايلاندۇرغىنىدەك ۋە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان ئاشۇ سوقما تام ئۈستىدىكى ئارقىمۇ - ئارقا ياغقان قارلارنىڭ ئۈستى - ئۈستىگە يىغىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاشۇ ئېگىز ئاق قار تېمىدەك، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ تارىخىي بىلىملىرىمۇ ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۈستى - ئۈستىگە يىغىلىپ، كۈندىن - كۈنگە موللىشىپ بارماقتا ئىدى. تۈرك تارىخىغا ئائىت ھەر بىر تارىخىي كىتابنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلىغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ خۇددى چوڭقۇر  دېڭىزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدىغان چاغلىرى بولاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەيرانلىقى خۇددى دېڭىزنىڭ چەكسىز - بىپايانلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا ئەمەس، بەلكى دېڭىز ئاستىدىكى خىلمۇ - خىل، رەڭمۇ - رەڭ دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىگە، بېلىقلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە، شۇنچىلىك گۈزەل بېزەلگەن دېڭىز ئاستى دۇنياسىغا قاراپ، ھەيران - ھەۋەستە بولغىنىغا ئوخشايتتى. ئۇ پۈتۈن تۈرك تارىخىنى ئۆگىنىپ، تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ، ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى تارىختا ياراتقان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى، قۇرغان ئىمپېراتورلۇقلارنى بىلىپ شۇنچىلىك ھەيران - ھەۋەستە بولۇپ، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى كۆكلەرگە تاقاشقىدەك ھالغا كەلگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىنقى زاماندىكى تارىخلار يېزىلغان كىتابلارغا نەزەر تاشلاپ، ھازىرقى رېئاللىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن چاغلىرىدا، مىللىتىمىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىرىنى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشلىرىنى، ئىلىم - مەرىپەتتىن يىراقلىشىپ، نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق چاڭ - توزانلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قىلىنۋاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىچ – ئىچىدىن

ئېچىناتتى، چوڭقۇر خىياللارغا پاتاتتى. خۇددى دېڭىز ئاستىدا تۈيۈقسىز قورقۇنچلۇق غەلىتە مەخلۇقنى كۆرگەندەك، قورقۇپ چۆچۈپ كېتەتتى. مەيلى تارىختىكى شانلىق دەۋرلەر بولسۇن، ياكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن تراگېدىيەلىك زامانلار بولسۇن، ھەممىسى تۈركلەرنىڭ پۈتۈن بىر كەچمىشى ۋە بىر پۈتۈن تارىخ ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، يەنە بىرىنى چۆرۈپ تاشلاشقا، تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ خۇددى گېرمان پەيلاسوپى گېگېلدەك، بىر دەريانىڭ ئېقىشىغا ئوخشاش دەپ قارايتتى. دەريانىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە بولغان ئېقىنلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئوخشاش بىر دەريا. بۇ دەريانىڭ بىر بۆلىكىنى دەريا دەپ، يەنە بىر بۆلىكىنى دەريا ئەمەس دەپ ئىنكار قىلىشقا بولمايتتى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بېسىپ ئۆتكەن تارىخلىرىنىڭ بىر بۆلىكىنى تارىخ، يەنە بىر بۆلىكىنى ئەمەس دەپ ئىنكار قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەتتىن قاچقانلىق. مەيلى شانلىق مەدەنىيەتلەر يارىتىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان دەۋرلەر بولسۇن، مەيلى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ گۇمران بولغان دەۋرلەر بولسۇن، ھەممىسى بىر پۈتۈن تارىخ بولۇپ، بۇلار پۈتۈن بىر گەۋدە، پۈتۈن بىر دەريا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تارىخي شەخسلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپىۋي، ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ كونكرېت ۋە كۆپ تەرەپلىملىك تارىخي مۇھىتى ئاساسىدا ئادىل تەھلىل قىلىش لازىم. ئۇلارغا ھازىرقى شارائىت ۋە بۈگۈنكى ئۆلچەم بويىچە باھا بېرىشتەك تارىخقا زىت، خاتا خاھىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تارىخي شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرى ياكى تەلىماتلىرى مەيلى ئىجابىي، مەيلى سەلبىي بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ كونكرېت مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى. جۈملىدىن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئىدېئولوگىيە تارىخىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىز تەسادىپىي ياكى يېگانە ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى ھامىلدار قىلغان تارىخي سەۋەبلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىپادىسى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز ئەجدادلىرى بۇ يەرلەرگە بىر ئىزلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەندەك، ئەنە شۇ ئىزلارنى ئىزدەش ئۈچۈن، ئېقىش يولىنى ئۆزگەرتىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان ھايات دەرياسى ئۆزىنى بۇ زېمىنغا ئېقتىپ ئەكەلگەندەك تۇيغۇغا كەلگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ئىزلارنى ئالدىدا دۆۋە - دۆۋە تۇرغان كىتابلارنىڭ سارغىيىپ كەتكەن بەتلىرىدىن ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، تارىخ بەتلىرىنى بىر - بىرلەپ ۋاراقلاپ ئوقۇپ ئۆگەندى، ئەستايىدىل ۋە تەپسىلىي خاتىرە قالدۇردى. تارىخنى ئوقۇغانسېرى، ئۇ ئۆزىنى چوڭ بىر كارۋانغا يول باشلاپ ماڭغان يولباشچى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى خۇددى ئېگىز تاغ - داۋانلار ئۈستىدىكى قەدىمي قەدەم ئىزلىرىنى ۋە چەكسىز چۆللۈكلەردىكى قۇم - بارخانلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمي كارۋان يوللىرىنى بويلاپ كېتىۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئەنە شۇ تارىخ كىتابلار ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان تارىخي يوللارنى بويلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قەدىمي ئىزلارنى دەسسەپ ماڭغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەڭ ئاخىرىدا، ئەجدادلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىزلىرىنى، كۆمۈلۈپ قالغان يوللىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئاچتى. ئۇ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ ئىزلارنى بىر - بىرلەپ يىغىپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ يىقىلمايدىغان بىر تارىخي قەلئە ياساپ چىقىشقا ئىرادە باغلىدى. بۇ قەلئە، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاب ئىدى.

ئۇ بۇ كىتابىنى قەدىمقى خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ خىتاي ئەنئەنىۋىي ئەقىدىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان خىتاي مىللەتچىلىك تارىخىي نۇقتىئىينەزەرى بويىچە ئەمەس، بەلكى تۈركىيە جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك تەشەببۇس قىلغان تۈرك تارىخىي مىللىي نەزەرىيەسى ئاساسىدا يېزىپ چىقماقچى بولدى. تۈرك تارىخىي مىللىي نەزەرىيەسى تۈرك ئالىملىرىنىڭ ھىند - ياۋروپا تارىخ نەزەرىيەسى ئاساسىدا، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىلمىي نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ تارىخىي پاكىتلارغا تايانغان ئاساستا ئوتتۇرىغا چىققان ئىلمىي، تارىخىي نەزەرىيەدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ چۈشەندۈرگەندە، تۈرك تارىخى مىللىي نەزەرىيەسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان شۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ زېمىنلار ئەزەلدىن تارتىپ تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپ كەلگەنلىكىنى، بۇ زېمىنلاردا مەيدانغا كەلگەن شانلىق مەدەنىيەتلەر دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا شەرقشۇناسلىرى گېئولوگىيە (يەر قاتلاملىرى ئىلمى)، ئېتنولوگىيە (ئىنسان گۇرۇھلىرى ئىلمى)، ئېتنوگرافىيە (مىلللەتلەر نەسلى تەتقىق ئىلىم)، ئېپىگرافىيە (قەدىمكى يېزىقلارنى ئوقۇش ئىلمى) ۋە ئارخېئولوگىيە (ئاسار ئەتىقە ئەسەرلىرىنى تونۇش - بېكىتىش ئىلمى) قاتارلىق زامانىۋىي ئىلىم - پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا شەرھلىگەن تارىخىي نەزەرىيەدۇر. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنە شۇ تۈرك تارىخى مىللىي نەزەرىيەسى ئاساسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىنسانىيەت تارىخى يارىتىلغاندىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشتەك مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە تارىخىي يولغا چىققان ئىدى. ئۇ ئۆزى خاتىرىلەپ ماڭغان تارىخىي ماتېرىياللارنى خۇرۇچ، مەنتىقلىق تەپەككۇرنىڭ كۈچى بىلەن ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنى قورال قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە ۋە شەرقىي تۈركىستان مەملىكىتىگە مەڭگۈلۈك يادىكار بولىدىغان، ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ يىمىرىلمەس قەلئەسىنىڭ بىرىنچى ئۇل تېشىنى «بىسسىملاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قويىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەمدى ئىجادىيەت دالاسىغا قەدەم باسقان ئىدى. بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ يېزىلىشقا باشلىنىشى ئۇنىڭ باسقان بىرىنچى قەدىمىدىن دېرەك بېرەتتى. ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشقا ئىرادە باغلاپ بىرىنچى قەدەمنى ئالغان چېغىدا، ھېچ ئويلاپ باقمىغان، چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بىر گۈزەل مەنزىلگە قاراپ يول ئالىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ يولدىكى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ھەقىقەتەن يۈكسەك بولۇپ، ئۇ كىتابىنىڭ بېشىدىلا تارىخ ئىلمىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ، ئاق قەغەز ئۈستىگە مۇنداق ئالتۇن جۈملىلەرنى تىزدى: «تارىخ ئىلمى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ كەيپىياتىنى، تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەلىرىنى توغرا سۈرەتتە ئۆگىتىدىغان بىر پەن. تارىخ بىلىملىرى ئىنسان بىلىملىرىنىڭ ئەڭ توغرا بولغىنى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىم بىلەن ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئىنسانلار توپلىمى ئىچىدىكى ئورنىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى مەرتىۋىسىنى بىلەلەيدۇ. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش، سائادەتكە ۋە مەدەنىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ سەۋەب ۋە ئامىللىرىنى ئۆگىتىدىغان، ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلارنىڭ باشلىرىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ۋە بۇ يوللار بىلەن مىللەتنىڭ ۋە ياكى پۈتۈن ئىنسانلىق

ئالىمنىڭ كەلگۈسىدىكى بەخت - سائادىتىنى تەمىن قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىم، مانا شۇ تارىخ ئىلمىدۇر».

ھەقىقەتەن، ئادەم ئۆزىنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇماقچى بولىدىكەن، ئۇنداقتا تارىخنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ يولدا مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ. تارىخ ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى تونۇپ يېتىش بىلەن بىرگە، يەنە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى تەدرىجىي تەربىيەلىنىپ يېتىشىدۇ. بۇنداق ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ھازىرقى ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ مىزانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ دۆلەت قۇرۇش غايىسى ۋە پەزىلەتلىك ئىجتىمائىي ئاڭنى تىكلەشنىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىلمىي سەۋىيە، دۇنيا قاراش ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، دەۋر تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن سىياسەت ئېلىپ بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىر چەتتىن تارىخ ئۆگىنىپ، بىر چەتتىن ئۆز تارىخىنى يېزىشنى كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدى. ئۇ يازغانسېرى كۆڭلى پاراغەتكە تولۇپ، دىلى يورۇدى، قەلبىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەر، قاراڭغۇلۇقلار يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قانائەت ۋە يورۇقلۇق ئىگىلىدى، ۋە ئۆزىگە بىر مۇنچە يېڭى تەسەللىلەرنى تاپتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىمى يەتكەن بۇ زېمىندا ئۆمىد مەشئىلى ھېچ ئۆچۈرمەي، ھاياتلىقتىكى ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا بولغان ۋاقتىنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەپ، ئۆتۈۋاتقان ھەربىر دەقىقىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى تىلەكلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»دىن ئىبارەت بۇ ئابىدە خاراكتېرلىق كىتابىنىڭ ھەربىر بېتىنى تېخىمۇ گۈزەل ئىلىم دۇردانىلىرى بىلەن بېزەشكە تىرىشتى. ئۇ كېچە - كېچىلەپ ئۈستەل ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، تەپەككۇر تۈلپارىنى بۇندىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلارغىچە چاپتۇردى. ئۇ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ھايات سەھناسىدا خۇددى سايىغا ئوخشاش ئىسمى بار، جىمى يوق، يا پايدىسى يا زىيىنى يوق ياشاپ كېتىۋاتقان ئادەملەردىن بولۇپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايتتى. ئۇ ھالال ئەقلىي ئەمگىكى بىلەن بۇ قەدىمىي ۋە مەدەنىي مىللەت ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆلمەس بىر ئابىدە تىكلەپ قويۇشنى ئۆزىگە ئىرادە قىلغان ئىدى. ئۇ يازغانسېرى ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە يۈرۈشۈشكە، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتلەر بىلەن تولغان ۋاراقچىلار بارغانسېرى دۆۋىلىنىشكە باشلىغان ئىدى. قىلغان ئەمگىكىدىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىچى ھۇزۇرغا تولاتتى. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، بۇ جىمجىت كېچىدە ئۇ يەنە ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ، لامپىنىڭ مەپتۇنكار سېرىق نۇرى ئاستىدا يورۇپ تۇرغان ئاق قەغەز ئۈستىگە ئۆز مىللىتىنىڭ شانلىق ۋە ھەقىقىي تارىخىنى يېزىۋاتاتتى. لامپىنىڭ يورۇقى قەغەز يۈزىنى يورۇتسا، قەغەز يۈزىگە ئۈنچىدەك تىزىلغان قۇرلار مىللەتنىڭ ئۆتمۈشىنى يورۇتماقتا ئىدى. سىرتتا بولسا 1937 - يىلىنىڭ باھار شامىلى گۈركىرەپ چىقىپ، قارچۇغا ۋە قارلىغاچلارنى چىللايتتى. ۋاقىتنىڭ بەرىكەتلىك ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، سىيلىنىۋاتقان تاش قەلەمۇ خېلىلا ئېگىزلەپ قالغانىدى. ھەر بىر تاشنى شۇنچىلىك ئەپچىللىك ۋە پەم بىلەن جايىغا قويۇپ ياساۋاتقان بۇ يىمىرىلمەس قەلئە، ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك گۈزەل ھەم مۇستەھكەم كۆرۈنۈشكە باشلىدى. قەلئە ئېگىزلىگەنسېرى مەنىۋى دۇنياسى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، روھىدا كابۇلنىڭ باھار ئايلىرىدىكىدەك رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر ئېچىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلىۋاتقان بۇ قەلئەگە قاراپ، ئۆز روھىي دۇنياسىنى

شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈشكە، ئۆزىنى تېخىمۇ سۈزۈك تونۇشقا مۇيەسسەر بولۇۋاتاتتى. ئۆزگە ئۆز كىملىكىنى تونۇتقان شۇ قەلئەنى پات يېقىندا پۈتتۈرۈپ ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى تونۇپ يېتىشىگە ۋەسىلە بولۇش ئۈچۈن، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ قەلئەنى ياساشتىن باشقا، يەنە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر قىسىم مۇھىم ئىشلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى، كابۇلدىكى ئۆسمۈر باللارنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئۇ يەرلەردە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يول ئىزدەش ئىدى. ئۇ بەزىدە كابۇلدىكى ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولغان مەمدۇھ شەۋكەت ئەسەندالنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، تۈرك تارىخى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدا سۆھبەتلەردە بولۇش بىلەن بىرگە، باللارنى ئوقۇتۇش ئىشى ئۈستىدىمۇ پاراڭلىشاتتى. ئەنە شۇنداق سۆھبەتلەرگە بارغاندا، ئەردەمگە قوشۇلۇپ مۇھەممەد رىزانىڭمۇ بىللە بارغان چاغلىرى بولغان ئىدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇلار ئەسەندالنىڭ قېشىغا قاراپ يول ئالدى، كوچا قاراڭغۇ ئىدى، ئەردەم قولىدىكى پەنەرنى كۆتۈرۈپ يول باشلاپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئوڭ قولى بىلەن مۇھەممەد رىزانىڭ سول قولىدىن تۇتۇپ ماڭغان ئىدى. كوچىلاردا چىراق بولمىغاچقا، ئەردەمنىڭ قولىدىكى پەنەرنىڭ يورۇقى قاراڭغۇ كوچىلارغا ئازراق بولسىمۇ يورۇقلۇق ئاتا قىلىۋاتاتتى. ئۇلار تار كوچىلاردىن مېڭىپ كېلىپ چوڭ بىر كوچىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەسەندالنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كەلگىنىدىن خەۋەردار بولغان ئەسەندال ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، بۇ كىشى ناھايىتىمۇ ئوچۇق چىراي، تەقى - تۇرقى كېلىشكەن، ھەقىقىي دىپلوماتلارغا خاس سالاپەتكە ئىگە خوش پېئىل ئادەم ئىدى. بۇ قېتىم ئۇلار ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتى، ئەردەم تاشقىرىقى ئۆيدىكى كىرىسلودا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆككەندى، رىزا كىرىسلونىڭ بىر ئۇچىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ، قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دۇنيا ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىنى ئەسەندالغا ئېيتتى، ئەسەندالغا بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كابۇلدىكى ئۇيغۇر باللىرىنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلەپلىرى بەكمۇ ياققان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ دەرھال تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە خەت يېزىپ، بۇ باللارنىڭ تۈركىيەدە ئوقۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئەسەندال ئەپەندى يەنە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى يالغۇز تۈركىيەدىكى تۈركلەرنىڭ دۆلىتى بولۇپلا قالماي، پۈتۈن تۈرك دۇنياسىنىڭ سىغىنىدىغان مۇستەھكەم قورغىنى. خۇددى مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك: ‹تۈركنىڭ تۈركتىن باشقا دوستى يوقتۇر، مەن تۈرك دېيىش نېمىدېگەن بەخت› دەپ ئېيتقىنىدەك، بىز ھەممىمىز بىر نەسەبتىن كەلگەن قېرىنداشلار بىز. ئۇيغۇر تۈرك ئۆسمۈرلىرىنى تۈركىيەدە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز. بىز دىنىمىز، مىللىتىمىز بىر بولغان قېرىنداش خەلق بىز. شۇڭا كابۇلدىكى ئۆسمۈرلەرنى تۈركىيەگە ئاپىرىپ تەربىيەلەش ئەڭ ئاقىلانە قارار. مەن سىزنىڭ بۇ قارارىڭىزغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ۋە قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمەن. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ دۆلەت دۇنيادىكى بارلىق تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس ۋەتىنى. ئەلۋەتتە ‹ۋەتەن› دېگەن سۆز بەكمۇ ئۇلۇغ سۆز بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ سۆز ئىككىلىك مەنىدىكى ئۇقۇم. يەنى، تاشقى ۋە ئىچكى مەنىدىن تەركىپ تاپقان ئۇقۇم.

بىرىنچى تاشقى ئۇقۇم، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجدادى ۋە ئەۋلادلىرى بىلەن ياشاپ كەلگەن ماكان، يەنى جۇغراپىيەلىك دائىرىسىدۇر. بۇ تاشقى ئۇقۇم تەبىئىي، تارىخىي ۋە رېئال ئىجتىمائىي جۇغراپىيەلىك ماكان چەمبىرىكىنى نەزەردە تۇتقان، ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن تاشقى ئاملى ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، ئىچكى ئۇقۇم بولۇپ، بۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياراتقان، ۋارىسلىق قىلغان مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي خەزىنىسى، تىل - ئەدەبىياتى، ناخشا - مۇزىك، ھۈنەر - سەنئىتى، ئۆرپ - ئادىتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش شەكلى، مىجەز - خۇلقى، ئەقىدە مىزانلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلاردىن مۇجەسسەملەنگەن مىللىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىچكى ئاملدۇر. تۇغۇلغان ھەرقانداق بىر پەرزەنت تاشقى ئۇقۇم بولغان ماكان چېگراسى ئىچىدە ۋە ئىچكى ئۇقۇم ھېسابلىنىدىغان مىللىيەتلىك خۇسۇسىيەت دائىرىسىدە بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولىدۇ. مانا شۇ ئىچكى ۋە تاشقى ئۇقۇمنى كۆرسىتىدىغان دائىرە چەمبىرىكى دەل ۋەتەندۇر.

ۋەتەن بولسا ئانىنىڭ قارنىدىن تۇغۇلغان بالىنى ئۆز باغرىغا بېسىپ، خۇددى ئانىدەك ئۆز پەرزەنتىنى ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرىدۇ، بالىمۇ ئاشۇ ۋەتەنىنىڭ قىممەت - ئېتىبارىغا، ھال - ئەھۋالىغا يېتىپ ۋە كۆيۈنۈپ، ۋاقتى كەلگەندە جېنىنى تىكىپ، ۋەتەنىنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئامىل ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىل يەنىلا ئىچكى ئامىل بولغان مىللىيەتلىك ئاملى. چۈنكى ئىچكى ئامىل تاشقى ئاملنى يارىتىدۇ. ئەگەر ئىچكى ئامىل ئاجىزلاپ، مىللەتنىڭ روھى زەئىپلىككە يۈزلىنىپ، تارقاق، قاششاق، نادان ۋە جاھالەت ئىچىدە قالسا، ئۇ چاغدا تاشقى ئامىل بولغان ماكان ئاملى دۈشمەن تەرىپىدىن ئىستىلا ۋە دەپسەندىچىلىككە ئۇچراپ، دۈشمەنىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغان ۋەتەن ئۆز پەرزەنتلىرىگە دوزاخ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت ئىچكى ئاملنى كۈچلەندۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى ئاملنى تەشكىل قىلغان ئانا تىلىمىزنى، دىنىمىزنى، تارىخىمىزنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، ئەدەبىياتىمىزنى، پەلسەپىمىزنى ۋە ھۈنەر – سەنئەتلىرىمىزنى، جۈملىدىن بىزنى بىز قىلغان، بىزنى باشقىلاردىن ئايرىپ تۇرغان بارلىق نەرسىلىرىمىزنى جان تىكىپ قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزىنىڭ ئىچكى ئاملىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن، ناھايىتىمۇ يۈكسەك سەۋىيەگە ئىگە بولغان ياش، يېڭى بىر ئەۋلادلاردىن تەشكىللەنگەن زور بىر قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تولىمۇ موھتاج. يېتىشىپ چىققان ئاشۇ يېڭى ئەۋلاد شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قايتا گۈللىنىش يولىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. نۆۋەتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ئىچكى ئاملنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان يېڭى بىر ئاۋانگارت قوشۇننى تەربىيەلەپ چىقىدىغان ئىككىنچى ۋەتەن، دەل تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدۇر. شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى تۈركىيەدە دىنىنى يوقاتماي، ئەكسىچە تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىسلامىي ئەخلاق قارىشىنى قەلبىدە يېتىشتۈرۈپ، ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆز يىلتىزىنى تېپىپ، تېخىمۇ ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇپ يېتىشىدۇ. تۈرك پەلسەپەسىنى ئۆگىنىپ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ، ئۇندىن باشقا، ماتېماتىكا ۋە باشقا تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، توغرا ھەم ئىلغار پەن - تېخنىكىلاردىن خەۋەردار ئېنژېنىر بولۇپ چىقىدۇ، ھەربىي مەكتەپلەرگە كىرىپ، ئۆزلىرىنى زامانىۋى ئىلغار ھەربى بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەپ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن

كۆرەش قىلىدىغان جەسۇر ئەسكەرلەرنى يېتىلدۈرىدىغان قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ» دېدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دوستى ئەسەندالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك راھەتلىنىپ قالدى. ئۇ يەڭگىل بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، ئەگەر تۈركىيە ھۆكۈمىتى راستىنلا ئاشۇنداق بىر ياردەمنى قىلىدىغان بولسا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى، جۇملىدىن مۇستاپا كامال ئاتا تۈرككە چەكسىز مىننەتدار بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە تۈركچىلىك ئىدىيەسىنى شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا كەڭ قانات يايدۇرۇپ، بۇ ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھۆرلۈككە، ئەركىنلىككە چىقىرىش ئۈچۈن جېنىنى تەسەددۇق ئېتىدىغانلىقىنى ھاياجان ئىلكىدە سۆزلىدى. تۈركىيەدە تەربىيەلىنىدىغان ياشلارنىڭ ئىسلام دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتمەيدىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تۈرك مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: «مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئاننىڭ ھۇجۇرات سۈرەسى 13 - ئايىتىدە، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق خىتاپ قىلىدۇ:

ئەي ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن (ئادەم بىلەن ھاۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئەر، بىر ئايالدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق...

مانا بۇ ئايەتتە ئۇلۇغ ئاللاھ بىز ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى ئۈچۈن، بىزنى ھەر خىل مىللەت قىلىپ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى قەيت قىلغان. رەڭگارەڭ گۈللەر بىر گۈل دەستە بولسا شۇنداق گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ ياراتقان ھەر ئىرقتىكى تۈرلۈك مىللەت خەلقىنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ياشىشى، خۇددى ئاشۇ رەڭمۇرەڭ گۈل دەستىسىدەك گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ يالغۇز بىر ئىرققا مەنسۇپ بىر مىللەتنىلا ياراتقان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مىللەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئوخشاش بولمايدۇ. ھېچ بىر مىللەت، ھېچ بىر رايون، ھېچ بىر خەلق، ھېچ بىر تارىخ ۋە ھېچ بىر دۆلەت باشقا بىرسى بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا مەخسۇس مەدەنىيىتى ۋە مىللىي خاراكتېرى بار. ھەر بىر مىللەت كوللېكتىپ بىر نامغا، ئورتاق بىر قانداشلىق مۇناسىۋەتكە، ئورتاق بىر تارىخقا، ئورتاق بىر تىل - يېزىققا، ئورتاق ئۆرپ - ئادەتكە ۋە ئوخشاش بىر مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئورتاق بىر جۇغراپىيەدە ياشايدۇ، ھەمدە نوپۇسىنىڭ ئاساسى بىر قىسمى ئورتاق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تۈرك مىللىتىنى تەشكىل قىلغان ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى بولغان ئىسلام دىنىمىز بىز تۈركلەرنىڭ مۇقەددەس دىنى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى ئىنسانلار ئارىسىغا قېرىنداشلىق ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە سەممىي بولۇشنى، بىر - بىرىنى سۆيۈشنى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە ھەققانىيەتلىك، ئادالەتلىك بولۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋىي قوللىنىشىغا قۇۋۋەت مەنبەسى. ئىسلام دىنى تۈرك مىللىتىنىڭ ئۆز زېھنىي قۇۋۋىتىنى بىر ئىنتىزام ئىچىدە ئاساس سالىدۇ. شۇڭا شەرقىي تۈركىستان ياش - ئۆسمۈرلىرىنى ھەقىقىي مىللىي ئاڭغا ۋە دىنىي بىلىمگە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدىغان بىردىنبىر دۆلەت، مەنچىمۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى. شۇڭا، بۇ پىكىر - تەلەپلىرىمنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلغانلىقىڭىزدىن ئالەمچە خۇش بولدۇم».

پاراڭ قىززىپ تازا پەللىگە چىققان بۇ چاغدا، كابۇل شەھىرى سۈكۈنات ئىچىدە ياتاتتى. پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى چوڭقۇر ئۇيقۇغا چۆكۈپ، ئاللىقانداق چۈشلەر ئىچىدىكى سەھنىدە ھەرىكىم ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتاتتى.

ئەسەندال ئەپەندى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ پاراڭلىرى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پاراڭ ئۇزارغانسېرى مەزمۇنلارمۇ مولىلىشىپ، پىكىرلەر چوڭقۇرلىشىپ، بىر – بىرلىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، بىر - بىرلىرىنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇۋاتاتتى. ئەسەندال ئەپەندى يەنە سۆز ئېلىپ، گېپىنى باشلىدى: «مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك: ‹بىر مىللەتنىڭ روھى قۇللۇقتا تولمۇغىچە، بىر مىللەتنىڭ ئۈمىدى ۋە ئىرادىسى سۇنمۇغىچە، ئۇ مىللەتنى بويسۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەسىرلەردىن بېرى مەۋجۇت بولغان مىللىي روھ، كۈچلۈك مىللىي ئىرادىگە ھېچقانداق بىر قۇدرەتلىك كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ› دېگەن». تۈرك مىللىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مىللىي روھى ھېچ بىر زامان قۇللۇقتا قالغان ئەمەس. ھەر ۋاقىت دۈشمەنلىرى بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئۆز روھىنى پاكلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مىللىي ئىرادىسى ھامان بىر كۈنى ئۆز كۈچىنى نامايەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. نۆۋەتتە، ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ مىللىي روھى ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بارغانسېرى باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا. مۇشۇنداق بولغاندا پۈتۈن مىللەتنى بىرلەشتۈرۈپ، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچنى تەييارلىيالايدۇ. چۈنكى تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى تۈركلەرنىڭ روھلىرىغا خىتاپ قىلىپ، بۇ قۇدرەتلىك ۋە مۇرەككەپ دۇنيادا ھەمدە چەكسىز تارىخ ئىچىدە، ئۇلارغا ئۆز كىملىكىنى تونۇتۇپ ئەركىن ياشاش روھىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئەنە شۇ ئەركىنلىك روھى ئۇلارنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ، دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. تارىختا قارايدىغان بولساق، مۇستەملىكىچىلەر تۇپراقنى مۇستەملىكە قىلغان بىلەن، ئۇ تۇپراقتىكى ئىنسانلارنىڭ مىللىي روھلىرىنى مۇستەملىكە قىلالمىغان ۋە نەتىجىدە مەغلۇپ بولغان. مەسىلەن، ئەنگلىيە ھىندىستاننى، ياۋروپادىكى باشقا مۇستەملىكىچىلەر ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان، نۆۋەتتە ياپونىيەمۇ خىتايغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. گەرچە مۇستەملىكىچىلەر ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ زېمىنلىرىنى ئىستىلا قىلالىسىمۇ، شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ مىللىي روھىنى ئىستىلا قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ دۇنيادا مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشى ھېچ تىنچىماي، ئەكسىچە كۈچىيىۋاتىدۇ. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇرنۇمغا قاننىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، بەلكى پات يېقىندا كەڭ كۆلەملىك دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىشى مۇمكىن. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداپ ياناماقتا، يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار ئۆلمەكتە. تۈرك مىللىتى ئادالەتپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر بىر مىللەت بولغاچقا، بۈگۈنكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە قاراپ، ئاقىلانە قارار چىقىرىپ، بۇ ئۇرۇشتىن ئۆزىنى چوقۇم تارتىدۇ دەپ قارايمەن. تىنچ ۋە ئادالەتپەرۋەر بىر دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۈرك خەلقى ھەر زامان تەييار! بىز ھەر ۋاقىت ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئويلاش بىلەن بىرگە، باشقا مىللەتلەر بىلەن دوستانە تەرەققى قىلىشنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچى دەپ بىلىپ كەلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىمىزنى ئويلاش بىلەن بىرگە، يەنە ئىنسانلىقىمىزنىمۇ ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك. تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ھېچبىر زامان ئىنسانپەرۋەرلىكنى چەتكە

قاقىغان ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنى ئەبەدىي ساقلاپ قالىمىز دەپ باشقىلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلمايمىز، ئەكسىچە موھتاجلىق ئىچىدىكى خەلقلەرگە ياردەم قولىمىزنى سۇنىمىز. چۈنكى دۇنيادىكى مىللەتلەر بىر - بىرىدىن ئۈستۈن ئەمەس، ھەممىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇشتىدىن بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان. بۈگۈنكى زامانىۋىي دۇنيادا، ئوخشاش بولمىغان ئاتوم زەررىچىلىرىگە ئىگە تۆمۈرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولمىغاندەك، مىللىي پىسخىكىسى، مىللىي خاراكتېرى، مىللىي ئۆزلۈكى، مىللىي قىممەت قاراشلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىنگلىزلەرنى گېرمانغا، گېرمانلارنى ئىتالىيانغا ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۈركلەرنىمۇ باشقا بىر مىللەتكە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىز يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۈرك مىللەتچىلىكىنى تەشەببۇس قىلىمىز ۋە بۇ ئىدېئولوگىيە بىلەن پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنى بىرلەشتۈرىمىز!»

ئىچكىرىكى ئۆيدە ئەنە شۇنداق ھاياجانغا تولغان پاراڭلار قىزىۋاتقاندا، ئەردەم يېنىدا ياتقان مۇھەممەد رىزانىڭ سەبى يۈزىگە قاراپ، چوڭقۇر خىيال دەرياسىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتتى. «بۇ دۇنيادا ھەممە نەرسە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇپرايدۇ، كونىرايدۇ ۋە چىرىپ تۈگەيدۇ، ھەتتا گۈزەل ئەسلىمىلەرمۇ. شۇ ۋەجىدىن ۋاقىت ئەڭ مۇتلەق زومىگەردۇر. ئۇ ھېچ بىرەر جانلىققا شەپقەت قولىنى سۇنمايدۇ. ۋاقىت توپانلىرى ھەممە نەرسىنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ، ئېقىتىپ، ئاخىرىدا تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ ئۇنتۇلدۇرىدىغان پايانى يوق تىلسىم. ۋاقىت دەرياسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىشى بىلەن، ۋاپات بولغان ئاتا - ئانام، پەرۋىن، ئىلاخۇن دادام ۋە يېقىن دوست - يارەنلىرىمنىڭ ھەممىسى چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىپ بولدى. مەن بولسام ياشاۋاتىمەن، تىرىكمەن. ئەمما مەن تىرىك تۇرۇپ چىرىپ كېتىۋاتىمەن. ھەرنەرسە ئۈچۈن بەدەل تۆلىمەيدىغان، كىچىككىنە نەرسىلەر ئۈچۈن ئالەمچە خوشال بولىدىغان ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بار كىچىك باللىق چاغلىرىمغا قايتىشنى ئويلايمەن. ئاشۇ ئاتا - ئانا مېھرى، دوست - يارەنلەر، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ۋە ساپ ئانا يۇرت ھاۋاسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نەقەدەر ساپ ۋە نېمە دېگەن گۈزەل - ھە؟! مەن شۇ چاغلارغا قايتىپ ياشاشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مانا، يىللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ. مەن بولسام قىشلارنىڭ كېلىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن ساقلاۋاتىمەن. ھەر كۈن، ھەر ھەپتە ۋە ھەر ئاي تۈگىگەندە، دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلگەندە، ئېتىزلىقلاردا ياۋا چۆپلەر قۇرۇپ ئۈستىنى قىرۇ باسقاندا، يىراقتىكى تاغنىڭ چوققىسى ئاقارغاندا، كۈن قىسقىراپ، بالدۇر قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۆزۈمنى باشقا چاغدىكىدىن بەكرەك بەختلىك ھېس قىلىمەن. مانا ياز تۈگىدى، كۈز كەلدى، يۈزۈمگە كۆزنىڭ ئاچچىق شامالىرى كېلىپ ئۇرۇلدى، مانا، دەسلەپكى قارنىڭ يېغىشى بىلەن تەڭ قىش كەلدى. ئەمدى يىلمۇ تۈگەشكە ئاز قالدى، ئەنە، ھەممە يەرنى زىمىستان قىش قاپلاپ، بۇ يىلمۇ بۇرۇنقىدەكلا جىمىدە ئۆتۈپ كەتتى».

ئەردەم ھەردائىم ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈشىنى ئەنە شۇنداق ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ زامان ۋە ماكاندا ئۆزۈن توختاپ قېلىشنى ھېچقاچان ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇ بىر يولچى بولۇپ، يولنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ، كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ۋەتىنىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىش ئارقىلىق، ئۆز خىيالىدا ۋە ئۆز ئىچىدە ياشاپ،

ئەركىنلىككە پات ئارىدا چىقىپ ۋەتەنگە قايتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بىر - بىرىگە ئوپمۇ - ئوخشاش يىللارنىڭ تېزلا ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشىنى، ئىچىدىكى ئۈمىد ۋە ئارزۇلىرى بىلەن بۆيۈك سېغىنىش ئىچىدە ساقلاۋاتقان ئاشۇ كۈنلەرنىڭ پات ئارىدا كېلىشىنى تەشنالىق ئىلكىدە كۈتەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يېزىشقا كىرىشكەندىن بېرى، ئەردەم ئۆزىنى يالغۇز ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ قورودىكى ئۇششاق - چۈشەك كۈندىلىك ئىشلارنى قىلىشتىن باشقا ئالاھىدە بىر ئىشى يوق ئىدى. ئۇ ھوجرىسىدا يالغۇز ياشاۋېرىپ، «كۆيگەندىن كۆنەك يامان» دېگەندەك، يالغۇزلۇققا كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ روھىي جەھەتتىن بەكمۇ يالغۇز بولۇپ، ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرىنى ئەسلەپ، دائىم ئۆتمۈش ئىچىدە ياشايتتى. ئۇ ئۆتمۈشتىكى ھەر بىر ئىشنى ئايرىم - ئايرىم ئويلاپ، ھەممە نەرسىنىڭ ئەڭ كىچىك، ئايرىم - ئايرىم نۇقتىلىرىغىچە تەھلىل قىلىپ، ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايتتى، ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتماي، شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزىنى جازالىماقچىمۇ بولاتتى. بەزىدە تۇرۇپلا، ئۆتمۈشنى توختىماي كوچىلاشقا سەۋەب بولغان بۇ يالغۇزلۇق ھاياتقا ۋە بۇنچىلىك كۆپ ۋاقىتنىڭ بولغانلىقىغا شۈكۈر قىلاتتى. سائەتلەرچە جايىدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ ئوي ئويلاپ، ئەگەر يەنە بىر پۇرسەت بولسا، ۋەتەندىن ھېچ ئايرىلماي، دوستى ئەبەيدۇللاھتەك جەڭ مەيدانىدا شېھىت بولۇشقا ۋە ئۆتمۈشتە سادىر قىلغان خاتالىقلارنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ئانت ئىچەتتى، كەلگۈسى ئۈچۈن پىلانلارنى تۈزۈپ، ئىچىدىكى ئويلىرىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاھىللىق ئىچىدە قالغانلىقىدىن تېرىكەتتى ۋە پۈتۈن ئويلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىنى يېڭى بىر ئۇرۇش ئىچىدە سىنىماقچى بولاتتى. ئۇ كۆزى يۈكسەكلەردە بولغان، ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن بىرى بولۇشقا تىرىشاتتى. ھازىرغىچە چەككەن ھەسرەتلىرىنى ئەمدى ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە چوڭقۇر ۋە داۋاملىق ئۆچمەيدىغان نەپرەت يالقۇنىغا ئايلاندۇرۇپ، بۇ يالقۇن ئارقىلىق دۈشمەنلىرى كۆيدۈرۈپ، چوڭچىلىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆچىنى ئالماقچى بولاتتى. بۇ كەچتە ئۇ، ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشقا چىدايدىغان بىرسى بولۇپ تاۋلىنىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىپ، بەدىنىنىڭ يېرىمىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ، كىرىسلودا ئۇخلاپ قالغانىدى.

نىھايەت، ئەسەندال ئەپەندىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن خەۋەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، ئون ئۈچ ياشلىق مۇھەممەد رىزا بىلەن نىياز مۇھەممەد، ئۆمەر ۋە سىرجىدىن قاتارلىق ئۆسمۈرلەر تۈركىيەگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كابۇلدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار يىغىلدى. باللارنىڭ سەبىي كۆزلىرى يېڭى يولغا چىققان يولچىلاردا بولىدىغان ھاياجان نۇرىغا تولغان ئىدى. بولۇپمۇ، ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن مۇھەممەد رىزا بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۈتكەن كۈنى، سەۋر بىلەن ساقلىغان ۋاقتى مانا بۇ كۈن ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى پارلاق يولنىڭ باشلىنىش بېكىتى بولسا، ئۈچ يىلدىن ئوشۇق ئولتۇرغان مۇشۇ قورونىڭ ئارقىسىدىكى چوڭ دوقمۇش ئىدى. ئۇ ھازىر، ئۆزى ئىزچىل خىيال قىلغان كەلگۈسى بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئارىسىدا ھېچقانداق بىر تىركىشىشنىڭ يوقلۇقىنى،

ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئارزۇسى كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقمۇ روشەن تونۇپ يېتىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى قويۇدىغان يەر تاپالماي قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن خوشلىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ۋىدا سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. ئۇنىڭ ئەس - ھوشى مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا قانداق تەشەككۇر بىلدۈرۈشتە، ئۆز ھېس- تۇيغۇلىرىنى ئۇنىڭغا قانداق ئىپادىلەشتە قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئالدىغا قوچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھاياتىنىڭ يېڭى ئۇپۇق يوللىرىنى كۆرسەتكەن ئاتا سۈپەت شەپقەتچىسىنى چىڭڭىدە قۇچاقلىدى. ئۇ شۇنداق بىر قۇچاقلىدىكى، ئۇنىڭ ئاچقان قۇچىقىغا دۇنيادىكى بارلىق ئۆسمۈر باللاردا بولىدىغان باللىق مېھرىنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئەمدى نېپىز بىر ياش پەردىسى قاپلىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ پاك يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ھىجران ياشلىرى ئۇ پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، سەبى يۈزىگە تاراملاپ چۈشتى. ئۇنىڭ يۇمران ئاق تېرىسى ئۈستىگە تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى، خۇددى ئەسىرلەر بويى سەدەپنىڭ ئىچىدە تىزىلىپ ياتقان ئۈنچىلەرنىڭ سەدەپنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئاپئاق بىر يىپەكنىڭ ئۈستىگە شۇرۇلداپ تۆكۈلگىنىدەك، قۇياش نۇرىدا شۇنچىلىك جۇلالىنىپ كەتتى. بۇ يالتىراق ئۈنچىلەر خۇشاللىق، ھاياجانغا تولغان كىچىك بىر يۈرەكنىڭ ۋىدا ھەدىيەسى ئىدى. ھەي، ئىنسانىنىڭ قەلبى ئاجايىپ بىر نەرسە ئىكەن! ئۆز ۋاقتىدا كابۇلغا كېلىپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۈپ ۋىسالغا يەتكەن چاغدا، ھېچ ئايرىلمايدىغاندەك شۇنچىلىك خوشنۇت، شۇنچىلىك ھاياجانغا تولغان بۇ يۈرەك، مانا بۈگۈن ئايرىلىپ، ۋىدالىشىۋاتقاندىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق خوشنۇت، شۇنچىلىك ھاياجانغا تولغان ئىدى. دېمەك، يولدىن كېلىش بىلەن يولغا چىقىش مەزگىلىدىكى ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى ھېس - تۇيغۇلار ئارىسىدا پەرق چوڭ ئەمەس. چۈنكى كەلگەن يول بىلەن كەتكەن يول ئوخشاش بىر يول بولۇپ، ھەممىسى ھەقىقەتكە تۇتاشقان.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىگە ئېسىلىپ تۇرغان مۇھەممەد رىزانىڭ باشلىرىنى ئاتىلىق مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ ئەتراپىدىكى يولغا چىقىشقا تەلمۈرۈپ تۇرغان باللارغا قاراپ: «سىلەر ئۆزۈڭلارنى سەل چاغلىماڭلار يىگىتلەر، سىلەر مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىكى، كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان دۆلىتىمىزنىڭ ئۇل تاشلىرى. سىلەر تۈركىيەگە ئوينىغىلى ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىلەر. سىلەر ئۇ يەرگە بارغاندا بەزىڭلار تېبىبي بىلىملەرنى ئۆگەنسەڭلار، بەزىڭلار ھەربىي بىلىملەرنى ئۆگىنىسىلەر، بەزىڭلار بولسا ئېنژېنېرلىق بىلىملىرىنى ئىگىلەيسىلەر. سىلەر مۇشۇ زامانغا لايىق ئىلىمگە ئىگە بولۇش، زامانغا لايىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى، تەرەققىيات قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جەسۇر بىر جەڭچىگە ئايلىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتىسىلەر. سىلەر زامانغا ماس بىر تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئۆزۈڭلارنى تەربىيەلەپ، چوقۇم ئانا يۇرتۇڭلارغا قايتىسىلەر. شۇڭا، ئۇ يەردە تىرىشىپ ھەر ساھەدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزۈڭلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تاۋلايسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ يوللىرىڭلار مۇقەددەس يول! شۇڭا بۈگۈن ھەممىمىز ئۈچۈن يىغلاش ئەمەس، بەلكى خوشاللىق ئىچىدە خوشلىشىش كۈنىدۇر. ئارزۇيىمىز پەقەت ۋە پەقەتلا، سىلەرنى ۋەتەن ئەۋلادلىرىنى تەربىيەلەپ

يېتىلدۈرىدىغان مائارىپ يولىغا ئۈزۈتۈش. ھەممىڭلارنىڭ يولى ئوچۇق بولسۇن! سىلەرنى ئاۋۋال ئاللاھقا، ئاندىن تۈركىيە خەلقىغە تاپشۇردۇق!»

باللار چۈشكەن ماشىنا چوڭ كوچىدىن چاڭ چىقىرىپ ئاستا - ئاستا ئۈزاقلاشتى. ئۇلار ئۆتمۈشىدىكى بارلىق كەچمىشلىرىنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويۇپ، يېڭى بىر يولغا، يېڭى بىر ھاياتقا ئاتلانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، چاڭ باسقان كوچىدىن ئايرىلماي، بەزىلەر قوللىرىنى پۇلاڭلاتسا، بەزىلەر قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، ماشىنىنىڭ قارىسى يۈتۈپ، تاكى قارا چېكىت بولۇپ كۆرۈنگىچە ساقلىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا بىر - ئىككىدىن تاراشتى. ئەمما قورونىڭ ئارقا باغچىسىدىكى دەرەخلەردىن سارغىيىپ تۆكۈلگەن ياپراقلار كۆزنىڭ شامىلىنى ئات ئېتىپ، قارا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چېپىۋاتاتتى. ماشىنا ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان جايلاردىن يىراقلىشىپ يات يوللاردا كىرگەندە، باللارنىڭ كۆڭۈللىرى ئاندىن يېرىم بولۇشقا باشلىدى. ئۇلارنى ئۆز ئاتا - ئانىلىرىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن كىچىك تۇرۇپلا ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان بۇ غايە، ئەمدى ئۇلارنى ئازابلاشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلار يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلارغا قاراپ، كىچىك تۇرۇپلا ئايرىلغان ئاشۇ ئانا ۋەتىنىنى ئەسكە ئالدى. ئەمدى ئۇلار ۋەتەندىن تېخىمۇ يىراقلارغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كىچىك قەلبىنى بىر - بىرىگە مۇستەھكەم باغلىغان رىشتە ئانا يۇرت مېھرى ئىدى. ئۇلاردىكى مۇھەببەت شۇ ئانا تۇپراقنىڭ باقى مېھرىدىن كەلگەن ئۈزۈلمەس رىشتە ئىدى. ئۇلار ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئۆزلىرى قارار ئالىدىغان، كىچىك تۇرۇپلا چوڭ بولغان ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھاياتتىكى بارلىق خوشاللىقلىرى بىلەن قايغۇلىرى، مانا مۇشۇ سەپەر بىلەن باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بىر كۆككە، بىر ئارقىدا قېلىۋاتقان يوللارغا قاراپ، بىر - بىرلىرىنىڭ ياش يۇقى يۈزلىرىگە بېقىشتى. ئەمدى ئۇلار بىر - بىرىگە ھەمرا، بىر - بىرىگە يولداش ئىدى. ماڭغان يولىدىن ئازماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ دوستلۇقى مەڭگۈگە باقى ئىدى. چۈنكى باللىق ئىنسانىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ئەڭ يېقىن يارقىن بىر مەزگىل بولۇپ، باللىقتىكى دوستلۇق، باللىقتىكى يولچىلىق ئىنسانغا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەرنى قالدۇرىدىغان ئاجايىپ تارىخ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىدە، بۇ باللارنى ئوقۇتۇپ، تەربىيەلەش توغرىسىدا، كابۇلدىكى ياپون باش ئەلچىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاھىشىنى مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۇلارنىڭ يەنىلا تۈركىيەدە تەربىيەلىنىشىنى لايىق كۆردى. ئۇنىڭ مۇنداق بىر قارارنى ئېلىشىدا بەزى سەۋەبلەر بار ئىدى. ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈركلەرنىڭ دۆلىتى ئىدى. ئۇنداق ئىكەن، بۇ ئۆسمۈرلەر تۈركىيەدە ئۆزىنىڭ ھەم مىللىي ھەم دىنىي كىملىكىنى ساقلاپ قالالايتتى. ئىككىنچىدىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، پات ئارىدا چوقۇم 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پارتلايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. مانا شۇ سەۋەبتىن، باللارنى ئۇرۇشتىن سەل يىراق تۇرۇۋاتقان نۆۋەتتىكى ئەڭ تىنچ دۆلەت تۈركىيەگە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنىمۇ ئويلاشقانىدى. مۇھىم سەۋەبلەردىن يەنە بىرى بولسا، يەنىلا نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا كابۇلغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۆزىنىڭ كۈچ توپلاپ

ۋەتەنگە قايتا كىرىش مەقسىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى غايىسى بولغان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چارە ئىزدەپ، بىر چىقىش يولى تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن ياپونىيەنىڭ كابۇلدىكى باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. بۇ كۆرۈشۈشلەردىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ ياپون ھۆكۈمىتىدىن كۈتۈدىغان بەزى تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى مەكتۇپ ئارقىلىق بايان قىلغان. ئەمما ياپون كونسۇلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ تەلەپلىرىگە ئېنىق بىر جاۋاب بەرمىگەن ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ كابۇلدىكى ئۇيغۇر باللىرىنى ياپونىيەدە تەربىيەلەپ بېرىشتىن باشقا چوڭ بىر ئىش قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقى رىئاللىقتا ئايلانغان ئىدى. دۇنيا ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، ئانالىز قىلىپ تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەمدىلىكتە، ياپون ھۆكۈمىتىدىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ھازىرقى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن ئۈنچىلىك ئاقىلانە بىر ئىستراتېگىيە ئەمەسلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن، شۇڭا باللارنى ياپونىيەدە ئوقۇتۇشتىن ۋاز كەچكەن ئىدى. شۇندىن كېيىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، باللارنى ئوقۇتۇش ئىشىنى تۈركىيە باش ئەلچىسىگە تاپشۇرغان، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نەتىجىلىك ئاخىرلاشقان ئىدى. مانا بۇگۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باللارنى تۈركىيەگە يولغا سېلىۋېتىپ، ھېچبىر ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي يەنە ئۇستەل ئالدىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇيۇك ئەسىرىنى پات يېقىندا پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ كىتابىنىڭ ئۈچىنچى بابى بولغان «چىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىشى ۋە مىللىي ئىنقىلاب دەۋرى» دېگەن بابنى يېزىپ بولۇپ، ئەمدى «شەرقىي تۈركىستاندا تۆتىنچى قېتىملىق ئومۇمىي ئىنقىلاب» دېگەن تۆتىنچى بابنى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇ بابنى يېزىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە قىيىنغا توختىمايتتى، چۈنكى بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابلارنىڭ بىر قىسمىغا شەخسەن ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان ۋە يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. بۇ ئىنقىلابقا سەۋەب بولغان ئامىل ئوپئوچۇق خىتاينىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقى ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ياپونلار بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىشقا ۋە باللارنى ياپونىيەدە ئوقۇتۇشقا قىزىقمىغانلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، يەنە شۇ ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ئىدى. ياپونلار 1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بېيجىڭنى ۋە 11 - ئايدا شاڭخەينى ئالغاندىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاستانىسى نەنجىڭغا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان جوڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ئاستانىنى چۇڭچىڭغا يۆتكىدى. كابۇلدىكى كۈندىلىك گېزىتلەردىن بۇ خەۋەرلەرنى ئوقۇپ خەۋەردار بولغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، گەرچە ئۆز خەلقى ئاشۇ خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، قىرغىنچىلىقنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مەزلۇم بىر خەلقنىڭ يول باشچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئىنسانىي پەزىلەت بۈگۈنكى كۈندىكى گېزىتلەردە يېزىلىۋاتقان ئەنە شۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا بولغان نەپرىتىنى قوزغاتماي قالمىغان ئىدى. ئۇ جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەن مېنى چىشلىگەن ئىتقىمۇ مۇنداق دۇئا قىلىمەن: ‹يا رەببىم، سەن ئۇنى بۇ خۇيىدىن ۋاز كەچتۈر. ئۇ ئادەملەرنى چىشلىمەي، خەلقنىڭ تاش ئېتىشىدىن ۋە كالتەكلىشىدىن ساقلىنىپ قالسۇن›» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالغان ۋە مائىدە سۈرىسىنىڭ 42-ئايىتىدىكى «... ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى

دوست تۇتىدۇ»، قەلەم سۇرىسىنىڭ 4 – ئايىتى بولغان «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن» دېگەن ئايەتلەرنى ئەقلىدىن كەچۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىرغىنچىلىق ۋە بالايىئاپەتلەرگىمۇ ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ھەقىقىي ئىنساننىڭ ماھىيىتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك روھ، غەزەپ ۋە نەپرەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ئىدى. نۆۋەتتىكى بۇ رېئال ۋەزىيەت، ياپونلارنىڭ ياردىمى بىلەن باللارنى ئوقۇتۇش ۋە ئۇلاردىن بەزى ياردەملەرگە ئىگە بولۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىشكە تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ يەنە بىرى ئىدى. ياپونلارنىڭ خىتاينى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ، پۈتۈن خىتاي زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىغىچە بېسىپ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەلدى دەپ پەرەز قىلغان ھالەتتىمۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايتتى. ئۇ چاغدا شەرقىي تۈركىستان زېمىنى ئىككى چوڭ كۈچنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق جەڭگاھقا ئايلىنىپ، بولغۇلۇق يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە بولاتتى. شۇڭا ئۇ، خىتايلارنىڭ قەدىمكى پەيلاسوپى لاۋزىنىڭ «ئاجىزلار كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، ئەگەر سۇدەك بولسا» دېگەن تەلىماتىغا ئاساسەن، سۇدەك جىمجىت توختاۋاسىز ھەركەت قىلىپ تۇرۇپ نىشانغا قاراپ يول ئېلىش ۋە يولنى داۋام قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، يەنى ئاكتىپ قارشىلىق قىلىشتىن پاسسىپ قارشى تۇرۇشقا ئۆتۈش، ئاستا - ئاستا كۈچەيگەندە ئاندىن ئاكتىپ كۈرەش قىلىش يولىنى تاللاش ئىستراتېگىيەسىگە يۈزلەنمەكچى بولغانىدى. خۇددى قاتتىق بوران چىققاندا، قېلىن ئورمانلىقتىكى غادىيىپ تۇرغان ئېگىز، قاۋۇل دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سۇنۇپ ۋەيران بولسىمۇ، شۇ چوڭ دەرەخلەرنىڭ تۆۋىدە ئېچىلغان پاكار - پاكار يۇمران گۈللەرنىڭ ھېچبىرىگە زىيان - زەخمەت يەتمەي، ئۆزىنى ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالغىنىغا ئوخشاش. ھازىرقى كۈچلۈكلەر ئارىسىدىكى بۇ جاھان ئۇرۇشىدا، ئۇ ئاجىز خەلقىنىڭ قىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ گۈللەردەك ساق - سالامەت قېلىشىنى ئويلىغان. جاھان ئۇرۇشى تۈگىگەندە ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلىشنى ئەقلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ قىشنى جىددىي رەۋىشتە يېزىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى داۋاملىق يېزىش ۋە كابۇلدىكى ئەنگلىيە باش ئەلچىسىگە يازغان ھىندىستانغا كېتىش ئىلتىماسىنىڭ تەستىقلىنىشىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئەمدى يازنىڭ ئىسسىق تومۇزلىرى كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ قىشبويى بېشىنى ئۈستەلدىن كۆتۈرمىگەچكە، كابۇلنىڭ قىشلىق مەنزىرىلىرىدىنمۇ ھۇزۇر ئالالمىغانىدى. ئۇ بۇ قىشتا تەبىئەتتىن پەقەت بىرلا نەرسىنى ئۆگىنىۋالدى، ئۇ بولسىمۇ، بۇ قىش كابۇلدا قارنىڭ كۆپ ياغقانلىقى، بۇ قارلار نەمخۇش بولۇپ، بىر نەرسىگە يېپىشىۋالسا چۈشمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئۆز يۇرتى خوتەننىڭ قارلىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، خوتەننىڭ قۇرۇق قارلىرى قۇملۇقتىن ئۇرغان ئاچچىق شامال بىلەن تەڭلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى تۇرنىلاردەك كۆكتە ئۇچۇپ يۈرۈيدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆز يۇرتىدا ئەركىن يۈرگەن چاغلىرىنى سېغىنغان ئىدى. قىش كېتىپ باھار كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ باغ تەرەپكە قارايدىغان دېرىزىلىرىنى يوغان ئېچىۋېتىپ، باھار ئىشقىدا ئويغانغان باغقا زوق بىلەن قارىدى. بۇ چاغدا خوتەن دىيارىدىكى

جانلىنىپ كەتكەن، ئانا تەبىئەتتىكى قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغانغان بارلىق جان ـ جانىۋارلارنىڭ ياشىراتقان ھايات ناخشىسى، ئۇنىڭ قۇلقى تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ھازىر باھار سۆيگۈسىدە مەستخۇش بولغان قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قۇلاق بېرىپ، ئىچىدىن بالقىغان ۋەتەن سۆيگۈسىگە ئەسىر بولغان، ھەسرەتلەنگەن ئىدى. كۈندۈزلىرى كۆپكۆك كۆك قەرىدىكى تەنھا قۇياشقا، كېچىلىرى يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن سامادىكى يالغۇز ئايغا قاراپ، قۇياشنىڭ ئىسسىق ھارارىتىدىن، ئاينىڭ ئىللىق جامالىدىن ھوزۇرلىنىپ، ۋەتەن ئاسمىنىدىكى قۇياش بىلەن ئاينى كۆرگەندەك بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن ئىدى. ئۇ كابۇل دەرياسىنىڭ قىرلىرىدا پىيادە يۈرۈپ، باھار يېشىللىقى ئاتا قىلغان يۇمران مايسىلارغا سالام بېرىپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، ياپ ـ يېشىل مايسىلارنىڭ ۋە بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقان بىدىلەرنىڭ، ساپسېرىق چېچەك ئاچقان قىچىلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ، «ئەي باھار! سەن بىزنىڭ قەھرىتان قىشلاردا ئاپئاق قارنى يېپىنچا قىلىپ كۆرگەن چۈشلىرىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇردۇڭ. بىز ئەمدى ئۇلۇغ قۇياش نۇرىغا يۈزىمىزنى تۇتۇپ، تېخىمۇ قويۇق، ھەم ئېگىز ئۆسۈمىز، ئەجرى ئالتۇن دېھقانىنىڭ رىشتىدە پەرۋىش بولۇپ، بۇ ھاياتقا مول رىزىق ئاتا قىلىمىز. ئەي سۆيۈملۈك قۇياش، ئەي مېھرىبان ئانا تۇپراق! بىزنىڭ سېخىيلىق بىلەن دېھقان ئاكىغا قىلغان ھەشقاللىمىزنى ئەنە شۇ چاغدا بىلىسىلەر!» دەۋاتقانلىقىغا قۇلاق بەرگەن ئىدى. ئۇ، ئېگىز ھەيۋەتلىك ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ سالاملىرىنى باغرىغا تېڭىپ، يېنىدا ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا قاراپ، دەريا سۇلىرىنىڭ قىرغاققا چاچرىغان ھەر بىر تامچىلىرىنىڭ ۋاپادارلىق بىلەن، «ئەي گۈزەللىكنىڭ ئەلچىسى باھار! قۇتلۇق قەدەملىرىڭدىن ئۆرگىلەي! سەن مۇزلۇق چوققىلارنىڭ قەلبىنى شەيدالىق ئوتىدا ئىللىتقۇچىسەن، يالتىراق قۇياشنىڭ قەدىمىنى بۇ زېمىنغا يېقىنلاشتۇرغۇچىسەن، ئۇنىڭ ئىسسىق نۇرىدا تەبىئەتنىڭ تومۇرىدا توڭلىغان قانلارنى ئېرىتىپ، ئۇنى ئالتۇن قەدەھ بىلەن بىغۇبار ھاياتلىقنىڭ شەربىتى سۈپىتىدە مۇشۇ قارا تۇپراققا سۇنغۇچىسەن!» دەپ قىلغان سادالىرىنى ئاڭلىغانىدى. سۈپسۈزۈك كۆكتە ئەركىن ئۇچۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ، قانات قېقىۋاتقان ئۇچار قۇشلارنىڭ چۇرۇقلىشىپ تۇرۇپ، «ئەي باھارنىڭ تاجىسى نورۇز! بىز سېنىڭدىن چىن ئىنسان سۆيگۈسىنىڭ نۇرانە جىلۋىسىنى كۆردۇق، ئادەمزاتنىڭ بىزگە قەست قىلماي، بىزنىڭ رىزقىمىزغا چاڭ سالماي، ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەتكە تولغان مېھرىنى قوشۇپ، يۈرەكلىرىنىڭ ئوت ـ يالقۇنلىرىدا مۇرادىغا يېتىپ پىشقان نورۇز ئاشلىرىنى ئالەمچە ھوزۇر بىلەن يەپ ـ ئىچىپ، بەس ـ بەستە ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىرىگە شاھىت بولدۇق. نورۇزنامە ئوقۇش، كىتاب ئارمىغان قىلىش، ئاتا مىراس نورۇز ئويۇنلىرىنى ئويناشلىرىغا داخىل بولدۇق. بىز قۇشلار، ئىنسانلار تەنتەنە قىلىۋاتقان بۇ نورۇزنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدا ئويلىشىپ قالدۇق. ئىنسانلار قەدىرلەۋاتقان بۇ نورۇزنىڭ يالغۇز يەر شارىنىڭ قۇياشنىڭ ئەتراپىدا رېتىملىق ئايلىنىشتەك ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تەبىئەتنىڭ ھاياتلىق مىزانلىرىغا ماس كېلىشى، بولۇپمۇ بىز قۇشلارنىڭ، جۈملىدىن بارلىق جان ـ جانىۋارلارنىڭ قايتىدىن جانلىنىپ، باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان چاغلىرىغا دەل كېلىشى، ھەممىمىزنى تېخىمۇ تاڭ قالدۇردى. ھە راست، دانىشمەن تۈركلەرنىڭ كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن مۇشۇنداق قۇتلۇق كۈننى بايرام قىلىپ تاللىغانلىقىغا ئىچ ـ ئىچىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇق. ئەي خاسىيەتلىك نورۇز، سەن ھاياتلىق ئەركىلىرىنىڭ قانات قاقىدىغان كۈنىسەن،

ئاستىمىزدا ياپيېشىل كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشۇ زېمىنىنىڭ ئۇمىدلىرىنىڭ مۆجىزە چېچەكلىرى سېنىڭ ۋەسلىڭدە پورەكلەيدۇ. بىز سېنىڭ باھار ناخشاڭغا جۆر بولۇپ، قانات ئۇرۇپ ساماغا چۇشىمىز، چېچەكلەردىن، گۈللەردىن، بارلىق يېشىللىقلاردىن، ھاشارەتلەردىن ئۆز رىزقىمىزنى ئېلىپ، ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەللىك قوشۇپ، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھۆكمىگە، ئادالىتىگە، مىزانىغا بويۇن ئەگىمىز» دېگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاڭلىغان ئىدى. دېمىسىمۇ ھەر كىم، ھەر بارلىق باھاردا ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۇشىنىپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇ تەبىئەتنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى ئىكەنلىكىگە قايىل بولىدۇ. تەبىئەتنىڭ بۇ سىرلىق كىتابى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ۋەتەن ھەسرىتىدە شىكەستىلەنگەن دىل يارىلىرىغا مەلھەم بولۇپ، ئىلھام بۇلىقىنى قايتا ئۇرغۇتۇپ، يېزىقچىلىقىغا بەرىكەت ئاتا قىلغان ئىدى.

ئەمدى باھار ئۆتۈپ يازمۇ كەلدى. بۇ يەرنىڭ يازلىق ھاۋاسى خوتەننىڭكىدىن قېلىشمايتتى. تومۇزدا ھاۋانىڭ تېمپېراتورىسى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى تىنجىق قاپلاپ، شامالدىن زەررىچىلىك خەۋەر كەلمەيتتى. بۇنداق چاغلاردا، كابۇلدىكى ئادەملەرنىڭ يۈز تېرىلىرى بىردىنلا قارىداپ، خۇددى ئۇزۇن ئىشلەتكەن تۇچ پەتنۇستەك پارقىراپ كېتەتتى، ھەتتا ئۈستىگە قونغان چاڭ - توزانلار ئاپتاپتا ۋالىلداپ، سەراپقا ئوخشاپ قالاتتى. بازاردىكى تىمتاس رەستىلەردىكى ئادەملەر قاتتىق ئىسسىق دەستىدىن مۆگىدەپ، يۈزىگە قونغان چىۋىنلەرنى ئۇچۇرۇۋېتىشكىمۇ ھورۇنلۇق قىلاتتى. كوچىلاردىكى ئىتلار تىللىرىنى چىقىرىپ تېز - تېز نەپەس ئالسا، دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇشقاچلار ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ھاسرايتتى. دېمەك، كابۇلدىكى بارلىق جانلىقلار داپخۇنى ئېتىكلىق ئاشۇ تونۇردا تەڭ پىشىپ، تەڭ كۆيۈپ كۆمەچ بولاتتى. تومۇز ئايلىرى ئۆتۈپ، كۈزنىڭ باشلىنىشى بىلەن، تەڭ كابۇل كوچىلىرى يەنە قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. ئادەم بىلەن لىق تولغان كوچىلارنى مېۋە - چېۋە، تاۋۇز - قوغۇنلارنىڭ مىزىلىك پۇراقلىرى ئەسىر ئالغانىدى. بازارلاردا، ئېتىز - ئېرىقلاردا ھەركىم ئۆز تىجارىتى، ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئىككى قولىنى تۆت قىلالماي پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئادەملەرنى ھەر يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. مانا مۇشۇنداق بەرىكەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىنىڭ، يەنى 1939 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىنىڭ كېزىتىگە، تۈنۈگۈن گېرمانلارنىڭ پولشانى ئىشغال قىلىشى بىلەن تەڭ، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر گېرمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ رەسمى باشلانغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر بېسىلغان ئىدى. مانا ئەمدى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پەرەز قىلغاندەك جاھان ئۇرۇشى باشلىنىپ، دۇنيا ئىككىگە ئايرىلىپ بىر - بىرلىرىنى قىرىشقا ئۆلتۈرۈشكە كىرىشكەن، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرلىرىنىڭ شەھەرلىرىنى، خەلقلىرىنى بومباردىمان قىلىپ، بۇ دۇنيانى جەھەننەمگە ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. بۇنداق تارىخي بىر دەۋردە، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا، تەپەككۇر قىلىپ بىر چىقىش يولى ئىزدەشكە كىرىشتى.

بۇ ھاياتتا ئادەمگە ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە زادى نېمە؟ دەپ سورىسىڭىز، ھەركىم ھەرخىل جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى ھەركىمنىڭ ھاياتتا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلىرى ئۆزگىچە بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىرسىدىن بۇ سوئالنى سورىسىڭىز، ئۇ ئەلۋەتتە «تاماق» ياكى «نان» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلۈپ قالاي دېگەن

بىرسىدىن بۇ سوئاللىنى سورىسىڭىز، ئۇنىڭ «ئىسسىق بىر جاي» ياكى «ئىسسىق بىر نەرسە» دەپ جاۋاب بېرىشى تۇرغان گەپ. ئەمما پۈتۈن بىر مىللەت ئۈچۈن بۇ سوئالنى سورىسىڭىز، يەنە باشقىچە جاۋاب بېرىشى مۇمكىن، مەسىلەن، بۇ سوئالغا بىز ئۇيغۇرلار «ئەركىنلىك» ۋە «ئازاتلىق» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز ئېنىق. دېمەك، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا ئېرىشىش بىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان شۇ ئارزۇ ۋە نىشاندۇر. بىز ھازىر ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان، بىزدە ئەڭ كەم بولغان نەرسە، ئەنە شۇ «ئەركىنلىك» ۋە «ئازاتلىق». ئەمما بۇ مەنزىلگە بارىدىغان يول نەدە؟ بۇنىڭغا ھەركىم ئۆزى بىلگەن، ئۆزى ئىشەنگەن پىكىر ئېقىمىغا ئاساسەن جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنداقتا بىر مىللەتكە ئورتاق بولغان بىر يولنى تېپىشنىڭ يولى بارمۇ؟ بار بولسا، ئۇ يول نەدە؟ مانا بۇ سوئالنىڭ جاۋابى، نۆۋەتتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىدى. ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەش يولىدا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق ئەسەرنى ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ پۈتتۈرگەن ئىدى. يەنى تۆت يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇش ۋە يېزىش جەريانىدا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، نەشرگە تەييار قىلغانىدى. بۇ ھەيۋەتلىك مۆھتەشەم قەلئە ئاخىر بىر تاشتىن - بىر تاشتىن ئۇستى - ئۇستىگە قويۇپ، قوپۇرۇلۇپ چىقىلغان ئىدى. بۇنداق بىر قەلئەنى ھېچبىر زامان، ھېچقانداق بىر بومبا پارتلىتىپ گۇمران قىلالمايتتى. چۈنكى بۇ ماددىي قۇرۇلمىلىق قەلئە ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىكى يېمىرىلمەس قەلئە ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەڭگۈلۈك مەنىۋى بايلىقى، ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ئاساسى ئىدى. چۈنكى بۇ قەلئە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىغا ۋە قەلبىگە قوپۇرۇلغان ئىدى. ئەمما ھاياتتا بىر مەزلۇم مىللەتكە باش بولغان ئادەمنىڭ دەردى تۈگىمەيتتى. بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن تەڭ، ئىككىنچى بىر يېڭى مەسىلە تەييار بولاتتى. مانا شۇ تاپتا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھازىرقى رېئاللىقتىن بىزار بولۇپ قاتقان مېڭىسى تەپەككۇر قايىنىمىدا پىرقىراپ چۆگىلىمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى دەستە - دەستە، رەتلىك قويۇلغان قولىيازمىلارغا قارىدى. ئەڭ ئۈستىدە، يېقىندا خوتەن ئىنقىلابى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلار ۋە خوجىنىياز ھاجىم ھەققىدە تېخى يېزىلغان يازمىلار تۇراتتى. ئۇ خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان مەھمۇد مۇھىتىنى ئەسكە ئالدى. مەھمۇد مۇھىتى 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا، شېڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستىدىن قېچىپ ھىندىستانغا چىققاندىن كېيىن، ياپون ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە باغلاپ، يېقىندا توكيوغا يېتىپ بارغان ئىدى. شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستانغا مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ قەشقەردىكى كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن، سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ياردىمى بىلەن خوتەندىكى ما خۇسەن كۈچلىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز قولى بىلەن يازغان ئۇستەل ئۈستىدىكى بۇ تارىخىي قول يازمىلاردا، ئەينى چاغدا ئۆزىنى مەغلۇپ قىلىپ خوتەننى ئىشغال قىلغان ما خۇسەن ھەققىدە يېزىلغان مەزمۇنلارمۇ بار ئىدى. 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خوتەن ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئۈچ ئايروپىلان بىلەن تەڭ، خوتەن دىيارىغا بېسىپ كەلگەن 20 تانكا، 40 ئاپتوموبىلدىكى ئەسكەرلەر ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەن مەۋلانوف دېگەن قوماندان باشچىلىقىدىكى ئاتلىق قىرغىز قوشۇنىنىڭ ھاۋا ھەم قۇرۇقلۇقتىن قىلغان ھۇجۇمى ئالدىدا، خوتەن دىيارىدىكى تۇڭگان قوشۇنلىرى كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي،

تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز يۇرتلىرى بولغان گەنسۇ، چىڭخەيىنى كۆزلەپ قېچىپ، يول بويى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسكىلىكىنى قىلىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمنى بۇلاپ - تالاپ چۆل تەرەپكە قاچقان بولسا، بەزىلىرى ئەسىرگە چۈشتى. قوماندان مەۋلانوف تۇڭگان ئەسىرلىرىنى چۆلدىكى قۇملۇققا يالاپ ئاپىرىپ، بويۇنلىرىنى ئىنچىكە پولات سىم بىلەن باغلاپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ، سىمنىڭ ئۇچىنى ئاپتوموبىلنىڭ توكىغا ئۇلاپ ھەممىنى ئوق ئىشلەتمەي بىراقلا توك بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇ چاغدا ما خۇسەن خوتەن خەلقىنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن بايلىقلارنى ئېلىپ، قاغىلىق ئارقىلىق ھىندىستانغا قاچقانىدى. شۇنداق قىلىپ شىڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمىگەن تۇڭگانلار ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، خوتەن دىيارىدىن يوقالغان ئىدى. بىراق خوتەن خەلقى تۇڭگاندىن ئىبارەت بۇ ئىبلىسنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئورنىنى يەنە بىر ئىبلىس ئالغانىدى. يەنى شېڭ شىسەينىڭ زەھەرلىك قولى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ چەت چېگراسى بولغان خوتەن دىيارىغىچە يەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەمدى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېگانە خوجايىنىغا ئايلانغانىدى. ئۇ خوتەنگە ھۇجۇم باشلاش بىلەن تەڭلا، ئۈرۈمچىدە «36 ھىيلە» دىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، خوجىنىياز ھاجىمنى يىغىنغا چاقىرىش باھانىسىدە، 1937 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قولغا ئالدى ۋە ئۇنى ئۆزى ئىشەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن جاللاتلار قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، سوراق قىلدى. ئەينى چاغدا خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئەقلىگە كىرىپمۇ باقمىغان ئىشلارنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ، ئۇنىڭغا «ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى» دېگەن تۆھمەتنى چاپلىدى ۋە ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. ئەمما ئۇ ئىقرار قىلىشقا ھازىر ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىك توغرىسىدىكى ھۆكۈمنامىنى ئېلان قىلغۇچىلار ئالدىدا مەردانە قىياپەتتە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، «ماڭا كەلگەن بۇ ئۆلۈم مەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس. مەن ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنىلا ئۆلۈپ بولغان مەن. ئېيتىپ قوي! شېڭ دوبەن دېگەن خۇمپەر لومودىغا! مەن ئۆلگەن بىلەن خەلقىم ئۆلمەيدۇ! ئىنقىلاب تۈگىمەيدۇ» دەپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارشىلىقىنى ئىپادىلىدى. مانا بۇلار، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ بۇ ئۆمرىدە دېگەن ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئىدى. بۇ دەل، 1938 - يىللىرى كۈز ئايلىرىغا توغرا كېلەتتى. شۇ چاغدا جاللاتلار خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بىرگە، قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن 108 باھادىر ئەزىمەتنى بىر كېچىدە بىراقلا بوغۇپ ئۆلتۈرگەنىدى. خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىگە كەلگەن چاغدىلا ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بولغۇلۇق بولغانىدى، مىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ شۇ ۋاقىتتا، شۇ زامان بىلەن ماكانىدىكى ئىككى چوڭ كۈچنىڭ سىياسىي ئويۇنلىرىنىڭ قۇربانلىقىغا ئاتالغان قويغا ئايلانغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈرەشكە تولغان بۇ ھاياتىدا، غىلپال قىلىپ كۆرۈنگەن بىر ئۈمىد ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقىدىسىنى ئۆزى «ئادىل» دەپ بىلگەن سوۋېتكە باغلىغان ئىدى. ئەينى چاغدا، خوجىنىياز ھاجىمنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلغان قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ داھىيسى ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋمۇ مىللەتچىلىك بىلەن قارىلىنىپ، خوجىنىياز ھاجىم بىلەن ئوخشاش بىر كۈندە ستالىن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىي دەل كەپ قالغان ئىشلار ئەمەس. بەلكى، ھەممىسى سىياسەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ

ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن قۇرغان ئويۇنلىرىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلانغان ئاچچىق تارىخنىڭ ئۆچمەس سىمالىرى ئىدى. ئەينى چاغدا شۇ يولباشچىلارنىڭ يوللىرىدا جەڭ قىلىپ شېھىت بولغان باھادىرلارنىڭ ھەربىر تامچا قانلىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئاق ۋاراقلىرى ئۈستىگە تىزىلغان مەڭگۈ ئۆچمەس جۈمللەر ئىچىدىكى ھەربىر ھەرپكە سىڭىپ كەتكەن ۋە شۇ شېھىتلار شۇ تىراگېدىيەلىك تارىخنىڭ بىردىنبىر پۈتۈكچىلىرىگە ئايلانغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا قىسقىغىنە يەتتە يىل ئىچىدە ئانا يۇرتىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇبىر ئەسكە ئېلىپ، ئىچى ئاچچىق زەرداپقا تولغان ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئۆكۈنۈش ئىچىدىكى مەيۈسلىنىشى، تالغانلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ئىچىدىكى ئۈمىددە قەنتدەك ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى سىياسەتنىڭ قانچىلىك مۇھىم بىر ئىلىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشۋاتتى. دېمىسىمۇ خەلقى قورال ئېتىشنى بىلگىنى بىلەن، يولباشچىسى سىياسەت قىلىشنى بىلمىسە، قان بىلەن قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا بىتچىد بولاتتى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: «بىز مەغلۇپ بولدۇق، ئۇرۇشنى قىلغان بىلەن سىياسەتنى قاملاشتۇرالمىدۇق. خۇددى جالالىدىن رۇمى ئېيتقاندەك: ‹سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كىشى سۇدىن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالمايدۇ. بەلكى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈپ قالىدۇ›. دېمەك، بىز ئەنە شۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلەردىن بولىمىز. شۇ ۋەجىدىن، ئاۋۋال سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشىمىز، خەلقىمىزگە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىشىمىز لازىم» ئۇ ئەمدى ئۆز ۋاقتىدا قولىغا قورال ئېلىپ، ئويباغ مەدرىسىدىن قاراقاش يامۇلغا قاراپ يولغا چىققان چاغلاردىكى مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىدىن سۈرەتتەك ئۆتكۈزدى. ئەنە شۇ ئىنقىلابنىڭ جەريانىنى ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىغا تارىخنىڭ بىر كارتىنىسى قىلىپ يېزىپ قالدۇرغانىدى. خوتەن ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن 1938 – يىلى مەككە مۇكەررەمگە كېلىپ، بۇ يىل شۇ مۇقەددەس ماكاندا ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. دېمەك، ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى سەپداشلىرى بىر - بىرلەپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغان بولسا، كۆپىنچىسى دۈشمەننىڭ قەستى بىلەن شېھىت بولغانىدى. ئۇ ئىچىدە يەنە، «ئەگەر ھەقىقەتەن تارىخىمىز ئەنە شۇنداق تراگېدىيەلەر بىلەن تولۇدىغان بىر تەقدىر پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولسا، بۇنىڭغا بىز ‹ئەلھۆكمۇلىللاھا!› چۈنكى بىز شۇ تەقدىرنى پۈتكۈدەك قۇدرەتلىك ئەمەس. تەقدىرنى يازىدىغان قۇدرەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە. ئەمما شۇ تەقدىرنى بېشىمىزدىن كەچۈرگۈدەك كۈچ - ماغدۇر بىزدە بار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىللەت تا بۈگۈنگىچە يوقالماي ياشاپ كەلمەكتە ۋە ئەبەدىي ياشايدۇ. ئەمدى بىز بار بولغان كۈچنى ئامال قىلىپ تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانساق، چوقۇم ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقان شۇ تراگېدىيەلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتەلەيمىز. چۈنكى رەئىدە سۈرەسىنىڭ 11 - ئايىتىدە: ‹ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋلىنى ئۆزگەرتمەيدۇ› دېيىلگەن. بىز ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئورنىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزدىكى مىللىي ئاڭ، مىللىي روھنى جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ

تىرىلىشى، كۈچلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستە، مىللەتپەرۋەرلىك روھىنى جانلاندۇرۇش» دېگەنلەرنى ئەقلىدىن كەچۈرگەن چېغىدا، جاراڭلىق ئوقۇلغان ئەزانىنىڭ ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا بۇ ئەزان ئاۋازى خۇددى كۆكتىن زېمىنغا چۈشۈۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى. ئۇ يېزىپ تۈگەتكەن تارىخى كىتابىنىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا مەمنۇنىيەت بىلەن دىيەنە بىر قېتىم قاراۋېتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا تەرەددۇت قىلدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەم ئۆزى تارىخ ياراتتى، ھەم ئۆزى تارىخ يازدى.

تارىخ يازماق، تارىخ ياراتقانغا ئوخشاش مۇھىم. چۈنكى يارىتىلغان تارىخ يېزىپ قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ھەقىقىي پاكىتلىق تارىخ بولۇپ، كەلگۈسى ئۈچۈن مىراس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا تۆت يىللىق ئۇزۇن ھەم جاپالىق بىر مۇساپىنى قەلەم بىلەن بېسىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنى تارىختا تۇنجى قېتىم، ھەقىقىي ئۇيغۇر ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى يېزىپ چىققان ئىدى. ئۇ كەڭ ۋە مول تارىخىي ماتېرىياللارغا كەڭ قۇچاق ئېچىپ، تارىختىكى بارلىق ھەقىقەتلەرنى قىلچە يوشۇرماي ئەينەن قەلەمگە ئېلىپ، ئۇيغۇر تارىخىنى زامانداشلىرىغا تەقدىم، كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى كىشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆتمۈشىمىزنى يورۇتۇپ، قايتا جانلاندۇرۇپ، بىزدە جۇشقۇنلۇق پەيدا قىلدى ۋە روھىمىزنى قايتا تىرىلدۈردى. ئۇ ئۆتمۈشتىكى شانلىق سەھىپىلەرنى، خاتىرىلەرنى، ئەسلىمىلەرنى، تراگېدىيەلەرنى، مەغلۇبىيەتلەرنى ۋە ئۆكۈنۈشلەرنى سىستېمىلىق، مەنتىقىلىق ۋە مىللىي ئەنئەنىگە سادىق قىلىپ يېزىپ چىقتى. ئۇيدۇرما پاكىت، ئۇيدۇرما توقۇلمىلاردىن يىراق تۇرۇپ، ياسالمىلىققا، تەنھالىققا، تەسادىپىيلىققا يول قويمىدى. بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىز تارىخىنىڭ پەقەت ھۆكۈمرانلار بىلەن سەلتەنەتلەر تارىخى بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ يەنە ھاياتلىق كۈرەش تارىخى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش تارىخىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ كىتابتا قەدىمكى تارىخىي ئىزلار، تارىخىي چۆكمىلەر، تارىخىي ئۇچۇرلار، تارىخىي قول يازمىلار، قەدىمى قەبرە قۇرۇلۇشلىرى ۋە ئىنسان گۇرۇھلىرى ئىلمىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، تارىخىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارىخنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى قايتا نۇرلاندۇردى ۋە ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ ئارقىلىق ئۆتمۈشىمىزنى ئادىللىق نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، كۆمۈلۈپ قالغان كارۋان يوللىرىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئىزىنى بويلاپ نۇرانە كەلگۈسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، يېڭى بىر يول ئاچتى.

تارىخ بىر بىلىم خەزىنىسى بولۇپ، بۇ ئىلىم كىشىگە روھ ۋە پىكىر، تەنقىت ھەم باشقۇرۇش، تەجرىبە ۋە نەتىجىلەرنى ئۆگىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئىلىم ئارقىلىق ئۆتمۈشىمىزنى ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىپ، كەلگۈسىمىزنىڭ يولىنى بەلگىلەيمىز. تۈنۈگۈن بولسا تارىخ، ئەتە بولسا مەۋھۇم، بۈگۈن بولسا بىزنىڭ نەتىجە يارىتىدىغان ۋاقتىمىز. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاب تارىخنىڭ قاراڭغۇ يوللىرىدا ئېزىپ، تەمتىرەپ قالغان يولچىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان مەشئەل، تۇمانلىق دېڭىزدا ئېزىپ قالغان كاپىتانغا يىراقتا كۆرۈنگەن ماياك ۋە مۇز تۇتقان كۆڭۈللەر ئۈستىگە چۈشكەن پالتا ئىدى.

زىمىستان قىشىنىڭ پۈرىقى كېلىپ تۇرىدىغان نەشتەردەك شامال ئەردەمنى كابۇلنىڭ كوچىلىرىدا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە ھەيدەپ، ساقال باسقان ئاۋاق يۈزىنى كۆكەرتىپ، خۇددى ھېلىلا توڭلاپ قالىدىغاندەك شۈمشەيگەن جۇدەك تېنىنى تىترىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ خۇددى شېخى سۇنۇپ بەرگىسى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان گۈلدەك ۋە ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئادەمدەك، بوگۈن سەھەردىن بېرى كوچىلارنى مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۆزىگە تېخىچە يات كۆرۈنىدىغان بۇ شەھەردە ئۇزۇن تۇرغانسېرى، ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك يالغۇز ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئەردەم ھازىر ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز چوققىلىرى كىر سۈيى چېچىۋەتكەندەك خىرە كۆرۈنىدىغان گىرىمسەن تاغنىڭ ئارقىسىدىكى يۇرتىنى بەكمۇ سېغىنغان ئىدى. يۇرتىدىكى بارلىق ئەسلىمىلەرنى، بولۇپمۇ پەرۋىن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ دەقىقىلەرنى يۈرىكىنىڭ ھەربىر سوقۇشىدا ياشارتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنى تا بوگۈنگىچە تىك تۇرغۇزغان بىر سەۋەب بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت قەلبىدە ئۆچمەي كەلگەن ئىشق ئوتىلا ئىدى. ۋەتەن ھەسرىتى يۈرىكىگە جۇۋالدۇرۇزدەك سانجىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما يەككە - يېگانىلىق ئۇنىڭ ھازىرقى ھاياتىدىكى ئەڭ شېرىن ئارمانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. چۈنكى، يالغۇزلۇق ئۇنىڭ ئۆز ئىچىدە پىنھان ياشاپ، پەرۋىن بىلەن بىرگە مۇڭدىشىپ ئۆتىدىغان يېڭى بىر ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك بۇلىقى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پەقەت يالغۇز قالغاندىلا ئەركىن خىيال سۈرەلەيتتى، بارلىق ئەسلىمىلىرىنى بىرمۇ - بىر ئەسلەپ، يېڭىلاپ تۇرالايتتى. شۇڭا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ ئويچان، تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بوگۈنمۇ ئۇ ئۆز خىياللىرىنى ئەركىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ، كوچىلاردا ئۆزى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان يات چىرايلار، يات تىللىقلار ئارىسىدا، ئۆزى بىلەن بىرگە ياشاشقا نېسىپ بولمىغان ئاشىقنى ھەسرەتلىك قەلبىدە ئەسلەپ، يولدا تەنھا كېتىۋاتاتتى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئويلىرىنى، ئىشقىنى، نادامەتلىرىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇ ئۆز خىياللىرىنىڭ ۋە ئارزۇلىرىنىڭ قاناتلىنىپ ئۇچۇپ  ۋەتەن تۇپراقلىرىغا قونۇشىنى ئويلاپ، يۈرىكى سىماپتەك تىترەيتتى. شېرىن خىياللىرى ئىچىدە ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىق چاغلايتتى. ئۇ، «ئېھ ئاللاھ! خىياللار بۇنچىلىك گۈزەل ئىكەن، ئاشۇ گۈزەل خىياللارنى دىلىمغا سالغۇچى سەن ئۆزۈڭ قانچىلىك گۈزەلدۇرسەن؟!» دەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بازاردا ئۇ تونۇيدىغان، ئۇ چوڭقۇر ھۆرمەت قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. يانلىرىدا پاخال - چاۋالار، قەغەز پارچىلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۆزى ھەيكەلدەك تۇراتتى، ئۇ پەقەت پەرۋىننى ئويلاۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆزىنى ئاشۇ ئادەملەردەك «تىرىك بىر جان» دەپ، جەزملەشتۈرەتتى.

ئۇنى تىك تۇتۇپ تۇرغان سەۋەب، شېرىن ئويى، تەپەككۇرى ئىدى، دەردلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىۋاتقان نەرسە ئۇنىڭ جاسارىتى، ئېتىقادى ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ جاسارەت بىلەن كۆككە باقتى ۋە كۆك ئاستىدا ئۆزىنىڭ تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئەمدى كۆكتىكى مانانلىق ھاۋا قاتلىمى سۈزۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، قۇياشمۇ ئۆزىنىڭ جامالىنى ئاچقان ئىدى. پۈتۈن شەھەرنىڭ كوچىلىرى، بازاردىكى رەستىلەر، تاملار بىرلا ۋاقىتتا يانغاندەك يورۇپ كەتتى. ئۇ ئىچىدىن كەلگەن بىر ئىلاھىي ئىستەك بىلەن قۇياشقا باقتى، چۈش ۋاقتى بولغان بولسىمۇ قۇياشنىڭ ھارارىتى ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم يۈگۈرۈپ، ئەتراپنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۈزەتتى. خۇددى يۈتتۈرۈپ قويغان بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ھەربىر چىرايغا مەرھەمەت بىلەن

سەپسالدى. ئۇ شۇ نەرسە ئۆچۈن ماڭماس يوللاردا ماڭغۇسى، چىقماس تاغلارغا چىققۇسى كەلدى. شۇنچە تولغىنىپ يۇرت كېزىپ ئاققان دەريانىڭ يەنە ئۆز مەنبەسىگە قايتقىنىدەك، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتقۇسى كەلدى. شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە بىرسى كېلىپ قولىدىن تۇتۇپ، يالغۇز ئايلانغان يوللاردىن يۇلۇپ ئېلىپ، تاغ ئارقىسىدىكى يۇرتىغا ئەكىتىدىغاندەك بىر ھېس قەلبىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ بىردىنلا، يىراقتىكى ئادەملەر توپى ئىچىدىن قەددى - قامەتلىك بىر كىشىنىڭ مەزمۇت قەدەملەر تاشلاپ، ئۆزىگە ئۇدۇل قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بۇ كىشى بېشىغا قارا قوزا تېرىسىدىن تېكىلگەن يېڭى تەلپەك كىيگەن بولۇپ، ئۈستىدىكى ئەترەڭ سوكىنىدىن تىكىلگەن پەلتۇسى ئېگىز بويىغا شۇنچىلىك ياراشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئاپاق كۆينىكىنىڭ ياقىسىغا تاقىۋالغان ھاۋا رەڭلىك شايى گالاستۇكى، ئۇنى تېخىمۇ سالاپەتلىك قىلىۋەتكەن ئىدى. ئەردەم بۇ قاۋۇل كەلگەن كىشىنىڭ ئۆزىگە يېقىن كەلگەن چېغىدا، ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز ئېلىنغان ئاق يۈزىنى تەڭ ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىغان قاڭشارلىق بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچىنىڭ سوغۇقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. بۇ ئارقىلىق، 40 ياشلار چامىسىدىكى بۇ كىشىنىڭ، ئۆزىگە ئوخشاش ئەتىگەندىن بېرى كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرگەن بىر سەيياھ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭ بازاردىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان رەتلىك كىيىنىشلىرى، نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزى ئەردەمنىڭ كۆزىگە خۇددى بۇرۇن بىر يەرلەردە كۆرگەن ياكى بىر چاغلاردا چۈشلىرىگە كىرگەن تونۇش بىرسىنىڭ چىرايىنى ئەسلەتتى. ئۇ كىشى ئەردەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى قارا چىبەرقۇتتىن تىكىلگەن پاختىلىق كەمزۇلىنىڭ بېلىدىكى پوتۇسىغا قىستۇرۋالغان سۇمۇرغ باشلىق پىچاققا بىر قارىدى – دە، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بەردى. ئاندىن كەتمەننىڭ يۈزىدەك كەڭ پەنجىلىك، ئۈستەڭ لېۋىدىكى قېرى سۆگەتنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىدىغاندەك كۈچلۈك ئىككى قولىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە قالغان ئەردەمگە سۇندى. ئەردەم بازاردىكى بۇ ئادەملەر توپى ئارىسىغا خۇددى ئەرشئەلادىن چۈشكەن ساماۋى ئەختەرلەرنىڭ ئەسكىرىدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئالدىدا ئىككى قولىنى سۇنۇپ، كۈلۈپ تۇرغان ئادەمنىڭ سالىمىنى دەرھال ئىلىك ئالدى ۋە دەرھال ئىككى قولىنى تۇتۇپ سالاملاشتى. ئارقىدىنلا ئۇ كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ: «مەن شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بولىمەن. ئادەتتە كىشىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى قىسقارتىپلا ئىيسا بەگ دەيدۇ. سىزنى يىراقتىن كۆرۈپلا بىر تۈرك ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىدىم ئۇكام، يېنىڭىزغا كېلىپ، بېلىڭىزگە قىستۇرۋالغان ئانا يۇرتۇم يېڭىسارنىڭ پىچىقىنى كۆرۈپلا، بىر يۇرتدىشىمنى تاپتىم، دەپ بەك ھاياجانلاندىم» دېدى. ئەردەم بۇ بازاردا بىرىنچى قېتىم ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىشىۋاتقان بىر ئادەمنى ئۇچراتقانلىقىغا خوشال بولۇپ: «ئاكا، مەن خوتەنلىك ئەردەم بولىمەن. مەن يېڭىسارغا نەچچە قېتىم بارغان، ھەتتا مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمنىڭ تېگىمۇ يېڭىسارلىق. سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ بەك خوش بولدۇم» دېدى.

ئىيسا بەگ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغان ئەردەمگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ، «مەنمۇ سىزنى ئۇچرىتىپ، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقەتەن تەلەيلىك بىرسى ئىكەنلىكىمگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم ئۇكام. ئەسلىدە مەن تۈنۈگۈندىن بېرى ۋەتەندىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا دېگەن زاتنى ئىزدەپ يۈرەتتىم. نۇرغۇن كىشىلەردىن سوراۋاتقان سۈرۈشتۈرۈپ سۈرىدىم، ھەممىسى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئابايا يولدا بىر ئۆزبېك كىشىنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇ

كىشىدىن سورىسام، بۇ ئەتراپتا ئۇنداق بىر كىشىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمما بازارنىڭ مۇشۇ تەرىپىگە يېقىن بىر مەھەللىدە، ئابدۇللاھخان ياركەندى دېگەن كىشىنىڭ بىر چوڭ قورودا ئۆز ھەمشەھەرلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپكە ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، يىراقتىنلا سىزنى كۆرۈپ قالدىم، سىزنىڭ ئۆز يۇرتداشلىرىمدىن بىرسى ئىكەنلىكىڭىزنى پەملەپ، ئۇدۇل يېنىڭىزغا كېلىشىم» دەپ، ئەردەمنىڭ تاتۇراڭغۇ يۈزىدىكى خوشاللىق ئىپادىلەرگە سەپ سېلىپ كۈلۈپ قويدى. ئەردەم دەرھال: «مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مېنىڭ ئۇستازىم بولىدۇ، ھەم مەن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولغان، ھازىرمۇ ھەم شۇنداق. مەن ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرىمەن» دەپ، مۇزلىغان بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئوڭ قولى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم سىلىۋېتىپ، ئىيسا بەگنىڭ قارا خۇرۇمدىن تىكىلگەن يېپيېڭى بەتىنكىسىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ - توزانلارغا كۆزىنى تىكتى. ئىيسا بەگ ئەردەمنىڭ چىرايىدىكى خۇنۇكلۈكتىن ئۇنىڭ بۇ يات ئەللەردە مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى تازا تارتقان بىر سەرسان روھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ساقايمايدىغان، ھەر ۋاقىت قانايدىغان بىر يارىسىنىڭ بارلىقىنى پەملىدى. ئۇ ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ تۇرۇپ: «ئۇكام ئەردەم، ئۇنداق بولسا مېنى ئۆيۈڭگە باشلاپ ماڭ، مەن ئۇستازىڭ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۇشكە تولىمۇ ئىنتىزارمەن. قېنى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيلى» دېدى. ئەردەم پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، جاۋابمۇ بەرمەي، يول باشلاپ ماڭدى. ئارقىسىدىن يوغان - يوغان قەدەملىرى بىلەن ئەردەمگە يېتىشىۋالغان ئىيسا بەگ، ئىچىدە، «ھەي، ۋەتەن ھەسرىتى ھەممىدىن يامان بىر دەرد. مەن بۇدەردكە مۇپتىلا بولغان مۇشۇ يىگىتتەك ئوغۇل باللارنى بۇ يۇرتلاردىن ھەر ئامالنى قىلىپ بولسىمۇ ئېلىپ كېتىشىم كېرەك، مىللىتىمىز مانا مۇشۇنداق ياشلارغا ئېھتىياجلىق. مەن بۇلارنىڭ بۇ ئەللەردە ئەنە ئاۋۇ يالىڭاچلانغان تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىدەك ۋاقىتسىز قۇرۇپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن. ئۇلارنى ئەڭ بولمىغاندا چوڭچىڭغا بولسىمۇ ئەكېتىپ، ئۇلارنى باھاردا كۆكىرىپ تۇرغان سۆگەت تاللىرىدەك ياشنىتىۋېتىمەن. چۈنكى بۇلار ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كېلەچەكلىرى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاندىن ئەردەمگە: «ئەردەم، بۇ يەرلەرگە كۆنۈپ قالغانسىلەر، بۇ يۇرتلار ھەرھالدا باشقا يات ئەللەرگە قارىغاندا خوتەنگە سەل ئوخشاپ قالىدۇ. خەلقىنىڭ مىجەز - خۇلقىمۇ بىزگە يېقىنراق كېلىدۇ» دەپ، يېنىدا يەنە خىيال بىلەن كېتىۋاتقان ئەردەمگە قارىدى. ئەردەم: «توغرا دەيسىز، بۇ يەرلەر بىزنىڭ يۇرتلارغا ئوخشاپمۇ قالىدىكەن، ئەمما ئۆز يۇرت دېگەن بەرىبىر ئۆز يۇرتتە، شۇڭا مەن ھېچبىر ۋاقىت ئۆز يۇرتۇمنى ئېسىمدىن چىقارمىدىم. بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇرىشى بىلەن ۋەتەنگە بولغان سېغىنىشىم تېخىمۇ ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. يۇرتۇمدىكى ئەسلىملىرىم ھازىر مەن ئۈچۈن، يېگەن تامىقىمدىنمۇ بەك تەملىك تۇيۇلىدۇ، ئۇلار مېنىڭ روھىي ئوزۇقۇم. كابۇلدا ئۇزۇن مۇددەت قېلىشنى ھېچ بىر زامان نىيەت قىلمىدىم. بۇ يەرنى ھېچ ياخشى كۆرۈپمۇ كەتمىدىم. بۇ يەردىكى ئىنسانلار خۇددى فابرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇملاردەك ھەممىسى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. ھەممىسىنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسى بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە تۆۋەن. شۇڭا بۇ يەردە ئۆمرۈمنى زايا قىلىشنى ھېچ خالىمايمەن. ئۆز خىيالىمدا ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئۇلۇغلۇققا ئوخشاش نەرسىلەرگە بولغان چۈشەنچەم ئاشقانسېرى، ئۆز يۇرتۇمغا تېزرەك قايتىش ئىستىكىم ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ» دېدى. ئەردەمنىڭ پەيلاسوپلاردەك قىلغان سۆزلىرى ئىيسا بەگنى ھەيران

قالدۇردى ۋە ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ، بۇنداق ياشلارنىڭ ئىلغار پىكىرلەرنى ئىتتىك قوبۇل قىلمايدىغان مۇتەئەسسىپ جاھىللاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئەردەمنىڭ مۇرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ: «‹تېرىسىنى يەڭگۈشلىمىگەن يىلان ئۆلۈمگە مەھكۇم› دېگەن گەپ بار. ئادەملەر ھەر زامان شارائىتقا ماسلىشىش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئاڭ - سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىشى كېرەك. بولۇپمۇ سېنىڭدەك، ئازابلارنى يەلكىسىگە ئېلىپ يول ئالغانلارنىڭ ئوي - پىكرى چوڭقۇر، ئۆزى سەگەك بولىدۇ. سىلەردەك ياشلارنى قاراڭغۇلۇققا باشلاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. سىلەر يورۇقلۇققا ئىنتىزار روھقا ئىگە ياشلار. ئەگەر روھ قاراڭغۇلۇقتا قالسا، ئادەملەر بىخۇتلىشىپ كېتىدۇ، دۇنيا تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ئالغا باسالمايدۇ. ئۆزىنىڭ ياشىغان جايىدىن سىرتقا چىقىپ كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ باقماي، دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى يېرى بىزنىڭ تۇرغان يېرىمىز ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدۇ، نەتىجىدە ئەتىدىن كەچكىچە ئاتا - بوۋىلىرى ئەسىرلەردىن بېرى قىلىۋاتقان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماي جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاپ، تېخىمۇ گۇناھكار بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى سەۋەنلىك گۇناھ ئىشلەۋاتقانلاردا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا قېلىشقا سەۋەب بولغانلاردا ۋە يولباشچىلاردا. يولنىڭ گۈزەللىكى يولباشچىنىڭ ياخشى يولباشچى بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. باشتا يولباشچى، ئاندىن يولچى ماڭىدۇ ئەمەسمۇ. شۇڭا يولغا چىققاندا، ياخشى يولباشچىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش كېرەك. سېنى قەدىرلەيدىغان ئىنسانلار بىلەن بىرگە يولغا چىقىشىڭ كېرەك. بۇ چاغدا يول قانچە جاپالىق بولسىمۇ يول يەنىلا ئاۋۇيدۇ، ئادەم بەختسىز بولمايدۇ. ھايات، داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەر بىلەن تولغان يوللارنىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يول توردىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ھاياتلىق يولىدا ياخشىلىق بىلەن مەشغۇل بولماق ۋە شۇنداق ئىنسانلار بىلەن بىرگە يول ئالماق، بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئالىي مەقسەت» دەپ پاراڭ قىلىپ مېڭىپ، ئەردەمنىڭ ئۆزىنى قورانىڭ ئالدىغا باشلاپ ئەكەلگىنىنىمۇ سەزمەي قالغان ئىدى.

ئەردەم ئىيسا بەگنى قوروغا باشلاپ ئەكىرىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا خۇشخەۋەر بېرىش ئۈچۈن، كۈنگەيگە قاراپ سېلىنغان قاتار - قاتار تۆت ئېغىز ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپلا، ئىچىگە يۈگرەپ كىرىپ كەتتى. ئىيسا بەگ قورونىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز ئاتتى. قورونىڭ ئىچى ئوبدانلا چوڭ بولۇپ، تەسكەي تەرەپ كەڭ كەتكەن سەينا ئىدى، قالغان ئۈچ تەرىپى پىششىق كېسەكتىن سېلىنغان بىر قەۋەتلىك قاتار -قاتار ئۆيلەر بىلەن ئورالغان ئىدى. ھايال ئۆتمەي ئەردەم كىرگەن ئۆينىڭ ئىچىدىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئالدىراپ چىقىپ كېلىپ، ئىيسا بەگ بىلەن خۇددى قەدىناس دوستلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پوزۇر كىيىنگەن ئىيسا بەگكە باشتىن بويىغا سىنچىلاپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىززەت - ئىھرام بىلەن ئۆيگە باشلىدى.

ئەسلىدە، ئىيسا بەگ ختاي مىللەتچى ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن بىر مۇسۇلمانلار ئۆمىكىگە باش بولۇپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىگە زىيارەتكە چىققان ئىدى. زىيارەتتىن مەقسەت، ياپونلار جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەچكە، گومىنداڭ مىللەتچى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولغان ئىدى. ئەنە شۇ ئۆمەككە باش بولغان ئىيسا بەگ ھىندىستان، ئەرەبىستان، مىسىر،

تۈركىيە، سۈرىيە، ئىراق ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئايلىنىپ، ھازىر ئافغانىستانغا كەلگەن ئىدى. ئۇلار ھىندىستان ئارقىلىق خىتايغا قايتاتتى. دېمەك، زىيارىتىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان ئافغانىستانغا كېلىپلا، مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، كۆڭلىگە نەچچە يىلدىن بېرى پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كابۇل كوچىلىرىدا ئۆزىنىڭ ئازغىنە بىلىدىغان پارسچە تىلى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئۇ ئاخىرى بۇ ئارزۇسىغا يېتىپ، مانا شۇتاپىنىڭ ئۆزىدە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ ئايىغى ھېچ ئۈزۈلمەيتتى. ئاخىر كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئىيسا بەگ يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئايرىم كېلىدىغانلىقىنى، ئەتە ئافغانىستان پادىشاھى مۇھەممەد زاھىر شاھنىڭ ھۇزۇرىدا مۇھىم بىر ئۇچرىششنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، سەل ئالدىراپلا قايتىپ كەتتى. 1939 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 – كۈنى، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئىيسا بەگنى ئافغانىستان پادىشاھى ئۆز ھۇزۇرىدا قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ پېشىن نامىزىدىن كېيىن، ئىيسا بەگ يەنە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى يوقلاپ كەلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ ئەزىز مېھمانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پاقلان سويدى. ئامىنە خانىم بولسا، قورودىكى قولۇم - قوشنىلار بىلەن قول - قولچە قۇيغان ئۆپكە - ھېسىپ، قوروغا يېڭىلا سالغان تونۇرغا يېقىلىپ، ئاناردەك قىزىرىپ پىشقان پاقلان گۆشىدىن ئېتىلگەن گۆشگىردىلەر ۋە پاقلان قۇيرۇقى بىلەن ياپىلاقلانغان چىگەر تائاملىرى بىلەن دۇردۇن داستىخاننى چىرايلىق قىلىپ راسلىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇيغۇر تائاملىرىنى يېمەي سېغىنىپ كەتكەن ئىيسا بەگ، «ياخشى تاماق ئېشىپ قالغۇچە، يامان قورساق يېرىلىپ كەتسۇن» دەپ، داستىخان ئۈستىگە تىزىلغان تائاملاردىن تازا يېدى، ئاخىرىدا ئوخشىغان ئۆگرىنى ئىچىپ پۇخادىن چىقتى. ئۇلار دۇئا قىلىپ بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئايرىم خانىسىغا چىقتى، بىرەر پىيالىدىن مېزىلىك دورا - دەرمانلار بىلەن دەملەنگەن قېنىق سىنچاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى. پاراڭ گاھ دۇنيا ۋەزىيىتى ئۈستىدە بولسا، گاھ ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە بولاتتى. ئەمما، مەيلى پاراڭنىڭ ئۇچى نەگە بېرىپ تاقاشسا تاقاشسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ پىكرى ھامان بىر يەردىن چىقاتتى. مانا بۇ پىكىر ئورتاقلىقى پاراڭ تېمىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپۈيىشىگە، كۆڭۈللەردە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېيتالماي كەلگەن سۆزلەرنىڭ كۈن يۈزى كۆرۈشىگە سەۋەب بولۇۋاتاتتى. ئەمدى پاراڭنىڭ تېمىسى تۈرك مىللەتچىلىكى ئۈستىگە كېلىپ توختىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

«تۈرك مىللەتچىلىكى تاكى ئوغۇزخان ئاتىمىزدىن تارتىپ ھېچ بىر ۋاقىت تۈرك مىللىتىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرمەي، تا بۈگۈنكىچە جاھاندا ئالدىنقى قاتاردىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغۇزۇپ كەلدى. قاچانكى تۈرك مىللەتچىلىكى ئاجىزلىغان ھامان مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، مىللى روھى سۇسلىشىپ، دۆلەت ۋە خەلق ھالاكەتكە يولۇقتى. ھازىرقى زامان ۋە ماكاندا تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى مىللىتىمىز ئارىسىدا قايتا بېخلاندۇرۇپ، مىللىتىمىزنى مەنىۋى جەھەتتىكى گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىز، مىللى روھىنى قايتا تىرىلدۈرۈشىمىز لازىم. ئەمما شۇنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تۈرك مىللىتى ھېچ بىر زامان ئىسلام دىنىنىڭ سەۋەبىدىن بۈگۈنكى كۈنگە قالغان ئەمەس. بۇنداق بىر سەپسەتە بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئىمانىنى

سۇسلاشتۇرىدىغان ئىقىملارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بىز ئىسلام دىنىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلغان زامانلاردا ئەڭ گۈللەنگەن ئىمپېراتورلارنى قۇرغان. شۇڭا، تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ھەرگىز ئىسلام دىنىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ئىككىسى قان بىلەن گۆشتەك بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. بىرىنى ئىنكار قىلىپ يەنە بىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئىش بولغان زامان، ھەر ئىككىلىسى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. پەقەت ئىككىسى بىرگە بولغاندىلا، ئىمان بىلەن سۇغۇرۇلغان مىللىي روھ كۆكتىكى قۇياشتەك پارلاپ، پۈتۈن مىللەتنى ئۇيۇقلارغا تۇتاشقان نۇرلۇق يولغا باشلايدۇ. تارىختا، تۈرك مىللىتىنى نەگە بارسا شۇ جايغا ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يايغان بولسا، ئىسلام دىنىمۇ ئوخشاشلا بارغانلا جايىدا ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇقتا قالغان كۆڭۈللەرنى يورۇتۇپ، سۇنۇق دىللارنى ياشناتقان. شۇڭا، ئىككىسى جەم بولغان زېمىندا شانلىق مەدەنىيەت يوللىرىنى ئېچىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقان. بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام يۈكسەك پەزىلەتكە ۋە سىستېمىلىق ئەخلاقىي قاراشقا ئىگە بولغان گۈزەل بىر دىن. بۇ دىن ھېچبىر زامان زامانىۋى ئىلغار پەن - تېخنىكىلارغا زىت كەلگەن ئەمەس. بىز مىللىتىمىزنىڭ ياشلىرىنى ھەم دىنىي ھەم زامانىۋى پەننى بىلىملەر بىلەن تەڭ يېتىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. مانجۇلار زېمىنىمىزغا باستۇرۇپ كىرگەندىن بۇيان، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى بىزنىڭ زېمىنىمىزدا يېيىشقا ھەرۋاقىت كۆپ كۈچ چىقاردى. ئەمما ئاشۇ مەدەنىيەتلەردىن بىزنى قوغداشتا، دىنىمىز ئىسلام بىلەن تۈرك مىللىي روھىنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ بولدى. بۇ ئۇلۇغ ئېتىقاد ۋە بۈيۈك روھ بىلەن، مىللىتىمىز ئۆز مەدەنىيەتلىرىنى ختاي مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئېرىپ تۈگەپ كېتىشتىن ساقلاپ كەلمەكتە. جەڭگاھتا مولجالغا ئېلىپ ئېتىلغان ئوق ئەڭ تېز جاننى ئالىدىغان يەر ئادەمنىڭ يۈرىكى بىلەن مېڭىسى بولغىنىدەك، بۈگۈنكى دۇنيادىكى مەدەنىيەت ئۇرۇشلىرىدىمۇ مولجالغا ئېلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم يەر، يەنىلا يۈرەك بىلەن مېڭە. شۇڭا ختايلار ھازىر ھەرخىل مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئۆزىمىزنىڭ مەدرىسلىرىمىزنى بۇزۇپ چېقىپ، تۈپتىن يوق قىلىپ، بىر چەتتىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن مېڭىمىزنى يۇيۇشقا ئۇرۇنسا، بىر چەتتىن كۆڭۈللىرىمىزنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن قىلمىغان - ئەتمىگىنى قالمايۋاتىدۇ. ئەمما مىللىتىمىز ھازىرغىچە تىركىشىپ، بەرداشلىق بېرىپ كەلدى ۋە بۇ يولدا نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى، ھېلىھەم تېخىمۇ كۆپ بەدەللەرنى تۆلىمەكتە. بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان زۇلۇمغا خەلقىمىز زادى قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، بۇ بىزگە نامەلۇم. چۈنكى ئۇزۇن مەزگىللىك ئاسارەت ئاستىدا قالغان مىللىتىمىز، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئەڭ ئېغىر زۇلۇم چېكىۋاتىدۇ، مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇنيادىكى پەننىي بىلىملەردىن يىراقلىشىپلا قالماستىن، يەنە ھەم مىللىي كىملىك ھەم ھەقىقىي دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش پۇرسىتىدىنمۇ مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، بىزدە چەت ئەللەرگە چىقىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بەكمۇ ئاز. ئەنە شۇ ئازغىنە زىيالىيلىرىمىزمۇ دۈشمەنلىرىمىز تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. نۆۋەتتە خەلقىمىزنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسى بەكمۇ تۆۋەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىملىكىنىمۇ تونۇمايدۇ. نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاشۇ بۇزۇق مەنىۋى ھاۋاسىدا خەلق ئايدىڭلىقتىن ئايرىلغان بولغاچقا، ھەممە يەرنى جاھالەت، نادانلىق، ھالاكەتچىلىك قاپلاپ، شەرقىي تۈركىستان بۈگۈنكىدەك تراگېدىيەلىك تەقدىرگە

مۇپتىلا بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مائارىپ ئىنتايىن قالاق بىر سەۋىيەدە، بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىلغار مائارىپتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. شۇنىسى ئېنىقكى، مىللىي مائارىپ مىللىتىمىزنىڭ يۇقىرىغا يۈكسىلىشىدە  باسىدىغان بىرىنچى بالدىقى. مىللىي مائارىپ قۇرۇلۇشىغا تېز يۈرۈش قىلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىچىكىدىن تارتىپلا ھەم مىللىي كىملىك ھەم دىنىي بىلىملەر بىلەن تەربىيەلەپ، ئۇلارنى زامانىۋىي بىلىملەردىن خەۋەردار قىلىدىغان ئىلغار مائارىپ تەلىم - تەربىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ مىللىي مائارىپتا دەرس ئۆتەلەيدىغان بىر ئاۋانگارت زىيالىيلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق كەلگۈسىدە دۆلەتكە يۈك بولىدىغان ۋەتەنداش ئەمەس، بەلكى دۆلىتىگە خىزمەت قىلىدىغان، مەملىكىتىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا تۆھپە قوشالايدىغان بىر قوشۇننى مەيدانغا كەلتۈرەلەيمىز. مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك مۇنداق دېگەن ئىكەن: ‹بىر مىللەت مىللىي مائارىپ قوشۇنىغا ئىگە بولمايدىكەن، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قانچىلىك زەپەرلەرنى قولغا كەلتۈرسە كەلتۈرسۇن، ئۇ زەپەرلەرنىڭ نەتىجىسىگە ئىگە بولۇشى يەنىلا مائارىپ قوشۇنى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.› ئەگەر بىز مۈرىگە تىرەپ، غۇلاچنى غۇلاچقا ئۇلاپ ئاشۇ ئويلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساق، ماڭماقچى بولغان يوللىرىمىزدا ماڭالىساقلا، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىر پارلاق كېلەچىكىنى روياپقا چىقىرالايمىز. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ مىللىي روھى، غۇرۇرى، تارىخىي ۋە مىللىي ئەنئەنىسى قايتىدىن تىرىلىدۇ، ئىمانى تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ» دەپ، تۈركچىلىك، ئىسلام ۋە تەرەققىيات توغرىسىدا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ بۇ سۆزلىرىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلىغا ئىيسا بەگ ئىچىدە، «مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ يۈرگەن ئادىمىم دەل مۇشۇ كىشى ئىكەن. راستىنلا مەسئۇد بەگ، مەن ۋە ھەزرىتىم ئۈچىمىز بىرلىشىپ، بىر تەن، بىر روھ بولالايدىغانلا ئىش بولسا، بىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۈچىمىز نەچچە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئېرىشەلمىگەن غالىبىيەتلەرگە چوقۇم ئېرىشەلەيمىز، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن چوقۇم يېڭى بىر يول ئاچالايمىز» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلماقچى بولۇپ، ئېغىز ئاچتى: «راست، ھەزرىتىم، ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىمىز بىلەن ئىسلام دىنىمىزنىڭ كېلىشەلمەيدىغان ھېچبىر  يېرى يوق. يەنى ئىككىسى بىر بولغاندىلا، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، يەنىلا ئۆزلىرى ئېيتقاندەك، زامانىۋى مائارىپقا ئېھتىياجىمىز بار. ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن شۇ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر ئىلغار پىكىرلىك مائارىپ قوشۇنىغا موھتاجمىز. شۇ ۋەجىدىن، بىز ئالدى بىلەن شۇنداق بىر ئىلغار قوشۇننى ۋۇجۇتقا ئەچىقىشنىڭ يولىنى تېپىشىمىز، بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ ئۆلۈك روھىنى تىرىلدۈرۈشىمىز لازىم. يەنى، دېمەكچى بولغىنىم، بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىنىڭ بېشىدا مىللىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى چىرىتىۋاتقان بىردىنبىر كېسەل، مەنىۋى جەھەتتىكى بوھراندۇر. تارىختا ھېچ بىر مىللەت ۋە دۆلەت مەنىۋىيەتسىز پۇت تىرەپ تۇرالىغان ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، نۇرغۇن دۆلەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەر بەرپا بولۇپ، سەلتەنەت سۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقان. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مال - دۇنيا، ھەربىي كۈچ ۋە نوپۇس سانىنىڭ

كۆپلىكى بىلەن ئەمەس، پەقەت خەلقىنىڭ پاك مىللى روھى، پاك ئىمانى، گۈزەل مەنىۋىيىتى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. قاچانكى مىللىتىمىزنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيىتى يۈكسەلگەندە دۆلىتى قۇدرەت تېپىپ، زورايغان. تارىخىمىزدا يەنە بەربات بولغان، ئۆرۈلگەن دۆلەتلەر ۋە ئىمپېراتورلار بولغان. بىراق بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يەنىلا پۇلسىزلىقتىن، كەمبەغەلچىلىكتىن، يوقسۇللۇقتىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى بوھراندىن، ئەخلاقنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن يىمىرىلگەنلىكى ئېنىق. ئەخلاقسىزلىق، نادانلىق، مەنىۋىيەتسىزلىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتتە ئادالەتتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئادالەت، پەزىلەت بولمىغان ۋە روھىي زەئىپلىك ھەممە يەرنى ۋابادەك قاپلىغان جايدا، بىر دۆلەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە قايتا قۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر قۇرۇلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق بىر دۆلەت ئۇزۇنغا بارماي ھامان گۇمران بولىدۇ. دېمەك، مەنىۋى بوھران بىر مىللەتنىڭ، بىر قەۋمنىڭ، بىر خەلقنىڭ مەنىۋىيەت زەئىپلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى. بۇنداق مەنىۋى زەئىپلىك بىزنى تارىختا ھالاكەت ئۇچۇرۇمىغا باشلاپ ئاپارغان. نۆۋەتتە خەلقىمىزنى ئەنە شۇ روھىي قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈنچىلىك تېز ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇزۇن مۇددەتلىك تەشۋىقات ۋە مائارىپ كېرەك. مەن ئۆزبېكىستاندىكى چاغلىرىمدا، رۇسىيە يازغۇچىسى دوستويېۋسكىنىڭ ‹ئۆلۈك ئۆيدىكى خاتىرىلىرىم› ناملىق كىتابىنىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسىنى ئوقۇغان ئىدىم. يازغۇچى بۇ كىتابىنى چار پادىشاھى تەرىپىدىن سىبىرىيەگە پالانغاندا، تۈرمە ھاياتىدىكى كۆرگەن - بىلگەنلىرىگە ئاساسەن يازغان ئىكەن. بۇ كىتابتىكى بىر ۋەقە ماڭا بەكمۇ تەسىر قىلغان. يەنى، تۈرمىدە ئاشقان - تاشقانلارنى يەپ كۈن ئالىدىغان ئىتلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئىت بار بولۇپ، تۈرمىدىكى ھەر مەھبۇس ئاشۇ ئىتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئىتنى بىرنى تېپىپ ئۆتىدۇ. ئىتمۇ مەھبۇسلارنى كۆرگەندە قاچماستىن، ئەكسىچە مەھبۇسلار يېنىغا يېقىنلاشقاندا، ئىگىلىپ تۇرۇپ، مەھبۇسلارنىڭ تېپىشى ئۈچۈن ئۆزىنى تەق قىلىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى دوستويېۋسكى تاياق زەربىسىدىن باش - كۆزىنىڭ ھەممە يېرى يارا بولۇپ كەتكەن ئاشۇ بىچارە ئىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، مېھرىبانلىق بىلەن بېشىنى سىلايدۇ. بۇ ئەھۋال ئىتقا شۇنچىلىك غەيرى تۇيۇلىدۇ ۋە دوستويېۋسكىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ يېنىدىن دەرھال كېتىدۇ. ئاندىن ئاچچىق بىر دەرد – ئەلەم بىلەن قاتتىق قاۋايدۇ. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئىت دوستويېۋسكىنى كۆرگەن ھامان ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچىدۇ. بۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ ئىت، روھىي قۇللۇققا مەھكۇم بولغان ماڭقۇرت ئىنسانلارنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، بىر ئۆمۈر ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە ئۇچرىغان ۋە ئۇلارغا كۆنۈپ كەتكەن ئىنسانلار، تۇيۇقسىز ياخشى بىر مۇئامىلىگە ئۇچرىغاندا نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدۇ. ھەتتا ئەسكىلىك قىلغانلار تەرىپىدە تۇرۇپ، ياخشىلىق قىلغانلارغا گۇمان نەزىرى بىلەن قاراپ، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرىشىنى ئادەتتىكى بىر ئىش دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۆزىنى دەپسەندە قىلغانلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلغانلارغا نەپرەت كۆزى بىلەن قارايدۇ. بۇنداق ئەھۋال بىزنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان. چىنلىقلار قانچە زۇلۇم قىلسىمۇ، يەنىلا شۇلارغا ئىشىنىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان باشقۇرغۇچىلاردىن گۇمانلىنىدۇ، ئۇلارغا بويسۇنماي، ياتلارنى چىللاپ ئەچىقىپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغۇزىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەتلىرىمىزدىن بىرى، خەلقىمىز ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن قۇللۇق ئىدىيەدىن ئازات

قىلىشى. بۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشىمىزغا، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يۈزلىنىپ، نەشرىيات ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىشىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۆزىمىزنى ھەم خەلقىمىزگە، ھەم خىتاي خەلقىگە تونۇتىمىز. مەن ھازىر ئۆز ئىقتىدارىمنىڭ يېتىشىچە، مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ‹چىنى تۈركىستان ئاۋازى›، ‹ئۈرۈش خەۋىرى› ۋە ‹ئالتاي› قاتارلىق مەجمۇئەلەرنى چىقىرىپ، بۇ مەجمۇئەلەر ئارقىلىق تۈركىستاننىڭ مىللىي كىملىكىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، تارىخىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى، جۇغراپىيەسىنى، ئارزۇ - تەلەپلىرىنى ۋە نۆۋەتتىكى مەۋجۇت سىياسىي مەسىلىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يۇكسەلدۈرۈشكە تىرىشسام، يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي تىلى ئارقىلىق خىتاي زىيالىيلىرىغا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇۋاتىمەن» دەپ، ئالدىدىكى پىيالىغا يېڭىلا قۇيۇلغان ئىسسىق سىنچاينى ئاستا پۈۋلەپ ئىككى ئوتلاپ ئىچتى.

ئاندىن، يېرىم قالغان سۆزىنى تولۇقلاش ئۈچۈن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى: «شۇڭا، بىز ماڭماقچى بولغان تۈرك مىللىتىنىڭ مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى خىتاي دۆلىتىنىڭ يۈرىكى بولغان چۇڭچىڭدا تۇرۇپ بېسىشىمىز لازىم. بىزدە ‹چىراق تۈۋى قاراڭغۇ› دېگەن ئاتا سۆزى بار. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، بىز پەقەت شۇ يەردىلا تۈرك تىلىدىكى گېزىت، ژورنال ۋە مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئۆزىمىزگە يارامىلىق ياشلارنى تەربىيەلەپ چىقىمىز ۋە خىتايلار ئارىسىدىكى ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە ئۆز ئىدىيىمىزنى سىڭدۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىق قىلىپ، بىزنىڭ خىتايلارغا ئوخشىمايدىغان ئايرىم مىللەت، يەنى تۈرك مىللىتىدىن ئىكەنلىكىمىزنى، ئاتالمىش ‹شىنجاڭ› دېگەن زېمىن ئەلمىساقتىن بۇيان تۈرك مىللىتىنىڭ ياشاپ كەلگەن زېمىنى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا تونۇتۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزلىرىدەك كۈچلۈك قەلەم قۇۋۋىتىگە ئىگە، ھەم تارىخىي ھەم دىنىي بىلىملىرى مول بولغان بىرسىگە ئېھتىياجىمىز بار. بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ئۆزلىرىلا چىقالايلا. ھە راست مەسئۇد بايقۇزى ئەپەندىمىنىڭمۇ قەلەم كۈچى خېلىلا كۈچلۈك، لېكىن ‹يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس› دېگەن گەپ بار. بىزدەك ئورتاق ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغانلارمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئۇلۇغ يولدا ھەممىدىن پىداكار، ھەممىدىن قورقماس يولباشچى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئۈچىمىز ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىشىمىز كېرەك دەپ قارايمەن. ئەگەر خالىسىلىرى مەن سىلىگە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن پاسپورت چىقارتىش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئەگەر بۇ ئىش پات ئارىدا ھەل بولىدىغان ئىش بولسا، ئۆزلىرىنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتمەكچىمەن».

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ ئىيسا بەگنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ خىتاي تۈپراقلىرىدا تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ دەردىنى خىتايلارغا تىنچلىق يولى بىلەن ئاڭلىتىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاينىڭ ئەزەلدىن ئايرىلماس بىر زېمىنى ئەمەس، بەلكى بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى ئەزەلى ۋە ئەبەدىي تۈرك مىللىتى ئىكەنلىكىنى، تۈركلەرنىڭ خىتايلار بىلەن ھېچقانداق بىر چېتىشلىقى يوقلۇقىنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن خىتاي تىلىدا تونۇشتۇرۇش، ھەقىقەتەن بەكمۇ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ بىر خىزمەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر

چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى قىسقا قىلىپ مۇنداق بايان قىلدى: «مەن سىلىنىڭ تەلەپلىرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. بىزمۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمايمىز. يازىدىغان كىتابىمنىمۇ يېزىپ بولدۇم. ئەمدى قىلىدىغان ئىشىم سىلە ئېيتقاندەك، بىرگە ھەرىكەت قىلىپ، ئەمەلىي پائالىيەتكە ئۆتۈش. شۇڭا، مەن ۋە ئائىلەم ئۈچۈن خىتاي پاسپورتىنى ھەل قىلىدىغان ئىشقا قوشۇلىمەن. كېرەكلىك ماتېرىياللار بولسا دېسىلە، سىلە كابۇلدىن ئايرىلغۇچە تەييارلاپ بېرەي. سىلىدىن ھەرگىز يوشۇرمايمەن ھەم تارتىنىپمۇ ئولتۇرمايمەن. بىز گەرچە كۆرۈشكىلى بىر نەچچە كۈن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بېرى دىدارلاشماي تۇرۇپ تونۇشقان مەنىۋى دوستلاردىن بىز. نۆۋەتتە بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. كىرىدىغان كىرىم، قىلىدىغان ئىش - ئوقەت بولمىغاچقا، قولىمىز قىسقىراپ قالدى. يېنىمىزدىكى ئازغىنە سەرمايىنىمۇ يەپ تۈگىتەي دېدۇق. ئۆزلىرى بىلىلا، نامراتلىق ھەرگىزمۇ بىر خىل ئالىيجاناپ كەچۈرمىش ئەمەس. بولۇپمۇ نامراتلىق يات ئەللەردىكى بىزدەك مۇساپىرلارغا ۋەھىمە، بېسىم، ھەتتا ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىدىكەن. شۇنداقتىمۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزۈمنىڭ پاراستىنى يوقاتماي، ئۆزۈمنى نىقاپلىماي، بارلىق زېھنىمنى مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ مۇھىم ئىشقا ئاتىدىم. بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ بەدىنىم قەپەزدە بولسىمۇ، روھىمنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلدىم. بېشىمغا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشلار كەلگەن بولسىمۇ، مەن تېخى ھايات، مەن ۋە مېنى سۆيىدىغان ئائىلەم، ئەتراپىمدا دوستلىرىم، يىراقتا بولسىمۇ خەلقىم بار دەپ ياشىدىم. بۇندىن كېيىن خىتاي دۆلىتىدە بېشىمغا ھەرقانچە يامان كۈن كەلسە، يەنە بۇنچىلىك بولار دەپ ئويلايمەن. شۇڭا قارارىم قارار. ئەگەر پاسپورت ھەل بولسىلا، باشتا ھىندىستانغا بېرىپ بىر مەزگىل تۇراي. چۈنكى ھىندىستاندىكى ھەمشەھەرلىرىمنىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرى بەك زور. مەن ئۇلار بىلەن ھەمپىكىرداش بولۇپ، بەزى ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزۈپ قويمىسام، ئەلۋەتتە بولمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ بۇ قارارىمدىن باشقا، بۇندىن كېيىن بىرگە قىلىدىغان ئىشلارغا كەلسەك، سىلە ئېيتقاندەك، ھەم ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئاڭ - سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەم ئۆزىمىزنى خىتاي خەلقىگە تونۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا، ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا مەن تەييار. بۇ كۈرەش سىلە ئېيتقاندەك ھەقىقەتەن ھەم پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان ھەم ئۇزۇن مەزگىللىك جاپالىق يولنى بېسىشقا توغرا كېلىدىغان قەلەم كۈرىشىدۇر. بىزنىڭ خەلقىمىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ زۇلۇمىدا ئېزىلگەن بىر خەلق، ئۇلار ھەم مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتتىن بەكمۇ نامرات. بۇ ئىككى جەھەتتىكى نامراتلىق ئادەمنى پاراسەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، قۇللۇققا مەھكۇم قىلىدۇ. شۇڭا بىزدە ئەقىل - پاراسەتلىك يېتۈك كىشىلەر بەكمۇ ئاز. گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەقىل - پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك، ئىلغار پىكىرگە ئىگە ئەربابلار چەت ئەللەردىن يېڭى نەزەرىيەلەرنى، يېڭى پىكىرلەرنى يۇرتىمىزغا ئەكىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئىدراك قىلغۇدەك كۈچ خەلقىمىزدە بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەرەپلىمە كونا ئەقىدە ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنىڭ ئىسكەنجىسى ئاستىدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. قىلغانلار بار دېيىلگەندىمۇ، ئۇلار ناھايىتى بىرقانچە كىشىلەر بولدى. مىڭ ئەپسۇس، ئۇلار نادانلارنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇلغان خەنجەرلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. قاتىل نادانلىقتىن قاتىللىق قىلسا، مەقتۇل ئىلغار پىكىرگە ئىگە بولغان

بىلىملىكىدىن ئەزىز جېنىدىن ئايرىلدى. شۇڭا بىز بىر تەرەپتىن مۇستەملىكىچىلەر بىلەن كۈرەش قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى بىر ئەۋلاد زىيالىيلار قوشۇنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، كەڭ ئاممىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىتىش، ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ۋە قارانىيەت مۇتەئەسسىپ، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا، مۇستەقىللىقىغا كۈشەندە بولىدىغان كۈچلەرنى يېتىم قالدۇرۇشىمىز كېرەك».

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئېيتقان سۆزلىرى قۇلىقىغا يېقىملىق كۈيدەك ئاڭلانغان ئىيسا بەگ، باياتتىن بېرى ئېسىگە كەلگەن قەدىمى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتوننىڭ «دۆلەت» ناملىق كىتابىنىڭ خىتايچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى يەتتىنچى بابىدىن ئالغان تەسىراتىنى، مۇشۇ سۆھبەتتە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئورتاقلىششنى لايىق كۆردى بولغاي، ئۆز نۆۋىتىدە سۆز ئېلىپ: «مېنىڭ تۈركىستان خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى، پەيلاسوپ ئەپلاتوننىڭ ‹دۆلەت› ناملىق ئەسىرىدە قەيت قىلىنغان كۈن چۈشمەس ئۆڭكۈر ئىچىدىكى زەنجىر بىلەن كىشەنلەنگەن ئادەملەرگە ئوخشاتقۇم كېلىدۇ. ئەينى چاغدا ئەپلاتون ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالىنى روشەن يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈر ئىچىدىكى مەھكۇملارنىڭ دۇنياسىنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ئارقىلىق، بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ پەقەت كۆزى بىلەن كۆرگەن نەرسىگىلا ئىشىنىدىغانلىقىنى، شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي مەنىدىن يىراقلىشىپ خاتا پىكىر، خاتا ئىدىيەلەرنىڭ قۇلىغا ئايلانغانلىقىدىن ئىبارەت قۇللۇق ئىدىيەنى تەنقىد قىلغان. يەنى، بۇرۇن بىر يەر ئاستى ئۆڭكۈر ۋە ياكى بىر غاردا بىر مۇنچە ئادەملەر كىچىكىدىن تارتىپ پۇت - قوللىرى زەنجىرلەر بىلەن كىشەنلەنگەن ھالدا، ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم ياشايدىكەن. ئۇلار جايىدىن قىمىرلىيالمىغاچقا، پەقەت شۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىنىلا كۆرەلەيدىكەن، ئارقىسىغا ياكى ئىككى يېنىغا قارىيالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك تام قوپۇرۇلغان بولۇپ، تامنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېگىز بىر يەردە دائىم يېنىپ تۇرىدىغان ئوت ھەم يورۇق دۇنياغا تۇتىشىدىغان ئۇزۇن تىك يولمۇ بار ئىكەن. پۇت - قولى ھەتتا بويۇنلىرى زەنجىرلەنگەن، يورۇقلۇققا تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان شۇ ئادەملەر بۇرۇن ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، پەقەت ئالدىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا چۈشكەن سايىلەردىنلا كۆرۈدىكەن. يەنى، ئۇ كۆرگەن سايىلەردە ھەر يوغان قۇلاقلىرى بار، باشلىرى ئاجايىپ غەلىتە ھايۋانلارغا ئوخشايدىغان ۋە قوللىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنىڭ بارلىقى كۆرۈنىدىكەن. ھەتتا قۇلاقلىرىغا ئاجايىپ غەيرى ئاۋازلار ئاڭلىنىدىكەن. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كۆرۈۋاتقىنى، تامنىڭ ئارقىسىدىكى تىك يولدا مېڭىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ سايىسى بىلەن تام تۈۋىدە مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەر قوللىرىدا تىك تۇتۇپ كۆتۈرۈۋالغان نەرسىلەرنىڭ سايىسى ئىكەن. ئاڭلاۋاتقان غەلىتە ئاۋازلار بولسا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنىڭ تاۋۇشلىرى ئىكەن. ئەمما، ئۇلار ھەقىقىي نەرسىنى سايە بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىكەن، ئۇلار سايىنى راست دەپ قاراپ، ئۇ تەرەپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا ئەكىلەلمەيدىكەن. ھەتتا ئۇ تەرەپتىن چىققان ئاۋازنى ئارقىسىدىكى تامدىن كەلگەن ئاۋاز دەپ بىلىدىكەن. دېمەك، مەھكۇملارنىڭ بۇنداق خاتا ھۆكۈم چىقىرىشىغا سەۋەب بولغان ئۇچۇرلار، ئۇلارنىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرى ئارقىلىق سايىلەردىن ئىگە بولغان ئۇچۇرلاردۇر. ئەمدى ئۇلار بۇنداق خاتا ھۆكۈملەرنى قىلىشتىن ۋە سايىلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن

قول - پۇتلىرىدىكى، بويۇنلىرىدىكى زەنجىرلەرنى پاچاقلاپ تاشلىشى كېرەك، يورۇقلۇقنى تۇراپ تۇرغان ئارقىسىدىكى تامنى ئۆرۈپ، ئۆتكۈردىكى مەھكۇملۇق ھاياتىدىن تەلتۆكۈس ئازات بولۇشى شەرت. ئاندىن يورۇقلۇققا تۇتاشقان تىك يولنى بويلاپ مېڭىپ، يورۇق دۇنياغا چىقىشى لازىم. يورۇق دۇنيادا قانداق ھەيران قالارلىق بىر ياخشى ھاياتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشى كېرەك. نىھايەت، ئۇلار ئۆزلىرىنى باغلاپ تۇرغان كىشەنلەردىن قۇتۇلۇپ يورۇقلۇققا چىقىپتۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قۇياشنىڭ نۇرىغا چىدىماپتۇ، بەدەنلىرىنىڭ تېرىلىرى كۆيۈپ ئاغرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى يەنىلا ‹ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆتكۈردىكى ھاياتىمىز ياخشىكەن›دەپ، كۆزنى ئېچىپ قاراشقا جاسارەت قىلالماي ئارقىغا يېنىپتۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئۆزى كۆنۈپ قالغان نەرسىلىرىدىن ئايرىلىشى بەكمۇ تەسكە توختايدۇ. كونا ئادەتلىرىنى بىردىنلا چۆرۈپ تاشلىشى ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن جاپادىن قورقىدىغان، يېڭىلىقنى ئاسان قوبۇل قىلالمايدىغان، جاسارەتسىز، جۈرئەتسىز بەزى كىشىلەر مەڭگۈ قۇللۇقتا ئۆتىدۇ. يالغاننى راست، سايىنى ھەقىقى نەرسە دەپ شەكلىگە ئىشىنىپ، ماھىيەت ۋە مەنىدىن قاچىدۇ. ئەمما چاقناپ تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرىغا ئاستا - ئاستا كۆنگەنلەر ۋە ئازراق ئاغرىققا چىدىغانلار بولسا بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى دۇنيانىڭ، يورۇق ماكاننىڭ قانچىلىك راھەت ۋە گۈزەللىكىنى ھېس قىپتۇ. چۈنكى ئادەمدە كۆزنى ئېچىپ قاراش جاسارىتى بولغاندىلا تەپەككۇر قىلىشقا، سۆزلەشكە، قول تىقىپ ئىشلەشكە جۈرئەت قىلالايدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق جاسارەتكە، جۈرئەتكە ئىگە بولغاچقا، كۆندۈزلىرى يورۇق دۇنيادا ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ، رەڭمۇرەڭ قۇشلارنىڭ كۆپكۆك ئاسمان قەرىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشلىرىدىن ئاجايىپ زوق ئاپتۇ. ئۇنداق غەلىتە، قورقۇنچلۇق سايىلەردىن ئەبەدىي يىراقلىشىپتۇ. كېچىلىرى بولسا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئاسماندىكى تولۇن ئاينى كۆرۈپ، ‹ھە، جاھان دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە› دەپ، توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپتۇ. كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەسىللەرنىڭ ئالمىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دۇنيانىڭ رىتىملىرىنى، ھاياتنىڭ مىزاننى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىپتۇ. ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ھەممە نەرسىنىڭ مەنبەسى قۇياش، يورۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قاراڭغۇ ئۆتكۈر بىلەن يورۇق دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىپتۇ. ئەمما مېنىڭچە، بۇنداق بىر يورۇق دۇنياغا ئىگە بولۇش ئۈنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇزۇن زاماندىن بېرى كىشەنلەپ تۇرغان زەنجىرلەرنى پاچاقلاپ تاشلاپ، قاراڭغۇ ئۆتكۈردىن چىقىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شەرتسىز بويسۇنۇش، مۇتلەق ئۆزىنى تاشلىۋېتىشتەك بۇ قۇللۇق ئىدىيەدىن ۋە سايىنى ھەقىقىي نەرسە دەپ، راس بىلەن يالغاننى ئايرىيالمايدىغان نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرەش يولىغا ئاتلىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار باشقىلار تەرىپىدىن تەن ۋە روھلىرى زۇلۇمغا ئۇچرىغان، ئوي - پىكىرلىرى مونوپول قىلىنغان بىچارە ۋە پاسسىپ ئادەملەر. ئەڭ يامان يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆتكۈردىكى تۇرمۇشىدىن رازى. بۇ نېمىدېگەن تراگېدىيەلىك بىر ئەھۋال - ھە؟ چۈنكى ئۇلار قۇللۇققا كۆنۈپ قالغان. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سۇنۇلغان ياردەم قوللارنى خوشنۇتلۇق بىلەن قارشى ئالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ تۇرمۇشىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى تۇرمۇش دەپ بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ

كاللىسىدىكى ئويلىرىنى ئەڭ توغرا ئوي، ئەڭ توغرا پىكىر دەپ تونۇيدۇ. كۆرگەن سايىلەرنى ھەقىقىي نەرسە دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىزچىل شۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە تۇرۇپ، ئالدىدىن باشقا بىر يەرنى كۆرمىگەن. ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى سىلىشتۇرىدىغان ئىككىنچى بىر ھاياتنى بايقىمىغان. شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشتىن ۋە پەرق ئېتىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قالغان. ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، خەلقىمىزنى قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىنمۇ باشقا بىر دۇنيانىڭ بارلىقى، بۇ دۇنيانى پارلاق قۇياشنىڭ يورۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈش بولۇشى كېرەك. مانا بۇلار پەقەت تەربىيە بىلەن، مائارىپ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاقارتىش ھەرىكىتى ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشتۇر. مائارىپ بىر ئادەمنىڭ ئىدىيەسىنى تەربىيەلەيدىغان، ئۇنىڭ روھىغا خىتاپ قىلىپ، ئاڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان بىردىنبىر قورال. مائارىپ ئارقىلىق خەلقىمىزنى كۆرمىگەننى كۆرىدىغان، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلايدىغان، شەكىلگە ئىشىنىشتىن قۇتۇلۇپ، ماھىيەتنى تونۇپ يېتىدىغان ھۆر ئىرادىگە ئىگە قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالايمىز. چۈنكى مائارىپ ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدىغان تەربىيەلەش سىستېمىسى بولۇپ، ئەگەر بىز مائارىپ ئارقىلىق بالىلىرىمىزغا ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىدىغان بولساق، ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۇلار ھېچ ئىككىلەنمەي جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. شۇڭا بىز مائارىپ ئارقىلىق قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىكى خەلقىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇقلۇققا يۈزلەندۈرۈشىمىز لازىم. يورۇقلۇقنى تۇراپ تۇرغان تاملارنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئالدامچى كۆرۈنۈشلەر بىلەن تولغان يالغانچى، ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن ئازات قىلىشىمىز كېرەك. ئەمما مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش بىر ئىككى ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. بۇنىڭغا بىر دۆلەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىلىرى ياردەمدە بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولمىغاندىن كېيىن، مەن يۇقىرىدا دېگەندەك، مەۋجۇت ئىمكانلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىپ بارىمىز. بۇ ئارقىلىق ھېچبىر زامان قانائەتلىنىپ قالماي، قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولۇشقا سەۋەب بولغان كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلاپ، قاراڭغۇلۇقتىن ئايدىڭلىققا قاراپ سوزۇلغان مۈشكۈل يولنىڭ يول باشچىلىرى بولۇشىمىز كېرەك. شۇڭا مەن ئەپلاتوننىڭ ‹دۆلەت› ناملىق كىتابىدىكى بۇ ئايدىڭلىققا ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ‹ئۆڭكۈر› ئوخشىتىشىنى بەكمۇ ياخشى ئوخشىتىش دەپ قارايمەن».

دېمىسمۇ، بۇ مىللەت بۇ ھاياتتا سايىلەرگە، شەكىللەرگە چوقۇنماي، ھەقىقەتنى تونۇپ يەتسە، خىيال ئالەمدە قانائەت ھاسىل قىلىپ ياشىماي، يورۇقلۇققا ئىنتىلگەن بولسا ئىدى، ھەقىقەتەن ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ، مۇستەقىل بىر دۆلەتنىڭ ھىمايىسىدە گۈزەل بىر ھاياتتا ياشىغان بولاتتى. كۆزى ئايدىڭلىققا ئادەتلەنگەن قەۋم قولىغا تاياق - توقماق ئېلىپ قوزغىلىپ ئېرىشكەن بىر كۈنلۈك ئەركىنلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ئازاتلىققا ئېرىشىش يولىنى تاللايدۇ.

ئىيسا بەگ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن، تەقدىرداشلاردىن بولۇپ قالدى. ئىيسا بەگ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پاسپورت ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئائىلىسى ۋە ئەردەمنىڭ رەسىم، ئىسىم – فامىلىسى، تۇغۇلغان جايى، تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنلىرىنى يېزىپ ئېلىپ كەتتى. كېيىن يەنە بىر قېتىم ئالايىتەن كېلىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بەزى ئەجابى پىكىرلىرىنى بىرىپ، خوشلىشىپ قايتتى. كېيىن ئۇ كابۇلدىن ئايرىلىپ ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بولسا داۋاملىق ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ ئەمدى يېڭىلا يېزىپ پۈتتۈرگەن «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ مۇقەددىمە ۋە خاتىمىلىرىنى، بۇ كىتابقا كېرەكلىك بولغان بەزى خەرىتىلەرنى تەييارلاش ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ ئىشلارمۇ تاماملانغان بولدى. كېيىن ئۇ يەنە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئۆزىنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى يازغان شېئىرلىرىنى قايتا رەتلەش ئۈچۈن، بۇرۇنقىدەك ئۇستەلنىڭ ئالدىدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوقۇشقا ئەرزىگۈدەك شېئىر يېزىش ئۈچۈن قايتا ئويغا چۆكتى. ئۇ بىر زامانلاردا يېزىشنى ئويلىغان ۋە يازغان شېئىرلىرىنىڭ ئارقىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشقا، پۈتۈن شېئىرلىرىنى توپلاپ بىر كىتاب قىلىشقا بەل باغلىغان ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ شائىرانە تۇيغۇسى ۋە سېزىملىرى مېڭىسىدە ئۆز يولىنى تېپىپ، غايەت زور بىر كۈچكە ئايلانغانىدى. ئادەمنىڭ ئىلھام بۇلىقى ئېچىلغاندا، ئالدى بىلەن كىشىنىڭ بەدىنى ۋە روھىغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىدىغان گۈزەل تىل ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىل. ئەنە شۇ گۈزەللىكلەرنىڭ ۋە ئىنسان تۇيغۇسىنىڭ چىن بۇلىقى ۋە تايانچىسى بولغان ئانا تىل ئۆز ئالدىغا تەپەككۇر قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئانا تىل سىرتقى دۇنيانىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەسىر قىلغان ئاۋازلىرىدىن باشقا، ئىچكى دۇنياسىنىڭ كۈچلۈك ۋە جەلپ قىلغۇچى تۇيغۇ ئېقىملىرىنىڭ سىرتقا تەپكەن ئاھاڭلىق بىر مۇزىكىلىق نوتىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاق قەغەز يۈزىگە شېئىر قىلىپ يازىدۇ. جۈملىدىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئۆز ئانا تىلىنىڭ كۈچى بىلەن يازغان شېئىرلىرىمۇ، تاشقى دۇنيادىن ئالغان كۈچ بىلەن ئىچكى دۇنياسىدىكى تۇيغۇلىرىنىڭ بىرلىشىشىدىن مەيدانغا كەلگەن شېئىرلار ئىدى. ئەمما يەنە نۇرغۇن ئاشكارىلانمىغان تۇيغۇلىرى، شەكىللەنمىگەن ھېسلىرى ۋە تونۇلمىغان، تېخى سەۋەبلىرى تېپىلمىغان مىڭلارچە ھېسلار ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يوشۇرۇن ياتاتتى. شۇڭا ئۇ ھەرۋاقىت ئىچ دۇنياسىنى قېزىشقا تىرىشاتتى، داۋاملىق تەپەككۇر ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق مەنىۋى ئەمگىكىنىڭ كەلگۈسىدە مىللى تارىخىمىزدا ناھايىتىمۇ يۇقىرى بىر رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئەمدىلا يېزىپ بولغان «ئى دوستۇم» ناملىق شېئىرىنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

ئى دوستۇم ئەگەر ئىستەرسەڭ كوھى قاپقا قاچ،
ئى دۈشمىنىم ياراغىڭ ئېلىپ باشىم ئۈزرە كەل،
نە بوشلاتۇر جاپاسى بۇنىڭ ئۈشبۇ ئەزمىنى،
نى كۆڭلۈم ئىچرە قورقۇسى ئىنىڭ ئالۇر مەھەل.

بىر مەجنۇن مەن شارابىن ئۇرۇر يۇرت قايغۇسى،
ھەر دەم سۇنار ئاياقىنى تۇرك ئاتلىق بىر گۇزەل،
بۇ يولدا ماڭا ۋەز ۋە مالامەت ئىرۇرۇ پايدىسىز،
بىھۇدە يەرگە ئەيلەمە زاھىد ماڭا جەدەل.

بەھىس ئەيلەمە ھالالۇ ھارامدىن ماڭا فەقىھ،
بۇ يولدا ئىجتىھادىم ئىلە ئەيلىگۇم ئەمەل،
ھىچ كىمسەغە تىرىكلىك ئەمەس مەڭگۇ تا ئەبەد،
دۇنيا ئۇزرە تۇتار مىنى بەك بىر ئۇلۇغ ئەمەل.

ئانىسىز دوزاخ ئىرۇر ماڭا دۇنيادا ئەيشۇ نۇش،
جەننەت مەڭگۇلۇك ھايات ئاڭا ئالماغۇم بەدەل،
ئۆلسەم قالۇر بۇ ساي يۇزىدە مەڭگۇ ئىزلىرىم،
يولچى تاپار ئىزىنقسا ئاندىن ئەخىرى ئەل.

بۇغرا دۇنيا قارا مەڭگۇ ئەمەس ساڭا،
ئىرتىش كېچىكلىرىدە ئاقۇرمۇ ھەمىشە سەل.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت ئىشتىياقى بىلەن ئاخىرى بۇ ئىلمىي ئەمگىكىنىمۇ تاماملىدى. يەنى ئۇيغۇرچە، پارسچە، ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ ۋە رەتلەپ پۈتتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئىيسا بەگدىن كۈتكەن خوش خەۋەر بىلەن پاسپورتلارمۇ كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ۋە ئەردەمنىڭ كىملىكىگە ئائىت بولغان پاسپورتنى ئېلىپ، ئەنگلىيەنىڭ كابۇلدىكى باش ئەلچىخانىسىغا ھىندىستانغا بېرىش ئۈچۈن ۋىزىغا ئىلتىماس سۇندى. ئەمما ئىلتىماس ئىنتىك تەستىقلىنىپ كەلمىدى. شۇڭا ۋىزىنىڭ يولىغا قاراپ ساقلاشقا، سەۋر قىلىشقا توغرا كەلدى. نىھايەت ئاخىرى ۋىزا ئىلتىماسى قوبۇل بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئائىلىسى ۋە ئەردەم بىلەن 1942 - يىلى 23 - مارت پىشاۋۇرغا يېتىپ كەلدى. ئەمما بۇ يەردىكى ئىشلارمۇ ئۇنچىلىك ئوڭۇشلۇق بولمىدى. چۈنكى بۇ، 2 - جاھان ئۇرۇشى تازا ئەۋجىگە چىقىپ، فاشىزمغا قارشى كۇرەش يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەر ئىدى. ۋەزىيەت ئەنە شۇنداق جىددىي بولغاچقا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كابۇلدىكى چاغلىرىدىكى ياپونلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىدا گۇمان پەيدا قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھىندىستانغا كېلىشى بىلەن تەڭ ئارقىسىغا پايلاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پىشاۋۇرغا كېلىشى بىلەن يەنە شۇ مېھماندارچىلىق باشلىنىپ كەتتى. پىشاۋۇردىكى ئۇيغۇر ھەمشەھەرلەر مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى ھۆرمەتلەپ، ئۆي - ئۆيگە چاقىرىپ مېھمان قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ باردى - كەلدىسى كۆپىيىپ كەتتى. بەزى مېھماندارچىلىق سورۇنلىرىدا كىشىلەر

كابۇلدىكى ئىشلارنى قىزىقىپ سورايتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرامۇ ئۆز يۇرتداشلىرى بار سورۇنلاردا، ياپونلار بىلەن بولغان بەزى ئالاقىلىرىنىڭ يىپ ئۇچلىرىنى يوشۇرمايلا ئېيتىپ قويغان يەرلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئاخىرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادىن دەرگۇمان بولۇپ يۈرگەن ئەنگلىيە مەخپىي ساقچىلىرى دېھلىدىن كەلگەن بۇيرۇقنى كۆرسىتىپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادىن دەرھال ھىندىستاندىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشكە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ساقچى تەرەپ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى قولغا ئېلىپ 2 - مايدا پىشاۋۇردىكى مەركىزى تۈرمىگە قامىدى. ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتتا، ئامىنە بۇغرا خانىم ئۆز يولدىشىنى تۈرمىدىن قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ماڭدى. ئامىنە بۇغرا خانىم تۈرك ئاياللىرىدا بولىدىغان بىر جاسارەت بىلەن ئۆز يولدىشىنى تېزلىكتە قاراڭغۇ زىنداندىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئەپچىل چارىلىرىنى ئىزدىدى. بىر ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوقۇشسىزلىقتىن ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشىش، قەيسەر بولۇش، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە چىدامىلىق روھىنى نامايەن قىلىشقا تىرىشتى. بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ ئوقۇشسىز شارائىتقا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئىچىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى جارى قىلدۇرىدىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرنى چۆشىنىپ يېتىش ئىقتىدارى يۈكسىلىدىغان بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. ئۇ قەتئىيلىك بىلەن ئىيسا بەگ ۋە جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە قارىتىپ مۇراجىئەت خېتى يازدى ۋە خەتنىڭ جاۋابىنىڭ ئىجابى مەزمۇندا كېلىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى، ئۆز ئائىلىسىنىڭ قاراڭغۇ كۈنلىرىنىڭ پاتراق ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما رەھىمسىز رېئاللىق داۋام قىلماقتا ئىدى. يولدىشى كۈنلەرنى، ھەپتىلەرنى ۋە ئايلارنى قاراڭغۇ زىنداندا ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. مۇساپىرچىلىق ھاياتتا بىر ئايال ئۈچۈن، ئۆز جېنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆز پەرزەنتىنىڭ دادىسى بولغان يولدىشىنىڭ يات ئەللەردە، زەي زىندانلاردا يېتىپ چۈرىشىنى كۆرۈشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك! ئامىنە بۇغرا خانىم بىر تەرەپتىن خەتنىڭ جاۋابىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىلەپ، كېچە - كېچىلەپ دۇئالار قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز دادىسىنى سېغىنغان قىزىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ئەنسىرەشلىرىنى چاندۇرماي يوشۇرۇپ، دادىسىنىڭ پات يېقىندا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ سەۋر - تاقەت بىلەن ھەم خەتنىڭ جاۋابىنى ھەم يولدىشىنى كۈتۈپ، روھى بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ بارماقتا ئىدى. ئەمما ئۆزىنى تەقەززا قىلغان بىر نەرسىنى ئۇزۇنغىچە ساقلاش بىر نەرسىنى قىلىشتىنمۇ قىيىن بىر ئىش ئىدى. يەنە خۇددى ۋىلىيام شېكىسپىرنىڭ «ساقلاشنىڭ ئۆزى بىر جەھەننەم» دېگىنىدەك بىر ئىش ئىدى. ئەمما شائىر ۋىلىيام شېكىسپىر سۆزىنىڭ ئاخىرىغا يەنە «ساقلايمەن يەنە مەن سېنى» دەپ يازغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامىنە بۇغرا خانىم مەسئۇلىيەتنى ۋە سۆيگۈ - ۋاپادارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ سەۋر بىلەن كۈتتى، ئۈمىدىنى ھاياتنىڭ چىرىغى قىلىپ يېقىپ، تىرىشچانلىقنى ھاياتنىڭ شەرتى قىلدى. نەتىجىدە كۈتكەن خەۋەر يېتىپ كېلىپ، ھايات ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلدى. ئىيسا بەگنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جۇڭخۇا مىنگونىڭ پرېزىدىنتى مارشال جياڭ كەيشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھىندىستاندىكى خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ كاپالەت بېرىشى ئارقىلىق، 1943 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا تۈرمىدىن ئازات بولدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى

جەم بولۇپ، ھىجران ئازابىدا يانغان كۆڭۈللەر شادلىققا تولغان ئىدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىيسا بەگنىڭ چۈگچەكتىكى كېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئىيسا بەگ ئەۋەتكەن ئايروپىلان بىلەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، سەككىز يىلدىن ئوشۇق پائالىيەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ قىيىنچىلىق دەۋرلىرىدە ئۆزىنى باغرىغا باسقان بۇ زېمىنلار بىلەن ۋىدالىشىپ، 1943 - يىلى 6 - ئاپرىلدا كالكۇتتىدىكى ئايرودرومدىن ئۇچقان ئايروپىلان بىلەن چۈگچەكتىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ قېتىمقى يولچىلىق پىيادە ياكى ئات بىلەن ۋە ياكى ماشىنىلار بىلەن زېمىن ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى كۆك قەرىدىكى يولچىلىق ئىدى. شۇڭا ئەردەمنىڭ ھاياجىنى باشقىچە بولۇپ، ئېگىز ئاسماندىن تۆۋەنگە قاراپ ئۆز يۇرتىنى ئىزدەيتتى. ئۇ ھىجرەتتە ئۆتكەن جاپالىق كۈنلەرنى ئۇنتۇپ، ئۆز خوشاللىقىنى كۆك بىلەن ئورتاقلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئايروپىلان ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قاراپ ھەر خىل مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ ھاۋاسىنى سۈمۈرۈۋاتقاندەك ئۆپكىسى توشقۇچە چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. نېمىلا دېمىگەن بىلەن، بۇ ئايروپىلان نەچچە يىلدىن بېرى ئارتىلىپ ئۆتەلمىگەن ئاشۇ تاغلارغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن تاغ چوققىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتاتتى. گەرچە يۇرتىنىڭ تاغلىرىنى، دەريالىرىنى كۆزى بىلەن ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقا نۇرغۇن تاغ - دەريالار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، نەچچە يىللاردىن بېرى قەلبىنى ئۆرتىگەن ۋەتەن ھەسرىتى بىر ئاز بولسىمۇ تىنچىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ يولچىلىقى يېڭى بىر يول، يېڭى بىر ھايات، يېڭى بىر كەلگۈسى ئۈچۈن ئېچىلغان قانات ئىدى. ياشىماق، ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك بىر يولچىلىق. يول مەيلى يەردە مەيلى كۆكتە بولسۇن، يولچىلار ھەر دائىم مەۋجۇت. يوللاردا يولچىغا ھەمرا بولىدىغان دوستلار ھەرزامان بار بولسىمۇ، ئەمما رەقىبلەرنىڭ قاچان، قەيەردە ۋە قانداق بىر قىياپەت بىلەن ئالدىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يول ئۈستىدە چارچاپ، ھېرىپ، يوللاردىكى تاشلارغا پۇتلىشىپ كېتىدىغان چاغلار بولىدۇ، ۋەھالەنكى، بۇلار جەسۇر ئادەملەرنى ئۆز يولىدىن توسۇپ قالالمايدۇ ۋە جېنىنى ئازابلىيالمايدۇ. بىراق يولچىنىڭ جېنىنى ئەڭ كۆپ ئاغرىتىدىغان ۋە ئەڭ ئېغىر روھي ئازابقا دۇچار قىلىدىغان نەرسە، دوست بىلىپ بىر يولدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ خائىنلىق قىلىشى. شۇڭا ھەر ۋاقىت سەگەك بولۇپ، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئاخىرىدا تەلتۆكۈس نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن ئۈمىدىنى يوقاتماي، ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن يولدا ئىزچىل مېڭىش كېرەك. ئەنە شۇنداق قىلالىغان چاغدىلا مەنىۋىيەتتىكى توسالغۇلاردىن غالىپ كېلىپ، خەلقنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى يورۇتۇپ، مىللەتنىڭ يادرولۇق كۈچى دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنى توغرا يولغا باشلىغىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ شانلىق غەلىبىلەر، ھېچ ئۈمىد يوق دەپ قارالغان چاغلاردا يېڭى بىر يولنى سىناپ باققان ۋە پەرق ئېتىش تۇيغۇسى يۈكسەك بولغان يولباشچىلار دەپ ئاتىلىدىغان مىللىي تەۋرۈكچىلەر تەرىپىدىن قولغا كەلگەن. مىللىي تەۋرۈكچىلىرى بولغان مىللەت ھېچقاچان يوقالمايدۇ!

**قەلەم كۈرىشى**

مۇز دانچىسىنى ئۈنچە ھېسابلىماق،
سوۋغاتنى مانچا دەپ سەزمەك.
ئېرىشمىگەن نەرسىگە سۆيۈنمەك،
بىلىملىكلەر ئۇنى ياقتۇرمايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يول قەلبىنىڭ سەپىرىدۇر، چىن قەلب بىلەن يولغا چىقتىڭمۇ، ھامان مەنزىل ساڭا ئايان بولىدۇ. قەلبى گۈزەل ئىنسانلارنىڭ يۈكىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئەمما، ھەقتەئەلا بەندىسىگە كۆتۈرەلمەيدىغان يۈكنى يۈكلىمەيدۇ. شۇڭا كارامەت يولدا ئەمەس، قەلب بىلەن نىيەتتە. قەلب بىلەن نىيەت بىرلەشتىمۇ، يولنى توسۇپ تۇرغان زەھەرلىك چايانىنىڭ تۇخۇمىنى بىراقلا قۇرۇتۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ. يولغا چىققان ھامان، كېتىۋاتقان يولۇڭغا قاراپ پائالىيەت قىل، سىياسەت قىل، ئەجىر سىڭدۈر. يولدىن قالغانلار ھامان چىرىيدۇ، خۇددى جىم تۇرغان سۇ سېسىغانغا ئوخشاش. بەزىدە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن غايىمىزگە خىلاپ يولدا ۋاقىتىنچە مېڭىشنىڭ ئۆزىمۇ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزىدە ئادەم ھېچ ئۈمىد يوق دەپ قارىغان يوللاردا مېڭىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھاياتتا نىشانغا ئۇدۇل بارىدىغان يېقىن يول ئاساسەن يوق.

چۇڭچىڭ شەھىرى بولسا جەنۇبىي قىسمىنى دالۇشەن تېغى، شەرقىي جەنۇبىي قىسمىنى ۋۇلىڭشەن تېغى، شەرقىي قىسمىنى ۋۇشەن تېغى، شىمالىي قىسمىنى داباشەن تېغى قاتارلىق تاغلار بىلەن ئورالغان رايونغا بىنا قىلىنغان تاغلىق شەھەر. بۇ شەھەرنى تىبەت تاغلىرىنىڭ قار - مۇزلىرىنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان، نىل ۋە ئامازون دەريالىرىدىن قالسا دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريا ھېسابلىنىدىغان چاڭجىياڭ دەرياسى كېسىپ ئۆتىدۇ. چاڭجىياڭ دەرياسى خىتاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىرىنى شەرقىي دېڭىز بويلىرىغا تۇتاشتۇرىدىغان سۇ قاتنىشىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك دەريا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياپون - خىتاي ئۇرۇشى باشلىنىپ، ياپونلار جۇڭخۇا مىنگونىڭ پايتەختى نەنجىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ تاغلىق شەھەرنى ئەڭ بىخەتەر ئورۇن دەپ ھېسابلاپ، ۋاقىتلىق پايتەخت قىلغان ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىش بىلەن تەڭ، ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ھەربىي ئەسلىھە سانائىتىنى بۇ شەھەرنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان تاغلار ئارىسىدىكى ئۆڭكۈرلەرگە توشۇپ ئاپىرىپ ۋە يېڭىدىن ئىنشا قىلىپ، ئۇرۇش لاۋازىمەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىنىڭ ھاۋا ئارمىيەسى 1939 - يىلى يانۋاردىن 1941 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ شەھەرنى توختىماي بومباردىمان قىلغاندا، شۇ تاغلار خەلقنىڭ پاناھلىنىشىغا ئاجايىپ بىر ئېسىل ماكان بولغان. شۇ مەزگىلدە، شەھەردىكى نۇرغۇن ئىمارەتلەر ھاۋادىن تاشلانغان ئونمىڭلىغان بومبىلارنىڭ پارتلىشىدىن خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن. ئەمما ئەسىرلەردىن بۇيان بۇنداق ئۇرۇش -

پاراكەندىچىلىكلەرنى تالاي قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چاڭجىياڭ دەرياسى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۆز قىياپىتى ۋە يۆنىلىشىنى ھېچ ئۆزگەرتمەي ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان دېڭىزغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋەرگەن ئىدى. ئەنە شۇ بەھەيۋەت ئېقىۋاتقان دەريا ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ پەسلەۋاتقان ئايرۇپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ ئولتۇرغان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، يول بويى قىلىۋاتقان خىياللىرىدىن بىردىنلا ئازات بولدى. ئۇ ئەزەلدىن بېرى قەلبىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان، مىللىتىگە، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ۋە مەرھەمەتىنى شۇ ئەزىم دەرياغا ئوخشاتتىمۇ قانداق، بىردىنلا روھلىنىپ، ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە بەختىيار ھېس قىلدى. بۇ چاغدا ئايروپىلان پەسلەپ كېلىپ چۇڭچىڭ ئايرودرومىغا قوندى. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا، يىراقتىن بىر توپ كىشىلەرنىڭ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بارلىق تەشۋىشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ راھەت ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئىيسا ئەپەندى باشلىق يۇرتداشلار ۋە جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ خادىملىرى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەركانلىرى، گومىنداڭ پارتىيە رەھبەرلىرى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ، يۈزگە يېقىن كىشى قارشى ئېلىشقا چىققان ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى قارشى ئېلىشقا چىققان يۇرتداشلىرىنىڭ قوللىرىدا، «يۇرتنى جانىدىن ۋە يۈرەكتىن سۆيگەن، يۇرتنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن بارلىقىنى ئاتاپ، مېلى ۋە جېنى بىلەن ئىنقىلاب قىلغان، يۇرت ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تارتقان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمنى قارشى ئالىمىز!» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكا ۋە لەۋھەلەر بار ئىدى. دەريا لېۋىدىن ئەسكەن باھار شامىلىمۇ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئۇلارنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇرۇش ئوتى پەيدا قىلغان يارىلىرى تېخى ساقايمىغان بۇ شەھەر، بۈگۈنكى بۇ مۆھتەشەم قارشى ئېلىش مۇراسىمىنىڭ جەزبىسى ئاستىدا بىر ئاز روھلىنىپ قالغاندەك ئىدى. قارشى ئېلىشقا چىققان يارەنلەرنىڭ تەبەسسۇمغا تولغان يۈزلىرى ۋە شەھەرنىڭ باھار پەيزى ئۇلارغا ھاياتنىڭ قەدىر – قىممىتىنى قايتىدىن تونۇتۇپ، ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، دىل يارىلىرىغا مەلھەم بولۇپ، قورۇنغان غۇرۇرىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭۈللىرىدىكى تۈگۈنچەلەرنى يەشكەن ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئالدىغا چىققان ھەر بىر كىشى بىلەن ناھايىتى دوستانە كەيپىيات ئىچىدە كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا ئۆز مىننەتدارلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن ھۆكۈمەت تەرەپتىن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان قارا پىكاپ ئۇلارنى ئېلىپ، ئۇدۇل شەھەر مەركىزىدىكى كاتتا مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى.

9 - ئاپرېل جۈمەدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى قارشى ئېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. زىياپەتتە ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ قارشى ئېلىش نۇتقىدىن كېيىن، ئىيسا ئەپەندىمۇ سۆز قىلىپ، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانى سورۇن ئەھلىگە تونۇشتۇردى، ئۇنىڭ يۇرت ۋە مىللىتى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنى، تۆلىگەن بەدەللىرىنى ۋە ئېسىل ئىنساني پەزىلىتىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ۋە يۇرتداشلار نامىدىن ئۇنىڭ مىللەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىگە تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈردى ۋە ئىسمىنى زىياپەت ئەھلىگە «مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى» دەپ تەقدىم قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىم شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە، ئىيسا ئەپەندى،

مەسئۇد ئەپەندىلەر بىلەن بىرگە «ئۈچ ئەپەندى» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇشقا باشلىدى. قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكەن بۇ زىياپەتتە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمۇ قىسقىچە نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىنىڭ چۇڭچىڭغا كېلىشىدىكى مەقسەت ۋە مۇددىئالىرىنى تەسىرلىك ئىبارىلەر بىلەن قىسقىچە بايان قىلدى. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يېڭى بىناسىغا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم ئائىلە بويىچە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم ئىيسا ئەپەندىمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىنشا بولغان بۇ يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىناسىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن تۇرمۇش رېتىمىنى تەرتىپكە سېلىپ، زېھنىنى پۈتۈنلەي ئۆز خىزمىتىگە مەركەزلەشتۈردى. ئۇ ئاساسلىقى «ئالتاي مەجمۇئەسى»گە مەسئۇل بولۇپ خىزمەت قىلدى ۋە بۇ خىزمەتتە ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق تالانتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇنىڭ ھەر بىر  تالاڭ تۇمان ئىچىدە ئاتىدىغان بۇ تاغلىق شەھەردىكى كۈنلىرى ماقالە يېزىش، تەھرىرلەش ۋە باسمىغا تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يەرنىڭ نەمخۇش ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغاندەك، سىياسىي ھاۋاسىغىمۇ كۆنۈپ ۋە شۇنىڭغا ماس قەدەممۇ قەدەم قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، يېڭى بىر كۈرەش يولىغا قەدەم باستى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم چۇڭچىڭغا كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقى توغرىسىدا توغرا بىر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ياپونلار خىتاي زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىپ،  پاراكەندىچىلىكلەرنى تۇغدۇرۋاتقان ۋە خىتاي خەلقى، جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيا فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ تۈزۈۋاتقان بىر پەيتتە، زېڭ ۋېنۋۇ ئەپەندى قەلەمگە ئالغان «غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق 500 مىڭ خەتلىك كىتاب نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلدى. ھەتتا بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىگە تاڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن شائىر ۋاڭ چاڭلىڭنىڭ سەددىچىن سېپىلى ئۈستىدە تۇرۇپ ھاياجان بىلەن يازغان شېئىرى قىستۇرۇلغان ئىدى:

ئاي قورۇلغا سەپتى نۇر خەن، چىن زامانىدىن بۇيان،
قايتمىدى كىشىلەردىن بىرى چېگرا تامان.
ھەددىمۇ غۇز ئېتىنىڭ چوغاي تېغىدىن ئۆتكىلى،
بولسىلا لى گۇاڭ كەبى سەركەردە بىزگە پاسىبان.

ياندى سانغۇن زەر ئېگىز توروۇق ئېتىنى ئوينىتىپ،
تۇرسىمۇ ئاسماندا ئاي، جەڭگاھتا ھۇۋۇلاپ جۇت-بوران.
شۇندىمۇ سېپىل بېشىدا تىنمىدى جەڭ دۇمبىقى،
قىنىغا كىرمەس قىلىچتىن يەرنى بويلاپ ئاقتى قان.

ئۇ كىتابىغا يەنە مۇنداق يازغان: «ئەجدادلىرىمىز ئۆتكۈر قىلىچلىرىنى ئىشقا سېلىپ، غوزلارنى چېكىندۈرۈپ، زېمىنىمىزنى كېڭەيتىپ، جەمەتلىرىمىزنى كۆپەيتكەن. غوزلارغا قارشى ئىش - ھەرىكەتتە ئۆتكۈر قىلىچلار ئىشقا سېلىنىپلا قالماستىن، يەنە ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ئالاقە

ئورنىتىپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى> بىلەن ياندىكىلەرنى تىنچىتىپ، ئارقىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ھىيلىسىمۇ قوللىنىلغان. بۇ قانداق تاكتىكا؟ بۇ، غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تاكتىكىسىدىن ئىبارەت».

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئەنە شۇ جۈمللەرنى ئوقۇغاندا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى خىتاي خەلقى ياپونىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ، ئاساسلىق چوڭ شەھەرلىرى خارابىلىققا ئايلانغان، خەلقى بولسا شۇ خارابىلىقتەك خارلىقتا قالغان بىر زاماندا، بىر خىتاي زىيالىيسى مۇنداق بىر ئىدىيىدىكى كىتابنى يېزىپ نەشىردىن چىقىرىپ تارقىتىپ، ئۆز خەلقىنى مۇنەۋۋەر ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەلەردىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇ خۇددى ياپون سامۇرايلىرىدەك فاشىزمچە ئەسەبىيلىكنى تەرغىپ قىلغان، تېررىتورىيىلىك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قىلىشنى مىللىي قەھرىمانلىقنىڭ ئەندىزى سۈپىتىدە ئۆز خەلقىغە تاڭغان، ياپونلارغا بولغان مىللىي ئۆچمەنلىكىنىڭ ئۇچىنى ئۆزلىرىنىڭ دەستىدىن روناق تاپالماي، ئۆزلىرىدىنمۇ بەتەر خانىۋەيرانچىلىقتا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىگە قارىتىپ، تارىخىي ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام چوقانلىرىنى كۆتۈرگەن ئىدى. ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرەكلىرىدە ئاچقان يارىسىنى ساقايتىشنىڭ كويىدا بولماي، ئەكسىچە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەكلىرىدىكى يارىغا تۇز سەپكەن ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بەكمۇ مەيۈسلەندى ۋە خىتاي زىيالىيلار قاتلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىتاي تۇپراقلىرىدا تۇرۇپ ئۆگىنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا قەلەم ئارقىلىق قىلىدىغان كۈرەشلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى كۈرەشلەردىنمۇ بەكرەك كەسكىن بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ كوچىدىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇئامىلىلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنمەنلىكىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەمما كوللېكتىپ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى مەنمەنلىك بار بولۇپ، كوللېكتىپ قىساسكارلىق تۇيغۇسىنىڭ شۇنىڭغا ماس ھالدا بەكمۇ كۈچلۈكلىكىنى بايقىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك زەبۇن تۇرۇپمۇ، «خىتاينىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئەزەلدىن مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت بولۇپ كەلگەن، دۇنياغا پەزىلەت ۋە مەدەنىيەت تارقاتقان، چەت ئەللىكلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەتى ئۈستۈن بولسىمۇ، بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىمىز تېخىمۇ ئۈستۈن» دېيىشلىرى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەجەپلەندۈرەتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى ھەر دائىم كۆپتۈرۈپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن ئىبرەت ئالمايۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە ئاشۇرۇپ ماختاپ ئۆز ئۆزىنى بەزلىگەنلىكى ئۈچۈن، زۇلمەتنىڭ تۈنلىرى ئىچىدە تەمتىرەپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ۋە ئۆزى مۇستەملىكە ئىچىدە تۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشنىڭ ئورنىغا، تىنچلىقپەرۋەر قوشنا ئەللەرگە ئەسەبىيلىك بىلەن تاجاۋۇز قىلىش ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىدىغان كىتابلارنى ھەر زامان يېزىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى بۇ جايدا ناھايىتى يېتىم ھېس قىلدى. بولۇپمۇ خىتاي زىيالىيلىرىنىڭ ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، تارىخنى بۇرملاپ، پۈتۈن بىر تارىخقا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ۋە مىللەت قارىشىغا ئاساسەنلا باھا بېرىپ، ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان شانلىق تارىخلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر كۆمۈپ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىققان تارىخلىرىنى ئەسەبىيلەرچە بۇرملاپ يازىدىغان رەزىل قىلمىشلىرىغا قارشى جەڭ قىلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى ھەقىقىي سالاھىيىتى، پولاتتەك تارىخىي پاكىتى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي زىيالىيلىرىنى قايىل قىلماقچى بولدى. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىنىڭ پۈتۈن دۇنيا تارىخىنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، بۇ تۇمانلىق شەھەردە تېخىمۇ تۇمان ئىچىدە قېلىۋاتقان ئۆز تارىخىنى بىر پۈتۈنلۈك ئاساسىدا تەڭ قىممەت ۋە تەڭ ھوقۇق قارىشى بويىچە يورۇتۇپ، ھەرخىل يامان غەرەزدىكى سىياسىي گورۇھلارنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما خىتابەتلىرىنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. ئۇ چوڭچىڭدىكى ئەھۋاللارغا نەزەر تاشلاپ، ئۆزىنىڭ كابۇلدىكى چاغلىرىدا ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي، شۇ مەۋجۇت ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»نى يېزىپ چىقىپ، ھەقىقەتەن توغرا بىر يولنى تاللىغانلىقىدىن ئالەمچە مەمنۇن بولدى. ئۇ ئەنە شۇ ئوي - پىكىرلەر ئىچىدە سەددىچىنىنىڭ قوۋۇقىغا ئات سېلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىنى ياد ئېتىپ، ئەقىل چىرىقى بىلەن تارىخ يوللىرىنى يورۇتۇپ، شائىرانە ئىلھامى بىلەن ئۆز كىملىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكە ئېلىپ شېئىر يازدى:

بىر ئانىنىڭ ئون ئوغلى بىز،
ئون ئوغۇلنىڭ يۈز ئوغلى بىز،
ئاتىمىزنىڭ ئۆز ئوغلى بىز،
تۈرك ئوغلى بىز، تۈرك ئوغلى بىز.

بىز ئۇزۇنغە تارالساقمۇ،
كەڭ ئەللەرگە يايىلساقمۇ،
ئايماق - ئايماق ئاتالساقمۇ،
يەنە بارچە تۈرك ئوغلى بىز.

تۇرمۇشلاردا ئۆزگەرسەكمۇ،
ئىل قۇتلارغا بۆلۈنسەكمۇ،
قاي چاغلاردا ئۈزۈلسەكمۇ،
قان، تىل بىردۇر تۈرك ئوغلى بىز.

باشلانغۇچتا بىر تۆرەلدۇق،
ئۆتكۈنچلەردە بىللە كەلدۇق،
بىللە يىغلاپ بىللە كۈلدۇق،
ئايرىلمىغان تۈرك ئوغلى بىز.

ئاجۇن بىزنى بىر دەپ بىلۇر،
بىلىك بىزنى بىر دەپ بىلۇر،
ھەر كۆز بىزنى بىر دەپ كۆرۈر،

ئېنىق بىز بىر تۈرك ئوغلى بىز.

يۇمۇلاق باش بۇغداي ئۆڭلۈك،
قارا ساچلىق قارا كۆزلۈك،
ئورتا بويلۇق چۈچۈك سۆزلۈك،
بىر تۆرەلگەن تۈرك ئوغلى بىز.

بىر ئۆلكىدە ئالتە ئايماق،
بىرى ياغدۇر، بىرى قايماق،
بارچە بىر سۈت بىردۇر ئاياق،
نېگىز بىردۇر تۈرك ئوغلى بىز.

بىر ئۇلۇس بىز ھەر بىر جايدا،
تۈزدە بولساق ياكى تاغدا،
سولدا بولساق ياكى ساغدا،
ئۆزگىرىش يوق تۈرك ئوغلى بىز.

16 – ماي، مەسئۇد ئەپەندى لەنجۇدىن چۈگۈچەككە يېتىپ كەلدى. مەسئۇد ئەپەندىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىزلا كېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، يەنىلا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇزۇندىن بۇيان كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ۋەتەندىشى بىلەن دىدارلىشىش ۋە ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمۇ ئىيسا ئەپەندىمدىن ئۇنىڭ كۆپ ياخشى گەپلىرىنى ئاڭلىغان بولۇپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە تۈرك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ يېيىلىشىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى. شۇڭا بۇ مۆھتەرەم زات بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىدىن ھاياجان ئىچىدە خۇش بولغان ئىدى.

مەسئۇد ئەپەندى 55 ياشلاردىن ھالقىغان ئېگىز بويلۇق، ئورۇق كەلگەن، ئاق يۈزلۈك، چاچلىرى ئاقارغان، چىرايىدا زۇلمەت باسقان زامانلارنىڭ ئىزنالىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ يىگىرمە ياشلىرىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدىن بىرىنچى بولۇپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا چىققان ئۇيغۇر يىگىتى ئىدى. ئۇ ئىستانبۇلغا كېلىپلا تۈرك تىلى ۋە فرانسۇز تىلىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئىستانبۇلدىكى ئون يىللىق ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئۆتكۈرلۈكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىككى كەسىپنى ئوقۇغان. يەنى، ئۇ بىر چەتتىن ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەبىئىي پەن فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان بولسا، يەنە بىر چەتتىن، ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ئىدى. ئۇ ئوقۇش ھاياتىدا زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە غەربنىڭ ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە،

يەنە نۇرغۇن سىياسىي ئېقىملار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ ئېقىملارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان، ئۇلاردىن نۇرغۇن يېڭى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بۇ ئىدىيەنى ئۆز خەلقىنى ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش يولىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. كېيىن ئۇ ئىستانبۇلدىكى ئۈن يىللىق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئىلغار نەتىجىلەر بىلەن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جەننەت ماكان گۈزەل غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇ غۇلجىغا كېلىپلا، ئۇن يىل جەرياندا غۇلجا خەلقىنىڭ مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن قىلچە ئالدىغا ئىلگىرىلىمەي، ئەكسىچە خېلىلا ئارقىغا چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بەكمۇ مەيۈسلەنگەن. شۇ زامانلاردا شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يۈننەنلىك ياڭ زېڭشىن خەلقنى جاھالەت، خۇراپاتلىققا ئۈندەپ، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلىرىمىزنى توختىماي ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن ئانا يۇرتتا مەدەنىيەت زوراۋانلىقىنى يولغا قويغان بولغاچقا، خەلق ئىلغار پىكىرلەر بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئىلىم - پەننى ئۆگىنىش ئىمكانىيەتلىرىدىن تامامەن مەھرۇم قالغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا غۇلجىدا مۇستەبىت ھۆكۈمەت ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ئاچقان ۋە پەقەت خىتايچىلا ئۆگىتىدىغان «شۆتاڭ»دېگەن مەكتەپتىن باشقا پەننىي مەكتەپ يوق بولغاچقا، مەسئۇد ئەپەندى غۇلجىدا جەدىتچىلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىش، بۇ ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ياشلارنى تەربىيەلەپ چىقىشنى مەقسەت قىلىپ، بۇ يولغا ئاتلانغان. ئۇ ئالدى بىلەن «ئالتاي دوختۇرخانىسى» ناملىق غەربچە داۋالاشنى ئاساس قىلغان دوختۇرخانا ئېچىپ، بۇ دوختۇرخانىدا ياش دوختۇرلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن. ئۇ يەنە بۇنىڭ بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىپ قالماي، ئۆز يېنىدىن ئىقتىساد چىقىرىپ «مەركەز رۇشدى مەكتىپى» ۋە «دۆڭمەھەللە غېنى ئاخۇن مەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ياشلارنى ئىلغار پەننىي بىلىملەر بىلەن يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەلىرى بويىچە دەرس تەسىس قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكىرلىرى بىلەن سۇغارغان. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي مۇستەبىت ھاكىمىيەت ۋە ئۇلارنىڭ چاپارمەنلىرى مەسئۇد ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرىگە يول قويماي، ئۇنى نەچچە قېتىم تۇتۇپ ئەكىتىپ سوراق قىلغان ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي چەكلەپ، ئۆزىنى تەقىپ ئاستىغا ئالغان. مەسئۇد ئەپەندى ئۆزىنىڭ غۇلجىدا مىللەت ئۈچۈن ئىش قىلىش ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ چاغ، دەل قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان مەزگىللەر بولغاچقا، ئۇ دوستلىرى بىلەن ئاجايىپ ئۈمىدلەرنى قەلبىگە پۈكۈپ قەشقەرگە كەلگەن. بىراق ئۇنىڭ كۈتكەن ئۈمىدلىرى قەلبىدە شۇ پېتى مۇز تۇتۇپ، قېتىپ قالغان. بۇ چاغدا شېڭ شىسەي بىلەن رۇسلار ئۇنى ئەڭ خەتەرلىك ئۇنسۇر دەپ قاراپ، قارا تىزىملىك ئىچىگە كىرگۈزگەن. بولۇپمۇ رۇسلار ئۇنىڭ تۈركىيەدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى ۋە تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە ئىگە بىر زات ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمىنى دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى بىلىپ، يېڭى بىر ئۈمىد، يېڭى بىر چىقىش يولى ئىزدەپ، ھىمالايا تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغان. ئۇ ھىندىستاندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي ۋە رۇسلارنىڭ دۈشمىنى بولغان جۇڭخۇا مىنگو

ھۆكۈمىتىنى «دۈشمىنىمنىڭ دۈشمىنى، مېنىڭ دوستۇم» دەپ تونۇپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ پەقەت قورال كۈچى بىلەنلا ھەل بولىدىغان بىر مەسىلە ئەمەسلىكىنى، ئۆزى شاھىت بولغان ئىنقىلابلاردا شېھىت بولغان ئون مىڭلىغان ياش يىگىتلەرنىڭ ئاققان قانلىرىنىڭ نەتىجىسىز قالغانلىقى ئارقىلىق تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتىكى ئەڭ ئاقىلانە يول، «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش» دېگەن قاراشقا كەلگەن. ئەنە شۇ قاراش بىلەن ئۇ، خىتاينىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ دىئالوگ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىگە ئاڭلىتىش، ئۆز خەلقىنىڭ ئاڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ، 1935 - يىلى 8 - يانۋار نەنجىڭغا يېتىپ كەلگەن. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېچىلغان جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا مەركىزى كومىتېت ئەزاسى، كېيىن دۆلەت پارلامېنتىدىكى 40 ئەزانىڭ بىرى بولۇپ سايلانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى بىرىنچى قېتىم خىتاي ھۆكۈمىتىگە دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش كۈرىشىگە ئاتلانغان. ياپونلار نەنجىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مەسئۇد ئەپەندى باشقا يۇرتداشلىرى بىلەن بىرگە ۋەتەن تۇپراقلىرىغا يېقىنراق بولغان لەنجۇ شەھىرىگە ۋاقىتلىق ئورۇنلاشقان. ئۇ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمنىڭ چۇڭچىڭغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، چۇڭچىڭغا ئايروپىلان بىلەن يولغا چىققان ئىدى.

مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، مەسئۇد ئەپەندى ئالتاي مەجمۇئەسىنىڭ نەشرىيات ئىشخانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قاراكۆك سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكىسى ئۇرۇق ھەم ئېگىز بويىغا شىپپىدە كەلگەن بولۇپ، ئاق كۆينىكىگە قادىغان قارا گالاستۇكى ئۇنى دۆلەت ئەربابلىرىدەك سالاپەتكە ئىگە قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ چۇڭچىڭ كوچىلىرىدا مەسئۇد ئەپەندىدەك كۆز ئۇۋۇسى چوڭقۇر، قويۇق قاشلىق، ئاق يۈزلۈك، بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق، لەۋلىرى نېپىز، ئەجنەبىيلەردەك كىشىلەر كۆپ ئۇچرىمايتتى. ئۇنىڭ بۇ گۈزەل تۇرقىنىڭ ئۆزىلا ھەرقانداق ئادەمدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرلۇق كۆزلىرى ھەرزامان كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ سۆز قىلغاندا ئادەتتىكى كىشىلەر ئىشلەتمەيدىغان ئەدەبىي تىللارنى كۆپ قوللىناتتى، ئەمما يا ئەرەبچە، يا پارسچە سۆزلەرنى ھېچ ئارىلاشتۇرماي، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيتتى ۋە باشقىلارغىمۇ شۇنداق سۆزلەشنى تەۋسىيە قىلاتتى. مەسئۇد ئەپەندى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ۋە ئىيسا ئەپەندىلەر بىلەن ھال - ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىشىپ، يەنە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ جىددىي ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بۈگۈن ئۈچ ئەپەندى ۋاقىتنى ھېچ بوشقا ئۆتكۈزمەي، باشتا بۇندىن كېيىن قىلىدىغان خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نىشانى توغرىسىدا جىددىي بىر شەكىلدە مۇزاكىرىلەشتى، ئاخىرىدا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ماتېرىياللارنى توپلاش، تەييارلاش، ھەمدە تەشۋىقات ئىشلىرىدا قايسى مۇھىم نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىق نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددى خىزمەتلەردە ئۆزئارا پىكىر بىرلىكى

هاسىل قىلدى. ئەسلىدە، ئىيسا ئەپەندى كابۇلغا كېلىپ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن سۆھبەتلەشكەن چاغدىلا، ئىككەيلەن بۇ نۇقتىلار توغرىسىدا ئورتاق بىر پىكىرگە كېلىپ بولغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ھازىر بۇ ئۈچ ئەپەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ پىكىرلىشىپ، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى مۇجادىلىسىنىڭ نىشانى قىلىپ بېكىتتى:

1. خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ھازىرچە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلماي، مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش. تەلەپ قىلىدىغان مۇختارىيەتنىڭ ئاساسى شۇلار: شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى سىياستى ۋە چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرى خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا بولۇش. قالغان ئىچكى سىياسەت، قانۇن، ئەدلىيە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەرنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش.
2. مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە رەسمىي قۇرۇلتايلارغا تەلەپنامە سۇنۇش. ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخى، مىللىتىمىزنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى، دىنى، تىلى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلار توپلانغان ماتېرىياللارنى تەييارلاپ، پارلامېنت ئەزالىرىغا سۇنۇش. چۈنكى نۇرغۇن خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيدىغانلىقى، نەچچە يىللىق مۇجادىلە جەريانىدا ئىسپاتلانغان بىر رېئاللىق.
3. تۈركچە نەشرىيات ئىشلىرىنى يولغا قويۇش. بۇ ئارقىلىق مىللەتكە مۇختارىيەت ھەققىدە توغرا تەربىيە بېرىش. چۈنكى، خەلق نادانلىقتىن بىر كۈنلۈك ئەركىنلىك ئۈچۈن مىڭلىغان قۇربانلارنى بېرىدۇ - يۇ، ئەمما ئەبەدىي ئازادلىق ئۈچۈن بېسىلغان مۇختارىيەت قەدىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن زۇلمەتنىڭ قاراڭغۇ تۈنلىرىدە تەمتىرەپ، ئېرىپ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ.
4. نەشرىياتقا تايىنىپ تۇرۇپ خىتايچە مەجمۇئە چىقىرىپ، خىتاي مىللىتىنىڭ جامائەت پىكرىنى تۈركىستان تەرەپكە مايىل قىلىش. يەنە بىر تەرەپتىن خىتاينىڭ مۇھىم گېزىت – ژۇرناللىرى ئارقىلىق تەشۋىقات يۈرگۈزۈش.
5. مۇختارىيەت ئېلىنغاندىن كېيىن، ئازاد بىر ھاۋا ئىچىدە مىللەتنىڭ سىياسىي مەپكۇرىسىنى مىللەتچىلىك نۇقتىسىدا بىرلەشتۈرۈش. مىللەتنىڭ ئېڭىنى ھەرقانداق ئەجنەبىي ھاكىمىيەتنى قوبۇل قىلمايدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، مىللەتنىڭ سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش، مائارىپ ۋە مەدەنىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.
6. تۈركىستان ئاھالىسىنىڭ ئىلمىي ۋە سىياسىي سەۋىيەسى مۇستەقىللىققە مۇۋاپىق بىر يولغا كىرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى باسقۇچتا مۇستەقىللىق تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

ئۈچ ئەپەندى ئۆز خىزمەتلىرىنىڭ نىشانلىرىنى بېكىتىۋالغاندىن كېيىن، يەنە نۆۋەتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە خىتاينىڭ ئىچكى سىياستى توغرىسىدا ئەركىن پاراڭلاشتى، ئاخىرى سۆھبەتنىڭ تېمىسى تۈرك مىللىي روھىغا يۆتكەلدى. مەسئۇد ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇنداق ئىبارىلىدى:
- بىز باشتا مۇختارىيەت تەلەپ قىلىپ، مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ كۈرەشكە ئاتلىنىمىز دەيدىكەنمىز، ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىلىق

ئىستراتېگىيەنى تۈزىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بۇ كۈرەش ناھايىتىمۇ ئۇزۇن مۇساپىلىق، مۇشەققەتلىك بىر كۈرەش يولىدۇر. بىز بۇ ئۇزۇن يولنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، تۈرك (ئۇيغۇر) مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى تىرىلدۈرۈپ ۋە تېخىمۇ كۈچەيتىپ مېڭىشىمىز لازىم. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي روھىنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئانا تىل سۆيگۈسى، مىللەت سۆيگۈسى ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى جەھەتتىكى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ ئالتاي مەجمۇئەسىگە يېزىلغان ماقالىلەر بولسۇن، ھېكايە ۋە شېئىرلار بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ساپ تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدا يېزىلغان بولۇشىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر. چۈنكى ئىنسانلار تىلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ۋە بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ. تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئويلىغانلىرىنى، تەپەككۇرلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋە مەقسەتلىرىنى ئەتراپىدىكىلەرگە بىلدۈرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. تىل بولمىسا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىمۇ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشىمۇ بولمايدۇ، ھەتتا ئىجتىمائىي جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىش قورالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۈرەش قىلىش ۋە راۋاجلىنىش قورالى. تىل بولمايدىكەن ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققى قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇ جەمئىيەتمۇ مەجۇتلۇقنى يوقىتىدۇ. تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولۇشى بىلەن بىللە، يەنە ئىنسانلارنىڭ ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش قورالى. ئادەمنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولغان ھەرقانداق پىكىر پەقەت تىل ئارقىلىق، تىلدىكى سۆز ۋە جۈملىلەر ئاساسىدا ئىپادىلىنىپ، مەۋجۇت بولىدۇ. مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئىنسانلار تىلسىز پىكىر قىلالمايدۇ، پىكىر قىلىدىكەن چوقۇم تىل ۋاستە بولىدۇ. دۇنيادا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا سۆزلىشىدىغان تىلى، يازىدىغان يېزىقى بار. ئىنسان بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن، بوۋاقلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئائىلىسىدە ۋە ئەتراپىدىكىلەردىن ئۆگىنىدىغان، مەكتەپتە بىلىم ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بۇ تىل، ئۇنىڭ ئانا تىلىدۇر. تىلدا بۇزۇقلۇق بولسا ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇن، ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان ئىدىيە تولۇق ئىپادىلەنمەيدۇ. ئەگەر ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيە ھەقىقىي مەنىدە ئىپادىلەنمەي، ھەقىقىي مەنىۋى قىممىتىنى تاپمىسا، سەنئەت ۋە ئەخلاق زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، جەمئىيەتتە پەزىلەت قالمايدۇ. پەزىلەتسىز جەمئىيەتتە خەلقنىڭ بەختى بولمايدۇ. دېمەك، سۆزنىڭ كۈچىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىلىش شۇ مىللەتنىڭ كۈچىنى بىلىش بىلەن باراۋەر. ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نېمىنى سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىشى يېتەرلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق سۆزلەشنى بىلىشى ئەڭ مۇھىم. قانداق سۆزلەشنى بىلىش ئەقىلنى ئىشلىتىش سەنئىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ سەھنىلىرىدە ئانا تىلنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن مەشھۇر ئالىملار، دۆلەت ئەربابلىرى، جاسارەتلىك داڭلىق شەخسلەر مەيدانغا كەلگەن. تۈرك تىلىنىڭ يوقىلىشى ۋە بۇزۇلۇشىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يەتكەن كىشى مەھمۇد كاشغەرىيدۇر. پۈتۈن تۈرك دۇنياسىدىكى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ تىلى يوقۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ، تۈرك

تىلىنىڭ شۇ دەۋرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. بىزنىڭ تىلىمىز يوقالمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ تىلىمىز تارىختا ئىمپېرىيەلەرنى قۇرغان تىل. تىل كۈچتۇر، شۇڭا كۈچلۈك بولۇشنى ئويلىغان ئادەم تىلغا پىششىق بولۇپ، ئۆز تىلىنى مۇكەممەل قوغدىغان ئادەمدۇر. تۈرك مىللىتىنىڭ تىلى تۈرك تىلى، تۈرك تىلى دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ باي تىل، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر تۈرك ئۆز ئانا تىلىنى جان - دىلى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسسىق قېنى بىلەن قوغدايدۇ. تۈرك تىلى تۈرك مىللىتى ئۈچۈن مۇقەددەس بىر خەزىنە، ئۇ تۈرك مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تۈرك مىللىتىنىڭ غورۇرى. چۈنكى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن سانسىزلىغان پالاكەتلەرنىڭ، ئەخلاقىنىڭ، كېلەچەكىنىڭ، تارىخىنىڭ، مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ، قىسقىسى، بۈگۈنكى تۈرك مىللىتى قىلغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتىنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈرك تىلىنىڭ سايىسىدە كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. يىغىپ ئېيتسام، تۈرك تىلى تۈرك مىللىتىنىڭ قەلبى ۋە ئەقلى ھېسابلىنىدۇ.

مىللىي روھنى تىرىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللەت سۆيگۈسىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ قول ئاستىدىكى نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئاساسەن مىللەت ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى توغرىسىدا بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق ئادەم ئۆز ۋەتىنىنى، ھەرقانداق مىللەت تەبىئىي ھالدا ئۆز مىللىتىنى سۆيىدۇ. ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ھەممىدىن ئۇلۇغ دەپ بىلىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتتىكى مىللەتپەرۋەرلىك ئۆزىنى ئەڭ قەدىمى مىللەت، ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللەت دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ئۆزىنى ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە خەلق، يەھۇدىيلار «پەقەت ۋە پەقەتلا قۇل بولمايدۇ، يەھۇدىيلار تەڭرىنىڭ ئالاھىدە قەۋمى» دەپ قارايدۇ. خىتايلار بولسا «بىزنىڭ تارىخىمىز ھەممىدىن ئۇزۇن، ھەممىدىن مەدەنىيەتلىك، بىز دۇنيانىڭ مەركىزى» دەپ بىلىدۇ. تۈركلەر، «يۇقىرىدا كۆك ئاسمان، ئاستىدا يەر گۇمران بولمىغىچە، ۋەتىنىم ۋە پادىشاھىمنى ھېچكىم ئۆرەلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمما يېقىنقى زاماندىن بېرى تۈركلەر مەنىۋى جەھەتتىن ئارقىدا قالغانسېرى، ئۆزىدىن شۇنچە يىراقلىشىپ، ئۆز كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى، سىياسىي ھاياتى ئۈچۈن ساتقىنلىق قىلىدىغان خائىنلىقلار ئەۋجگە چىقتى. يەنە بەزىلەردە ئۆز تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ئىچىدە باشقىلارغا بېقىنىش پسىخىكىسى يېتىلىپ چىقتى. بۇنداقلار ئۆز - ئۆزىدىن ئۈزلۈكسىز يىراقلىشىپ، داۋاملىق باشقىلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. ھەتتا ئۆزى بېقىندى ھالەتتە تۇرۇپ، ئۆزىنى ئەركىن ھېس قىلىدۇ، بۇنداق پسىخىكا مىللەتنىڭ روھىغا چۈشكەن مەددە قۇرۇتتۇر. بۇنداقلار بېقىندىلىق ئىچىدىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچسىزلىكتىن باشقىلارغا ھەيرانلىق ھېسسىياتى بىلەن قارايدۇ، بۇ تۇيغۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېقىندىلىق ئۈلگىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق بېقىندىلىق ئۈلگىسىدىكى كىشىلەر يۈرۈش – تۇرۇشتا، ھەتتا روھىي ھالەتلىرى ۋە ئىچكى ھېسسىياتىدىمۇ بارا - بارا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، ئۆز- ئۆزىگە يات بىر مىللىي پسىخىكا ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. جانلىق نەزەرىيەلەر ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى بۇ دۇنيادا، مىللەت قارىشىمىزنى قاتماللاشتۇرىدىغان ئۇنداق ماركسچە مىللەت قاراش بىزنى ئىززەت - ھۆرمىتىمىزدىن ۋە تەختى - تاجىمىزدىن ئايرىۋېتىپ بارىدۇ، شۇنداقلا ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مىللەت قارىشىمىزنى قۇرۇق ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ

قويۇۋاتىدۇ. كوممۇنىستلار پۈتۈن بىر تۈرك ئۇلۇسىنى پارچە - پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىپ سېلىپ، بىر - بىرىمىزنى قىردۇرۇشنى مەقسەت ۋە نىشان قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق پۈتۈن بىر تۈرك ئۇلۇسىنى پارچىلاپ يۇتۇۋاتىدۇ. ھازىرقى دۇنيا مىللەتچىلىك بىلەن كوممۇنىزمدىن ئىبارەت تامامەن بىر - بىرىگە قارشى ئىككى پىكىرنىڭ كۈرەش مەيدانى بولۇپ قالدى. شۇڭا بىر پۈتۈن ئۇلۇس سۆيگۈسى، پۈتۈن تۈرك مىللىتى مىللەتچىلىك ئىدىيەسى مۇشۇ زاماندا بىزنىڭ مەنىۋى تاجىمىزدۇر، قاراڭغۇ تۈندە يول نىشانىمىزنى كۆرسەتكۈچى كۆكتە چاقنىغان يۇلتۇزدۇر. تۈرك خەلقىنىڭ ئۇلۇس سۆيگۈسى پۈتۈن تۈرك خەلقىنى بىر روھ، بىر تەن قىلىپ، مىللىتىمىزنى ئەبەدىي ساقلاش، قوغداش يولىغا باشلايدۇ. بىز مىللىي روھنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلقىمىزگە ئۆز تارىخىمىزنى توغرا، ئادىللىق بىلەن ئۆگىتىشىمىز، ھەتتا خىتاي خەلقىگىمۇ ئۆگىتىشىمىز لازىم. ئۆتمۈشى بىلەن باغلىنىشى يوق مىللەتنىڭ كەلگۈسى پارلاق بولمايدۇ. بىز كېلەچەككە قانداق قەدەم ئېتىشنى بىلمىسەك، ئۇنداقتا، ئۆتمۈشتە قانداق يوللارنى ماڭغانلىقىمىزغا قارىشىمىز كېرەك. بىز تارىختىكى تەجرىبىمىزگە ئاساسەن ئاخىرى ئۆزىمىزگە نامەلۇم بولغان يولنىڭ يولچىسى بولالايمىز. شۇڭا خىتايلار ئەزەلدىن تارىخقا ئەھمىيەت بەرگەن، ئۇلارنىڭ دائىم تارىختىن سۆز ئېچىشى، ھەرگىزمۇ خىتايلارنىڭ كېلەچەككە بولغان تەسەۋۋۇرىنىڭ كەمچىل بولغانلىقىدىن ئەمەس؛ دائىم بۇرۇنقى ھېكايىلەرنى ئاڭلىشى ۋە ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىپ ساقلىشى خىتايلارنىڭ كونا نەرسىلەرنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس. بۇلار ھەرگىزمۇ بىر ئادەتتىكى پىسخىكىلىق ئەھۋال ئەمەس. بەلكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىغا بولغان ھۆرمىتى، تارىخقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى. چۈنكى ھەر مىللەت ئۆز تارىخىنى يېزىش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە تارىخنى ئوقۇش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەجدادلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان ۋە گۇمران بولغان ھەرقايسى دەۋردىكى تارىخلىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ، ئۇنى ئۆگىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق راۋاجلىنىش ۋە ئارقىغا چېكىنىشنىڭ سەۋەب ۋە قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئاشۇ تەجرىبىلەر ئارقىلىق كەلگۈسىگە قەدەم باسىدۇ. ئىنسان ئۆز تارىخىنى بىلگەندىلا يالغۇز مايمۇندەك ياشاشتىن خالىي بولالايدۇ. پەقەت تارىخ ئۆگەنگەندىلا ئاندىن بىر بوشلۇقتا پىرقىراپ تۇرۇپ قېلىشتىن قۇتۇلۇپ، سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن بىزەلگەن كائىنات بوشلۇقىغا نەزەر سېلىپ، ئۆز ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا تارىخ ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ راۋان ئېقىمى ۋە تاكامۇللىشىپ تۇرىدىغان سەھنىسىدىن ئىبارەت.

ھەر كىم ئۆز تارىخى ئارقىلىق يىلتىزىنى بىلىشى شۇنچىلىك مۇھىم. يىلتىزىنى بىلگەن كىشى قايسى يولدىن كېلىپ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. تارىختىكى ۋەقەلەر تەكرارلىنىدۇ، گەرچە زامان ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان زامان بوشلۇقىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخنى ھەرزامان ئەسلەپ تۇرۇش چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك. تۈرك مىللىي روھىنى تىرىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى تارىخنى ئۆگىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. چۈنكى تۈرك تارىخىغا مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق زامانلاردىكى ساپ روھى كۆمۈلگەن. ئۇ كۆمۈلگەن روھلاردا بىزنىڭ بارلىقىمىز خاتىرىلەنگەن. شۇڭا بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى كۆمۈلگەن ئاشۇ يولنىڭ ئورىتىسىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ بىزنى مىللەتسۆيەر قىلىپ تەربىيەلەيدىغان بىردىنبىر بىلىم. تارىخ بىلىمى

نوۋەتتە بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ئەڭگۈشتەر بولۇپ، ئۇ ئىدىيەنى توغرىلايدىغان كۈچكە ئىگە نەزىرىيە ۋە مىللىي روھنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان نەزەرىيىۋى تەپەككۇر. تارىخىمىز بىزنىڭ كۈرەش يولىمىزدا، غۇرۇر ۋە ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان ئاڭلىق پائالىيىتىمىزنىڭ يېتەكچىسى.

تۈرك مىللىي روھنى تىرىلدۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ۋەتەن سۆيگۈسى جەھەتتىكى تەشۋىقاتلارنى كۈچلەندۈرۈشىمىز لازىم. بىزنىڭ خەلقىمىز بىر پۈتۈن ۋەتەن سۆيگۈسى جەھەتتىكى چۈشەنچىگە تېخى ئىگە ئەمەس. ھەر كىم ئۆزى تۇغۇلغان جايدىن ئايرىلماي ياشىغاچقا، يۇرتۋازلىقنى ۋەتەن سۆيگۈسى دەپ قارايدۇ. تار دائىرىدىكى قاتمال چۈشەنچە نۇرغۇن چوڭ ئىشلارغا دەخلى بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، خوتەندە ئىنقىلاب بولسا، قەشقەر خەلقىنىڭ كارى بولمايدۇ، ئىلىدا زۇلۇمغا قارشى كۈرەش بولسا ئالتەشەھەر تەرەپتىكىلەرنىڭ كارى بولماي، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندىكى پۈتۈن تۈرك خەلقىگە «ۋەتەن» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كەڭ دائىرىدە چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. شائىرلار ۋەتەن توغرىسىدا غەزەللەر يازغاندا، دائىم ۋەتەننىڭ تاغ - دەريالىرىنى، گۈزەل باغلىرىنى، ياخشى ئىقلىمىنى مەدھىيەلەيدۇ، ئۇلار ۋەتەننى گۈزەل قىلغان ئاشۇ تاشقى كۆرۈنۈشلەرگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەسلىدە بولسا ۋەتەننى ۋەتەن قىلغان ئۇ يەردە ياشىغان ئىنسانلارنىڭ كۈرەشلىرىدۇر، ۋەتەننى ئەزىز قىلغان، سۆيۈملۈك قىلغان نەرسە شاھ مەنسۇردەك، ئەمىر ساھىبتەك، ئەبەيدۇللاھدەك، ئەرەندەك شېھىتلەرنىڭ تۆككەن قانلىرىدۇر. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئۇ مىللەتنىڭ دۆلىتىنىڭ بار - يوقلۇقىغا باغلىق. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ دۆلىتى بولمىسا، ئۇ مىللەت ھامان بىر كۈنى يوقايدۇ. شۇنىڭدەك، بىر دۆلەتنىڭ بار بولۇشى ۋەتەننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا باغلىق. ۋەتەن بولمىسا، دۆلەتمۇ، مىللەتمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن ۋەتەن سۆيگۈسى بولۇشى لازىم. ۋەتەن سۆيگۈسى ھەر خىل تاشقى كۈچلەرنىڭ سەۋەبىدىن بەزىدە كۈچىيىپ يۈكسەلسە، بەزىدە ئاجىزلاپ سۇسلىشىدۇ. ئەگەر بىزدە ئىمان بىلەن مىللىي روھلا بولىدىكەن، مۇتلەق ۋەتەن سۆيگۈسى بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىندۇر» دەپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەننىڭ بىر غېرىچ تۇپرىقى، بىر چىمدىم توپىسىمۇ بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك قىممەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتەن، بىز ئۈچىمىزدەك مۇساپىرلارنىڭ ئالتۇن قەپەز ئىچىدىكى بۇلبۇلغا ئوخشاش «ئاھ، ۋەتىنىم!» دەپ كېچە - كۈندۈز سېغىنىدىغان ۋە ھەسرەتكە تولغان قەلبىمىز تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي. بىز ۋەتەن دەپ ئاتىغان شۇ زېمىن قايسى دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسا بولسۇن، ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ۋەتىنىمىزدۇر. بىز ھامان ئۇ ئانا يۇرتلاردىن دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىمىز. بىز بۇ دۇنيادا بىر مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، قانچىلىك زامان كەتسە كەتسۇن، قانچىلىك بەدەل تۆلىسەك تۆلەيلى، ھامان ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىشىمىز لازىم.

مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك: «تۈركلەرنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى بىلەن تولغان كۆكرەكلىرى، دۈشمەنلەرنىڭ مەلئۇن خىرىسلىرىغا قارشى دائىم بىر سېپىلگە ئوخشاش يۈكسىلىپ تۇرىدۇ»

دېگەن. ئاناتولىيە تۈركلىرىنىڭ ۋەتەن سۆيگۈسى ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى، ۋەتەنگە بولغان چىن سۆيگۈسىنى 1915 - يىلى مارت ئايلىرىدىكى چاناققەلئە ئۇرۇشىدا پۈتۈن دۇنياغا نامايان قىلغان، ئەلۋەتتە بۇ ئۇرۇشقا تۈركىستان تۈركلىرىمۇ قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىنى پىدا قىلغان. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىز تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ يەنە بىر ۋەتىنىدۇر. ئۇلۇسنى سۆيگەن ۋەتەننى سۆيىدۇ.

ئۇنداقتا ۋەتەن سۆيگۈسىنى قانداق ئاشۇرىمىز؟ ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مىللىي ئەدەبىياتى راۋاجلانمىغان مىللەتنىڭ روھى زەئىپ كېلىدۇ، روھى زەئىپ بولغان مىللەتتە ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈسى بولمايدۇ. چۈنكى مىللىي ئەدەبىيات شۇ مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدىكى ئەڭ گۈزەل تىل ئۇسلۇبى ۋە پاساھەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ روھىغا خىتاپ قىلىپ، شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى، پسىخىكىسىنى، قىممەت قارىشىنى، پەلسەپەسىنى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى، ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىستېتىك بىر شەكىلدە ئىپادىلەيدىغان سەنئەت. بولۇپمۇ بىزدەك ئاسارەت ئاستىدىكى مىللەتلەر ئۈچۈن مىللىي ئەدەبىيات قاراڭغۇ تۈندىكى بىباھا چولپان. بىز پەقەت مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ كۈچىگە تايىنىپلا ئۆز خەلقىمىزنى ئويغىتالايمىز، ئۆزىگە ئۆزىنى تونۇتالايمىز، ئۇلارنىڭ ئېڭىغا خىتاپ قىلىپ تۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىتالايمىز. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەدەبىياتنىڭ قانچىلىك زور رول ئوينىغانلىقىنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارمايلى. تۈرك ئەدەبىياتى تارىخنى مۇئەييەن بىر بەدىئىي ئۇسلۇپ بىلەن قايتا جانلاندۇرۇپ تۈرك مىللىتىمىزگە تەقدىم قىلىش ئارقىلىق، ئاناتولىيە تۈركلىرىدە قايتا بىر جۇشقۇنلۇق قوزغىتىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى تىرىلدۈرگەن. بىز شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ئۇزۇن يىللار مابەينىدە مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئاسارىتىدە قالغان مىللەت بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىمىز قۇللۇق ئىدىيەدىن ئازات بولۇپ، ئەركىن، ھۆر ياشاش ئىستىكىنى قەلبىمىزگە ئورنىتىشىمىز ۋە ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆز قەلبىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى ئۆزى قۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ قەتئىي بويۇن ئەگمەيدىغان، ئېگىلمەس - سۇنماس مىللىي روھىمىزنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشىمىز زۆرۈر. مىللىي روھنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى تىلىمىزنى، مىللىتىمىزنى، مىللىي كىملىكىمىزنى ۋە ۋەتەن سۆيگۈسىنى ساقلاپ قېلىش. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قېلىشقا تۈرتكە بولىدىغان كۈچ مىللىي ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ بىلىمدىن كېلىدۇ. شۇڭا مىللىي ئەدەبىيات بىزگە ھەم تارىخىي بىلىملەرنى ئۆگەتسە ھەم سىياسەت ئۆگىتىدۇ، شۇنىڭدەك بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىزنى جەڭگىۋار بىر قوشۇن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈم شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرىنچى قېتىم غەرب مىدىتسىناسىدا دوكتۇر بولغان بىر تۈرك تۇرۇپ، مىللىتىمنىڭ تېنىنى داۋالاشتىن بەكرەك روھىنى داۋالاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىپ، ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ بىلىمگە ئۆگەنگەن كەسپىمدىن بەكرەك كۆڭۈل بۆلدۈم ۋە بۇ جەھەتتە كۆپ تىرىشتىم ھەم تىرىشىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانماقتىمەن. دېمەك، ئەدەبىيات دېمەك تارىخ دېمەك، سىياسەت دېمەك، پەلسەپە دېمەك، يىغىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات دېمەك ھايات

دېمەكتۇر. ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز بەدىئىي ئوبرازلىق كۈچى بىلەن ھاياتنىڭ كۆزىمىزدىن ساقىت بولغان روجەكلىرىنى يورۇتۇپ ۋە قايتا جانلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا چىن ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر. ماڭا ئوخشاش تېببىي ئىلىمنى ئۆگەنگەن تۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ روھىنى تىرىلدۈرۈشنىڭ تەننى داۋالاشتىن تېخىمۇ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن يەنە بىر كىشى، خىتاي ئەدەبىياتىنىڭ پىشۋاسى لۇ شۈن ئەپەندىدۇر. لۇ شۈن ئەپەندى ئەدەبىيات توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئەدەبىيات - سەنئەت مىللىي روھنىڭ پارلاق ئۇچقۇنى، شۇنداقلا مىللىي روھنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مەشئەل. بۇلار خۇددى كۈنجۈت يېغى كۈنجۈتتىن چىقىرىۋېلىنغىنىغا، ئەمما كۈنجۈتكە يەنە ياغ ئارىلاشتۇرسا كۈنجۈتنىڭ تېخىمۇ ياغلىق بولغىنىغا ئوخشاش بىر - بىرىگە سەۋەب - نەتىجە بولىدۇ» دېمەك، ئەدەبىيات بىلەن مىللىي روھ ھېچ بىر زامان بىر - بىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس. بىرسى بولمىسا يەنە بىرسى مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. ئەدەبىيات راۋاجلانسا مىللىي روھمۇ كۈچلىنىدۇ، شۇنىڭدەك، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى قورقماس پىداكارلار بولمىغان يەردە ھەقىقىي مىللىي ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ. رۇسىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىدىن ل. تولستوينىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئانانا كارېنىنا» ناملىق رومانى مۇنداق جۈملە بىلەن باشلانغان: «ھەممە بەختلىك ئائىلىلەر بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، بەختسىز ئائىلىلەر ئۆز ئالدىغا بەختسىز» مانا مۇشۇ ھېكمەتكە تولغان جۈملىنى بىز ئائىلىدىن ھالقىتىپ، مىللەتلەرگە تەتبىقلاپ، «ھەممە بەختلىك مىللەتلەر بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، بەختسىز مىللەتلەرنىڭ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبلىرى ھەر بىرىنىڭ ئۆزگىچە» دەپ ئېيتساق، تامامەن خاتالاشمايمىز. بىزنى بەختسىزلىككە يۈزلەندۈرگەن ئەنە شۇ ئۆزگىچە سەۋەبلەرنى ئۆزىمىز ھەل قىلمىغىچە بەختلىك بولالمايمىز.

بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىمىزنى ئۆزىمىز ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ رېئاللىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلىدىغان مۇختارىيەتكە قەلەم كۈرىشى ۋە سىياسىي كۈرەش ئارقىلىق يېتىمىز. تۈركلەردە مۇنداق بىر ئاتا سۆزى بار: «قەلەم قىلىچتىن ئۆتكۈردۇر». بىز قەلەم كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتلىرىمىز ئارقىلىق قىلىچ ۋە مىلتىقلار بىلەن ئېرىشەلمىگەن غەلىبىلەرگە ئىگە بولىمىز. شۇڭا بىز تىلنى سۆيۈش، مىللەتنى سۆيۈش ۋە ۋەتەننى سۆيۈش پائالىيىتىنى دەرھال باشلايلى!

بارلىق نېمەتلەرگە ئىگە بولغان ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندەك تۆت پەسلى ئېنىق، سۈيى ئەلۋەك، ئاشلىقى مول، يەر ئاستى بايلىقى ھەددى ھېسابسىز بولغان مۇنداق بىر گۆھەر زېمىن دۇنيادا يەنە نەدە بار؟! ئەنە شۇ گۆھەر زېمىن ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرى بولغان مىللىتىمىز ئۈچۈن، سىزلەردەك ئەزىز دوستلار بىلەن قولنى قولغا تۇتۇپ، بىر - بىرىمىزنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆزئارا تولۇقلاپ ۋە قۇۋۋەتلەپ، ئۆزىمىزنىڭ تۈرك ۋە مۇسۇلمانلىقتىن ئىبارەت شەرەپلىك نامىمىز بىلەن مۇستەملىكىچىلەر، ھەر خىل خاتا پىكىر - ئىدىيەلەر ھەممە ۋەتەن خائىنلىرى بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنايلى! چۈشكىچىنىڭ تۇمانلىق ئاسمىنىدا ناگىھان چاقنىغان زەررە نۇر، مىللەتنىڭ مۇختارىيەت يولىدىكى چاقنىغان قۇياشتەك بىباھا!

مەسئۇد ئەپەندىنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەن، يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان مەمنۇنىيەت تۇيغۇسى كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم سەپدىشىنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم ئالتاي مەجمۇئەسىدىكى باش تەھرىرلىك خىزمىتىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى ۋە مەجمۇئەنىڭ خىتاي تىلىدىكى سانىمۇ چىقىشقا باشلىدى. ئۇزۇنغا بارماي بۇ خىزمەتنىڭ نەتىجىسى ھەم شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىچىدە ھەم خىتاي مىللىتى ئىچىدە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت ئاتىسى سۈن جوڭشەن ئەپەندىنىڭ ئوغلى دوكتور سۈن فو ئەپەندى باشلىق ئىلغار پىكىرلىك دېموكراتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، گومىنداڭ پارتىيەسى ئىچىدىكى ئۆكتىچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى چېڭ كۇفۇ ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ كۈچلۈك قارشى چىقىشىغا، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەر تۈرك ئەمەس، ئەكسىچە خىتاي مىللىتىنىڭ بىر پارچىسى دەيدىغان سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىتاي زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلدى، ئىلغار پىكىردىكى خىتاي زىيالىيلىرىنى يېتىم قالدۇرۇپ، ھەتتا ئۇلارنى «ۋەتەننى بۆلۈشكە ئۇرۇنغان ۋەتەن خائىنى» دەپ قارىلاش غەرىزىدە بولدى. ئۈچ ئەپەندىنى بولسا «ئەسەبىي مىللىي بۆلگۈچى، بىز ياپونلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلىشىۋاتساق، بۇلار ۋەتەننى پارچىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ، ئالتاي نەشرىياتىنى تاقاشقا ئۇرۇندى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەقسىتى، پۈتۈن دۇنياغا ئايان بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەر خىل باھانە - سەۋەبلەر بىلەن قىرىپ تاشلاش ياكى تۈرك مىللىتىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان زېمىنىنى مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىش ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قاتارلىق ئۈچ ئەپەندى ھېچبىر زامان بوشاپ قالماي، ئەكسىچە بۇ يولدىكى كۈرەشنى تېخىمۇ سىستېمىلىق، تېخىمۇ ئىلمىي شەكىلدە، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىم خۇددى ئۆز روبائىيلىرىدا:

بىل كېرەكلىك ئىشنى، ئى تۈرك ئوغلى سەن قىلماق ئۈچۈن،
باقما ھەركىم خاتىرىگە، مىللىتىڭ دەردىگە باق.
مىللەتىڭ دەردى يامانادۇر، ئىشلە جانۇ تەن بىلەن،
ھەر غەرەزلىك دوست يا دۈشمەنگە سەن تۇتما قۇلاق.

دەپ يازغاندەك، ئۆز ئىشىغا يەنىمۇ پۇختا بولۇپ، تېخىمۇ ئۆتكۈر ماقالىلەرنى يېزىشقا كىرىشتى. ئۇ ئەمدى ئۆز يولىنىڭ تېخىمۇ توغرا بىر يول ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. بولۇپمۇ مەسئۇد ئەپەندى ئېيتقاندەك، قەلەمنىڭ قورالدىن كۈچلۈك مەنىۋى قۇدرەت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ قول قويدى.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئەنە شۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە ئەردەممۇ نەشرىياتىنىڭ ئىشلارغا ياردەمدە بولدى، بولۇپمۇ، تاش مەتبەدە بېسىش ئۈچۈن يازمىلارنى قول بىلەن بىرمۇ بىر يېزىپ تەييارلاشقا توغرا كېلىدىغان ئىشلارنى دادىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. چۈنكى ئۇ خەتنى ھەم تېز ھەم چىرايلىق ھەمدە ئېنىق يازاتتى. يەنە كېلىپ ماقالىلەرنىڭ ماۋزۇلىرىنى

ھۆسن خەت قىلىپ شۇنچىلىك گۈزەل يېزىۋېتەتتى، مۇقاۋىسىنىمۇ ناھايىتى چىرايلىق لايىھەلەيتتى. بۇ ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ مەزمۇنىلا مول بولۇپ قالماي، بەلكى ئىستېتىك گۈزەللىكىگە كاپالەتلىك قىلىنغان ئىدى. ئەردەمدىكى بۇ تالانت ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان تۇغما قابىلىيەت بولۇشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ جەھەتتىن ھېچقانداق بىر تەربىيە كۆرمىگەن، ھەتتا بۇنداق بىر تالانتىنىڭ بارلىقىنى ئۆزىمۇ تا بۈگۈنگىچە بىلمەي يۈرگەنىدى. بەزىدە تاش مەتبەدە خەت بېسىش جەريانىدا ئۇنىڭ قوللىرى سىياھ بىلەن بويىلىپ كېتەتتى ۋە قولى بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سىلىغاچقا، بۇرنىنىڭ ئۇچىمۇ قارا سىياھ بىلەن بويىلاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ھەم قېنىق ھەم چوڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ھۆسن خەتلەرنى كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «ئەردەم، ئۇ ھۆسن خەتلەرنى بۇرنۇڭ بىلەن يازدىڭمۇ قانداق؟ دۈۋەتتىكى سىياھلارمۇ تۈگەپ كېتىپتۇ» دەپ چاقچاق قىلىپمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ يەنە ئۇڭ قولىنى ئىختىيارسىز بۇرنىنىڭ ئۇچىغا ئاپىراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىلىسى تەڭ كۈلەتتى – دە، بۇلارغا ئەگىشىپ ئىشخانىدىكى ياردەمچىلىرىمۇ تەڭ كۈلۈپ، ئىشخانىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ھارغىنلىقلىرى تۈگەيتتى. ئەسلىدە خوشاللىق ھەقىقەتەن ئادەمدىن ئادەمگە، كۆزدىن - كۆزگە، يۈزدىن - يۈزگە، لەۋلەردىن - لەۋلەرگە يۇقىدىغان بىر خىل گۈزەل كەيپىيات، كۆڭۈلسىزلىكمۇ ھەم شۇنداق، ئەلۋەتتە.

ئەردەم تېخى يېقىندىن بۇيان خىتايچىنىمۇ ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ئىدى. ئۇ ئىنچىك بامبۇكتىن ياسالغان مويلۇق قەلەمنى قويۇق قىلىپ ئېزىلگەن مىكەگە مىلەپ تۇرۇپ، خىتايچە خەتلەرنى ئاق قەغەز يۈزىگە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قىلىپ شۇنچىلىك چىرايلىق يازاتتى. ئۇ ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىپ ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەنسېرى، ھاياتنىڭ قىممىتىنىمۇ شۇنچە تونۇپ يېتىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ قېتىرقىنىپ خەت يېزىشنى مەشىق قىلغانسېرى، خىتايچە ھۆسن خەت يېزىش ماھارىتىمۇ ئېشىپ باردى. ئەلۋەتتە، كىشى ئىشتىياق باغلىغان نەرسىنى ئۆگىنەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياقنىڭ ھامىلىسىدۇر. ئەردەم ئەنە شۇنداق ئىشتىا ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەش بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، نىجايدىيەت دالاسىغا قاراپ قەدەممۇقەدەم يول ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى ۋە تالانتىنى كۆرگەن ئىيسا ئەپەندى، ئۇنى خىتايچە ئۆگىنىش كۇرسىغا يازدۇرۇپ قويدى ۋە خىتايچىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ھەربىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچى ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەش سىنىپىنىڭ بىر يىللىق ياتاقلىق كۇرسىغا كىرگۈزۈپ قويىدىغانلىقىنىمۇ ۋەدە بەردى.

تاغلىق شەھەرنىڭ كۈز ئايلىرى يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ، ھىمالايا چوققىلىرىدىن ئاق مەشۇتتەك يېيىلىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان چاڭجىياڭ دەرياسى لەھەڭ كەبى ئالدىغا ئۇچرىغان تاشلارنى يۇتۇپ ئاقماقتا ئىدى. بىر توپ ياۋا غازلار پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىپقىزىل شەپقى ئارىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئەينەكتەك دەريا يۈزىگە شولا تاشلاپ ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ «غاق، غاق» قىلىپ سايرىغان ئاۋازلىرى پولات كۆۋرۈك ئۈستىدە تۇرغان ئەردەمنى خىيالدىن ئازات قىلدى. ئەردەم ئالدىدىكى گاھ دولقۇنلاپ، گاھ بۇژغۇنلاپ، گاھ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك پارلىغان دەريانىڭ، لېۋىدىكى ئەجدەر پوستى كەبى قەۋەتلەپ ياتقان تاشلارنى

پوكىنىغا بىسىپ ئېقىشلىرىدىن كۆزنى ئۈزۈپ كۆككە باقتى. قىزغۇچ ئاسماندا بىر مۇنچە ئەۋرىشىم بۇلۇتلار لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ ئاستىدا توپ - توپ ياۋا غازلار ھارغىن قاناتلىرىنى ئاستا قېقىپ ئۇچۇۋاتاتتى. بۇ ياۋا غازلار ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭ، نى - نى ئۆتكەللەر، تاللاي جاپالارنى تارتىش بەدىلىگە، تەڭرىتاغلىرىدىن چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مۇشۇ مۆتىدىل جايلارغا ئۇچۇپ كېلىپ قىشلايتتى. باھار كېلىشى بىلەن تەڭ، ياۋا غازلار ئەردەمنىڭ ئانا ۋەتىنىگە يەنە قايتىپ كېتەتتى. ياۋا غاز خۇددى ئەردەمدەك مېھرىبان، ۋاپادار قۇش ئىدى. ئۇلار نەچچە ئوندىن ياكى قىرىق - ئەللىكتىن بولۇپ يولغا چىقاتتى. ئۇلار بۇ يولدا بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەيتتى، كاتتىلىرىنى ئالدىغا يولباشچى قىلىپ ئېلىپ، قالغانلىرى خۇددى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئەينى چاغدىكى 40 باھادىرىدەك ئارقىدا رەت - رەت بولۇپ ئۇچاتتى. توپتىن ئايرىلمايتتى. كەچ بولغاندا قونۇپ، قونغاندا كۆزەتچى قوياتتى. خۇددى ئۇلارنىڭ كۆچلىرى ئەردەمنىڭ ھىجرەتتىكى يولچىلىقىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار شۇنچىلىك ۋاپادارئىدىكى، ئاتا غاز بىلەن ئانا غاز بىر - بىرىدىن ئايرىلسا، ئۆلگۈچە ئۆزگە باشقا جۈپ ئىزدىمەيتتى. مانا بۇ يەرلىرى ئەردەمگە تولىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. ھازىر ئەردەم ئۆز سۆيگۈسى پەرۋىنىدىن ئايرىلغىلى ئون يىل بولاي دېگەن بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ئۆزگە بىر جۈپ تېپىشنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىدى. ئۇ ئۆز سۆيگۈسىنى قەلبىدە داۋاملىق ياشنىتىپ، ئۇنىڭدىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلغان ئەمەس. مانا شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇ خىيالىدا پەرۋىن بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى پەرۋىن بىلەن ئورتاقلىشىۋاتاتتى، ھەتتا تازا بەختلىك بولغان چاغلىرىدا ئاشۇ خۇشاللىقلىرىنى پەرۋىنگە قىسىنىپ، ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ، مەيۈسلىنىپ كېتەتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆز سۆيگۈسىگە بولغان ساداقىتى ئىدى. ئەسلىدە ھەقىقىي ئىشق بىللە ياشىماق ئەمەس، بەلكى قەلبىدە ئەبەدىي ياشناتماقتۇر. شۇڭا ئاشىق بىردۇر، ئۇ ئەبەدىيدۇر. سىلەر ئىككى لەيلاسى بار مەجنۇننى ھېچ كۆردۈڭلارمۇ؟ ئىككى زۆھرەسى بار تاھىرنىچۇ؟ ياۋا غازلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئاشىقمۇ ئەنە شۇ لەيلى - مەجنۇن، تاھىر - زۆھرەنىڭ ئاشىقىدىن قېلىشمايتتى.

خىتايلارنىڭ ئەڭ داڭلىق كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «سۇ بويىدا» ناملىق رومانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولغان سوڭ جىياڭ، ياۋا غازنى بەش ئەھكام بويىچە مەدھىيەلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قۇشتا رەھىمدىللىق، ئىنساپ، ئەدەپ، پاراسەت، ئىناۋەت قاتارلىق بەش ئەھكامنىڭ جىمىسى بار. ئۇلار ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا بىرەر ياۋا غازنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرسە، ھەمراللىرىدىن ئايرىلغىنىغا نادامەت چېكىپ غاقىلدىشىپ رەھىمدىللىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۆز جۈپلىرىدىن ئايرىلسا ئۆلگۈچە باشقا جۈپ تاپمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىنساپلىقلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەرقايسىسى ئۆز رېتى بويىچە يا ئارقىدا قالماي، يا ئالدىغا ئۆتۈۋالماي ئۇچىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەدەپلىكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ بۈركۈتتىن ئۆزلىرىنى پاناھلاش ئۈچۈن ئۆتكەللەردىن قومۇش چىشلەپ ئۆتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ پاراسەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ كۈزدە تۆۋەن تەرەپكە كېتىپ، ئەتىيازدا يۇقىرى تەرەپكە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىناۋەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قۇشتا بەش ئەھكامنىڭ ھەممىسى مۇجەسسەملەنگەن» ئۇ يەنە بۇ ياۋا غازلارنى مەدھىيەلەپ مۇنداق غەزەل توقۇيدۇ:

تاغ داۋانلار بىپايان كۆز يەتكۈسىز سۇغا تۇتاش،
ئۇچتى كۆكتە ياۋا غاز رەت - رەت بولۇپ بەك ئالدىراش.
ئوق تېگىپ بىر نەچچە غازغا، قالدى سەپتىن ئايرىلىپ،
چىقتى سوغ يەل، ئاي كۆكتە، كۆڭلۈم بولدى غەش.

ئەردەم ياۋا غازلارنىڭ ئۇچۇشىغا ئەگىشىپ گەۋدىسىنى ئاستا - ئاستا 180 گىرادۇس بۇرىدى ۋە ئۇزۇندىن ئۇزۇنغىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. خۇددى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەر تونۇشىنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئۇلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي، تاكى ۋۇشەن تاغلىرىنىڭ پوكانلىرىدىكى تۇمانلار ئارىسىدا غايىپ بولغۇچە، ھەر بىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. ئۇلارغا بۇنچىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ قاراشقا ھەقىقەتەن ئەرزىيتتى. چۈنكى ئۇلار خۇددى ئەردەمدەك شۇنچىلىك ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، بۇ يەرلەرگە ئۇچۇپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ يولدا كۆپ رىيازەت چەكسىمۇ، ئۇلار مەنزىلگە يېقىنلاشقانلىقىدىن بەختىيار. بۇ ھايات ئۇلارنىڭ ئەنە ئاشۇنداق جاپالارنى تارتىشىغا ئەرزىيدۇ. ئۇزۇن يولچىلىق جەريانىدا ئۇلار بىر - بىرلىرىگە ياردەم بېرىدۇ، بىر - بىرلىرىنىڭ يارىلىرىنى تاڭىدۇ، كۆڭۈللىرىنى ياسايدۇ، ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇپ يېتىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئىرادىسىنى چېنىقتۇرىدۇ. ئىرادىدىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك كۈچنىڭ ھەممىدىن غالىپ كېلىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

ھېچقاندەك ساختىلىقى يوق بۇ تەبىئەت ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغان رېئال كىشىلىك دۇنياغا قارىغاندا ئەردەمگە چەكسىز ئەۋزەل كۆرۈندى بولغاي، ئۇ يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دەريا مەنزىرىسى كۈزەتتى. كەھرىۋادەك كەچكى شەپەق دەريا ئۈستىدە ئاستا - ئاستا غايىپ بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ دەقىقىلەردە، دەريا يۈزى خۇددى چوغدەك قىزىرىپ، دەريا سۈيى يالتىراپ كۆزنى قاماشتۇرۇۋاتاتتى. ئەردەمنىڭ كۆز ئالدىدا تولغىنىپ ئېقىۋاتقان چەكسىز دەريا خۇددى قۇياشنى يۇتۇۋېلىۋاتقان ئەجدىھادەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەمما بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئاز ۋەھىمە پەيدا قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەبىئەتنىڭ مۇتلەق نەپىس مەنزىرىسىدىن كۆزىنى ئالالماي، يەنىلا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. كۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مېھرىنى سۇ يۈزىگە چېچىۋېتىپ، ئەجدىھانىڭ قارنىغا جىمجىت كىرىپ كەتتى. ئەمدى گۇگۇم چاغ باشلىنىپ، قاراڭغۇ تۈننىڭ پات يېقىندا باشلىنىشىدىن بىشارەت بېرىۋاتاتتى. يەر يۈزىنى تۈتەك بېسىپ، تاغلارنى تۇمان قاپلاپ كەتتى. گىرىمسەن ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقى خىرەلىشىپ، دەريا يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن نەمخۇش تۇمانلار، بۇلۇت - مانانلاردەك ھاۋادا لەيلەپ، زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا پېتىۋاتقان دەريانىڭ ئىككى قانىتىدىكى داباشەن بىلەن دالۇشەن تاغلىرى تەرەپكە قاراپ ئاستا - ئاستا تارالدى. ئەمدى ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ئۈستىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، نېمىنىڭ دەرەخ - ئوتلاق، نېمىنىڭ يول ۋە كۆۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۈزنىڭ كىشىنىڭ كۆڭۈلسىز پۇرىقى ئارىلاشقان نەشتەردەك شاملى ئەردەمنى بۇ يەردىن ھەيدەشكە باشلىدى. كۈچلۈك شامالنىڭ زەربىسى ئاستىدا دەريانىڭ ئېرىنچەك سۈيى بىردىنلا ئۆركەش ياساپ، دولقۇن شاۋقۇنى كىشى قەلبىگە دەھشەت

سىلىشقا باشلىدى. شامال سارغىيىپ تۆكۈلگەن قېيىن دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئۇچۇرتۇپ ئەكېلىپ، ئەردەمنىڭ قايتىش يولىغا پاياندازدەك يېيىۋېتىپ باراتتى. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئىدى. ئۇ يول بويى كۆز پەسلىدىكى تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە كۆز ئاتتى، ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى. ئەتراپتىكى تاللار، ياپراقلاردا ئۆزىنىڭ كۆڭۈل دەردىنىڭ، رەنج - مۇشەققەتلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرىنى كۆردى. ئۇ دەرەخ شاخلىرىنىڭ لىڭشىشلىرىغا، تاللاردىن ساپاقلىرى ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ياپراقلارغا قارىدى، ئاندىن يوللاردا ئادەملەر ئاياقلىرىدا چەيلىنىۋاتقان غازاڭلارنىڭ، تالگۈل بەرگىلىرىنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق سالدى. ھەممە يەردە يۈزلەرچە تىلسىز ئاۋازلار، يۈزلەرچە تىلسىز ئىڭراشلار. ئۇ ئىچىدە «گۈلىستانلىقلار قەيەردە؟ ياپيېشىل بوستانلىقلارچۇ؟ ساپسېرىق زىغىر چېچەكلىرى قېنى؟ سەرۋىلەر، لالىلەر، قىزىل گۈللەر قەيەردە؟ مول - مول سۈتلەر ۋە ھەسەللەر قەيەردە؟ ‹كۇك كۇك› دەپ سايرىغان پاختەكلەر قەيەردە؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى. ئۇ يەنە: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ھەرگىز ئۈمىد كېسىلمەس، پۈتۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى باھار ئۈچۈن، كۈننىڭ ئۆلۈپ، يېڭىسىنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن، زۇلۇم زۇلمەتنى تۈگەپ، يورۇق تاڭنىڭ ئېتىشى ئۈچۈن! پۈتۈن بۇ ئىزتىراپلار، رىيازەتلەر ئىمتىھان ئۈچۈن. ئەگەر دەرەخنىڭ پۈتى ۋە قانىتى بولسا ئىدى، زىمىستان سوغۇقتا قېپيالىڭاچ بولۇپ تۇرماس ئىدى، كۆڭلۈمدە دەرد ئەلەم بولمىسا، چىرايىم زاپىراندەك سارغايماس ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى باھار ئۈچۈن، قايتا تىرىلىش ئۈچۈن. بۇ تىرىلىش يولىدا مېنىڭ تاقىتىم ۋە ئىرادەم كامىل!» دەپ، ئەتراپىدا مىغ - مىغ قاغىدەك كېتىۋاتقان قاپقارا كىيىنىۋالغان ئادەملەرگە قارىدى. ئۇلار ھەممىسى شۈنچىلىك ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، ئەردەمگە قارايدىغان چولىسى يوق ئىدى. ئۇ يېقىندىلا قايسى بىر كىتابتىن ئوقۇغان لىۋ تولىستوينىڭ مۇنداق بىر گېپىنى ئەسكە ئالدى: «سەن مەن بولمىساڭ، مەن ماڭغان يوللارنى، قەلبىمدىكى خوشاللىق ۋە ئازابلارنى قانداق بىلەتتىڭ؟» ئۇ بىردىنلا ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى خىيالىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمۇ ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇ ھازىر ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا خۇرۇم شىبلېت كىيگەنىدى. ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئېلىپ، كۈندە چىشىنى ئامېرىكىنىڭ پەپسودەنت ماركىلىق چىش پاستىسى بىلەن، يۈزىنى لۇكس ماركىلىق سوپۇن بىلەن يۇياتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ، تەقى - تۇرقى ئەجنەبىلەردەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىلا ئەمەس، ھەتتا تەپەككۇرىدىمۇ ئۆزگىرىش ئالاھىدە ئىدى. دېمەك، ھەر ئادەمنىڭ پىكىر - خىيالى ۋە سۆز – ھەرىكىتى، تەقى - تۇرقىمۇ مۇھىتقا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ئەلۋەتتە ئۆزگەرگەن ئىكەن، شۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ بولىدۇ – دە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى مۇھىتقا قاراپ بولغان بولسا، ئىدىيەسى ئوقۇغان كىتابلىرى، ئارىلاشقان كىشىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇ ھەقاچان؟ ئۇ چۈڭچىڭغا كەلگەندىن بۇيان ۋاقتىنىڭ زور كۆپ قىسمىنى يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا ئۈچ ئەپەندىنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاپ ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ياشلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇ خىتاي تىلى ئۆگىنىدىغان كۇرستىكى تىبەت، موڭغۇل ۋە بەزى چەت ئەللىك ساۋاقداشلىرى بىلەنمۇ ئارىلىشىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى. ئوقۇۋاتقان كىتابلىرى پۈتۈنلەي ئىلغار ئىدىيەلەر بىلەن تولغان كىتابلار بولۇپ، قوبۇل قىلغان ئىدىيەسى ئۈچ ئەپەندى تەرغىپ قىلىۋاتقان تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئىدى. دېمەك، ھەر ئىشنىڭ نېگىزى ئىدىيەدە،

پىكىردە، چۈشەنچىدە بولغاچقا، بۇلار ئادەمنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. شۇ ئەتراپىدىكى ئېسىل بىنالار، كېتىۋاتقان ترامۋايلار، ماشىنىلار، پويىزلار ۋە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانلارنىڭ ھەممىسى پىكىر ۋە ئىدىيەلەردىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەمەسمۇ؟ ھەتتا ئۈستىدىكى كۆك ۋە ئۇنى زىننەتلىگەن كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلار؛ دەسسەپ تۇرغان زېمىن ۋە ئۇنى بېزەپ تۇرغان يىراقتىكى تاغلار، ئېقىۋاتقان دەريالار، ئورمانلار، دېڭىزلار ۋە ئۇلاردىكى ھاياتلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۆھتەشەم ئىدىيەسى ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىرسىز، ئىدىيەسىز ھاياتلىق يوق. ئەردەمگە ئوقۇغان كىتابلىرىدىن بەكرەك ئەنە شۇ تەبىئەتنىڭ قامۇسى تېخىمۇ تەسىر قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە كېرەكلىك ئىلىملەرنى يالغۇز كىتابلاردىنلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىن ۋە ئۆزىنىڭ قەلبىدىن ئىزدەپ تېپىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپنى كۆزەتكەنسېرى ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز خەلقىگە بولغان سۆيگۈسى ھەسسىلەپ ئېشىپ، ئۇلارنى كۆرۈش ئىستىكى تېخىمۇ يۈكسەلگەن ئىدى. چۈنكى ئىنسان دۇنيادىكى بارلىق كىتابلارنى ئوقۇسىمۇ، بارلىق يەرلەرنى كەزسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەن ھەسرىتىنىڭ ئورنىنى قەتئىي باسالمايدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق ئوي - پىكىرلەر ئىچىدە ئۆزىگە ئائىت بولمىغان ۋەتەندە يۈرۈپ، ئۆزىگە ئائىت بولمىغان تىلدا سۆزلىشىپ يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قۇم دۆۋىلىرى ئىچىدە يوقالغان يىگىندەك بەختىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئىرادە باغلىدى. ئۇ بەخت ۋەتەننىڭ بەختى ئىدى.
ئۇ يول ياقىلاپ كېتىۋېتىپ ئۆيگە يېقىن كەلگەندە، بىر قورودىن نەينىڭ يېقىملىق مۇڭىنى ئاڭلىدى. ئاشۇ يوقالغان بەختنى تېپىش ئۈچۈن، بۇ ھاياتتا قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولۇپ ئىنساندەك ياشاش ئۈچۈن، نېمىلەرنى قىلىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا ئېيسا ئەپەندىنىڭ ياشلارغا قىلغان بىر نۇتقىدا، ئىككى بامبۇكنىڭ قىسقا ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى دەرھال يادىدىن كەچۈردى: «ئوخشاش ئىككى تال بامبۇكنىڭ بىرسىدە نەي، يەنە بىرسىدە كىر يايغۇچ ياسىلىپتۇ. ئۈستىگە نۇرغۇن كىرلەرنى ئارتىۋالغان كىر يايغۇچ، بىر كۈنى خوجايىن خېنىم دائىم ئەتىۋالاپ كۆتۈرۈۋالىدىغان نەيگە قاراپ بىر ئاز ئويلىنىپ قاپتۇ. خېنىمنىڭ ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرىنى نەيگە تەگكۈزۈپ يەڭگىل پۈۋلىشى ۋە نازۇك بارماقلىرى بىلەن نەي تۆشۈكلىرىنى رېتىملىق يېپىپ - ئېچىشلىرى نەتىجىسىدە لەرزان كۈي چىقىرىۋاتقان نەيگە قاراپ ئىچى ئاداپتۇ ۋە ھەسەت ئوتى ئۆرلەپ، زۇۋانغا كېلىپ، نەيدىن مۇنداق سوئال سوراپتۇ: ‹ئىككىمىز بىر تاغدا ئۆسكەن ئوخشاش بامبۇك تۇرۇپ، نېمىشقا مەن ئەتىدىن كەچكىچە ئۈستۈمگە ئارتىلغان كىرلەرنى كۆتۈرۈپ، ئاپتاپتا تۇرىمەن. بۇنى ئاز دەپ ھېچقانداق قەدىر - قىممىتىم يوق؟ سەنچۇ؟ شۇنداق ئەتىۋارلىق، بىباھا؟ نېمە ئۈچۈن ئىككىمىزنىڭ قىممىتى ئوخشىمايدۇ؟› ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سوئالغا، نەي تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ: ‹چۈنكى سەن بىر پىچاق بىلەنلا ياسالدىڭ، ئەمما مەنچۇ؟ نەي شەكلىگە كىرگىچە، نەچچە مىڭ قېتىملاپ پىچاق يېدىم. بەدىنىمدىكى توققۇز بوغۇمۇمنى بىر - بىرلەپ شىلىپ سىلىقلىدى، ئۇنى ئاز دەپ يەتتە يېرىمگە تۆشۈك ئاچتى. بۇ جەرياندا قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى سەن بىلەمسەن؟› بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان كىر يايغۇچ گەپ قىلالماي زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپتۇ»
ھېكايىدىن كېيىن، ئېيسا ئەپەندى ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، بۇغداي ئۆڭلەرگە خىتاب قىلىپ تۇرۇپ: «دېمەك، دۇنياغا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى

ئوخشاشلا قەدىرلىك بولۇپ ئاپىرىدە بولىسمۇ، ئەمما ھاياتتا ھەركىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەجرىگە، تارتقان مۇشەققەتلىرىگە تۇشلۇق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ھەركىمنىڭ قىممىتى ئاشۇ بامبۇكلارنىڭكىدەك بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. كىمكى كۆپ جەۋر - جاپاغا چىدىسا، بوران - چاپقۇنلارغا سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرەلىسە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغاندا چۈشكۈنلەشمەي، مىسكىنلىك ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇرغانىنىڭ ئورنىغا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كۈرەش يولىغا ئاتلىنالىسا، ئۆزى مۇقەددەس دەپ بىلگەن ئىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتەلىسە، باشقىلارنىڭ ھەسەتتىن قىلغان ئۆسەك سۆزلىرىگە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، ئۆز يولىنى داۋام قىلسا، ئۇ ئادەم ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە، نىجادىيەتكە ئېرىشكەن ئادەم بولۇپ، ئۆز مىللىتىگە، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە شۇ نەيدەك تاشنى ئېرىتكۈدەك يېقىملىق كۈي، ھۇزۇر ۋە بەخت ئاتا قىلىدىغان ئىنسان بولالايدۇ» دەپ سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەنە شۇ سۆزلىرى، ئەردەمنىڭ قۇلىقى تۆۋىدە نەيىنىڭ مۇڭزارى بىلەن تەڭ قىممەتلىك ھېكمەت كۈيى بولۇپ ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ئۇ بۆگۈن خىتايچە كۈرستىن قايتىپ، كەچكىرگىچە ئۆزى يالغۇز دەريا بويلىرىنى، يوللارنى كېزىپ، ھارغىن بىر ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچمىغان، روھىمۇ چارچىمىغان ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قارنىنى ئازراق ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، ئەتىكى تاڭ، يېڭى بىر ھايات ئۈچۈن قارا كۆزلىرىنى يۇمدى. ئەمدى جالالىدىن رۇمىنىڭ نەي ھەققىدىكى غەزەللىرى، ئۇنىڭ شېرىن چۈشلىرىگە تېخىمۇ يېڭى بىر مەنا قاتماقتا ئىدى.

دائىما شىكايەتتىن توختىماي بۇ نەي،
جۇدالىقتىن باشقىسىنى ئاڭلىتالماس ھەي.

دەركى، پەريادىم قومۇشلۇقتىن كېلۇر،
ئاڭلىسا ھەر كىم، كۆزلىرىدىن قان كېلۇر.

جۇدالىقتىن لەختە - لەختە شۇ تاش يۈرەك،
ئىستىكىم شۇ، دەردىمنى تۆكمەك كېرەك.

ئەگەر تەندىن بىر نەپەس ئايرىلسا بۇ جان،
ۋەسلى ئۈچۈن قايتىشنى كۈتەر ھەر زامان.

يىغلاپ ھەر يەردە دائىم پەرياد ئۇردۇم،
كۆرگەن ھەر بەندىنى دېدىم «دوستۇم».

ھەركىمگە گويا دوست بولدۇم، ئەمما،
ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى سىرلىرىمغا.

ھېچ ئەمەس پەريادىمغا سىرىم ئۇزاق،
كۆزدە لېكىن يوق نۇر، تۇيماس قۇلاق.

ئاشكارىدۇر جان - بەدەن، كۆرگىن ئىنساننى،
يوق ئىجازەت، كۆرمەس پەقەت ئىنسان جاننى.

ھاۋا ئەمەس نەي ساداسى، ئەمما ئاتەش،
ئېسىت كىمدە بولمىسا گەر ئۇشبۇ ئاتەش.

ئاشىق ئاتەش بولۇپ چۈشۈپتۇ نەيگە،
ئاشىقنىڭ ئىشقى ھالى تۆكۈلدى مەيگە.

ياردىن ئايرىدى دوستنى، دوست قىلدى نەي ھەم،
پەدىسىدىن پەردىلەر يىرتىلىپ كەتتى ھەم.

قانلىق يولدا نەي سۇنار دائىم ئەرز ھال،
ھەم بېرىدۇ مەجنۇننىڭ ئاشىقىدىن مىسال.

ئەقلىنىڭ سىرلىرى سىرداشتۇر ئاشىق بىلەن،
پەقەت قۇلاقتۇر خېرىدارى ھەم تىل بىلەن.

ئۆتسە كۈنلەر، قورقۇسىز، ھەممىسى مەسەل،
ئەي دوستۇم، سەن ماڭا مەڭگۈلۈك ئەسەر.
........................................

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بارلىق ئۆتكەن ئىشلارنى قەلبىگە كۆمۈپ، ئەتىكى ئىستىقبالنىڭ چېچەكلىشى ئۈچۈن يېڭى بىر يولغا قەدەم باسقان ئىدى. بۇ يول بۇرۇنقىدەك قورال بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلەم بىلەن ، سىياسەت بىلەن، تىنچلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان بىر يول ئىكەنلىكىنى ئۇ ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنى بۇ يولنىڭ ھارماس جەڭچىسى دەپ ھېسابلايتتى. قولىدىكى قەلەمنى قورال، كاللىسىدىكى پىكىرلەرنى ئوق قىلىپ، دۈشمەنگە ئوق ئاتىدىغان يولدا قورقماي قەدەم ئالاتتى. ئۇ بۇ يولدا ئۆزىنى قانداق بىر قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى، يوللىرىغا قانداق پۇسۇلارنىڭ قۇرۇلىدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى .ئەمما، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە قەلەم كۈرىشىنىڭ جەڭ دۇمباقلىرى، نەيزە - قالقانلارنىڭ چاراقلىغان ئاۋازلىرى يىراقتىن غۇۋا ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەنە شۇ يىراقتىكى سادالار ئىچىدە، ئۈچ ئەپەندى يىلىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى تەييارلاش» نامىدىكى بىر كومىتېتنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەردار بولدى. بۇ

كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولسا ئۈچ ئەپەندىنى يېقىندىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كېلىۋاتقان دوكتۇر سۇن فۇ ئەپەندى ئىدى. سۇن فۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىرلىكتە 180 ماددىلىق بىر قانۇن لايىھەسىنى ھازىرلاپ ئېلان قىلدى ۋە ھەرقايسى ئورگان، جەمئىيەت ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ماددىلارغا بولغان پىكىرلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، كومىتېتقا مەلۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق بىر پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايدىغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئىيسا ئەپەندى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ختاي مۇسۇلمانلار جەمئىيتى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ ئورتاق پىكىرلىرىنى بىرلىكتە بايان قىلىش ئۈچۈن، بىر مەسلىھەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتى. يىل ئۆرۈلۈپ تا مارت ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىغىچە گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۆزئارا مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئىيسا ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەرمەكچى بولغان پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيتى نامىدىن يۇقىرىغا يوللاشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ئەپەندى ئورتاق قارار چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادىل تەلەپلىرىنى شەرقىي تۈركىستان نامىدىن بېرىدىغان بولۇپ، ئون تۇققۇز ماددىلىق تەلەپنامىنى ھازىرلاپ ئاپرىل ئايلىرىدا كومىتېتقا سۇندى. بۇ تەلەپنامىنىڭ ئاساسلىق ماددىلىرى:

1. ئاساسىي قانۇنغا تۈركىستان خەلقىنىڭ «تۈرك» مىللىتى ئىكەنلىكى ئوچۇق يېزىلسۇن.
2. ئاساسىي قانۇنغا «تۈرك مىللىتىگە مۇختارىيەت بېرىلىدۇ» دېگەن ماددا كىرگۈزۈلسۇن.
3. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ 4 - ماددىسىدىكى «شىنجاڭ» دەپ ئېيتىلغان ئۆلكە ئىسمى «تۈركىستان» دەپ تۈزىتىلسۇن.
4. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ 5 – ماددىسىدىكى «ختاي» دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلمايمىز، «جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە بولغان مىللەتلەر شۇ جۇمھۇرىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ئەزالاردۇر» دەپ تۈزىتىلسۇن.
5. ئاساسى قانۇن لايىھەسىنىڭ 5 - ماددىسىنىڭ ئاخىرىغا، «جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە بولغان ھەر بىر مىللەت سىياسەت، ئىقتىسات، مائارىپ، مەدەنىيەت، دىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، تىل ۋە يېزىقتا تەڭ قوقۇقلۇق» دېگەن جۈملە قوشۇلسۇن.
6. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ 7 – ماددىسىغا، «ھۆكۈمەت جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى ئىچىدە خەجلىنىدىغان قانۇنىي ئاقچىنى دۆلەت ئىچىدە ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدا بېسىپ تارقىتىدۇ. شۇنىڭدەك، دۆلەت ئىچىدە ئىشلىتىلىدىغان پوچتا ماركىسى، تۈرلۈك باج خەتلىرى دۆلەت ئىچىدە ياشىغۇچى ھەر بىر مىللەتنىڭ يېزىقىدا بېسىپ چىقىرىلىدۇ» دېگەن ماددا كىرگۈزۈلسۇن.
7. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ 27 - ماددىسىدىكى «موڭغۇل» دېگەن ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «تۈرك» دېگەن ئىسىم قوشۇپ قويۇلسۇن.
8. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنىڭ 27 - ماددىسىغا «خەلق ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىدىغان ئادەم يەرلىك خەلقتىن بولۇشى شەرت»دېگەن جۈملە كىرگۈزۈلسۇن.
9. ئاساسىي قانۇن لايىھسىنىڭ 10 - ماددىسىدىكى «دىنىي ئىشلار قانۇنغا خىلاپ بولماسلىق شەرتى بىلەن مەنئىي قىلىنمايدۇ» دېگەن سۆز ئېلىپ تاشلىنىپ، بۇ ماددىغا شۇ ئىككى جۈملە

قوشۇلسۇن: «دىندا مەنئى قىلىنمىغان ئىشلارغا قارشىلىق قىلىنمايدۇ، دىنغا قارشى تەشۋىق قىلىنمايدۇ».

10. لايىھەنىڭ 81 - ماددىسىدىن كېيىن، شۇ بىر ماددا ئىلاۋە قىلىنسۇن: «چېگرا مەملىكەتلەردە دەۋا ۋە مەھكىمە سوراقلىرى شۇ يەرنىڭ ئۆز ئاھالىسىنىڭ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن بولىدۇ».

11. لايىھەنىڭ 85 - ماددىسىدىن كېيىن، شۇ بىر ماددە ئىلاۋە قىلىنسۇن: «ھەر تۈرلۈك ئىمتىھان ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىل ۋە يېزىقى بىلەن بولىدۇ».

12. لايىھەنىڭ 90 -ماددىسىدىكى «مۇڭغۇل» سۆزىنىڭ يېنىغا «تۈرك» سۆزى قوشۇلسۇن.

13. لايىھەنىڭ 99 – ماددىسىغا شۇ بىر جۈملە قوشۇلسۇن: «ئۆلكە ۋالىيلىرىنىڭ چوقۇم يەرلىك خەلقتىن بولۇشى ۋە خەلق تەرىپىدىن سايلىنىشى شەرت».

14. لايىھەنىڭ 133 – ماددىسىدىن كېيىن، شۇ بىر ماددە ئىلاۋە قىلىنسۇن: «ختاي دۆلىتى ئىچىدىكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئوقۇشلىرى ئۆز تىل - يېزىقىدا بولىدۇ».

15. 138 - ماددىغا شۇ جۈملە قوشۇلسۇن: «قانۇنلار ھەر مىللەتنىڭ يېزىقى بىلەن بېسىلىپ نەشر قىلىنىدۇ».

تەلەپنامىنىڭ باشقا تۆت ماددىسى، يۇقىرىقى ماددىلارغا ياردەمچى سۆزلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇچ ئەپەندى بۇ يوللۇق تەلەپلىرىنى سۇنغاندىن كېيىن، ياز بويى ئۇلارغا ھېچقانداق بىر خۇش خەۋەر كەلمىدى. ئەمما مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ھېچ ئۈمىدىنى يوقاتماي، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ياز بويى نەشرىياتتا ئىشلىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى، خۇددى بىر كىچىك جىنچىراقنىڭ شۇنچىلىك قاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىنى يورۇتقىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ بۇ تۇمانلىق شەھەرنىڭ قاراڭغۇ روجەكلىرىنى يورۇتالايدىغانلىقىغا پۈتۈن قەلبى بىلەن ئىشىنەتتى، چۈنكى ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنىڭ ئىنسان ئەقلىگە قانچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پىكىرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى رېئاللىققا شۇنچىلىك يېقىن دەپ قارىغان ئىدى. ئەمما رېئاللىق ئۇلارنىڭ ئويلىرىغا باقمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ماڭغان يولنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىغا كېلىپ توختاپ قالغانلىقىنى سەزدى. لېكىن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بۇ نۇقتىنى دەل ئۆز مەسىلىلىرىنىڭ ھەل بولۇشتىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ قاراپ، سەۋر بىلەن كۈتتى. بۇنداق چاغدا ھېسسىيات بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئەقىل - ئىدراكىغا ئىلھام بېرىپ، ئادەتتىكىدىنمۇ ئىلگىرىلەپ پۇختا ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قول سېلىپ ئىشلىدى. شۇ چاغلار چۇڭچىڭنىڭ يازدىكى تىنجىق ئىسسىق كۈنلىرى بولۇپ، يازدا ھاۋا نەمخۇش بولغاچقا، كىشىنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكلەر بەدەنگە يېپىشىپ كېتەتتى. كەچلىرى ھەرتەرەپتە چىرىلداپ سايرىغان تومۇزغىلار، كوكىرغان پاقىنىڭ ئاۋازلىرى كىشىنىڭ ئارامىنى قويماي، كۆزگە ئاران ئىلىنغان ئۇيقۇنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچاتتى. كۈندۈزلىرى شۇنچىلىك ئوچۇق ھاۋادا تۇيۇقسىز قارا بۇلۇتلار پەيدا بولاتتى-دە، ئارقىدىنلا يامغۇر قۇيۇۋېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كوچىلاردا يامغۇر سۈيى سەل بولۇپ ئاقاتتى. يامغۇر ۋە تاغدىن ئەسكەن سەلكىن شامالنىڭ جانسىز كۈچى پەقەتلا ۋاقىتلىق بىر ھادىسە بولۇپ، خۇددى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى

ئۇششاق ئىشلاردەك بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئارقىدىنلا يۈزى پاكىز يۇيۇلغان قۇياش يالتىراپ چىقىپ، پۈتۈن جاھان قىزىق ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن تونۇردەك ئاقىرىپ كىتەتتى. كوچىلاردىكى مىغ - مىغ ئادەملەر، پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان رېكشىچىلەر، ئىشقىلىپ بارلىق جانلىقلا نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك ھاسىرايتتى، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ھاۋا تالىشىۋاتقاندەك شۇنچىلىك ئىتتىك نەپەس ئېلىشاتتى. ئەلۋەتتە كىمنىڭ تېنى ساق ۋە كۈچلۈك بولسا ھاۋا شۇنىڭغا مەنسۇپ بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن گېرمان پەيلاسوپى نىتچې، «كۈچلۈكلەر ئاجىزلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، ئاجىزلار كۈچلۈكلەرنىڭ ھەرىكىتىنى يامانلىق دەپ ئاتايدۇ. يامانلىق دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشىدىن ئىبارەت» دەپ ئېيتقان. دېمەك، ئىنسان ھايات قېلىش ئۈچۈن ھەر زامان كۈچلۈك بولۇشى ۋە كۈچلۈك بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك. كۈچلۈك بولغاندىلا ئېگىز داۋانغا قاراپ يول ئالغىلى بولىدۇ، نىشان ۋە مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. نىشان ۋە مەقسىتى بولمىغان بىر يولچىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان بىر ھاياتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق بىر ھايات سەلنىڭ ئۈستىدىكى ئەخلەتلەردەك ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلب قىلماي، جىمجىتلا ئېقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ھاياتتا ھەركىمنىڭ ياشاشتىكى بىر مەقسىتى بولۇش، شۇنداقلا بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك بولۇش كېرەك. ئەمما كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىش كېرەك، مانا بۇ ھايات ھەقىقي ھاياتتۇر.

ياز ئۆتۈپ، يەنە كۈز كەلدى، ئەمما ئىسسىقنىڭ تاۋىمۇ ياز كۈنلىرىنىڭكىدىن ئازايمىدى. شەھەر ئاھالىسىنىڭ يۈرىكىدىن ئۈرۈش خەۋپى كەتمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ چىرايىدىن دائىم ئاسىققانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئاسىققانلىق ھاياتقا چىدام، غەيرەت ۋە كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئەنە شۇ كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە سەۋر قاچىسى تاشقان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قولىغا قەلەم ئالدى ۋە ۋاقتىنى، زېھنىنى سەرپ قىلىپ تەييارلىغان ئون توققۇز ماددىلىق تەلەپنامىنى ئىلاۋە بىلەن قوشۇپ، 13 - ئۆكتەبىر كۈنى خىتايدا ئەڭ ئوقۇلىدىغان «داگۇڭباۋ» گېزىتىدە ئېلان قىلدى. ئون توققۇز ماددىلىق تەلەپنامىنىڭ خىتايدىكى ئەڭ چوڭ گېزىتلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇتلا ئېلان قىلىنىشى، خالايىق ئارىسدا بۈيۈك بىر غۇلغۇلىغا سەۋەب بولدى. بىر تەرەپتىن، ئىلغار پىكىرلىك دېموگراتىك ئاڭغا ئىگە خىتاي زىيالىيلىرىنى بۈيۈك بىر ھاياجانغا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇتەئەسسىپ خىتاي ئۆكتىچىلىرىنى ساراسىمىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. مۇتەئەسسىپ خىتاي مىللەتچىلىرى ئىلغار خىتاي زىيالىيلىرى ئارىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە قايناۋاتقان ھاياجاننىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ سېپىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئامال ۋە چارىلەرنى ئىزدەپ، ئاخىرى ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي خىتاي تارىخچىلىرى ئىچىدە تۈركىستان تارىخى مۇتەخەسسى دەپ ئاتالغان تارىخ پروفېسسۇرى لى دۇڭفاڭ ئەپەندىنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان «تۈركىستانلىقلار تۈركمۇ؟» ناملىق ئۇزۇن بىر ماقالەنى «مەركەز گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. لى دۇڭفاڭ ئەپەندى ئۆز ماقالىسىنى، ئەلۋەتتە خىتاي ئىمپېرىيالىزمىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا، ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە تېررىتورىيىلىك كېڭەيمىچىلىك قىلمىشلىرىنى نىقاپلاپ، يالغان تارىخي پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغان، تارىختىن بۇيان قوللىنىپ كېلىۋاتقان خىتاي ئەنئەنىۋى تارىخچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنىڭ مېتودىغا مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا يېزىپ چىققان ئىدى. ئۇ بىر پۈتۈن تۈرك

تارىخنى پارچىلاپ، تارىخنىڭ پۈتۈن بىر دەريا ئىقىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى جاھىللىق بىلەن ئىنكار قىلىپ، ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىغا ئىشىنىپ، شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ خىتاي زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، بۇ زېمىنلارنى تۈركىستان دەپ ئاتاشنىڭ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ زېمىندىكى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇ بۇ ئارقىلىق ئۈچ ئەپەندىنىڭ مۇختارىيەت تەلەپ قىلغانلىقىغا قارشى چىققانىدى. لى دۇڭفاڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوكتىچىلەر بىر ئاز خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ، «ئۈچ ئەپەندى ئەمدى ئۆز تەلەپلىرىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ» دەپ ئويلاپ تۇرغان بىر پەيتتە، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى يەنە ئۆتكۈر قەلىمىنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مول تارىخىي بىلىملىرىگە تايىنىپ، «ئەمەلدىن قورقما، ئىلىمدىن قورق» دېگەن ھېكمەتكە ئاساسەن، لى دۇڭفاڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ، ھەربىر جۈملىسىگە ئايرىم - ئايرىم تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق كۈچلۈك رەددىيە بېرىلگەن «شۇنداق! تۈركىستانلىقلار تۈركتۇر» ناملىق ماقالىسىنى «مەركەز گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمنىڭ بۇ قېتىمقى ماقالىسى جەمئىيەتتە بۇرۇن «داگوڭباۋ» ناملىق گېزىتتە ئېلان قىلغان تەلەپنامىلەردىنمۇ بەكرەك تەسىر قوزغىدى. چۈنكى بۇ ماقالە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ كابۇلدا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يېزىلغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ماقالە خىتاي تارىخىي نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى يېزىلغان تۈرك تارىخى مىللىي نەزەرىيەسىنىڭ شەرھىسى ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلىرى ياۋروپا، ئامېرىكا تۈركولوگ ۋە شەرقشۇناسلىرىنىڭ زامانىۋى ئىلىم - پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك گېئولوگىيەلىك، ئېتنولوگىيەلىك، ئېتنوگرافىيەلىك، ئېپىگرافىيەلىك ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر، تەجرىبىلەر ۋە تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە قولغا كەلگەن پاكىتلار ئىدى. بۇنداق بىر پولاتتەك پاكىتنى قارغۇلارچە ئىنكار قىلىشنىڭ ئۆزى جاھىللىقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما لى دۇڭفاڭ ئەپەندى بۇ رىقابەتتە ئۇتتۇرۇپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ جاھىللىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، پاكىتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ يازغان ئىككىنچى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئەپسۇس ئېلان قىلغان بۇ ماقالىسىدا تېخىمۇ زور خاتالىقلار سادىر بولغان ئىدى. خۇددى «ياخشى بىر يازغۇچى ئەسلىدە ئۇستا بىر سىياسەتچىدۇر» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ يۈكسەك يېزىقچىلىق ماھارىتىگە تايىنىپ قىلغان بۇ سىياسەتنى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئارقىدىنلا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسى تەرىپىدىن ئۇزۇل – كېسىل بىتچىت قىلىندى. خۇددى كۆزدە يوللارنى سۈپۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئارقىدىنلا غازاڭ چۈشۈپ يەنە پاسكىنا قىلىۋەتكەندەك، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى يولدىكى غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ تۇرسا، لى دۇڭفاڭ ئەپەندى قەستەن دەرەخنى لىڭشىتىپ، غازاڭنى يولغا چاچقاندەكلا ئىش بولۇۋاتاتتى. ئاخىرى، لى دۇڭفاڭ ئەپەندىنىڭ دەرىخىنىڭ غازاڭلىرى تۆكۈلۈپ تۈگەپ، قۇرۇق شېخىلا قالغاندا، ئۇ مەغلۇپ بولغانلىقىنى نائىلاج ئېتىراپ قىلدى. لى دۇڭفاڭ ئەپەندى قۇرغان قىلتاققا چۈشمىگەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ شۆھرىتى خىتاي زىيالىيلىرى ئارىسىدا بىردىنلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ۋىجدانلىق نۇرغۇن كاتتا خىتاي زىيالىيلىرى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنى غالىپلار قاتارىدا

تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭ تارىخ جەھەتتىكى بىلىمگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ۋىجدان ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ نىمىنىڭ توغرا، نىمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان قابىلىيتى. ئەسلىدە بارلىق ئىنسانلار بۇ قابىلىيەتكە ئىگە، يەنى ۋىجدان تۇغۇلۇشتىن بار بولغان نەرسە. ئەمما ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ھەرخىل پايدا - مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەنپەئەتلەر بەزىلەرنى شۇ قابىلىيەتلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ۋىجدانىنىڭ كۆزىنى كور قىلىۋىتىدۇ. ئادەملەر دائىم «كۆزىمىز بىلەن كۆرمىگىچە ئىشەنمەيمىز» دەيدىغان گەپنى تولا قىلىدۇ. ئەمما ئادەم بەزىدە كۆزى بىلەن كۆرگەنگىمۇ ئىشەنمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ھەممە نەرسە بەزىدە كۆرۈنگۈنىدەك ئەمەس. كۆرۈنگۈنىدەك ئەمەس نەرسىلەرنى پەقەت ۋىجدانىنىڭ كۆزى ئارقىلىقلا توغرا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، خالاس.
نىملا دېگەنبىلەن، بۇ قەلەم كۈرىشى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ۋە ئۇ زېمىنىنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان تۈرك خەلقلىرىنىڭ ھەقىقىي تارىخى جۇڭخۇا مىنگونىڭ زۇۋانى بولغان «مەركەز گېزىتى» دە نەچچە قېتىملاپ ئېلان قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. ختاي خەلقى شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ زېمىنى ئەمەس، بەلكى بېسىۋېلىنغان بىر زېمىن ئىكەنلىكىنى، ئۇ زېمىنلاردىكى خەلقلەرنىڭ ختاي ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە پۈتۈنلەي ياد بولغان تىلدا سۆزلىشىدىغان، مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن بولسۇن ۋە ھەتتا يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش جەھەتتىن بولسۇن، پۈتۈنلەي ئۆزلىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرك خەلقلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان ئىدى. ئەسلىدە قاراڭغۇلۇق دەيدىغان بىر نەرسە يوق، پەقەت يورۇقلۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا قاراڭغۇلۇق بولىدۇ. شۇڭا يورۇقلۇق يوق دەيدىغان گەپ بار. بۇرۇن تۈرك(ئۇيغۇر) تارىخىنى سىستېملىق، ئىلمىي يورۇتۇپ بېرىدىغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىدەك پاراسەتلىك، ئايدىڭ كىشىلەرنىڭ كەملىكىدىن شەرقىي تۈركىستان تارىخى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان ئىدى.

جۇڭخۇا مىنگونىڭ پايتەختى چۇڭچىڭ شەھىرىدە قەلەم كۈرىشى باشلانغان بۇ چاغلاردا، نىنتچې «قەدىمىي دەۋرلەردە بۇلاق كۆزلىرىنى يەتكۈچە ئىزدىگەنلەر ئەمدى نەزىرىنى كەلگۈسىگە ئاغدۇرۇپ، يېڭى بۇلاق كۆزلىرىنى ئىزدەش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئاھ، قېرىنداشلار! يېڭى ھاياتقا كۆز ئاچىدىغان يېڭى بۇلاقلار تېرەن جايدىن بۇلدۇقلاپ چىقىدىغان كۈنلەر ئۇزۇن قالمىدى» دەپ ختاب قىلغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە كەلگۈسى ئۈچۈن يېڭى بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىپ، ئىشغال ۋە زۇلۇمغا قارشى قوراللىق كۈرەش باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ خەۋەرلەر چۇڭچىڭ شەھىرىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمىغا سالغان بولسا، ئۈچ ئەپەندى قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق يۇرتداشلارنى ئالەمچە خوشال قىلىپ، ئۇلارنى ھاياجانغا سالغانىدى.

شىڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاندا 11 يىل بەش ئاي تۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا، ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن ئون يىل مۇستەبىتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. ئۇ بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئارقىسىغا داد - پەرياد ۋە قارغاشلارنى قالدۇرۇپ، ھېچ ئىش

بولمىغاندەك، چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چۇڭچىڭغا قاراپ ئۇچقان ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جەمەتلىرى، يۇرتلۇقلىرى 1500 ئەسكەرنىڭ ھىمايىسىدە، ئون يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى زار قاقشىتىپ، مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ قان بەدىلىگە كەلگەن ساندۇق - ساندۇق ئالتۇنلارنى، قىممەت باھالىق نەپىس قاش تېشلىرىنى، سان - ساناقسىز ئاسارئەتىقىلەرنى 150 يۈك ماشىنىغا بېسىپ، چۇڭچىڭغا قاراپ يولغا چىققان ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولۇپ بەلگىلەنگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستان تامامەن جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىگە كىرگەنىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن بىر قاتار ياخشى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. مۇستەبىت كەتكەن بىلەن خەلقنىڭ پەريادى كەتمەي، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيدى. ۋۇ جۇڭشىن كېلىپلا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. يەنى ئۇ:

شىنجاڭ خەلقى خىتاي مىللىتىدىن ئايرىم بولغان تۈرك مىللىتى بولماي، بەلكى خىتاي مىللىتىنىڭ بىر قەبىلىسى. ھازىرقى مەۋجۇت پەرقلەرنىڭ بولۇشى ئۇزۇن زاماندىن بىرى بىر - بىرىدىن ئايرىم ياشىغانلىقتىن كېلىپ چىققان.

پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى بۇندىن كېيىن خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك. تىلىمىزنى ئۆگەنمىگىچە ئارىمىزدىكى قېرىنداشلىق باغىنى قۇرغىلى بولمايدۇ.

خىتايلار شىنجاڭلىق قىزلار بىلەن توي قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا قېرىنداشلىق ۋە مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭرى ھەم مۇنبەت. ئەمما نوپۇس بەك ئاز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىچكىرىدىن كۆچمەن كۆچۈرۈپ ئەكىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا خىتايلار بىلەن شىنجاڭ خەلقى تېخىمۇ قېرىنداشلاردەك ئارىلىشىپ ياشايدۇ، دېگەندەك بىرقاتار رادىكال سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشقا يۈزلەندى، ھەمدە ئېيتقانلىرىنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي پائالىيەتكە ئۆتتى. بولۇپمۇ بارلىق مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تۈزۈپ چىقتى ۋە خىتاي تىلى مائارىپىنى رەسمىي يولغا قويغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەكتەپلەردىكى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىغا لاياقەتسىز خىتاي ئوقۇتقۇچىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ۋۇ جۇڭشىن ئۈرۈمچىگە كېلىپلا دىنىي زاتلار بىلەنلا ئالاقە ئورنىتىپ، زىيالىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ھېچ ئەھمىيەت بەرمىدى. يەرلىك خەلقنىڭ بۇرۇنقى «مىللەت» دېگەن ئىسمى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا «نەسلىداش»، «ئۇرۇقداش» دېگەن ناملار قويۇلدى. زىيالىيلار بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ساراسىمىغا چۈشتى ۋە نەپرىتى قوزغالدى. «ئۈچ مەسلەك» نىڭ مىللىي مەسلىكىدىكى: «بىرىنچى، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولىدۇ. ئىككىنچى، چېگرا رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ» دېگەن نەزەرىيەلەر قەغەز يۈزىدىلا قېلىپ، يەرلىك مىللەتلەرگە ھېچقانداق ھوقۇق بېرىلمىدى. يەنە كېلىپ خەلقنى كۆزىتىدىغان پايلاقچى ۋە ساقچىلارنىڭ سانىنى ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ كۆپەيتتى. ئۇ يەنە ياپون ئۇرۇشىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە ئاچ - يالىڭاچ قالغان خىتاي خەلقىنى خىتاي دۆلىتىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ ئەچىقىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇنبەت تۇپراقلارغا يەرلەشتۈردى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ، تۇركۇم - تۇركۇملەپ ئەسكەر يۆتكەپ ئەچىقىپ، ئۇلارنىڭ قارنىنى بېقىش ئۈچۈن خەلققە ئېغىر سېلىق سېلىشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم قىلچىلىك يەڭگىللىمەي، ئەكسىچە بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق زۇلمەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئىلى ۋادىسىنىڭ نىلقا ناھىيەسىدە ئەكبەر، فاتىخ ۋە غېنى قاتارلىق باتۇرلارنىڭ قوزغىلىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىنقىلاب باشلاندى. بۇ دەل چۇڭچىڭدىكى قەلەم كۈرىشى تازا ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتلارغا توغرا كەلدى. ئۆكتەبىر ئايلىرىدا، ئىلى نىلقا ناھىيەسىنىڭ گومىنداڭ ساقچى باشلىقى 50 كە يېقىن تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇلاستايغا كېلىپ، «ئات سېلىقى، چۆپ سېلىقى» دەپ قانچىلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى ئۇرۇپ، بىر نەچچىسىنى باغلاپ، كەمبەغەل دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. بۇ ناھەقچىلىككە، خورلۇققا چىداپ تۇرالمىغان غەنى باتۇرنىڭ قورالىدىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق بىلەن تەڭ، ئەتراپتا غەزەپ - نەپرىتى تېشىپ تۇرغان خالايىق بىردىن «ھۇررا» دەپ قوزغىلىپ، ئىنقىلاب باشلىنىپ كەتتى. تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن بۇ قارشىلىق نەتىجىسىدە، گومىنداڭ ئەسكەرلەر تىرىپىرەن بولۇپ ئارقىسىغا ئوندەك ئۆلۈكنى تاشلاپ، نىلقا ناھىيەسىگە قاراپ ئالدى – كەينىگە قارىماي قاچتى. بۇ بىر پاي ئوق ئەركىنلىك ئۈچۈن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېتىلغان مىللىي روھنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئىنقىلابتىن كېيىن غەنى باتۇرنىڭ قوشۇنى بىردىنلا زورىيىپ، ئادەم سانى 500 گە يەتتى. ئۇلار دەرھال ئۆز سەپلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ ئۈچ ئەترەتكە بۆلۈندى. 1 - ئەترەتكە ئەكبەر باتۇر، 2 - ئەترەتكە فاتىخ باتۇر، 3 - ئەترەتكە غەنى باتۇر قوماندان بولدى. ئۈچ ئەترەت ئۈچ يول بىلەن نىلقا ناھىيەسىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 12 - ئۆكتەبىر كۈنى نىلقىنى ئازات قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلارنىڭ سانى بىراقلا 800 گە يەتتى. ئۇلار يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، 19 - ئۆكتەبىر دۈشمەننىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرىدىن بىرى بولغان مازارغا ھۇجۇم باشلىدى. ئىككى كۈنلۈك دەھشەتلىك جەڭدىن كېيىن، مازار ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىنقىلابچىلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق جەڭلىرىدىن كېيىن، غۇلجا شەھىرىدە ئاكتىپ پائالىيەت قىلىۋاتقان «ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بەش مىڭغا يېقىن ئىنقىلابچى قوشۇن ئۈچ يۆنىلىش بويىچە غۇلجا شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ئەتىسى تاڭ سەھەردە، ئابدۇكېرىم ئابباسوف باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرىنىڭ ئاۋازى غۇلجا ئاسمىنىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، پۈتۈن تەڭرىتاغ ۋادىسىنى زىلزىلىگە سالدى. ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىر قاتار قانلىق جەڭلەرنى ۋە نۇرغۇن شېھىتلارنى بېرىپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازات قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبىدا ئاممىۋىي چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاندى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ قەلەم كۈچىگە ئىلھام ۋە كۈچ قاتتى. ئانا ۋەتىنىدە ئۆز جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىدىن ئىلھام ئالغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى تېخىمۇ جاسارەتكە كېلىپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تولۇپ تاشتى، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىپ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئوچۇق پىكىرلەرگە ئىگە ماقالىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. بۇنداق بىر تارىخىي دەۋردە، دۈشمەنلىرىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ،

دوستلىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىنى تېخىمۇ سېغىنىپ، قەلبىدىكى
ئىنقىلاب ئوتلىرى يالقۇنجاپ، ئاشۇ ئىنقىلاب سېپىگە بېرىپ جەڭلەرگە قاتناشقۇسى كەلدى.
شۇڭا ئۇ بىر ئامال قىلىپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشنىڭ يوللىرىنى، چارىلىرىنى قىلىشقا كىرىشتى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەنى 1945 - يىلى 18 - مارت ئاخشىمى، مارشال جياڭ كەيشى
مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئېيسا ئەپەندىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. بۇ زىياپەت
خۇسۇسىي بولۇپ، چاقىرىلغان مېھمانلار كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۆزىنىڭ باش كاتىپ، ئىچكى
ئىشلار مىنىستىرى ۋە موڭغۇل - تىبەت كومىتېتى رەئىسىدىن باشقا كىشىلەر يوق ئىدى.
بۇنىڭدىن قارىغاندا، جياڭ كەيشى بۇ زىياپەتنى پەقەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى
مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئېيسا ئەپەندىنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىش،
ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن بەرگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مارشال جياڭ كەيشى
ئاتمىشقا تاقاپ قالغان بولسىمۇ قورۇقسىز يۈز تېرىلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، شالاڭ قېشى
ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزى چاقناپ تۇرىدىغان، كالپۇكىنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان تىكەندەك
يىرىك قىسقا بۇرۇتى ۋە قىسقا قىلىپ ياسىتىۋالغان ئاقارغان چېچى ئۆزىگە ياراشقان ئادەم ئىدى.
هازىر ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ھەم ئېگىز ھەم تىك قامىتىگە شىپپىدە كەلگەن ماش رەڭ
جۇڭسەنفۇسى، ئۇنى ھەقىقەتەن دۆلەت رەھبەرلىرىگە خاس بىر سالاپەتكە ئىگە قىلىپلا قالماي،
يەنە ئۇنىڭ بىر ھەربىي قوماندان ئىكەنلىكىنى روشەن نامايەن قىلىپ تۇراتتى. ئۇ مېھمانلارنىڭ
ۋاقتىنى چىقىرىپ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئېيتقان تەكەللۇپ
سۆزلىرىدىن كېيىن، مېھمانلارنى تاماق شىرەسى ئۈستىگە تىزىلغان يېمەكلىكلەرنى يەپ
ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. شىرەنىڭ ئۈستى لىقمۇ - لىق خىلمۇ - خىل قورۇملار بىلەن شاھانە
بېزەلگەن ئىدى. ئۇ يەنە سۆزىنىڭ ئارىسىدا قورۇملارنى ئۇستا بىر تۇڭگان ئاشپەزنىڭ
تەييارلىغانلىقىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ زىياپەتنىڭ مەخسۇس مۇھەممەد
ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئېيسا ئەپەندىنىڭ شەرىپىگە بېرىلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. چۈنكى بەش
كۈننىڭ ئالدىدا، بۇ ئىككى ئەپەندى جياڭ كەيشى بىلەن قىسقا بىر كۆرۈشكەن ئىدى. شۇ چاغدا
جياڭ كەيشى پات ئارىدا ئازادە بىر ئولتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى
ھەققىدە ئوبدان پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولۇپ، ئۇ ئەنە شۇ سۆزى بويىچە بۈگۈنكى بۇ
زىياپەتنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. تاماقتىن كېيىن جياڭ كەيشى ھەربىيلەرگە خاس بىر قىياپەت
بىلەن، سۆزىنى ئەگىتىپ ئولتۇرمايلا: «شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا يەرلىك خەلق قوزغىلىپ،
ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق توپىلاڭ قىلغانلىقىدىن سىلەرنىڭمۇ خەۋىرىڭلار بار. باشتا،
شىنجاڭدىكى يەرلىك دائىرىلەر بۇ قوزغىلاڭنى بىزگە ‹ئالتە ئوغرى›نىڭ توپىلىڭى دەپ
ئۇختۇرۇپ، بۇنىڭ بىر كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ بولماي، بەلكى ناھايىتى كىچىك دائىرىدىكى
قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، بۇ ئارقىلىق ئۇلار مەركەزنى خاتىرجەم
قىلماقچى بولغان. ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئەسلى ئۇنداق ئاددى بىر مەسىلە ئەمەسلىكى تېزلا ئاشكارا
بولدى. ئەسلىدە قوزغىلاڭ ئۇشتۇمتۇتلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى تېز كېڭىيىپ كەتكەن.
ھەتتا ئايرىم بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرغانلىقىمۇ ھەممىمىزگە
ئايان. مېنىڭ سىلەرنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت، سىلەرنىڭ بۇ ئىشقا بولغان پىكىرىڭلارنى ئېلىپ
بېقىش. ھەممىمىز دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى، جۇڭخۇا مىنگونىڭ تىنچلىق ئىچىدە گۈللەپ

ياشنىشىنى ئارزۇ قىلىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇڭا كۆڭلۈڭلاردىكىنى ھېچ يوشۇرماي دەڭلار، بەلكى بىز كەڭ كۇشادە سۆزلىشىش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقارمىز» دەپ سۆزباشلىدى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئىيسا بەگ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، بىر - بىرىگە قارىشىپ سەل ئىككىلىنىش ئىچىدە تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كاللىسىدا، «مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى، ئىلىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش» دېگەن سادا جاراڭلايتتى. ئۇلار بۇ سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇ چاغدا بۇنداق دېيىش يېنىۋاتقان ئوتنى كۆيەك بىلەن پۈۋلەپ تېخىمۇ ئۇلغايتقاندەك ئىش بولاتتى. جياڭ كەيشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن ئاشكارا ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭ نېرۋىسىغا تېگىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىسىنى بىراقلا بىتچىت قىلىۋېتىشنى خالىمايتتى. « شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئالىي مۇختارىيەتكە ئېرىشىدىغان پەيتى ئەمدى كەلدى» دەپ ئويلىغان، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئاۋۋال ئېغىز ئاچتى، ئۇ ئۆز پىكرىنى تارىختىن باشلاپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى، ئىيسا ئەپەندى دېيىلگەن سۆزلەرنى خىتايچىغا بىرمۇبىر تەرجىمە قىلدى.

«خىتاي شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنى ئىستىلا قىلغاندىن تارتىپ، ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە  شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلمىغان زۇلمى قالمىدى. مەيلى چىڭ سۇلالىسى زامانىدا بولسۇن، مەيلى مىللىتارىستلار دەۋران سۈرگەن زامانلاردا بولسۇن ۋە ياكى جۇڭخۇا مىنگو دەۋرلىرىدە بولسۇن، تۈركىستانغا بارغان ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلار يەرلىك تۈرك خەلقلىرى ئۈستىدىن قانلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى بۇلاپ تالىدى. ئۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن نادان قالدۇرۇپ، ماددىي جەھەتتىن نامراتلىققا مەھكۇم قىلدى. مانا شۇ زۇلۇمغا قارشى 36 قېتىم ئىنقىلاب بولدى، مىليونلىغان ئىنسان ئۆلدى. ئەلۋەتتە خىتاي ئەسكەر ۋە پۇقرالىرىمۇ بۇ قانلىق ئۇرۇشلاردا جان بەردى. مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئۇ زېمىنلاردا قانلار دەريا بولۇپ ئېقىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىشنىڭ زامانى ئەمدى يېتىپ كەلدى، دەپ قارايمەن. بىز ھازىر، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىش، دەپ ئېيتىشقا جاسارەت قىلالمايمىز. چۈنكى بۇنىڭغا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قەتئىي قوشۇلمايدىغانلىقى بىزگە بەش قولدەك ئايان. شۇڭا، بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىغا يېقىنراق بولغان ئالىي مۇختارىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز. ئەگەر بۇ تەكلىپىمىزگە مەركىزىي ھۆكۈمەت قوشۇلسا، يەنىلا زور غەلىبىگە ئېرىشكەن بولىدۇ».

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خىتايچە تەرجىمىسىگىچە ھەممىسىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلىغان جياڭ كەيشى بىر ئاز ئاچچىقلىغان تەلەپپۇزدا: «سىلەرنىڭ دەيدىغىنىڭلار دائىم مۇستەقىللىق، مۇختارىيەت. سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىن بۇنىڭدىن باشقا بىر سۆز چىقمايدۇ. ئەمما سىلەرنىڭ خەلقىڭلار ناھايىتى يۇۋاش، ئىتائەتچان بىر خەلق. شۇڭا ئۇلار مۇستەقىللىق، مۇختارىيەت دەيدىغان ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدۇ» دېدى. بۇ سۆزنى ئىيسا ئەپەندى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى دەرھاللا: «ئەگەر بىزنىڭ خەلقىمىز سىز دېگەندەك شۇ مۇستەقىللىق، مۇختارىيەت دەيدىغانلارنى

بىلمىگەن بولسا، نېمىدەپ قولىغا قورال ئېلىپ ئىنقىلاب قىلىدۇ؟ نېمىدەپ ئىلىدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلىدۇ؟ ھەمدە ئېلان قىلىغان ھۆكۈمەتنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتايدۇ؟ نېمىدەپ ئاي يۇلتۇزلۇق بايراقنى دۆلەت بايرىقى قىلىدۇ؟» دەپ جىياڭ كەيشىنىڭ سۆزىگە رەددىيە بەردى.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ چىن دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ جاراڭلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان جىياڭ كەيشى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ: «سىلەر كېلىپ چىققان ۋەقەلەرنى مىللىي مەسىلىگە ئاپىرىپ تاقايسىلەر، بىز بولساق، ‹چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىشى› دىن كېلىپ چىققان تاشقى مەسىلە، دەپ قارايمىز. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇسلارنىڭ كۈشكۈرتىشىدىن، ئۇلارنىڭ قول تىقىشىدىن بولغان». مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە بۇ سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى قىلىپ بەرگەن ئىيسا ئەپەندى، سۆزنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپ جىياڭ كەيشىگە: « شەرقىي تۈركىستاندا بۈگۈنگە كەلگۈچە بولغان ئىنقىلابلارنىڭ ھېچبىرىدە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ قولى يوق. ئەلۋەتتە بۇنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز. مەسىلەن، 1931 - يىللىرىدىكى خوجانىياز ھاجىم قوزغىغان ئىنقىلاب رۇسلارنىڭ قولى بىلەن بولغانمۇ؟ ئەگەر خوجانىياز ھاجىمنى رۇسلارنىڭ ئادىمى دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئۇنى نېمە ئۈچۈن رۇسلارنىڭ قولچوماقچىسى بولغان شېڭ شىسەي ئۆلتۈرىدۇ؟ تۇرپان ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى مەھمۇد مۇھىتى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئىدى. خوتەن ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىسى بولسا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئىدى. ئۇنداقتا بۇ ئىنقىلابلارمۇ رۇسلارنىڭ قول تىقىشى بىلەن بولغانمۇ؟ ئەگەر ئۇلار راستىنلا رۇسلارنىڭ ئادىمى بولسا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى نېمە ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن قاچتى؟ رۇسلارنىڭ زۇلمىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەھمۇد مۇھىتى نېمىدەپ قاچتى؟ بۇلار ھەرگىز رۇسلارنىڭ قولى بىلەن بولغان ئىنقىلابلار ئەمەس. توغرا، ئىلى ئىنقىلابىغا رۇسلار ياردەم قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىنقىلاب خەلقنىڭ ئارزۇسى، ئىرادىسى بىلەن بولغان. خەلق ئىنقىلاب قىلىشنى خالىمايتتى، ئەمما رۇسلار كۈشكۈرتۈپ قىلغۇزدى دېيىش، ئەقىلغا ئۇيغۇن ئەمەس. ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق ئاخىرى قولىغا قورال ئېلىپ، ئىنقىلاب قىلىش يولىنى ئۆزلىكىدىن تاللىغان. ئىنقىلاب بولغاندىن كېيىن، رۇسلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا قورال - ياراق سېتىپ بەرگەن» دېدى.

ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالماي كۆنگەن جىياڭ كەيشى، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى كۆڭلىگە يوشۇرۇپ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ: «نېملا قىلغان بىلەن، خەلقىڭلار يەنىلا بىز جۇڭگولۇقلارنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. تارىختىن بۇيان شۇنداق بولۇپ كەلگەن، بۇندىن كېيىنمۇ ھەم شۇنداق بولىدۇ» دەپ، گېلىغىچە ئېتىۋالغان جۇڭسەنفۇسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى بىر تۈگمىسىنى ئاستا يېشۋەتتى ۋە ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىنى يەڭگىل چېكىپ قويدى.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بۇ سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «خەلقىمىز ئۈنچىلىك دۆت ئەمەس، يەنە كېلىپ يۇۋاش ۋە ئىتائەتچانمۇ ئەمەس. ئۇلار ئادالەت بولمىغان يەردە قانداق قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ، ئىستىقلالنىمۇ، مۇختارىيەتنىمۇ، جۇمھۇرىيەتنىمۇ ھەممىسىنى بىلىدۇ. بىز مىللەتچى ئەمەس، مىللەتپەرۋەر بىز، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىنسانپەرۋەر بىز. ئەگەر خەلقىمىز خىتايلارنى ياخشى كۆرسە، پېقىرنىڭ ھېچ بىر قارشىلىقى يوق، تېخى بىز

مەمنۇن بولىمىز، بۇ ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ جۇملىسىدىن دەپ قارايمىز. ھۆرمەتكە سازاۋەر جياڭ ۋېيىۇەنجاڭ جاناپلىرى، مەن سىزدىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلەن سوراپ باقاي، خەلقىمىز نىمە ئۈچۈن خىتايلارنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ ئەجبا؟ ئىنسان نىمىنى ياخشى كۆرسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ. ئەگەر بىر ئەر بىر ئايالنى، بىر ئاتىنى ۋە ياكى بىر تاغنى ياخشى كۆرسە، مۇتلەق بىر سەۋەبى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە تۈركىستاندىكى مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ھەربىي ئەمەلدارلار، قانۇن ۋە ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ بارلىق خىتايلار، بىزنىڭ خەلقىمىزگە كۆپ ھەقسىزلىقلەرنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار زۇلۇمنىڭ ئۈستىگە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ. ئەجبا شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتايلار بىزگە ھەقسىزلىق قىلىۋاتىدۇ، زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ دەپ ياخشى كۆرۈۋاتقانمىدۇ سىزنىڭچە؟ شۇنچىلىك ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا قارىماي شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇ يەرلەردىكى خىتايلارنى ياخشى كۆرسە، خەلقىمىز بىر چۈمۈلىدىن، بىر ھايۋاندىن نىمە پەرقى قالىدۇ؟ ياق، ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ! ياخشى كۆرۈشكە ھېچبىر سەۋەب، ھېچقانداق بىر ئىمكان يوق. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلار خەلقىمىزنىڭ شىكايەت قىلىشىغا ئىمكان بەرمىدى، ئۆز ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشىغا يول قويمىدى، ئادالەت ئىستىگەنلەرنى ئېغىر جازالىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز بارلىق ئۈمىدلىرىنى قولىدىكى توقمىقىغا باغلاپ، قولىغا توقماق - چوماق ئېلىپ قوزغالدى. بۇ قوزغىلاڭلار، ئىنقىلابلار قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم يەنە قولىغا بىر نەرسە ئالغانغا قەدەر، يۇۋاش، جىم تۇرۇشقا، ئىتائەتچان بولۇشقا نائىلاج مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرى ھەرگىز ئۇلارنىڭ يۇۋاشلىقىدىن، ئىتائەتكارلىقىدىن، بىر نىمىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغان ئەمەس. بەلكى قاتتىق مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ مەجبۇرلىشىدىن، چارىسىزلىقىدىن بولغان. ھىندىستاندىكى ھىندىلار ۋە ھىندى مۇسۇلمانلىرى ئىنگلىزلارغا ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى، تەلەپلىرىنى ئەركىن سۆزلىيەلەيدۇ، مەكتۇپلار ئارقىلىق بايان قىلالايدۇ ۋە نامايىشلارنى قىلالايدۇ، ئىش تاشلىيالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندى خەلقىنىڭ ئىچىدىن شۇنچە كۆپ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر يېتىشىپ چىقتى. بىزدىچۇ؟ تارىختا شۇنچە كۆپ ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىققان بىر مەدەنىيەتلىك مىللەت تۇرۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ساۋاتسىز، نادان قالدۇرۇلدۇق، مۇستەبىت تۈزۈم بىزگە سۆزلەشكە، شىكايەت قىلىشقا، تەنقىت قىلىشقا ئىمكان بەرمىدى» دېدى.

ئىيسا ئەپەندىم بۇ سۆزلەرنى خىتايچىغا بىرمۇبىر تەرجىمە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇمچە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ بىر مىللىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلە پەقەت يا ئىستىقلال ۋە ياكى ئالىي مۇختارىيەت يولى ئارقىلىقلا ھەل بولىدىغانلىقىنى، جۇڭخۇا مىنگو ھېچ ياخشى كۆرمەيدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىنىڭ ناھايىتى ئىلغار ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرلەردىكى تۈركلەرنىڭ مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى، ئۇ يەرلەرنى ئىدارە قىلغان رۇس ئەمەلدارلىرىنىڭ ئايدىڭ، ئىلغار، بىلىملىك، تەرەققىيپەرۋەرئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئىدارىچىلىرى بولسا بىلىمسىز، ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرۇشنىلا ئويلايدىغان كاززاپ، نەپسانىيەتچى ئەمەلدارلار ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

مۇنازىرە ئۈچ يېرىم سائەت داۋام قىلدى. ئاخىرىدا، جياڭ كەيشى بۇ ئوچۇق - يورۇق ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتىن ئۆزىنىڭ مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ھەقىقەتەن ھەممىمىز ئۆز

كۆڭلىمىزدىكى گەپلىرىمىزنى ھېچ يوشۇرماي ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدۇق. مەنمۇ سىلەرنىڭ نىمىنى ئويلاۋاتقىنىڭلارنى ئوبدان بىلىۋالدىم. ئەڭ ياخشىسى سىلەر يۇقىرىدا ئېيتقان تەلەپ ۋە پىكىرلىرىڭلارنى يازما شەكىلدە يېزىپ ماڭا بېرىڭلار. يېقىندا ئېچىلىدىغان پارتىيە ئومۇمىي قۇرۇلتىيىدا مۇزاكىرىگە قويۇپ، بىر نەتىجىگە ئېرىشەمىز» دېدى.

جياڭ كەيشىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ئىلھاملانغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى ئەتراپلىق، كۆڭۈلدىكىدەك يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، زامانىنىڭ ئېقىشىغا قارشى تىك تۇرۇپ ئىشلىدى. بولۇپمۇ ئۆز پىكىرلىرىنىڭ مارشال تەرىپىدىن نەزەرگە ئېلىنغانلىقىغا قاراپ، ئىككى ئەپەندىدە ئۈمىد پەيدا بولغان ئىدى. ئۇلار ۋەتەن ۋە مىللەتكە جان - دىلى بىلەن خىزمەت قىلىش ئىستىكىدە ئەتراپلىق ئويلىشىپ ۋە ئۆزئارا مۇزاكىرىلىشىپ، ئاخىرى ئون ئالتە ماددىلىق بىر لايىھەنى تەييارلاپ، 29 - مارتتا جياڭ كەيشىگە يوللىدى. لايىھەنىڭ ئاساسى مەزمۇنى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مۇختارىيەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، نۆۋەتتە، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى چىقىش قىلغان ئاساستا، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپ بىلەن تىنچلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىشنىڭ لازىملىقى ۋە تۈركىستانىنىڭ سابىق ۋالىيسى شېڭ شىسەيگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

6 - ئاپرېل 1200 كىشىلىك چوڭ مەركىزىي زالدا گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلتىيى رەسمى باشلاندى. قۇرۇلتايغا مەسئۇد ئەپەندى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، يولۋاس بەگ ۋە ئابدۇقادىر سامانى قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. ئىيسا ئەپەندى پارلامېنت ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشىش سالاھىيىتى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سىرتتىن كۆزىتىپ تۇردى، چۈنكى ئۇ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن ھەقىقەتەن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتاتتى. ئەمما قۇرۇلتاي باشلىنىش بىلەن، ئىشلار ئۈچ ئەپەندى ئويلىغاندەك ئۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار ھازىر ئوخشاش بىر چاغدا ھەم ئايدىڭلىقنى ھەم قاراڭغۇلۇقنى تەڭ كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ ئۆز پىكىر - تەلەپلىرىمىزنى سۇنالايمىز، دەپ خوشال بولغان بىر پەيتتە، جياڭ كەيشىگە يوللىغان لايىھەنىڭ قۇرۇلتايغا سۇنۇلمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى مەيۈسلەندى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، دەرھال لايىھەدىن بىر نۇسخا تەييارلىدى ۋە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە قول قويغۇزۇشقا تىرىشتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلتىيى قانۇنىغا ئاساسەن، ئەگەر قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن 40 كىشى تەكلىپ لايىھەسىگە قول قويسا، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستى تەرىپىدىن مەجلىستە ئېلان قىلىشقا ۋە مۇزاكىرىگە قويۇشقا بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن، تەييارلىغان لايىھە نۇسخىسىغا قۇرۇلتايدىكى ھەيئەتلەرنى قول قويۇشقا ئۈندەش سەپەرۋەرلىكىنى باشلىدى. ئەمما ھەممە كىشى بۇ لايىھەگە قول قويۇشتىن باش تارتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ موڭغۇل ۋە تىبەت ۋەكىللەر قول قويدى، ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھاجىرلار ۋەكىللىرىنىڭ قول قويۇشى نەتىجىسىدە، قول قويغان ۋەكىللەرنىڭ سانى 42 گە يەتتى. بۇمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە چوڭ بىر غەلىبە ھېسابلىناتتى. ئاخىر قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستى ئىلاجسىزلىقتىن لايىھەنى مەجلىستە ئېلان قىلدى ۋە «چېگرا ئۆلكىلىرى سىياسىي كومىتېتى» ناملىق بىر مەجلىس كومىتېتى قۇرۇلۇپ، لايىھە مەزكۇر كومىتېتقا ھاۋالە قىلىندى. قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستىدىكى دوكتۇر سۈن فۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈركىستانلىقلاردىن

ئۈچ ئەزا كومىتېتقا قاتناشتى. كومىتېت تۆت قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى ۋە ھەر قېتىمقى يىغىندا كەسكىن مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرى ناھايىتى قاتتىق تالاش – تارتىشلاردىن كېيىن، لايىھەنى رەسمىي قۇرۇلتايدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن يەنە ئاۋازغا قويۇلدى. نەتىجىدە، زور كۆپچىلىكنىڭ ئىجابى ئاۋاز بېرىشى بىلەن «چېگرا ئۆلكىلىرى سىياسىي كومىتېتى» نامىدىن قۇرۇلتايغا سۇنۇلىدىغان قارار ئېلىندى. ئەمما، ھەيئەت رىياستى چېگرا ئۆلكىلىرى سىياسىي كومىتېتىنىڭ بۇ قارارىغا ئاساسەن لايىھەنى قۇرۇلتايغا سۇنۇشقا رايى ئۇنىماي، «ئالىي كومىتېت» نامىدا 60 كىشىلىك يەنە بىر كومىتېت تەشكىل قىلىپ، لايىھەنى بۇ كومىتېتقا تاپشۇردى. بۇ كومىتېتتا ھەربىي مىنىستىر گېنېرال بەي جۇڭشى، مائارىپ مىنىستىرى جۇ جىياۋخۇا، گومىنداڭ پارتىيە باش كاتىبى گېنېرال ۋۇ تىېچىڭ، خەلق سىياسىي مەجلىس باش كاتىبى شىياۋلىزى ۋە ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچى لۇ جىياۋلۇن قاتارلىق مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرى بار ئىدى. 15 - ئاپرېل كۈنى كومىتېت مەجلىسى رەسمىي ئېچىلدى، شىياۋلىزى رەئىسلىككە سايلاندى. شىياۋلىزى ئۈچ ئەپەندىنى قوللاپ كېلىۋاتقان دېموكرات بىر كىشى ئىدى. رەئىس مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى نۇتقىدا، ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلتايغا سۇنغان لايىھەسىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە بۇ لايىھەدىكى تەكلىپ - پىكىرلىرىنىڭ ئورۇنلۇق تەكلىپ - پىكىرلەر ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ، كۆپچىلىكنى ئامال بار قايىل قىلىشقا تىرىشتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىن سۆزگە چىققان گېنېرال بەيجۇڭشى، گېنېرال ۋۇ تىېچىڭ قاتارلىق ھەربىي، دۆلەت ۋە پارتىيە رەھبەرلىرى بۇ لايىھەنى قوللاپ سۆز قىلدى. لېكىن لۇ جىياۋلۇن ئەپەندى سۆز ئېلىپ، لايىھەنى شىددەت بىلەن رەت قىلدى. ئاخىر 59 كىشىنىڭ قوللاپ ئاۋاز بېرىشى، بىر ئاۋازنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن لايىھە قوبۇل قىلىنىپ، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياستىگە سۇنۇلدى. ئەنە شۇنداق بىر سىياسىي كۈرەشلەردىن كېيىن، 16 - ئاپرېل لايىھە قۇرۇلتايدا رەسمىي ئوقۇلۇپ ئۆتۈلدى ۋە زالدىكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لايىھە قوبۇل قىلىندى. ئالقىشلار ئاستا - ئاستا بېسىققاندىن كېيىن، قۇرۇلتاي رىياسەتچىسى مارشال جياڭ كەيشىنىڭ تەستىقىغا سۇنۇش ئۈچۈن، لايىھەنى ئۇنىڭ ئالدىغا ھۆرمەت بىلەن قويدى. مارشال لايىھەگە بىر قۇر كۆز ئاتقاندىن كېيىن، قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، قەغەز يۈزىدىكى مۇختارىيەت ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە سىزىۋېتىپ، يەنە قايتا بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، لايىھەنىڭ ئاستىغا «تۈركىستان خەلقىنىڭ تىلىغا ۋە دىنىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئىشلىرىغا ياردەم قىلىنىدۇ» دەپ يېزىپ، قايتۇرۇپ بەردى. ئاندىن رىياسەتچى لايىھەنى قايتا ئوقۇدى. ئەمما بۇ قېتىم زالدا كۆتۈرۈلگەن چاۋاك ئاۋازى ئالدىنقىسىدەك ھەيۋەتلىك چىقماي، يىغىننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا چۈشۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن، رىياسەتچى يىغىننىڭ ھازىرچە توختىتىلغانلىقىنى ئۇختۇردى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قۇرۇلتاي رىياسەتچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مارشال جياڭ كەيشىنىڭ قۇرۇلتاي قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈردى. رىياسەتچى ئەپەندىنىڭ چىرايىدا قان قالمىغان بولۇپ، ئۇ قورقۇنچ بىر كەيپىيات بىلەن، ئۆزىنىڭ تەسەللى بەرمەكتىن باشقا بىر ئامالىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، چارىسىزلىقىنى ئىپادىلىدى، ئاندىن غىپلا قىلىپ مەجلىس زالىدىن چىقىپ كەتتى. گەرچە بۇ قۇرۇلتاي دېموكراتىك بىر ئۇسۇلدا ئېچىلىۋاتقاندەك قىلىنغان بىلەن، دۆلەت تۈزۈمىنىڭ دىكتاتور، ھاكىم مۇتلەق بىر تۈزۈم ئىكەنلىكى

مانا بۇگۈن يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلانغان ئىدى. دىكتاتورلار ھەر زامان ئۆزىنى مەرد، ئادىل، خەلقپەرۋەر كۆرسەتسىمۇ، ئادالەت ئالدىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلىماي قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دىكتاتور بار يەردە قانۇننىڭ كۈچى بولمايدۇ. مانا بۇگۈن جياڭ كەيشى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارا قەلىمى بىلەن لايىھەدىكى تەلەپلەرنىڭ ئۈستىنى سىزىۋېتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە باغلانغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئۈمىد يىلتىزلىرىغا كەكە ئۇرغان ئىدى. ئۈچ ئەپەندى: «ئۆزىمىز بىلگەن يولنىڭ يولچىلىرى بىز» دەپ يۈرگەن چاغلاردا، يولنىڭ سەراپ بىلەن تولغان چۆللۈك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدى. جياڭ كەيشى ئۇلارنى خۇددى مايمۇنغا ئانارنى كۆرسىتىپ ئومۇندۇرۇپ قىينىغاندەك بىر ئىش قىلىۋاتاتتى. دېمەك، يول دېگەن نېمە دېگەن ئاچچىق سىناق - ھە! ھەممە ئىشنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن چۈشەنمەك.....

قۇرۇلتاي داۋام قىلىۋاتاتتى. ئەتىسى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى كىچىككىنە بىر تاسادىپىيلىق يۈز بېرىپ، خۇددى قىيا تاشلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قالغان بىر تال ياسىمەن گۈلنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئېچىلغىنىدەك، بىر مۆجىزە بولۇپ قالارمۇ دېگەن، پاك تۇيغۇ ۋە ئۈمىد بىلەن قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىگە رەسمىي نارازىلىق مەكتۇبى تاپشۇردى. ئەمما ئۇلار جاۋاب بەرمىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى كىشى ۋىجدانىنى ئازراق راھەتلىتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەپسۇسلانغانلىقىنى ئېغىزاكى بىلدۈرۈپ، تەسەللى بەرگەندەك بولدى. 18 - ئاپرېل چۈشتىن كېيىن، مەسئۇد ئەپەندى مۇنبەرگە سۆزگە چىقتى. مەسئۇد ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، شەۋكەتلىك چوڭ ئوغلى ئەرتۇغرۇل بەگمۇ مۇنبەرگە بىللە چىققان ئىدى. ئۇ ئېگىز كېلىشكەن قامىتىگە قارا كاستيوم - بۇرۇلكا كىيىۋالغان، ئاق كۆينىكىگە ئۇششاق ئاق چاقماقلىق كۆك رەڭلىك گالاستۇك قادىۋالغان بولۇپ، قويۇق قاپقارا چاچلىرىنى ئارقىسىغا تارىغان ھالدا، توق قاراقاشلىرى ئاستىدىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى پۈتۈن زالغا تەكشى تىكىپ، ياشلىق ۋۇجۇدىكى كۈچ - جاسارىتىنى نامايەن قىلىپ دادىسىنىڭ يېنىدا قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇراتتى. مەسئۇد ئەپەندى نۇتقىدا، شېڭ شىسەينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇمىي ۋالىي ۋە باش قوماندان سالاھىيىتىدە ئون يىل مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا خەلققە سالغان زۇلۇملىرىنى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرىنى، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى ۋە ھەرخىل زوراۋانلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ سۆزىدە: «شېڭ شىسەي شەرقىي تۈركىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئون يىل ئىچىدە، 200 مىڭغا يېقىن بىگۇناھ كىشىنى قاماققا ئالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرخىل يوللار بىلەن قۇتۇلۇپ چىققانلار 80 مىڭ بولۇپ، قۇتۇلالماي قالغان 120 مىڭ ئادەم تۈرمىدە تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. تۈرمىدىن ساق چىققانلارمۇ ئۇزۇنغا بارماي ھەر خىل كېسەللەر سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. تۈرمىدىكى جازالاش، قىيناش قوراللىرى 20 نەچچە خىلغا يەتكەن بولۇپ، بۇ جازا قوراللىرىنىڭ دەھشەتلىكىدىن، ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنىدۇ، يۈرىكىگە دەھشەت چۈشۈپ، زۇلمەتلىك سىر باسىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىنى تۈرمە قاپلاپ كەتتى. پەقەت ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر ئىچىدە توققۇز تۈرمە، شەھەر سىرتىدا ئىككى چوڭ تۈرمە بارلىقى ئېنىقلاندى. ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكى لىيۇداۋان دېگەن كۆمۈر كاننىڭ كان قۇدۇقلىرى ئىچىنىڭ

جەسەت بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنە تېخى بىز ئىز - دېرىكىنى قىلالمىغان، تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن نۇرغۇن ئىنسانلار بار بولۇپ، بۇلارنىڭ سانىنى ستاتىستىكا قىلىشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىدۇق، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ۋاقىت كېتىدۇ. ئۆلگەن ۋە ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن ئادەملەر ئىچىدە زىيالىلارمۇ، دىنىي ئۆلىمالارمۇ، سودىگەرلەرمۇ، دېھقانلارمۇ، ئىشچىلارمۇ، ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاپال زىيالىيلارنىڭ سانىمۇ نەچچە ئون مىڭغا يېتىدۇ. شىڭ شىسەي ئالدى بىلەن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مال - مۈلكىگە چاڭ سالغان، ئۇلارنىڭ قول ئىلكىدە نېمە بولسا شۇنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆز چۆنتىكىنى تولدۇرغان. ھەتتا ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىدىغان چاغدىمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مالىيىسىنى قۇرۇقداپ، ھەممىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئۇ يەرلەردە مالنىڭ باھاسى ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئۆرلەپ كەتتى. ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلەردىن كەلگەن خەتلەردە يېزىلىشىچە، بىر چىنە ئۇننىڭ باھاسى مىڭ يۈەنگە چىققان. بىر ئادەم ئاز دېگەندە ئايدا ئوتتۇز چىنە ئۇن يەيدۇ. مۇشۇنىڭدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئەمەسمۇ؟ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى شىڭ شىسەي كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھۆرمەتلىك ئەپەندىلەر، خانىملار! مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ قانۇنىنىڭ جازاسىغا تارتىلماي، ئەكسىچە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە مەنسەپ تۇتۇپ، ئارىمىزدا ئولتۇرۇشى دۇنيادىكى قايسى دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بار؟ بىزدە ئادالەت دېگەن نەرسە بارمۇ - يوق؟ دۆلەت قانۇن بويىچە خەلقنىڭ پەريادىغا قۇلاق سالامدۇ؟ بۇ ئادەمنى دەرھال پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئەمەل - مەنسەپلىرىنى ئېلىپ تاشلاش ۋە دەرھال قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. بۇ ئادەمنىڭ بىر خىتاي ۋالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ۋەھشىيانە زۇلۇمى خىتاي مىللىتىنىڭ 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يۈزىگە مەڭگۈ يوقالماس بىر قارا داغنى چاپلىدى. ئەجەبا خىتاي خەلقى بۇ قارا داغنى يۇيۇپ تاشلاش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسەتمەمدۇ؟ مانا بۇلار، مۇشۇ زالدا ئولتۇرغان جاناپلارنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق» دەپ، قۇرۇلتاي قاتناشچىلىرىغا كۈچلۈك خىتاپ قىلدى.

مەسئۇد ئەپەندىنىڭ پاكىتلىق، ئۆتكۈر، تەسىرلىك سۆزلىرىنى ئوغلى ئەرتۇغرۇل بارلىق تىل قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، شۇنچىلىك پاساھەتلىك ئەدەبىي تىل - ئىبارىلەر بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ۋەكىللەرگە ئېنىق يەتكۈزگەن ئىدى. بۇ پاكىتلىق سۆزلەر يىغىن ئەھلىگە كۈچلۈك تەسىر قىلغاچقا، غەزەپلىرىنى باسالمىغان ۋەكىللەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، زالنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرغان شىڭ شىسەيگە قاراپ قوللىرىنى شىلتىپ: «شىڭ شىسەينى قاتتىق جازالاش كېرەك! شىڭ شىسەيگە ئۆلۈم!» دېگەن شوئارلارنى توۋلىدى ۋە غەزەپكە تولغان بۇ سادالار زالنى بىر ئالدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىن زالىنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى ۋە يىغىن زالىنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە، شىڭ شىسەي جىم ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنىغا ئۆز پەيلىدىن يانماي، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىگە قارشى كەلگەنلەر بىلەن مۇنازىرىلەشمەكچى بولدى، ئۇ قايىل بولماي، بار كۈچى بىلەن ۋارقىراپ تاكاللاشتى. كېيىن، يىغىن باشقۇرغۇچىلارنىڭ قەتئىيلىك بىلەن تەرتىپكە سېلىشى نەتىجىسىدە، يىغىن زالىنىڭ تەرتىپى ئاران ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، زالدىكى ئۇششاق گەپ – سۆزلەر يەنىلا بېسىقمىدى، بۇ

چاغدا قۇرۇلتاي رىياسەتچىسى دەم ئېلىش ئېلان قىلدى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. ىىراق شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي، ئۆزئارا پىكىرلىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ يەنە سۆزگە چىقىشنى تەلەپ قىلغان يېزىلغان باغاقچىلار ئۇلارنىڭ يانلىرىغا يېغىشقا باشلىدى. يىغىن باشلانغاندا، مەسئۇد ئەپەندى يەنە سۆز قىلىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي رىياسەتچىسىدىن سۆز ھەققى تەلەپ قىلدى، شۇ چاغدا شېڭ شىسەيمۇ سۆز ھەققى تەلەپ قىلدى. ئەمما، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئۇنىڭغا قاراپ غەزەپ بىلەن: «سېنىڭ سۆز قىلىش ھەققىڭ يوق!» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا بىرقانچە ياش خىتاي ۋەكىل كېلىپ: «شېڭ شىسەيگە ئۆلۈم!» دەپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئامانلىق ساقلىغۇچىلار دەرھال مەجلىس زالىغا كىرىپ تەرتىپنى ساقلىدى. ئۇلار يىغىن زالىدىن شېڭ شىسەينى قوغداپ، سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ شېڭ شىسەيگە ھۇجۇم قىلىشلىرى، ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك خەلقلىرىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇ يەردىكى خىتاي پۇقرالىرىغا زۇلۇم قىلغانلىقى، ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىندىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مەركەزگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ۋەتەن خائىنى بىلىپ، ئۆچمەنلىك ۋە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. بۈگۈنكى يىغىن شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقاندەك قىلغان بولسىمۇ، ئەتىسى ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. بۇنىڭغا يەنىلا شۇ مۇستەبىت، ھاكىم مۇتلەق تۈزۈم سەۋەبچى بولغانىدى. مۇنبەرگە سۆزگە چىقىقان جياڭ كەيشى تۈنۈگۈنكى ئىشلاردىن نارازى بولۇپ، شېڭ شىسەينى ئاقلىدى، ھەتتا ئۇنى بىر مىللىي قەھرىماندەك كۆككە كۆتۈرۈپ نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ: «تۈنۈگۈن يىغىندا، يولداشلار مەسىلىلەرگە پۈتۈنلەي بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن قاراپ، ئۆز ھېسسىياتىغا بېرىلىپ، ئەقىل - مەنتىق بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئورنىغا، قارىغۇلارچە شېڭ شىسەي ئەپەندىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلار سادىر بولدى. مانا بۇ ئىشلار مېنى بۈگۈن بۇ مۇنبەرگە چىقىپ، ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويۇشقا مەجبۇرلىدى. خانىملار، ئەپەندىلەر، تۈنۈگۈن شىنجاڭ ۋەكىللىرىدىن مەسئۇد ئەپەندى، شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان زامانلىرىدا پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدە تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلەپ، يىغىن ئەھلىنى ناھايىتى تەسىرلەندۈرۈۋېتىپتۇ. يولداشلار ئويلاپ باقىڭلارمۇ، شىنجاڭ ئۆلكىسى دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ يىراق چېگرا رايون، ئۇ يەرنىڭ يەر مەيدانى جېجياڭدەك 15 چىقىدۇ. مىنگودىن كېيىن مەركەز بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇناسىۋىتى بەزىدە ئۈزۈلۈپ، بەزىدە ئۈزۈلۈپ كەلدى، سورىقى بولمىدى. چۈنكى بىز ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن جەڭ قىلىمىز دەپ، ئۇ يەرلەرگە كۆڭۈل بۆلەلمىدۇق. ئەمما يولداش شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلدى، شىنجاڭنى رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قېلىپ، ئاخىر مەركەزنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ ئەكەلدى. ئۇ نېمە قىلسا قىلسۇن، قانچىلىك ئادەم ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرسۇن، قانداق سىياسەت يۈرگۈزسە يۈرگۈزسۇن، شىنجاڭدەك زېمىنى كەڭرى، يەر ئاستى بايلىقى مول، خىتاينىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر زېمىننى يەرلىك بۆلگۈنچىلەرنىڭ ۋە سوۋېت بولشېۋىكلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ ئۆزى بىر مۇھىم خىزمەت! مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شېڭ شىسەي بىر مىللىي قەھرىمان! يەنە

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەيكى، مىنگو تارىخىدا قايسى بىر ۋالىي، قايسى بىر ئۆلكە رەئىسى شىڭ شىسەيدەك 50 مىڭ سەر ئالتۇننى ھۆكۈمەت خەزىنىسىگە تاپشۇردى؟ بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئۇرۇش دەۋرىنى بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ قىلغان بۇ تۆھپىسى ۋە پىداكارلىقى ۋەتەن سۆيگۈسىگە ئىگە قايسى بىرىمىزنى تەسىرلەندۈرمەي قالمىسۇن؟ ئەمدى يولداشلارنىڭ مېنىڭ سۆزۈمنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىكىنى سورايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىللەرنىڭ تۈنۈگۈنكى ھەرىكىتىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىمنى بىلدۈرمەي تۇرالمىدىم» دېدى.

جياڭ كەيشى شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى نېمە قىلارىنى بىلمەي، غەزەپ بىلەن چاقنىغان كۆزلىرىنى رەئىس سەھنىسىگە قاداپ، ئاخىرىغىچە ئاران چىداپ ئولتۇردى. جياڭ كەيشىنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، گېلىغا چىڭگىدە قادىۋالغان گالاستۇكىنى سەل بوشىتىۋېتىپ، زالنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن يالغۇز چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ئادالەت بولمىغان جايدا، ئىش بىرلىكى قىلىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ قورقماي، مارشالنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن يىغىن قاناشقۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ئىچىدىن ئاپىرىن ئېيتقان بولسا، زور كۆپچىلىكى ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ۋە مىللىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قىلغان يالغۇز كىشىلىك نامايىشىنى مەنىستىمىگەندەك قىلىپ، كارى بولمىدى. ئەمما، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئەنە شۇ يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن باسقان 50 قەدەم يولى ئارقىلىق، ئۆز ۋىجدانىنى مەڭگۈلۈك راھەتكە ئېرىشتۈرگەن ئىدى.

ئانا ۋەتەنىنىڭ گۈزەل دىيارى غۇلجىدا، 1945 - يىلى 8 – ئاپرېل كۈنى مىللىي ئارمىيەنىڭ رەسمى قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مىللىي ئارمىيەنىڭ بايرىقىغا «شەرقى تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئالغا!» دېگەن ئۇيغۇرچە ھۆسن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. مىللىي ئارمىيە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان بولۇپ، ئۇلۇغ ۋەتەنىنىڭ قىياپىتىدە، ئۇلۇغ خەلقنىڭ قىياپىتىدە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىياپىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتتى. ئىنسانلار ئاللاھتىن ھەرگىز ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكى لازىم. شۇڭا ئالەملەرنىڭ رەببى يۈسۈف سۈرەسىنىڭ 87 - ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «...... ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ».

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قاتارلىق ئۈچ ئەپەندى ھېچبىر زامان ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىپ، «خىتايلارنى ئۆزىمىزگە ئىشەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىمىز يوق. يەنە كېلىپ ئۇلار بىزگە بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ. ھازىرچە ئۇلار بىزنى يولۋاسنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە كۆندۈرگەندەك قىلغان بىلەن، ھامان بىر كۈنى ئۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىمىز ئەركىن يۈرۈيدىغان ئازات يۇرتىمىزغا كېتىمىز» دەپ ئويلاپ، ئۆز ۋەتىنىگە كېتىشكە شۇنچىلىك ئالدىرايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسئۇد ئەپەندى يىغىندىن كېيىنلا، شەرقىي تۈركىستانغا يېقىنراق بولغان لەنجۇغا كەتتى. ئارقىدىنلا، 16 - ماي كۈنى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمۇ ئەردەمنى ئېلىپ لەنجۇغا يېتىپ كەلدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە مىللىي ئارمىيە تارىخي

ئەھمىيەتلىك ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلىپ، ناھايىتى قەھرىمانلىق بىلەن جەڭ قىلىشۋاتاتتى.
ئازاتلىق ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن، شىجائەت ۋە جاسارەت مەيدانىنىڭ چەۋەندازلىرى مىنگەن
ئارغىماقلىرى بىلەن دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا شىددەت بىلەن ئېتىلغان ئىدى. ئۇرۇش مەيدانىدا
ھەرقانچە مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ، ۋەتەن ئازاتلىقى، مىللەتنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن، ئۇلار
ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆز جانلىرىنى پىدا قىلىشۋاتاتتى. زىمىستان سوغۇقلاردا دەشت چۆللەردە
يۈرگەندە، باھادىرلىرىمىز ئات ئۈستىدە يولۋاستەك مۇستەھكەم ئولتۇرۇپ، دۈشمەن سەپلىرىنى
يىمىرىپ تاشلاۋاتاتتى. دۈشمەننىڭ توپ - زەمبىرەكلىرى مىللىي ئارمىيەنىڭ جاسارىتى ئالدىدا
ھېچ نېمىگە ئەرزىمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە
كۈچلۈك ئېغىر قوراللار بىلەن قوراللانغان دۈشمەن ئارمىيەسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ،
ئۈرۈمچىگە ئاران 136 كىلومېتىر كېلىدىغان ماناسقا كەلگەن، ئۈرۈمچىنى تەھدىت ئاستىغا
ئالغان ئىدى. لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ھەر كۈنى دېگۈدەك شەرقىي
تۈركىستاندىن كېلىۋاتقان، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى،
شۇنداقلا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئۈرۈمچىدىن قېچىپ كېلىۋاتقان خىتايلارنى ئۆز كۆزى بىلەن
كۆرۈۋاتاتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا ھە دەپ لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە ئەسكەر ۋە قورال
يۆتكىمەكتە ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى كۆز ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقتىن شۇنچىلىك خۇش
بولسىمۇ، ئەمما ئىچىنىڭ بىر يەرلىرى يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئىشنىڭ ئىچىدە
رۇسلار بار ئىدى. ئەزەلدىنلا رۇسلارغا ئىشەنمەي كەلگەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، بۇ قېتىممۇ
ئۆز خەلقىنىڭ ئاخىرىدا نا ئۈمىدتە قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇ نامازلىرىدا مىللىي
ئارمىيەنىڭ تېزرەك ماناس دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىنى ئازات قىلىشىنى تىلەپ
ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلاتتى. ئەمما، ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئۇلار چۇڭچىڭدىن
كەلگەن بىر تېلېگراممانى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ، «ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى
ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى بولىدىغانلىقى، بۇ سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقى ۋە يول ئۈستىدە ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتىدىغانلىقى،
ئۈچ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، دۆلەت مەنپەئىتى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن قىممەتلىك
پىكىر، تەلەپلىرىنى بېرىپ، بىللە خىزمەت قىلىشىنىڭ لازىملىقى» توغرىسىدىكى مەزمۇنلار
يېزىلغان قىسقا بىر تېلېگرامما ئىدى.

يېقىندىن بۇيان دۇنيا ۋەزىيىتىدە تېز ئۆزگىرىش بولۇشقا ئەگىشىپ، خىتاينىڭ ۋەزىيىتىدىمۇ
ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتاتتى. دۇنيادا ئالتە يىل داۋام قىلغان 2 - دۇنيا ئۇرۇشى
ۋە خىتايدا، سەككىز يىل داۋام قىلغان ياپون ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان ئىدى. ئەسلىدە، ئامېرىكا،
ئەنگلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى 1945 - يىلى 4 -
فېۋرالدىن 11 - فېۋرالغىچە بولغان ئارىلىقتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى
يالتاغا توپلىنىپ، دۇنيا تارىخىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك بىر يىغىننى ئاچقان ئىدى، يىغىندا
دۇنيانىڭ بۇندىن كېيىنكى يېڭى تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان قارارلار ئېلىنغان «يالتا كېلىشىمى»
ئىمزالانغان ئىدى. شۇندىن كېيىن دەرىجىدىن تاشقىرى ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىتتىپاقداشلىقى ئاستىدا،
فاشىزىمغا قارشى كۈچلەر تېزلىك بىلەن فاشىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا يۈزلەنگەن ئىدى.

شۇ يىلى 8 - ئاۋغۇست ئامېرىكا ياپونىيەنىڭ خىروشىما ئارىلىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىدى، ئارقىدىنلا، ئىككىنچى كۈنى يەنە بىر ئاتوم بومبىسىنى ياپونىيەنىڭ ناگاساكىيەگە تاشلىدى. 8 - ئاۋغۇست سوۋېت ئىتتىپاقى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، ئارقىدىنلا مانجۇرىيەنى ئىشغال قىلدى. ئارقا - ئارقىدىن ئۇچرىغان زەربىدىن، ياپونىيە 14 - ئاۋغۇست شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. يالتا كېلىشىمىگە ئىمزا قويغان 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى يامانلىشىپ كېلىۋاتقان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ مانجۇرىيەدىكى، موڭغۇلىيەدىكى ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنپەئەتلىرى قاتارلىق بىر يۈرۈش زېمىن مەسىلىلىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جىددىي كېلىشمەلەر ئىمزالاندى، شۇنداقلا «خىتاي - سوۋېت دوستلۇق، ھەمكارلىق شەرتنامىسى» تۈزۈلدى. جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنپەئەتلەرىنى قوغداش ئۈچۈن، مانجۇرىيەدىكى مەنپەئەتلىرىدىن ۋازكەچتى، تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدى. 24 – ئاۋغۇست، مارشال جياڭ كەيشىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىگەن نۇتقى گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ نۇتقىدا يەنە، تىبەتنىڭ مۇختارىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەدىلىرىمۇ بار ئىدى. تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە تىبەتنىڭ مۇختارىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشتىكى سەۋەبلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغانلىقى، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز زېمىن دائىرىسىدە ئەسىرلەردىن بېرى مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىدەك بىر قاتار مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغان ئىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە توختىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا مۇختارىيەت بېرىلمەيدىغانلىقىنى، بۇ زېمىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ، بۇ يەردىكى يەرلىك مىللەتلەر خىتايلار بىلەن قانۇنىي جەھەتتىن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ۋە دىنىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئەركىنلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. ئۈچ ئەپەندى ۋەتىنىنىڭ بوسۇغىسى بولغان لەنجۇدا تۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئالەمچە ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ تۇرغان شۇنداق بىر پەيتتە، بۇ خەۋەرنى گېزىتتىن ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال ئۆز نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇلار بىرلىشىپ مارشال جياڭ كەيشىنىڭ بۇ نۇتقىغا نارازىلىقىنى بىلدۈرىدىغان بايات يېزىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركلەرنىڭ مەيلى تارىخىي جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش جەھەتتىن بولسۇن، تىبەت ۋە موڭغۇللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى تارىخىي ۋە ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. شۇنداقلا، ئەگەر ئوخشىمايدىغان يېرى بار دېسە، پەقەت جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ۋە يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئەگەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى تاشقى موڭغۇل ۋە تىبەتنىڭ تەقدىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قارايدىغان بولسا، بۇ، جۇڭخۇا مىنگونىڭ جۇمھۇرىيەت پىرىنسىپلىرىغا پۈتۈنلەي خىلاپ كېلىدىغان سىياسەت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى، ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستانغا دەرھال ئالىي مۇختارىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار نارازىلىق باياناتىنى يەتتە نۇسخا قىلىپ كۆچۈرۈپ، مارشال جياڭ كەيشى قاتارلىق ئاساسلىق دۆلەت ئەربابلىرىغا يوللىدى. ئەمما مارشال جياڭ كەيشى جاۋاب بەرمىدى. ئېنىق

جاۋاب بەرگەن كىشى پەقەت ئۈچ ئەپەندىنىڭ دوستى دوكتۇر سۇن فۇ ئەپەندىلا ئىدى. مانا ئەمدى، ئۈچ ئەپەندى قەلەم كۈرىشى ۋە سىياسى كۈرەش ئارقىلىق ئېرىشەلمىگەن نەتىجىلەرگە، مىللىي ئارمىيە ئەلەم بىلەن، قان تۆكۈش بىلەن، مىڭلىغان شېھىتلارنىڭ ئىسسىق جانلىرى بىلەن ئېرىشىۋاتاتتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنى ھەر تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، 9 - ئايغىچە بولغان قىسقىغىنە تۆت ئاي ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچىدىن باشقا بارلىق تۇپراقلارنى پۈتۈنلەي ئازات قىلغان، ماناس دەرياسىغا قىستاپ كېلىپ، ئۈرۈمچىگە بىۋاستە تەھدىت سالغان ئىدى. ئۈرۈمچى قولدىن كەتسە، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە يىمىرىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ ۋە ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن ئەجەل ھودۇقۇشىدا گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئارقا - ئارقىدىن تېلېگرامما يوللاپ، ۋەزىيىتىنىڭ جىددىي ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى جىددىي ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى. جياڭ كەيشى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئامالسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تۇتقان قاتتىق قول سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما ئۇ باشتىن ئاياغ ئۈچ ئەپەندىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى رەت قىلىپ، ئىزچىل ھالدا ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنى باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللاپ كەلگەن ئىدى.

ئەمدىلىكتە، ئۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مەسىلىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قايتىدىن قاراپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەگەر دەرھال تاشقى ۋە ئىچكى جەھەتتىكى دىپلوماتىيە كۈچىنى ئىشقا سالمىسا، قورال كۈچى بىلەن مىللىي ئارمىيەگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنداق قىيىن شارائىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزگە قويغان تەلەپلىرىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مىللىي ئارمىيەنى ماناس دەرياسىدا توختىتىپ، سۈلھى تۈزۈشكە ئۈندىگەن بولسا، ئىچكى جەھەتتە دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، گومىنداڭ ئىچىدە يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ماھىر، پىشقان سىياسىيون دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالى، كومپارتىيە رەئىسى ماۋزېدۇڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزگەن ۋە «خىتاي تۈلكىسى» دەپ ئاتالغان جاڭ جىجۇڭنى ۋەكىل قىلىپ شەرقىي تۈركىستانغا يولغا سالدى، ئۇندىن باشقا ئۈچ ئەپەندىنىمۇ بۇ خىزمەتكە ياردەمگە چاقىردى. جياڭ كەيشى جاڭ جىجۇڭ يولغا چىقىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا ئەسكەرتىپ تۇرۇپ، ھەر سۆزىنى خۇددى پۇل ساناۋاتقاندەك ئالدىرىماي، ئوچۇق قىلىپ: «شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى چوقۇم ئوڭشاش كېرەك. شىنجاڭ بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. نېمە دېمىگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ھازىر ئاتالمىش ‹شەرقىي تۈركىستان› دەيدىغان بىر جۇمھۇرىيىتى بار. يەنە كېلىپ، بىزنىڭ شىنجاڭدىكى ئارمىيەمىزگە ئوخشىمايدىغان، پەۋقۇلئاددە جەڭگىۋار 30 مىڭدىن ئوشۇق قوراللىق ئارمىيەسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا رۇسلار بار. بۇنداق نازۇك ۋەزىيەتتە، قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇلارنى تىنچلىق سۆھبىتى قىلىشقا قايىل قىلىشىڭىز كېرەك. جۇڭخۇا مىنگونىڭ مەنپەئىتى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بەكمۇ مۇھىم ئىستراتېگىيەگە ئىگە ئورۇن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەجدادلىرىمىز ئۇ زېمىندىن

ھېچبىر زامان ۋاز كەچمىگەن. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قېلىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى تەلەپلىرىگە ۋاقتىنچە يول قويۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز يەنە لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان ئۈچ ئەپەندىنىڭمۇ پىكرىنى ئېلىڭ. شىنجاڭدىكى ۋەزىيەتنى ياخشى كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى يېنىڭىزغا چاقىرىپ خىزمەتكە تەيىنلەڭ. نەچچە يىللاردىن بېرى ‹ئۈچ ئەپەندى› دەپ ئاتالغان ئۈچ بۆرىنىڭ ئەمدى قەپەزدىن چىقىدىغان ۋاقتى كەلدى. بۇرۇن مەن بۇ ئۈچىنىڭ كەڭ دالادا ئىز قالدۇرماي ئوۋ ئوۋلىشىدىن ئەنسىرەپ، تۆرلۈك ئاماللارنى قىلىپ ئۇلارنى قەپەزنىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالغان ئىدىم. بەزىدە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، تەلەپلىرىگە ‹ھە› دەپ قويۇپ ئارقىدىنلا يېنىۋالغان بولسام، بەزىدە ‹ياق› دەپ، ساغرىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن ئىدىم. ئەمدى ئۇلارنى قەپەزدىن چىقىرىپ ئوۋغا سالىدىغان پەيت كەلدى. بۇرۇن ئىز قالدۇرماي بىزنى ئوۋلىغان بولسا، ھازىر ئىز قالدۇرۇپ ئوۋلىنىدىغان بولدى. ئەمما ئوۋلانغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزلىرىنىڭ روھىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بىز ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلايدۇ! ياتلارغا ۋەدە قىلغان سۆزلىرىمىزدە ئۆزىمىزگە پايدا يېتىدىغان ئىش بولسا ‹ھە› دەيمىز، ئىش پۈتكەندىن كېيىن ‹ياق› دەپ، بەرگەن سۆزىمىزدىن يېنىۋالىمىز. بۇ يەردە مۇھىم بولغان نەرسە بەرگەن ۋەدىلىرىمىزنىڭ راسلىقىدا ئەمەس، بەلكى بىز قانداق نەپكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزدا» دەپ، مىيىقىدا مەغرۇر كۈلۈپ قويدى.

ھەي، تەڭرىنىڭ جانلىق كىتابى بولغان تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچ مەۋجۇت بولمىغان ئەجدىھانى ئەجدادلىرى تۇتىم قىلغان خىتايلار، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئۈستۈن روھقا، ئەڭ ئېسىل خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۆرىنى، ئەجدادلىرى تۇتىم قىلغان تۈركلەرنىڭ بۆرىدەك پەزىلىتىنى نەدىن بىلسۇن؟ بۆرە ھېچبىر زامان ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان يولۋاس، شىر ۋە ئېيىقلاردەك كۆندۈرگۈچىلەرنىڭ قولىغا كۆنمەيدۇ. ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ھەرگىز بويسۇنمايدۇ. ئاجىز چاغلىرىدا ئۆزىدىن كۈچلۈكلەرگە ھۇجۇم قىلمايدۇ. ئەگەر زۇرۇر تېپىلسا بىرنەچچىسى بىرلىشىپ، تازا ئېپى كەلگەندە، ئاندىن كۈچلۈك دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. تۈلكىدەك نەپ ئۈچۈن قۇۋلۇق - شۇملۇق قىلىپ يۈرمەيدۇ. كۈنلەپ ئاچ قالسا قالىدۇكى، ھەرگىز باشقىلاردىن ئاشقان - تاشقاننى يېمەيدۇ، ئۆزى ئوۋلىغان ھايۋاننى يەيدۇ، ئوۋنى ھەمرالىرى بىلەن تەڭ بۆلۈشۈپ يەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ، توپلىشىپ ئوۋ ئوۋلايدۇ. ئۆز توپىنى قوغدايدۇ، يولباشچىسىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭغا ھەر زامان سادىق بولىدۇ. ئۆزئارا ياردەمدە بولىدۇ، ئەگەر يولدا بىرسى ئاغرىپ قالسا، ئۇنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەيدۇ. دېمەك، بۆرىنىڭ بۇ خىل ئېسىل خاراكتېرىنى جياڭ كەيشى بىلمىسە كېرەك؟

كۆڭلىگە شۇملۇقلارنى پۈكۈپ يولغا چىققان جاڭ جىجۇڭ بولسا ئۆزى ئېگىز، قوللىرى ئۇزۇن، ئورۇق كەلگەن كىشى بولۇپ، بېشىغا چوڭ كەپقالغاندەك كۆرۈنىدىغان قاسقان شەپكىسىنىڭ ئاستىدىكى چوڭ كۆز ئەينەكنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان كىچىك كۆزى، ھەر دائىم ئوۋ ئوۋلاشقا تەييار تۇرغان تەجرىبىلىك قېرى تۈلكىنىڭ كۆزىدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە بۈيۈك ھەربىي خىزمەتلەردە بولغان بولۇپ، پارتىيە ۋە ئارمىيەنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى. جياڭ كەيشى خۇاڭپۇ ھەربى مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە خىزمەت قىلغان. ئۇ يەنە، جياڭ كەيشى ئۆزى بىۋاستە باشقۇرىدىغان، گومىنداڭنىڭ ياش ئىشپىيونلىرىنى ۋە يۇقىرى

دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان ياش ئوفىتسىرلارنى تەربىيەلەيدىغان «ياشلار تەشكىلاتى» دەپ ئاتىلىدىغان تەشكىلاتنىڭ باش كاتىپى ئىدى.

جاڭ جىجوڭ ئۈچ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، يول ئۈستىدە لەنجۇدا چۈشۈپ، مانا بۈگۈنكى بۇ سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇرغان ئىدى. ئۇ سۆزىدە: «خەۋىرىڭلار بولغىنىدەك، شىنجاڭدا چوڭ بىر توپىلاڭ بولدى. ھەتتا توپىلاڭچىلار بىر جۇمھۇرىيەتمۇ قۇردى. شۇڭا مەركىزىي ھۆكۈمەت مېنى ئۇلار بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەيىنلىدى. مەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى سىلەردەك ياخشى بىلمەيمەن. پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاجمەن. جياڭ ۋېيىۋەنجاڭمۇ شەخسەن ئۆزى ماڭا: ‹شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى چوقۇم ئوڭشاش كېرەك، ئۇلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئورۇنلاش، رەئىس ۋە ھەرقايسى نازارەتلەرگە يەرلىك مىللەتلەردىن مۇئاۋىن ئورۇن تەسىس قىلىپ، شىنجاڭنى مەركەز بىلەن يەرلىك تەڭ باشقۇرۇشى لازىم› دەپ تەلىمات بەردى، ئۇ سىلەرگە ئۆز سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىشتا سىلەرنىڭ قانداق تەلەپ ۋە پىكىرىڭلار بار بولسا، ماڭا ئوچۇق - يوروقلۇق بىلەن ئېيتساڭلار».

پوزۇر كىيىنىۋالغان ئىيسا ئەپەندى ئىككى قولىنىڭ ئون بارمىقىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، چىرايلىق تارىۋالغان قويۇق چاچلىرى شۇنچىلىك ياراشقان بېشىنى سەل ئالدىغا ئېگىپ، ئۆزىنىڭ ۋەزمىن قىياپىتىنى تېخىمۇ نامايەن قىلىپ تۇرۇپ: «بىز نەچچە يىللاردىن بۇيان پىكىر - تەلەپلىرىمىزنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئېنىق بىلدۈرۈپ كەلدۇق. ئەنە شۇنداق قان تۆكۈلۈشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز تەلەپلىرىمىزنى توختىماي ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ تەلەپلەرنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلدۇق. لېكىن بىزنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىمىز بۈگۈنگىچە ھېچ قوبۇل قىلىنمىدى، ئېتىبارغىمۇ ئېلىنمىدى. شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتتە ھېچ ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇنداق بىر سىياسەت بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى تىنچلىق بىلەن ئىدارە قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇرۇنقى سىياسەتلەرنىڭ خاتا سىياسەت ئىكەنلىكى بۇ قېتىم ھەممىڭلارغا ئايان بولدى. چۈنكى بۇرۇن تەلەپلىرىمىزنى ئېيتىش ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا باراتتۇق، بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، جياڭ بۇجاڭ جاناپلىرى پىكىر - تەلەپلىرىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىمىزدا تۇرۇپسىز. ئەمدى بىزنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىمىزنىڭ ئانچە قىممىتى قالمىدى. مۇھىم بولغىنى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىكىرلىرى، تەكلىپلىرى. سىزنىڭ بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ كېلىشىم قىلىدىغان كىشىلىرىڭىز بىز ئەمەس، بەلكى ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى. لېكىن شۇنداقتىمۇ، بىز يەنىلا سىز بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىشنى خالايمىز».

بۇ سۆزلەر جاڭ جىجوڭنىڭ قۇلىقىغا ئانچە ياقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيەدىكى تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇرۇق يۈزىگە چوڭ كېلىپ قالغان كۆز ئەينىكىنى سول قولى بىلەن سەل تۈزەپ قويۇپ، ئۆتكۈر بېقىشلىرى بىلەن ئۈچ ئەپەندىگە بىر قارىۋېتىپ، نېپىز لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ: «ئېيتقانلىرىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن. پىقىر سىلەرنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئۈچۈن بەرگەن قىممەتلىك پىكىرىڭلارغا ھەر دائىم ئېتىۋار بېرىپ كەلگەن ۋە بۇ توغرىسىدا جياڭ ۋېيىۋەنجاڭ بىلەنمۇ سۆزلەشكەنمەن. بىز ھازىر ئۆتكەن ئىشلارنى تەگەپ ئولتۇرىدىغان

ۋەزىيەتتە ئەمەس. چۈنكى، نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى سىلەر ئويلىغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە جىددىي. مەن سىلەرنىڭ پىكىر-تەلىپىڭلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەتىلا يولغا چىقىمەن. ئۇ يەردىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەندىن كېيىن، سىلەرنى چاقىرتىمەن. بىز ئۈرۈمچىدە يەنە بىر مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىمىز، قېنى، بۇنىڭغا مەسئۇد ئەپەندى نېمە دەيدىكىن؟»

نەچچە يىللاردىن بېرى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىپ چاڭقاپ كەتكەن مەسئۇد ئەپەندى، بۇ گەپلەرگە يەنە نېمە دېسۇن؟ ئۇ ئىنقىلاب خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، مۇشۇ كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان ئەمەسمىدى؟ ھەتتا مەسئۇد ئەپەندى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشى ئۈچۈن مەركەزدىن رۇخسەت سوراپ، جياڭ كەيشى ۋە ئۇنىڭ كاتىپىغا خەتمۇ يازغان، ئەمما رۇخسەت بېرىلمىگەن ئىدى. مانا بۈگۈن بولسا جياڭ بۇجاڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ۋەتەنگە بېرىش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىچىدە شۇنچىلىك خۇش بولغان بولسىمۇ، ئەمما خۇشاللىقىنى چىرايىدە ئەكس ئەتتۈرمەي، ئۆز پىكرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: «ئەلۋەتتە، شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ خىزمەت قىلىش ھەممىزنىڭ ئارزۇسى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىزگە ئېھتىياجى چۈشكەن ئىكەن، بىزنىڭ ياق دېيىشكە نە ھەددىمىز. ئەمما ئۇ يەرگە بارغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەۋجۇت سىياسىتىدىن ۋاز كەچمەي، بىزنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئىلى تەرەپنى ئىستەكلىرىدىن ۋاز كەچۈرۈش ئۈچۈن بىزنى قوللىنىمەن دەيدىغان ئىش بولسا، بىزنىڭ بارغىنىمىزدىن بارمىغىنىمىز ياخشىراق. ئەگەر بىزگە ھەقىقەتەن ئىشىنىدىغان بولساڭلار، يەرلىك سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى تامامەن بىزگە بېرىڭلار. بۇرۇنمۇ مەيلى ياڭ زېڭشىن بولسۇن، مەيلى جىن شۇرېن بولسۇن ۋە ياكى شېڭ شىسەي بولسۇن، مەركەزگە بويسۇنماي، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى. ھەتتا ئۆز ئالدىغا ئارمىيىسى، ئۆز ئالدىغا پۇلى بار بولغان، تاشقى ۋە ئىچكى سىياسەتلىرىنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان مۇستەقىل بىر دۆلەتتەك بولۇۋالدى. مەركەزنىڭ ھەرقانداق ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلمىدى. ئەمما بىز بولساق، مەركەزگە باغلىق بولغان، پەقەت ئىچكى ئىشلىرىمىزنى تامامەن ئۆزىمىز باشقۇرىدىغان چىنىي تۈركىستاننى ئىستەۋاتىمىز. ئەگەر بۇ تەلەپلىرىمىز ئورۇنلىنىدىغان بولسا بىز كېتەيلى. ئەكسىچە، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى تۆكىدىغان ئىش ئۈچۈن كېتىدىغان بولساق، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردە ئۆلگىنىمىز تۈزۈك، چۈنكى بىز مىللىتىمىزنىڭ دەشنام تۈكۈرۈكلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ كېتىشنى ھەرگىز خالىمايمىز».

جاڭ جىجوڭ ئىيسا ئەپەندىنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن مەسئۇد ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھايىتى رازى بولغان قىياپەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ئۈچ ئەپەندىنىڭ قانداق تەكلىپلىرى بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە جان دەپ قوبۇل قىلاتتى. چۈنكى ھازىرقى چاغ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا ئەڭ ئېھتىياجى چۈشكەن چاغ ئىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن رازىمەنلىك تۈيغۇسىنى كۆز ۋە يۈزلىرىدە ئىپادىلەپ، مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ئەڭ رادىكال ئادەم» دەپ قارايدىغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە چىرايىنى تېخىمۇ ئېچىپ تۇرۇپ: «مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىنىمۇ ئاڭلاپ باقساق، ئەلۋەتتە سىزمۇ بۇ تەكلىپلىرىمگە ياق دېمەيسىز ھەقاچان، نېملا

دىمىگەن بىلەن ئۆز يۇرتىڭىزغا بېرىپ، ئۆز خەلقىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلسىز ئەمەسمۇ؟» دەپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى.

دىمىسىمۇ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئايرىلغىلى نەق ئون يىل بولغان ئىدى. مۇشۇ ئون يىل جەريانىدا ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشنى ئارزۇ قىلمىغان بىر دەقىقىسىمۇ يوق دىيسەك، ھەرگىز ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز ئەلۋەتتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، «يۇرتىڭىزغا بېرىپ، ئۆز خەلقىڭىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىز» دىگەن بۇ جۈملە، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئون يىلدىن بىرى ئاڭلىغان سۆزلەر، جۈملىلەر ئىچىدىكى ئەڭ يېقىملىق جۈملە ئىدى. بولۇپمۇ، ئۆزىدىن مەركەزنىڭ تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىشنى تەلەپ قىلىشۋاتقانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەلىبە ئىدى. گەرچە بۇ غەلىبىنىڭ ئىلى ئوغلانلىرىنىڭ قېنى بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ پىكرىنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشىنى ۋە قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ نەچچە يىلدىن بىرى قىلغان قەلەم كۈرەشلىرىنىڭ ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ تەكلىپلىرىنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ جاڭ جىجۇڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزماقچى بولدى. شۇڭا ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايلا: «دۇنيادا كىممۇ ئۆز ۋەتىنىنى سېغىنمايدۇ دەيسىز؟ بىزمۇ ئۆز ۋەتىنىمىزنى سېغىنغاچقا، نەچچە ئايدىن بۇيان ۋەتەنگە ئەڭ يېقىن بولغان بۇ يەرلەردە ۋەتەنگە تەلپۈنۈپ يېتىپ - قوپۇۋاتىمىز. بىزنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىمىز قانچە تېز بولسا بىز ئۈچۈن شۇنچە ياخشى. مەن ئۆز پىكىر ۋە تەلەپلىرىمنى، دوستلىرىم بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، بۈگۈن ئاخشام سىزگە يازما شەكىلدە يەتكۈزۈپ بېرىمەن. شۇڭا ھازىر ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولىدۇ. لېكىن شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، بىز ۋەتەنگە ئۆز خەلقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بارىمىز. نەچچە يىللاردىن بېرى مەركەزگە ئاڭلىتالماي كەلگەن ئارزۇلىرىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈنلا يولغا چىقىمىز» دەپ سۆزىنى قىسقىلا ئېيتتى.

ئۆمرىدە مۇنداق سۆھبەت - مۇنازىرىلەرنى تالاي قېتىم قىلىپ پىشىپ كەتكەن جاڭ جىجۇڭ تەرىنى ھېچبىر ئۆزگەرتمەي، ئۇلار بىلەن شۇنچىلىك مۇلايىملىق بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ۋە ئۇلارنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە پەيلاسوپ نىتچېنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئەسلەتتى: «ئۇلار يەنە مەدھىيەلىرىنى قولىغا ئېلىپ، سېنى چۆرىدەپ تۇرۇپ ۋىڭىلداۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدھىيەسى يۈزى قېلىنلىق، ئۇلار سېنىڭ تېرەڭگە، قېنىڭغا يېقىنلاشماقچى».

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئىيسا ئەپەندى ۋە مەسئۇد ئەپەندىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، بىر قارارغا كېلىپ، ئۆز تەكلىپ - پىكىرلىرىنى يازما شەكىلدە جاڭ جىجۇڭغا يەتكۈزۈپ بەردى. جاڭ جىجۇڭ 16 تۈرلۈك تەكلىپ يېزىلغان ۋاراقچىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى لامپىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ تۇتۇپ، بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى.

1. مەركەز مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان بىر پرىنسىپقا ئاساسلىنىپ، مەڭگۈلۈك سىياسەت بەلگىلەپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەرسۇن.

2. مەركەز شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىر مىللەت دەپ تونىسۇن.

3. مەركەز دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق مىللەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تىل - يېزىق ۋە دىنىي جەھەتتىن، ھەمدە باشقا ئىجتىمائىي ئىشلاردا تەڭ - باراۋەر ھوقۇقتا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلسۇن.

4. مەركەز شەرقىي تۈركىستانغا ئاشكارا، يوشۇرۇن سىياسەت قوللانمىسۇن. بارلىق سىياسەتلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرىنى ئاساس قىلغان ئاساستا بەلگىلەنسۇن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش، مۇزاكىرە قىلىش ئىشلىرىغا شۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقلىرى قاتناشتۇرۇلسۇن.

5. زوڭلىنىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن شەرقىي تۈركىستانغا ئالىي مۇختارىيەت بېرىلسۇن.

6. شەرقىي تۈركىستانغا بېرىلىدىغان ئالىي مۇختارىيەت يولغا قويۇلۇش ئالدىدا، مەمۇرى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا يەرلىك خەلق قاتناشتۇرۇلسۇن.

7. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقنى مەمۇرى ئىدارە - ئورگانلارغا خىزمەتكە ئالغاندا، «خىتايچە بىلىش كېرەك» دېگەن شەرت قويۇلمىسۇن. پەقەت شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ۋەكىل بولالايدىغان ئىقتىدارلىق، ئادىل كىشىلەر بولسا بولىدۇ.

8. شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئۆز پىكىرلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئەركىنلىكى بېرىلسۇن.

9. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ سۆزلەش، نەشرىيات، يىغىلىش، جەمئىيەت – تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكى تولۇق مۇھاپىزەت قىلىنسۇن.

10. مەركەز شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي سىياسەتلەرنى بەلگىلەشتە، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا بەلگىلىسۇن.

11. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىدا يولغا قويۇلسۇن. ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ ئاندىن خىتايچە ئۆگىنىش دەرسى يولغا قويۇلسۇن.

12. شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىمتىھانلار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىلىدا ئېلىنسۇن.

13. مەركەز شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساق، باج - سېلىقنى ئېلىپ تاشلىسۇن. غەللە ۋە دۆلەت بېجى خەلقنىڭ تاپاۋىتىگە قاراپ ئېلىنسۇن.

14. شەرقىي تۈركىستانغا چىققان خىتاي ئەمەلدارلارنىڭ يەرلىك خەلقنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە ئاخىرى پۈتتۈنلەي يوق قىلىش غەرىزى بار بولسا، ئۇنداق ئەمەلدارلارنىڭ يامان نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى، تىل – يېزىقى، ئۆرپ – ئادىتى ۋە تىلەك - ئارزۇلىرىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا مەركەز بىر تۈتاش بۇيرۇق چۈشۈرسۇن. خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە جازا بەرسۇن.

15. ئىچكىردىن چىققان خىتايلارغا بېرىلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىيازلار ئېلىپ تاشلانسۇن. ئۇلارنىڭ ئورنى يەرلىك خەلق بىلەن ئوخشاش بولسۇن.

16. مەركەز تىنچلىقنى قوبۇل قىلغان ھەرقانداق ئىنقىلابچىنىڭ ھاياتىغا، ئەركىنلىكىگە، ھەرقانداق جازاغا ئۇچرىمايدىغانلىقىغا كېپىللىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇرۇمچى قاتارلىق جايلاردىكى تۈرمىلەرگە قامالغانلارنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلسۇن.

جاڭ جىجۇڭ ئۇستەل ئۈستىدىكى قەلەملەر ئارىسىدىن قىزىل رەڭلىق قەلەمنى ئېلىپ، ئۇنى ئويناپ ئولتۇرغاچ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تەكلىپ - پىكىرلەر ئىچىدىكى بىرىنچى ماددا بىلەن بەشىنچى ماددىغا قىزىل قەلەم بىلەن «X» دېگەن بەلگىنى ئۇرۇپ، يەنە سول قولى بىلەن كۆز ئەينىكىنى ئاستا تۈزەپ قويۇپ، مىيىقىدا كۈلدى.

ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. خۇاڭخې دەرياسى لەنجۇ شەھىرىدىن شاۋقۇنسىز، ئاستا ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. كەچ كۈزنىڭ تاڭ شامىلى سارغايغان چىلان يوپۇرماقلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرتۇپ ئەكىتىۋاتاتتى. ئۈستىدە يوپۇرماقلىرى قالمىغان قېرى چىلان دەرىخىنىڭ شاخلىرى سوغۇق شامالدا ئۇشتەك چىلىۋاتاتتى. قۇياشنىڭ سېرىق نۇرى «سېرىق دەريا» دەپ ئاتالغان خۇاڭخې يۈزىدە ئىز - دېرەكسىز غايىپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. دەريا ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ كۈچلۈك ئاۋازى دەريانىڭ سارغۇچ سۈيىنىڭ قىرغاقتىكى قورۇم تاشلارغا رېتىملىق ئۇرۇشىدىن چىققان شاۋقۇنلىرىنى، دەريادا تەمكىن كېتىۋاتقان كىچىك پاراخوتنىڭ موتور ئاۋازىنى ۋە دەريا لېۋىدە بېشىغا ئاق دوپپا كىيىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان دېھقاننىڭ چۈشىنىكسىز ئاۋازلىرىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇرۇمچىگە قاراپ ئۇچقان ئەنە شۇ مەخسۇس ئايروپىلان ئىچىدە ئۈچ ئەپەندىدىن باشقا يەنە، ئەردەم بىلەن ئەرتۇغرۇلمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننى سېغىنغانلار ئىدى. دۇنيادا ۋەتەننى سېغىنىشتىن ئېسىل ۋە گۈزەل تۇيغۇ بولمىسا كېرەك. چۈنكى ۋەتەننى سېغىنىشتا گۈزەل بىر ھاياتنىڭ تەمى بار، چىرايلىق ئېچىلغان قىزىل ئەتىر گۈلنىڭ سېرىن پۇرىقى بار. ئەنە شۇ گۈزەللىكنى، ئەنە شۇ شېرىن پۇراقنى پۈتۈن ئالەمگە تېگىشكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدا بىر نۇر بار، بىر گۈزەل رەڭ بار. بۇلار خۇددى ئىلى دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى يۈزىدە چاقنىغان قۇياش نۇرىدەك، دەريا يۈزىگە چېچىۋېتىلگەن سان - ساناقسىز ئۈنچىلەردەك ئىدى. ۋەتەننى سېغىنىش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە يا شېئىر يا داستان يەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ تۇيغۇلار شېئىر ۋە داستاننىڭ مىسرالىرىغا سىغمايدۇ، ئىپادىلەشكە تىلنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. يولچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدىكى ۋەتەن ھەسرىتىدە يانغان ئوتنىڭ تەپتى بىر - بىرسىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار بەشىلىسى شۈنچىلىك سۈكۈنات ئىچىدە ئولتۇراتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبىدە ۋەتەننىڭ ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ يانماقتا ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋەتەن ھەسرىتىنى سەل چاغلىمايتتى. چۈنكى بۇ دەرتلەرنى شۇ دەرتنى تارتقان ئادەملەر ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھىجران ھەسرىتىدە، خۇددى نەۋايى:

ئەي ساقى، مەن يۇتمىغان ھىجران خۇنى قالدىمۇ؟
مەي بەرمىسەڭ، يەنە قان يۇتۇش ئىمكانى قالدىمۇ؟

دەپ ئېيتقاندەك، چىدىغۇدەك ماجالى قالمىغان ئىدى.

ئەردەم بۉگۉن ئەنە شۇ ھېچبىر ماجالى قالمىغان روھىغا ۋە قەلبىدىكى جاراھىتىگە مەلھەم سۉركەپ، سۇنغان قاناتلىرىنى قايتا رۇسلاپ، خىيال كەمىرىنى سامادا ئۇچۇرۇپ، ئايروپىلان ئۇرۇندۇقىدا راھەت ئولتۇراتتى. ئايروپىلان ئاستا - ئاستا كۆككە قاراپ ئۆرلەۋاتقاندا، ئەردەم قۇچىقىغا چۉشكەن قۇياش نۇرىغا شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك جۇشقۇن، شۇنچىلىك ساپ نىيەتلىك، شۇنچىلىك بەختلىك بىر ئىپادە بىلەن قارىدى، ئۇ، نېمىدېگەن تۇتۇق بەرمەس نۇر - ھە! دەپ پىچىرلىدى ۋە يۉزىدە بۉگۉنگىچە كۆرۉلۉپ باقمىغان بىر تەبەسسۇم جۇلالىدى. بۇ تەبەسسۇم ئاجايىپ جەلپكار ئىدىكى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قانچىلىك خىيالچان ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمىدى.

## مۇزلىغان شەھەر

ساڭا قاتتىق كۈن كەلسە،
بۇمۇ كېتەر دەپ سەۋر قىل.
زامانىنىڭ ئىشىنى بىلىپتۇر،
ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تىرەنگىن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يول تاپىدىغان ۋە يول ماڭىدىغان ئەڭ گۈزەل ماكان ۋەتەندۇر. ۋەتەن گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن، ئۆز مېھنەت تەرى بىلەن، ئۆز جېنى ۋە قېنى بىلەن يول ئاچىدىغان ماكاندۇر. ھەركىم كىندىك قېنىنى شۇ ماكانغا تۆككەن كۈندىن باشلاپ، بۇ دۇنيانىڭ يولچىسىغا ئايلىنىدۇ. باسقان يوللىرى بولسا، بۇ دۇنيادا بار بولۇشىنىڭ ئەڭ يۈكسەك غايىسى ۋە ھاياتىدىكى بارلىق كۈرەشلىرىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەركىم مەۋجۇتلۇقتىن يوقلۇققا قاراپ تىنىماي باسقان يوللاردا كۆپ نەرسىلەرنى كۆرىدۇ، ئۆگىنىدۇ ۋە ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا شۇ ۋەتەن ئۈچۈن بولىدۇ. ھەركىم ئاخىرى مەۋجۇتلۇقنى يوقىتىپ كۆچۈپ كەتكەندە، باسقان يوللىرىدا ئىزلىرى قالىدۇ. ئىزلارنىڭ بەزىلىرى ئەبەدىي قالسا، بەزىلىرى دەۋرنىڭ دەبدەبىلىرىنىڭ توپا - چاڭلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

يۇقىرىدىن قارىسىڭىز، ئۈرۈمچى خۇددى كۆمتۈرۈلۈپ قويۇلغان يوغان قازانغىلا ئوخشايتتى. جان بېقىشقا مادارى قالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ چېھرى بەئەينى كۈل ئىچىدىكى كۆمەچتەك قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىبېشى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئاھالە شەھەر ئىچىدە قىرووۋ سوققان يوپۇرماقلاردەك، تىرىكچىلىك كويىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقىدىن قاق سەھەردىن گۇگۇم چۈشكىچە يالاڭ كىيىمى بىلەن كوچىدا كىراچىلىق قىلىدىغان ھارۋىكەشلەرنىڭ پەيتۇنىدا ئولتۇرغان خىتاي پۇقرالىرىمۇ، ئالاقزادىلىق ئىچىدە قانداقتۇ بىر يەرلەرگە ئالدىراپ، پەيتۇنچىغا، «ئىتتىك ماڭمامسەن» دەپ خىرىس قىلىپ ۋارقىرشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇنچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، ئەمما ئالايغان كىچىك كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان ئەنسىزچىلىكنى ئەتراپىدىكى كىشىلەردىن يوشۇرالمايتتى. بۇلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شاد - خورام ياشاپ، ماڭدامدا بىر يەرلىكلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، چۆنتىكىنى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن تولدۇرغان ئىدى. بىراق، ئۇن كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بارلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ بۇلارنىڭ بۇنچىلىك ۋەھىملىك ساراسىمىغا چۈشۈپ، يۈرىكىدە بۇنداق دەھشەت قورقۇنچنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىل زادى نېمە؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كۆكتىكى قۇياشتەك ئايان. بۇ قورقۇنچ ۋە ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىشلارنىڭ سەۋەبى، ماناس دەرياسى بويىدا ئۈرۈمچىگە «ھۇررا» دەپ كېرىش ئۈچۈن، كۈن ساناپ ياتقان مىللىي ئارمىيەنىڭ جاسارىتى، ھەيۋىسى ۋە تەھدىتى ئىدى. ئەمما ئادەملەرنىڭ

ئاستىدىكى زېمىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۈنچىلىك خاتىرجەم، شۈنچىلىك مەزمۇت تۇراتتى. ئۈستىدىن ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا، پەيتونلارغا، پىيادىلەرگە ۋە ئۇياقتىن بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقان ئەخلەت - چاۋالارغا، ھەتتا يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق باشلىق تەڭرىتاغلىرىغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. تارىختىن ئاۋۋال بار بولغان بۇ زېمىندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخى ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، قانچىلىغان تەڭرىلەر بارلىققا كەلدى، قانچىلىغان قاغانلار دەۋران سۈرۈپ كۆچۈپ كەتتى، قانچىلىغان دۆلەتلەر ئۆرۈلۈپ، قانچىلىغان دۆلەتلەر قۇرۇلدى، قانچىلىغان ئۇرۇشلار بولۇپ، قانچىلىغان ئىنسانلارنىڭ قانلىرى تۆكۈلدى. ئەمما بۇ زېمىن ھېچ يەرگە كەتمەي، يۈزىنى كۆكتىن ئۆرىمەي، ۋاپادارلىق بىلەن يۈزىنى قۇياشقا قارىتىپ جىم تۇردى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، چەكسىز تارىخنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۈستىدە نۇرغۇن يوللار ۋۇجۇدقا كەلدى. ھەركىم ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭدى. «ئۇيىنساڭ تۈزۈك ئوينا، ھەر كىمنىڭ يولى باشقا» دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك.

كۈزنىڭ سوغۇقى مۇنچىلىك جاندىن ئۆتسە، قىشنىڭ سوغۇقى قانچىلىكتۇ؟ دەپ ئويلىدى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە مۇزلاپ تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. يا يۈزى كۈلگەن بىرەر ئىنسان، يا يېقىملىق شىلدىرلىغان بىرەر دەرەخ، يا سايرىغان بىر قۇش ۋە ياكى دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرەر تەشتەك گۈل كۆرۈنمەيتتى. يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى يالىڭاچلىنىپ قالغان ئاق تېرەكلەر تەڭرىتاغلىرىدىن بۆسۈپ كەلگەن كۈزنىڭ نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان شامىلىدا، ئاققوۋۇقنىڭ تام تۈۋىدە غال - غال تىترەپ تۇرغان مەدىكارلار بىلەن تەڭ ھۇشقىتىپ لىڭشىيتتى. پاكار - پاكار ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قاپقارا ئىس - تۈتەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەي، خۇددى كۇھىقاپنىڭ ئىچىدىن چىققان ئەجدىھادەك ئادەملەرنىڭ بېشىدا تولغىنىپ يۈرەتتى. قۇياشنىڭ يۈزىنى قاپقارا پەردە يۆگىۋالغاچقا، كۈپكۈندۈز تۇرۇپمۇ ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە گۇڭگا كۆرۈنەتتى. تۆگىدەڭنىڭ ئارقىسكى غۇلاچ يەتكۈسىز تۈۋرۈكلىرى قاندەك قىزىل سىرلانغان بۇتخانىنىڭ ئىچىدىكى خىتاي ئاھالىسىنىڭ قۇيرۇقى ئايۋانغىچە ئۇزانغان ئىدى. دان تىرىپ يەۋاتقان قارغىلاردەك بېشىنى بىر ئىگىپ، بىر كۆتۈرۈۋاتقان خىتايلار كۈجە - ئىسرىق ۋە شام چىراقلار يېقىپ، شام چىراقنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن بۇتلار ئالدىدا تەڭرى - ئەنبىيالاردىن مەدەت ۋە ئىبسەنلىك تىلەپ، تائەت - ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. ئۈچ ئەپەندىنى ئېلىپ ماڭغان قارا پىكاپ قالايمىقان رەستە - كوچىلاردىن ئۆتۈپ، تۆگىدەڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان شەھەر مەركىزىدىن يىراقراق ھەربىي مەكتەپنىڭ قورۇسىغا ئۇدۇل كىرىپ كەتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ۋاكالىتەن ئىلى تەرەپتىن كەلگەن ئەھمەتجان ئەپەندى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئوبۇلخەيرى تۆرە قاتارلىق ئۈچ ۋەكىل بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق تىنچلىق سۆھبىتى رەسمىي باشلانغان ئىدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، ئىلى تەرەپتىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى ئۆز ھۆكۈمىتى نامىدىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش تەكلىپ - لايىھەسىنى گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا تاپشۇردى. گېنېرال جاڭ جىجۇڭمۇ «مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمە لايىھەسى»نى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە

تاپشۇردى. جاڭ جىجۇڭ بۇ كۆرسەتمە لايىھەنى لەنجۇدا ئۈچ ئەپەندىدىن تاپشۇرۇۋالغان پىكىر - لايىھەلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى قىزىل قەلەم بىلەن «X» بەلگىسى قويغان ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ، قالغان قىسىملىرىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە «يەرلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش»دېگەن ماددىنى قىستۇرۇپ تۈزۈپ چىققان ئىدى. «يەرلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش»نىڭ ئاساسلىق چارىلىرى:

«ھازىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ناھىيەلەردە، تەرتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە يېزا - بازارلارنىڭ باشلىقلىرىنى سايلاشنى تاماملاش، ئالتە ئاي ئىچىدە ناھىيەلىك كېڭەشنىڭ سايلىمىنى تۈگىتىش، خەلقچىلىق سىياسىتى يولغا قويۇش.

ناھىيەلىك كېڭەشلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيەلىك كېڭەشلەرنىڭ تەشكىلىي قانۇنىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى بويىچە ھەرقايسى ماددىلارغا قارىتا تەكلىپ سۇنۇش ھوقۇقى ۋە يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش، تەپتىش قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ناھىيەلىك كېڭەش قۇرۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن، يەرلىك خەلقتىن ئىناۋەتى يۇقىرى، بىلىم قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك بولغان ئىككى ئادەمنى سايلاش، ھۆكۈمەت ئۇلاردىن بىرىنى ناھىيە ھاكىملىقىغا قويۇش.

ھاكىمنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ياردەمدە بولۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت مۇئاۋىن ھاكىم تەيىنلەيدۇ.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۆرستىدۇ، مەركەز ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ھەمدە يەرلىك زاتلارنى تاللاپ ئىشلىتىدۇ. باشقا يەرلىك مەمۇرىي خادىملارنى ئىشقا قويغاندا، كۆپىنچىسىنى يەرلىك زاتلاردىن تاللاپ ئىشلىتىشنى پرىنسىپ قىلىش كېرەك...» قاتارلىقلار ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۆھبىتى ناھايىتى جىددىي تالاش - تارتىشلار ئىچىدە ئۆتتى. گەرچە جاڭ جىجۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ياردىمىدە، سۆھبەت ۋەكىللىرى بىلەن رەسمىي شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى سۆپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىلى ئىنقىلابى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى سۆپىتىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىگە يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەھمەتجان قاتارلىق ۋەكىللەر بىر جۇمھۇرىيەتنىڭ ۋەكىللىرىگە خاس سالاھىيەت بىلەن پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاڭ جىجۇڭنى ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بولۇپمۇ ئەھمەتجان ئەپەندى ئۆزىنىڭ ناتىقلىق قابىلىيىتىگە ۋە يۈكسەك سىياسىي بىلىمىگە تايىنىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئەركىنلىكىنى، ئازاتلىقىنى، مىللىي مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خىتاينىڭ مۇستەملىكىچىلىكىدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قوراللىق ئىنقىلابى ھەققىدە قىسقا، مېغىزلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈش بەردى. ئۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنقىلابىغا قىلىنغان تۆھمەتلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى:

«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاھ - زارلىرى چېكىگە يەتكەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ قولغا قورال ئېلىپ ئادالەت ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى. ئادالەت ھەقسىزلىك ۋە زۇلۇم قىلماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت

جەريانىدا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنى توغرا، قانۇنغا ئۇيغۇن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىڭ مىزانىغا ماس قەدەمدە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادالەتلىك بولغان دۆلەت ۋە ھۆكۈمدارنى ‹ئادىل› دەپ ئاتايمىز. ئادالەتنىڭ ئەكسى زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىق. ئادالەتلىك بولۇش ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ ئەڭ يۇكسەك مىزانى ۋە خەلقىمىز ھەم دىنىمىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى. بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ئادالەت ئۈچۈن ئادالەتسىزلىككە قارشى قىلىنغان ئىنقىلاب. ياخشىچاق بولماق ئاسان، ئەمما ئادالەتلىك بولماق تەس. ئادالەتلىك بولۇش ئۈچۈن تەڭ ھوقۇقلۇق، تەڭ - باراۋەر بولۇش، باشقىلارغا تاجاۋۇزچىلىق قىلماسلىق لازىم. تەڭ ھوقۇق ۋە تەڭ - باراۋەر بولغاندىلا بىرلىك - باراۋەرلىك ئىچىدە ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدۇ، تاجاۋۇزچىلىق بولمىسىلا، ئۇرۇش ۋە قان تۆكۈلۈش بولماي، تىنچلىق ۋە دوستلۇق ئىچىدە باراۋەر تەرەققىي قىلىپ، گۈزەل دۇنيانى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئادالەت تەلەپ قىلىمىز، ئۆز ئازاتلىقىمىزنى تەلەپ قىلىمىز!»

ئەھمەتجان ئەپەندىم ئۆز خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىنىڭ ئالتۇن مېۋىسى نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى پەلسەپىۋى قائىدە ۋە دىيالېكتىكىلىق نەزەرىيە ئاساسىدا ناھايىتى مەزمۇنلۇق قىلىپ سۆزلەپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ چېكىسىدىن تەر ئاقتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئالدىدىكى 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ مۇنچىلىك قابىلىيەتلىك سىياسىيون ۋە دىپلومات ئىكەنلىكىگە ھەيران - سەيران بولۇپ داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ پىششقان تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ، ئۆز ھېيلىسىنى ئىشقا سېلىپ:

_ مەن 60 ياشقا تاقاپ قالغان ئادەممەن، سىز بىلەن يېشىمىز بىر ھەسسە دېگۈدەك پەرقلىنىدىكەن. ئەگەر مۇنداق تاكاللىشىۋېرىدىغان بولساق ماڭا ھار كېلىدىكەن. مەن مەركەزگە ئېيتاي، باشقا ياشراق ئادەم ئەۋەتىپ سىز بىلەن سۆزلەشسۇن، - دېدى ۋە يەنە، - مەن بۇ يەرگە تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى بىلەن كەلدىم، ھازىر ئۆزۈمنى تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، دەپ قارايمەن، ئەگەر تىنچلىق ئەمەلگە ئاشمىسا، مەن ئەڭ ياخشىسى خىزمىتىمدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۇرۇمچىدىن كەتسەم بولىدۇ، - دەپ پوپوزا قىلىپ، تېرە تاراقلاتتى.

ئەھمەتجان ئەپەندى گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى ئەڭ تەرەققىيپەرۋەر، سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەگەر ئۇ كېتىپ ئورنىغا باشقا بىرسى كەلسە، بۇ سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىش تېخىمۇ قىيىنغا توختايتتى. ئۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ مۇشۇ قېتىمقى سۆھبەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر يولنىڭ يوقلۇقىمۇ ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى. مىللىي ئارمىيەنىڭ ماناس دەرياسى بويىدا بىسىم بىلەن توختىتىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى ۋەكىللەرگە سىر ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، تىنچلىق سۆھبەت ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالىي مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بارلىق كۈچى ۋە قابىلىيىتى بىلەن كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. شۇ ۋەجىدىن، ۋەكىللەر گېنېرال جاڭ جىجۇڭنىڭ تەكلىپ – لايىھەسىنى

ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن غۇلجىغا يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە، ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ سۆھبەتلىشىدىغان زىيالىيلار، ئۆلىمالار ۋە ياشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ ئەپەندى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ھەربىي مەكتەپنىڭ زالىدا 200 كىشىلىك بىر يىغىن ئېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشتىكى مەقسىدى ۋە بۇ يەردە ئېلىپ بارماقچى بولغان خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە نۇتۇق سۆزلىدى. باشتا مەسئۇد ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەردى ۋە ياشلاردىن كۈتۈدىغان ئۈمىدلىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. يىغىن ئەھلىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ياشلار ئىدى. ئۈچ ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتىدىن ۋە سۆزلىرىگە ھىرىسمەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ ئۆز ئۇستازلىرىدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدلىرىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن نېمىلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى، ئېغىزلىرىدىن قانداق سۆزلەرنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۆز نۇتقىنىڭ دائىرىسىنى بىر ئاز كېڭەيتىپ سۆز قىلدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قىسقىچە تارىخى، ئۆزىنىڭ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئىنقىلابلىرى ۋە چۈڭچىڭدا نەشىردىن چىقارغان ئالتاي مەجمۇئەسى ھەققىدە چۈشەنچە بەردى. ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ تۈرك خەلقلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان زۇلمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكى، بۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابلارنىڭ قانۇنسىز ئەمەس، ئەكسىچە ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەققانىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ قەلبىگە مۆھۈر قىلىپ ئۇرۇۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇرتقا بولغان سېغىنىشلىرى، ھەسرەتلىرى ئىپادىلەنگەن «ئۇلۇغ يۇرتۇم» ناملىق شېئىرىنى ناھايىتى ۋەزىنلىك قىلىپ ئوقۇدى:

ئۇلۇغ يۇرتۇم، ئەزىز يۇرتۇم، سېنى جاندىن سالاملايمەن،
بۇ ئاغرىق كۆزلىرىمنى، تۇپرىقىڭ بىرلە داۋالايمەن.
ھاۋايىڭ بىرلە قايغۇدىن يۈرەكىمنى ئادالايمەن،
ئۇلۇغ يۇرتۇم، ئەزىز يۇرتۇم، سېنى جاندىن سالاملايمەن.

ئۇ كۈن مەن تۇپراقىڭدىن ئاھۇ، قان - ياش بىرلە ئايرىلدىم،
پىراقىڭ دەردىدە پەرۋانەدەك چۆگرەڭدە ئايلاندىم.
ئېگىز تاغلار، يامان چۆللەر، ئۇلۇغ سۇلار ئارا كەزدىم،
سەن ئولدۇڭ رابىئە، ئىشقىڭدا مەن سەئىدىن كەبى ياندىم.

ئون ئىككى يىل سېنىڭ دەردىڭدە بىر دىۋانە بولدۇم مەن،
جاھان خەلقى ئارا لەت بېرىپ ئەپسانە بولدۇم مەن.

ئۇمىد ئۈزگەندە سەندىن، ئەقلىدىن بىگانە بولدۇم مەن،
ئۈمىد كەلگەندە بىر يولۋاس كەبى مەردانە بولدۇم مەن.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ شېئىرىنى ئاڭلىغان ياشلار ھاياجان ئىلكىدە ئۆزلىرىنى تۇتالماي، ئۇزاققىچە ئۇزۇلدۇرمەي چاۋاك چېلىشتى، قىزغىن ئالقىشلاردىن تېخىمۇ ئىلھام ئالغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، نۇتقىنىڭ تېمىسىنى مىللەتپەرۋەرلىك نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈردى:

«شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللەتلىرى ئۆزىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى، مۇختارىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جەزمەن كۈچلۈك بولغان ئىجتىمائىي ئاڭغا ئىگە بولۇشى لازىم. ئۇ دەل، بىر پۈتۈن ئورتاق مىللەتپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان تۈرك مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسى. بىز شۇ ئىدىيەنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئورتاق تەرەققىياتقا، ئورتاق ئىلگىرىلەشكە يۈزلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزىمىز موھتاج بولغان كۈچكە ۋە جاسارەتكە ئىگە بولۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى روھىيەت دۇنيارىمىزنى كىشەنلەپ تۇرغان قۇللۇق زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلايمىز. تۈركچىلىك ئىدىيىسى كۆكتىكى يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ، گەرچە ئۇنىڭغا قولىمىز يەتمىسمۇ، ئەمما ئۇ بىزگە يولىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ، مەنزىلىمىزگە يەتكۈزىدۇ. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، مىللەتنى قۇتقۇزۇش سىلەردەك ئىلغار پىكىرلىك مىللەتچى ياشلارنىڭ قولىدا ۋە سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردا ئېقىۋاتقان ئىسسىق قاننىڭ شىجائىتىدە. مىللەتنى ئويغىتىدىغان ۋە ئۇنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرىدىغان، شۇنىڭدەك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان كۈچ، دەل سىلەر بىلەن بىز. ئىنسانغا ئەڭ كېرەكلىك بولغان كۈچ، ئىدىيە ۋە ئۇنىڭ ئېڭىدۇر. مىللەتنىڭ ئۆلگەن روھىنى تىرىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، غايەت زور كۈچكە ئايلاندۇرمىساق، مىللىتىمىز ئۆز ئەركىنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە، نۆۋەتتىكى ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك ئىدىيەنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە شۇنداق خىتاپ قىلىمەنكى، مۇشۇ مەجلىستە ئولتۇرغان ھەربىر ياش ئۆز ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەتلىرىگە تايىنىپ، تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىش، تەرغىپ قىلىش ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشى كېرەك. خىتايلار بىلەن توي قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە ھەۋەس قىلىدىغان قىلمىشلاردىن ساقلىنىش كېرەك. نۆۋەتتە مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئىلىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى ئارىسىدا، تىنچلىق كېلىشىمى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن جىددىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بىز بۇ تىنچلىق كېلىشىمنىڭ تۈرك مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشىغا بارلىق كۈچىمىز بىلەن تىرىشىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، گېزىت - ژۇرنال چىقىرىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا مىللىي ئاڭنى، مىللىي سىياسى قاراشنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، دەسلەپكى قەدەمدە تۈرك مىللىتىنىڭ مۇختارىيەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. بىز دائىم بەختىمىزنى سىرتتىن ئىزدىدۇق، ھىلىھەم سىرتقا يۈلىنىپ ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرىمىز دەۋاتىمىز، ئەسلىدە بەخت ئۆز ئىچىمىزدە. بىز ئۆزىمىزگە تايىنىشىمىز، ئۆز كۈچىمىز بىلەن ئۆز ئەركىنلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. بىز تۆلىگەن بەدەللەرگە تۇشلۇق بىر نەتىجىگە ئېرىشىشىمىز

كېرەك! ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ يولدا ئۆلگەن شېھىتلىرىمىزنىڭ روھلىرى قورۇنۇپ قالىدۇ. قىيامەتتە ئۇلارنىڭ ئىككى قولى ياقىمىزغا ئېسىلىدۇ! بۇ ھاياتتا ئادەم ئۆچۈن ئەڭ چوڭ پۇشايمان، پۇشايمان بولۇپ قالماي دەپ، قورقۇپ قىلمىغان ئىشلىرىدۇر. بىز ھەرگىز ئىش قىلىشتىن، كۈرەش قىلىشتىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. بولۇپمۇ بۆگۈنكىدەك تارىخىي بىر دەۋردە جىم تۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ! خىتايلار بىلەن بولغان سىياسىي كۈرەشتە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزم ئىدىيەسىگە قارشى كۈرەش سەپلىرىدە، سىلەردەك ئوت يۈرەك مىللەتچى ياشلارنىڭ بىزنىڭ يېنىمىزدا بولۇشىڭلارنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمىز. بىزدە ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇق، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بەك كۆپ. ئەمما ئۇ تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەيدىغان، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان سىلەردەك ئوقۇغۇچىلار يوق. بىز سىلەرگە موھتاج، سىلەر بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرامسىلەر؟»

زالدىكى پۈتۈن ياشلار بىردەك «تۇرىمىز!» دەپ توۋلىدى. بەزى ياشلار ھاياجانلانغانلىقىدىن تارام - تارام ياشلارنى تۆكۈۋاتاتتى. «ئەردەم باشى تىل» دەپ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ بۇ تەسىرلىك نۇتقى زالدىكى بارلىق ياشلاردا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان ئىدى. ئارقىدىن ھاياجانلانغان ياشلار كەينى - كەينىدىن سۆزگە چىقىپ، يىللاردىن بۇيان ئېيتىشقا ئىمكان تاپالمىغان دەرتلىرىنى، ئىچىدىن ئۆرتۈپ چىققان مۇڭ - زارلىرىنى تەسىرلىك ئىبارىلەپ، كۆپچىلىككە ئاڭلاتتى. بەزىلىرى بۇ يولدا ئۈچ ئەپەندى بىلەن ئاداققىچە بىرگە ماڭىدىغانلىقىنى جاراڭلىق شوئارلار بىلەن نامايەن قىلدى. شۇندىن كېيىن بۇ يىغىننىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، پۈتۈن ئۈرۈمچى مىقياسىدا مىللەتچىلىك ئىدىيەسى توغرىسىدا غۇلغۇلا قوزغالدى. بۇ يىغىلىشتىن نارازى بولغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن باش قوماندان جۇ شاۋلياڭلار، ئۈچ ئەپەندىنى جاڭ جىجۇڭغا شىكايەت قىلدى. ئەسلىدىلا، بۇ ئىككىسى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا قارشى ئېقىمدىكىلەر ئىدى، ئۇلار ئىزچىل ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلىپ، مىللىي ئىنقىلابنى قانلىق باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ئۈچ ئەپەندىنىڭ پائالىيىتى ئۇلارنىڭ تازا چىشىغا تەگكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، ئۈچ ئەپەندىنى مەركەزگە كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە تېلگراما بېرىپ، ئۈچ ئەپەندىنى شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە مەركەزدىن ئاگاھلاندۇرۇش كېلىپ، ئىككىنچى مۇنداق يىغىلىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا ئۈچ ئەپەندىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، ئۇندىن باشقا، شۇ يىغىندا سۆزگە چىققان ياشلارنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ئۈچ ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشنى مەنئى قىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، گومىنداڭ ئۈچ ئەپەندىنىڭ پائالىيىتىنى ھەرۋاقىت كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئارقىسىغا پايلاقچى قويۇپ، ئۇلارنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. لېكىن ئۇلار ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ ھەرىكىتىنى پۈتۈنلەي چەكلىيەلمەيتتى. چۈنكى ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تېخى تىنچلىق بىتىمى ئورنىتىپ بولالمىغانىدى. بۇنداق نازۇك ۋەزىيەتتە، ۋۇ جۇڭشىن قاتارلىق جاھىل كۈچلەر ئۈچ ئەپەندىگە قاتتىق قوللۇق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، جاڭ جىجۇڭنىڭ ئۈچ ئەپەندىنى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىشتىكى مەقسىتىمۇ، ئۇلارنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي

تۇركىستاندىكى ئۆزلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى تېرىش، ئۇنى پەرۋىش قىلىپ يېتىلدۈرۈپ، ئاخىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىر - بىرىگە دۈشمەن قىلىپ بۆلۈپ، پارچىلاپ ئىدارە قىلىش ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جاڭ جىجۇڭ ئۈچ ئەپەندىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان نەپرىتىنى سوۋېت كونسۇلىغا ھەيۋە قىلىپ كۆرسىتىپ، گومىنداڭنىڭ تىنچلىق بېتىمدا شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا قولدىن بېرىپ قويىدىغان مەنپەئەتلىرىنى، ئىمتىيازلىرىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆرۈنۈشتە قارشى تۇرغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قەستەن كۆز يۇماتتى. بۇنداق بىر شارائىتتا، ئۈچ ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ئۇرۇقىنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىغا تېرىش ئۈچۈن، جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ ھەرقايسى سىنىپىي قاتلاملىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى زىيالىيلار ۋە ئۆلىمالار بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئۆزلىرىنىڭ مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش ئىستىكىنى شەرقىي تۈركىستان سەرخىللىرىنىڭ ۋە ياشلىرىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن، يېپىق ۋە ئاشكارا ھەر خىل سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۈچ ئەپەندى پەيت كۈتۈپ يۈرۈپ، ئىلىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئاران ئېرىشتى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە سۆھبەت ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتىمۇ مەخپىي ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك پروگراممىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، قەددى - قامەتلىك، قاپقارا قويۇق بۇرۇت قويۇپ يۈرۈيدىغان 40 ياشلار چامىسىدىكى خۇش پىچىم كەلگەن رەھىمجان سابىرھاجى، دەل مەسئۇد ئەپەندىنىڭ جىيەنى ۋە كۈيئوغلى ئىدى. شۇ ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن، مەسئۇد ئەپەندى ئۆز كۈيئوغلى بىلەن ئەھمەتجان ئەپەندى ۋە ئوبۇلخەيرى تۆرىنى ئۆزىنىڭ تۇرىۋاتقان ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، ئالاھىدە داستىخان سالدى. رەھىمجان سابىرھاجى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىلى ئىنقىلابىنى پىلانلىغان «شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى»نىڭ رەھبىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ئارىغا كېلىپ، ئاران دېگەندە كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانىدى. بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە، ئۈچ ئەپەندى ئىلىدىكى ئىنقىلاب توغرىسىدا خېلى تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولدى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. بولۇپمۇ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ مۇختارىيەت تەلەپ قىلىش مەپكۇرەسىنى بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ، ئەينى چاغدا لەنجۇدا گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا بەرگەن تەكلىپ - لايىھەسىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ شەخسى پىكرى سۈپىتىدە نۆۋەتتىكى تىنچلىق سۆھبەت ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ قالار دېگەن ئوي بىلەن، بەزى جىددىي مەسىلىلەرنىمۇ قايتا تەكىتلىدى ۋە ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئەھمەتجان ئەپەندىگە قاراپ:

_ ئەھمەتجان ئەپەندىم، سىز بۇ قېتىمقى تىنچلىق سۆھبىتىدە، پەقەت ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك مىللىتىنىڭ ئىرادىسىگە، ئۈمىد - ئارزۇلىرىغا ۋەكىللىك قىلىسىز. بىز سىزنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ مەۋقەسىدە تۇرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز. لېكىن سىلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتىسىلەر، بۇ ھەممىمىزگە شۇنچىلىك ئايان بىر مەسىلە. شەخسەن مەن ھېچبىر زامان سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەيمەن. شۇنداقتىمۇ بىزلەر سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا تۇرىمىز. بىز سىلەرنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىدە ھەممىمىز ئورتاق كۆزلىگەن نەتىجىگە ئىگە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز ۋە قولىمىزدىن كېلىدىغان ياردەمنى قىلىمىز. چۈنكى بۇ قېتىمقى پۇرسەت بىز ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم، بۇنى تەكىتلىمىسەممۇ سىزگە ئايان. ئەنە شۇنداق پۇرسەت كەلگەن ئىكەن، ئۆز تەلەپلىرىمىزنى ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئۇنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇش تۈرك مىللىتىنىڭ ھەققى!

ئەلۋەتتە، بۇ مېھماندارچىلىقتا رەھىمجان سابىرھاجى بىلەن بىرگە ئەھمەتجان ئەپەندىنىمۇ چاقىرىشتا مەقسەت بار ئىدى. يەنى، ئۈچ ئەپەندى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇجادىلىسىنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرۈپ قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى ئويلىرىنى دەڭسەپ باقماقچى ئىدى، مۇمكىن بولسا ئورتاق پىكىر بىرلىكى ئىچىدە، تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ياخشى بىر نەتىجىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئەھمەتجان ئەپەندى ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، تەقى - تۇرقى قاملاشقان، خۇش چىراي، كىچىك پېئىل كىشى ئىدى. ئوتتۇرا بوي تۇرقىنى دائىما تىكمۇ تىك تۇتۇپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۈستى - بېشىدىكى كىيىملىرى ماشىنىچىلارنىڭ پىرى ئۆز قولى بىلەن ناھايىتى ئالاھىدە تىككەندەك، ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقان ئىدى. ئۇنىڭ كاستۇمىنىڭ ياقىسىدىكى ئاي يۇلتۇزلۇق ئوردېن ئۆيدىكى ئېلېكتر چىرىقىنىڭ نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ، ئۇچ ئەپەندىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلغانىدى. قارا كۆك سارجا بۇرۇلكىسىنىڭ قىرلىرى ياخشى تاۋلانغان قىلىچنىڭ بىسىدەك بۇزۇلماي تىك تۇراتتى. پارقىراپ تۇرغان قارا خۇرۇم شىبلىتىنىڭ رانتىسىدىكى موملانغان كاناپ يىپ بىلەن تىكىلگەن ئۇششاق تىكىشلەر، بىر تىزىق ئۈنچىدەك يالتىراق كۆرۈنەتتى. ئۇ قىسقا چاچ قويۇۋالغان بېشىغا قۇياش، يول ۋە بۇغداي باشقىدىن تەشكىل قىلغان ئالما چېچەكدەك كۆرۈنىدىغان سۈرەت كەشتىلەنگەن ئىلى تارانچىلىرىنىڭ بېغىرەڭ دۇخاۋا دوپپىسىنى كىيىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىنىڭ ئاستىدىكى قويۇق قاشلىرى، بىر جۈپ قارا قاشتېشىدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ قويۇۋالغان قاپقارا بۇرۇتى، پارقىراپ تۇرغان لەۋلىرى ئارىسىدىكى ئۈنچىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان مەزمۇت چىشلىرى بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزىگە شۇنچىلىك ياراشقان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇنلۇقى بىلەن بەقۇۋۋەت گەۋدىسى ئۇنى تېخىمۇ جەسۇر قىلىپ كۆرسىتەتتى.

ئەھمەتجان ئەپەندىم ھازىر شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي بۆلۈم باشلىقى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، ھەربىي ئىشلار ھەيئىتىدىكى بەش ئەزانىڭ بىرى ۋە بۇ قېتىمقى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ئۇ، سورۇندىكى ھەممە سەپداشلىرىنىڭ سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ شۇنچىلىك دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز قاراشلىرىنى يوشۇرمايلا، خۇددى كونا تونۇشلار ئالدىدا پاراڭ قىلغاندەك، ئەركىن ئولتۇرۇپ سۆزلىدى:

_ ئەلۋەتتە، سىز ئېيتقاندەك ئۆز تەلەپلىرىمىزنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىمىز ۋە ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى ئويلىشىپ مۇزاكىرە قىلىمىز. كېلىشىم دېگەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈستىگە تۈزۈلىدۇ. ھەرگىز ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ، شۇنچە بەرگەن قۇربانلارنى، تۆكۈلگەن قانلارنى زايە قىلىۋېتىدىغان ئىش بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ھەممىمىز خاتىرجەم بولساق بولىدۇ! خەلق ماڭا ئىشىنىپ مېنى ۋەكىل قىلغان ئىكەن، ئەلۋەتتە، خەلقىمىزنىڭ پۈتۈن مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن ۋە ھەققانىيەت يولىدىن ھەرگىز يانمايمەن. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيىشكە تېخى بالدۇر. بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ئېغىر ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمە لايىھەسىنى كۆرۈپ، مۇزاكىرە قىلدۇق. بۇنىڭدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئارزۇسى قىلچە ئېتىبارغا ئېلىنماپتۇ. ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇندىن تارتىپ ئۇلار دەپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئىجرا قىلىنماي قەغەز يۈزىدىلا قالغان گەپلەر. بىزنىڭ نۆۋەتتە تەلەپ قىلىۋاتقىنىمىز، مۇختارىيەتتىن ئۈستۈن بولغان ئالىي مۇختارىيەت، يەنى ئۆز مىللىي ئارمىيەمىزنى، ئۆز بايرىقىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا چىڭ تۇرۇش. بۇ مەسىلىدە ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتتىمۇ كۆپ تالاش - تارتىش بولۇۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ قاراشلىرىمىز بىلەن سىلەرنىڭكىدە كۆپ پەرق يوق. بىزنىڭ ماڭغان يوللىرىمىز ھەر خىل بولغىنى بىلەن بارىدىغان نىشانىمىز بەرىبىر ئوخشاش. شۇڭا بىز بىر - بىرىمىزدىن كۆپ گۇمان قىلمىساقمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغانلىقىمىز ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراق ياردىمى بىلەن بۇ ئىنقىلابنى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشىمىز بىلەن سىلەرنىڭ جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئىنسابىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، مۇختارىيەت ئالىمىز دەيدىغان ئىدىيەلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. تاللىغان ۋاستە ئوخشىمىغان بىلەن نىشانىمىز يەنىلا ئوخشاش. ھەممىمىز مۇشۇ مىللەتنىڭ نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچكەن ئوغلانلىرىمىز. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان خەلقئارا ۋەزىيەتكە قارايدىغان بولساق، بەزى مىللەتلەرنىڭ كىم بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىنى قوبۇل قىلىپ، نېمىنى رەت قىلىشىنى كۆپ ۋاقىتلاردا دۇنيادىكى مۇھىم كۈچلەر بەلگىلەۋاتىدۇ. دېمەككى، كۈچلۈك دۆلەتلەر بىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە قارار بېرىشىدىن بۇرۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىم بولغانلىقىغا قارار بېرەلمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاجىزلار ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇۋاتىدۇ. بۇنى مەن ئېيتمىسامىمۇ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇرۇشنى ئاجىزلار قىلغان بىلەن ھۆكۈمنى دائىم كۈچلۈكلەر بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئاجىزلار داۋاملىق كۈچلۈك بولۇشنى ئويلىشى لازىم. بۈگۈنكى دۇنيادا ئاجىز مىللەتلەرنىڭ نېمىگە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ھېچقاندا مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى دۇنيانى كونترول ئاستىغا ئالغان كۈچلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ نېمىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى. ئۇلار دائىم بىزدەك مەزلۇملارنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇش يولىدىكى ۋاستىسى قىلىپ تاللاپ، مەقسەتكە يەتكەندە تاشلايدۇ، خالاس. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە تراگېدىيەگە تولغان قانلىق تارىخ گۇۋاھ! شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كۈچىدىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز لازىم، بۇنىڭ ئۆزى

سىياسەت. سىياسەتنىڭ ئۆزى كۈچ، بۇ دۇنيادا كۈچلۈك بولغان ھەرۋاقىت ھەقلىق بولىدۇ. بىزنىڭ سىياسەتكە تايىنىپ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئارمىيەسىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىزنىڭ ئۆزى، نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە. ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا 30 مىڭدىن ئوشۇق مىللىي ئارمىيەمىز بار، مانا بۇمۇ زور بىر كۈچ. بىز مۇشۇ كۈچكە تايىنىپ ئادالەت ئىستەۋاتىمىز، دۆلەت ئىستەۋاتىمىز. دۆلەتسىز مىللەتنىڭ مىللىي روھى ئۆلىدۇ، مىللىي روھ ئۆلسە ۋەتەن مۇنقەرز بولىدۇ. ۋەتەن مۇنقەرز بولسا مىللەت پۈتۈنلەي يوقىلىشقا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ غايىمىز ئۆزىمىز قۇرغان دۆلەتنى ئامال بار ساقلاپ قېلىش، ئەڭ بولمىغاندا ئالىي مۇختارىيەتكە ئېرىشىش. ئەلۋەتتە، بۇلارنى باشقىلار سەدىقە ۋە ئىئانە قىلىپ بەرمەيدۇ، ئۇنى بىز كۈرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، ئاندىن پەرۋىش بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئاسرىشىمىز زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممە ئىش ئۆزىمىزنىڭ قۇدرىتىگە باغلىق.

ئەھمەتجان ئەپەندى ئاخىرىدا سۆزىنىڭ تونىنى كۆتۈرۈپ: «مىللىتىم ئېزىلگەن، تەڭسىزلىكتە تۇرغاندا، مەن بىر مىللەتچىمەن، مىللىتىم ئېزىلىشتىن قۇتۇلغان، تەڭلىككە ئېرىشكەن چاغدا، مەن مىللەتچى ئەمەسمەن» دەپ سۆزىنى كەستى.

ئەھمەتجان ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئۈچ ئەپەندى بىر ـ بىرلىرىگە قاراپ، ئۇزاققىچە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئەھمەتجان ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتى ئاشتى، ئۇ توغرىسىدىكى بەزى گۇڭگا تۇمانلار كاللىسىدىن تارىلىپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەھمەتجان ئەپەندىنىڭ قاراشلىرى ئۇنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئوۋۇلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئەتراپىنى مىللەتنىڭ ئۈمىدىنىڭ قورشاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىردىنلا پەيلاسوپ نىتچېنىڭ «راست، ئادەم دېگەن لاي ئېقىن، شۇ لاي ئېقىننى سىغدۇرۇپ تازىلىۋېتەلەيدىغان دېڭىز كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدى. بۇ دېڭىز ئالدىمدىكى شۇ يىگىتمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

بۈگۈن ھاۋا دەھشەت مانانلىق بولۇپ، سىبىرىيەنىڭ قەھرىتان سوغۇقى ئۈرۈمچىگە بېسىپ كەلگەن ئىدى. كوچىدا مۇزلاپ تىترەپ، شۈمشەيگەن تۇمشۇقلىرىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر چاققانراق ئىسسىق بىر يەرگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. يوللار مۇز بولۇپ قېتىۋالغاچقا، ھەممە يەر غىلتاڭ بولۇپ، يولچىلار قىينىلىپ ماڭالمايتتى. يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنى قېلىن قىرو باغلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىلگەن شاخلىرى، دار ئالدىدىكى گۇناھكاردەك، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇراتتى. ھاۋا بارغانسېرى قارىداپ، جاللاتنىڭ ئەپتىدەك سۈرلۈك ۋە زەھەرلىك بولۇپ ئۆزگەرگەن ئىدى. مانا ئەمدى تۈۋنى كۆرگىلى بولمايدىغان تۇتۇق ئاسماندىن ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى چۈشۈشكە باشلىدى، كېيىن بال قوشۇقتەك قارلار خۇددى ئاسماندىن بىرسى پوملاپ ئېتىۋاتقاندەك يولدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستى ـ بېشىغا يېغىشقا باشلىدى. كۈچلۈك شامال ئەگىشىپ ئۇرغان ئاچچىق سوغۇق خۇددى بۆرگە چاققاندەك ئادەملەرنىڭ يۈزلىرىگە سانجىلىپ، ئېچىشتۇرۇپ باراتتى. شامال كۈچىيىپ بورانغا ئايلاندى. كاللەك ـ كاللەك قارلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ، يولدا ئاران قەدەم ئېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆمۈۋېتىپ باراتتى. دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىكى قىرو ۋە قارلار ئاتقان پاختىدەك ئەتراپقا توزۇشقا باشلىدى. قاتتىق بوران ئۆزىگە قارشى يول ئالغانلارنىڭ يولىنى كەسسە،

ئۆزىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە يول ئالغانلارنى ئىتتىرىپ ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتاتتى. مانا بۇ تەبىئەتنىڭ جازاسى. بىز نېمىنى خاتا قىلدۇق؟ نېمە ئۈچۈن تۈز يول ماڭالمايمىز؟ كۆزلىرىمىزنى ئاچالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن تەبىئەتمۇ بىزگە زۇلۇم سالىدۇ؟

بۈگۈن دەل 2 - يانۋار بولۇپ، غەربىي بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى يىغىن زالىدا «11 بىتىم» ئىمزالىنىۋاتقان چاغ ئىدى. بىتىمنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە بېكىتىلدى:

1. مەركىزىي ھۆكۈمەت يەرلىك خەلققە ئۆزلىرى ئىشىنىدىغان يەرلىك زاتلارنى مەمۇرىي ئەمەلدارلىققا سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ.

2. ھۆكۈمەت دىنىي كەمسىتىشنى بىكار قىلىدۇ ھەمدە خەلققە تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېرىدۇ.

3. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەت - ئالاقىلىرىدە دۆلەت تىلى ۋە مۇسۇلمان تىللىرى تەڭ قوللىنىلىدۇ. خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە سۇنغان ئەرز، ئىلتىماسلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا يېزىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا بولىدۇ. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى مەجبۇرى دەرس بولۇپ ئۆتۈلىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش زۆرۈرىيىتىگە قاراپ، دەرس ئۆتۈشتە دۆلەت تىلى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى تەڭ قوللىنىلىدۇ.

5. دۆلەت مىللىي مەدەنىيەت بىلەن سەنئەتنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى تەمىن قىلىدۇ.

6. ھۆكۈمەت مەتبۇئاتتا، مەجلىسلەردە، نۇتۇق - سۆزلەردە ھۆرلۈكنى تەمىن قىلىدۇ.

7. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ باج نىسبىتىنى بەلگىلەيدۇ. خەلق ھۆكۈمەت ئالدىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سېلىقنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. ئەمما، بۇ خىل مەجبۇرىيەتنىڭ مىقدارى خەلقنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىكنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

8. ھۆكۈمەت سودىگەرلەرگە ئىچكى - تاشقى سودا ئەركىنلىكىنى بېرىدۇ. ئەمما چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلغۇچى سودىگەرلەر مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سودا شەرتنامىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

9. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىنى مەركەز تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى 25 نەپەر بولىدۇ. 25 نەپەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسىنىڭ ئونىنى مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدۇ. مەركەز بىۋاستە تەيىنلەيدىغان ئون ھەيئەت ئەزا رەئىس، باش كاتىپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، تەمرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىككى مەخسۇس ھەيئەت ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى خەلق ۋەكىللىرى كۆرسىتىپ مەركەز تەيىنلەيدىغان 15 ھەيئەت ئەزا ئىككى مۇئاۋىن رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن باش كاتىپ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، تەمرات نازارىتىنىڭ نازىرى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە بەش مەخسۇس ھەيئەت ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

10. مىللىي ئارمىيە قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.
11. ۋەقە يۈز بەرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىككى تەرەپ قولغا ئالغان زاتلار ۋەقە ھەل قىلىنغاندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە قويۇپ بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن كەمسىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ.

گەرچە بىتىمگە ھەر ئىككىلى تەرەپ قول قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ھەل بولمىغان ئىدى. شۇڭا سۆھبەت يەنە داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇ جەرياندا ئۈچ ئەپەندى ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى كەڭ تەرغىپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى. چۈنكى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى بىتىمدە ئىدى. بۇنداق چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زىتىغا تېگىدىغان تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلىدىغان مىللەتچىلەر، ئەلۋەتتە خىتايلارنىڭ ئۈمىچىغا تۈز سېپىپ، تەمىگە تەم قېتىۋاتاتتى. شۇڭا جاڭ جىجۇڭ ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە چوماق سوقمىدى. تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك مىللەتلىرىنى ئىدارە قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇنداق بىر ئىدېئولوگىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىدا بىخ ئۇرۇپ چىقىشى، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلىنى پەۋقۇلئاددە بىئارام قىلدى، ھەتتا ئۇلار ئۈچ ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭدىن ئۇلارنى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن چىقىرىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتنىڭ ئىككى تەرەپ تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مەزگىلدە شەكىللىنىشى، جاڭ جىجۇڭنىڭ قولىدىكى كوزىرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جاڭ جىجۇڭ بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرى بىلەن تۈزگەن ئون بىر بىتىمنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ، جىددىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بارسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۈچ ئەپەندىنىڭ قويغان تەلەپلىرىنى ئامال بار ئورۇنلايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى پائالىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈشىگە يول قويىدى. بۇ ئارىلىقتا جاڭ جىجۇڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللىرىنىڭ ئون بىر بىتىمگە مۇناسىۋەتلىك تەلەپلىرىنى مەركەزگە دوكلات قىلىش ئۈچۈن چۆچەكگە بارماقچى بولۇپ، ئۆزى بىلەن بىرگە ئۈچ ئەپەندىنىمۇ ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئەمما ئۈچ ئەپەندى قوشۇلمىدى. لېكىن جاڭ جىجۇڭ كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىشنى تەكىتلەپ، ئاخىرى مەسئۇد ئەپەندى بىلەن ئىيسا ئەپەندىنى يېنىغا ئېلىپ چۆچەكگە يۈرۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بولسا مەركەزگە بارمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارىنىڭ قەتئىي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۈرۈمچىدە قالدى. ئۇ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز ئۆيىدە ياشلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاۋانگارت ياشلارنىڭ تىزىملىكىنى تەييارلىدى ۋە كەلگۈسىدە قۇرماقچى بولغان تۈركىستان مىللەتچى پارتىيەسىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇش خىزمەتلىرىنى جىددىي ئىشلىدى.

3 – ماي، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى ۋە «شىنجاڭ» ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ كەلدى. مەسئۇد ئەپەندى بولسا

تەپتىشلىككە تەيىنلەنگەن ئىدى. ئۈچ ئەپەندى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قۇرماقچى بولغان تۈركىستان مىللەتچى پارتىيەسىنى قۇرۇشقا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەركەز بىلەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىتىم رەسمى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن باسقۇچقا قەدەم باسقانلىقى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، گومىنداڭ تەرەپ بۇلارنى باھانە قىلىپ، پارتىيەنى قۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى. بۇنداق بىر تارىخىي ۋەزىيەتتە، ئىيسا ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇلار «ئالتاي نەشرىياتى»نى قايتا جانلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ۋە ئىدىيەلىرىنى ئالتاي مەجمۇئەسىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا كەڭ يېيىش كۈرىشىگە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئۇلار «ئەرك» ناملىق كۈندىلىك گېزىتنى نەشىردىن چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، ياردەمچى مۇھەررىرى پولات قادىرى بولدى. پولات قادىرى يىگىرمە يەتتە ياشلاردىكى بوي - بەستى ئورۇق، ئېگىز كەلگەن، پېشانىسى كەڭ، قاشلىرى قارا، غورۇلايكۆز، يۈزى سەل يۇمۇلاق، قۇلاقلىرى چوڭراق، بۇرنى ئېگىز، لەۋلىرى نېپىز، ئېغىزى كىچىك، شالاڭ ساقال - بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان، ئاق ئۆڭلۈك، زىيالىي سۈپەت ئوغلان ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدا ئۈرۈمچىدە كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقاپ، پوزۇر يۈرۈيدىغان ياشلار ئىچىدىكى بىلىملىك، مىللەتچى ياشلارنىڭ ئەڭ ئالدى ھېسابلىناتتى. پولات قادىرىنىڭ روھى ۋە ئۇنىڭ ئەردەمى ئۇنى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن تىنىماي خىزمەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مىللىتىگە خىزمەت قىلىدىغان ھارماس جەڭچىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ ھەر دەۋرنىڭ ئۇستا سىياسەت، ياخشى تەشۋىقات ۋە پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇچىغا مۇجەسسەملەنگەن قەلەم بىلەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇ ۋەجىدىن «ئالتاي نەشرىياتى»نىڭ گۈللىنىشى ۋە «ئەرك» گېزىتىنىڭ تېخىمۇ مول مەزمۇنلار بىلەن خەلققە يۈزلىنىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئەنە شۇ ئارزۇ - ئىستەكلەرگە تولغان بىر قەلب بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى نەشرىيات ئىشلىرىغا ئاتىغان ئىدى. پولات قادىرىنىڭ ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقى بىلەن نەشرىياتنىڭ ئىشلىرى باشقىچە يۈرۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ بۇ گېزىتكە تۈرك تارىخى، ئەدەبىياتى، پەلسەپەسى ۋە سىياسەتكە ئائىت ماقالىلەر ئۇزۇلمەي چىققاچقا، خەلقنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان گېزىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بەزىدە بىر پۈتۈن تۈرك تارىخىغا ئائىت ماقالىلەر ئېلان قىلىنسا، بەزىدە سىياسەتكە ئائىت ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە مىللەتنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى ئەدەبىيات ژانىرلىرى ئىدى. ئەدەبىيات بىر مىللەتنىڭ ئەڭ گۈزەل تىل ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، شۇ مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، پىسخىكىسىنى، پەلسەپەسىنى ۋە تارىخى بىلەن سىياسەتلىرىنى ئىستېتىك يۇسۇندا ئىپادىلەپ بېرىدىغان پەن بولغاچقا، بۇ پەننىڭ بىلىمسەل ۋە سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى مىللەتنى ئۆزىگە ئالاھىدە مەپتۇن قىلغان ئىدى. «ئەرك» كۈندىلىك گېزىتى شېئىر، نەسىرلەرنى ئېلان قىلىشتىن باشقا، يەنە ھېكايىلەرمۇ ئېلان قىلاتتى. بولۇپمۇ مەسئۇد ئەپەندىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، بەدىئىي كۈچكە تولغان قىسقا ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىنى ئالاھىدە تارتقان ئىدى. ئۇنىڭ چۈڭچىڭدىكى چاغلىرىدا يازغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق نەسرى «ئەرك» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، تەپەككۇر دېڭىزلىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا باشلاپ بارغان ئىدى. مەسئۇد

ئەپەندى «ئىلى دەرياسى»ناملىق بۇ نەسرىدە، ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدىكى ئىلى دەرياسىغا بولغان سېغىنىشلىق ھېسسىياتلىرىنى، ئۆكۈنۈش ۋە ئىزتىراپلىرىنى، ئۈنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىد، ئىستەكلىرىنى ۋە ئىرادىسىنى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي تىل بىلەن ئىپادىلىگەن، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاجايىپ بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىدى. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ چەكسىز كۈچى! گەرچە بۇ ئەسەر ئاددىي قەلەم بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەسەرنى مەسئۇد ئەپەندى مىللەتنىڭ قان - ياشلىرىنى سىياھ قىلىپ يازغان ئىدى. چۈنكى بۇ ئەسەرگە پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ روھى جۇغلانغان ئىدى. ئەسەر بۇنداق يېزىلغان:

«سالام ئىلى دەرياسى!

سەن بىز بىلەن ئەزەلدىن بېرى دوست بولۇپ كەلمەكتىسەن. سەن ھەر زامان بىزنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدىڭ، ئۇسسىغاندا ئۇسسىزلىقىمىزنى قاندۇراتتىڭ. مانا ھازىرقى خاتىرجەمسىز كۈنلەردە يېنىڭنى پانا تارتىپ كەلدۇق. قايغۇ - ھەسرەتلىرىمىزنى ساڭا تۆكۈپ، ئىچىمىزنى بوشاتتۇق، ئەمدى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمىز. سەنمۇ بىز ئېيتقان بۇ دەردلەرنى ئاڭلىمىدىڭ ئەمەس، ئاڭلىدىڭ. بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى بىلگەچكە، بىزنى شۇنچىلىك ئوبدان تونۇپ يەتتىڭ. بىزمۇ سېنى ئوبدان بىلىمىز، چۈنكى، بىز بىر ۋەتەننىڭ ئەۋلادلىرى. بىر تاۋاقتا ئاش يېگەن، بىر بۇردا ناننى تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەن سەپداشلاردىن بەكرەك يېقىن دوستلاردىن بولىمىز. سېنىڭ بىز بىلەن بولغان دوستلۇقىڭ بۇنىڭ بىلەنلا قالمايدۇ، يەنە بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ بىللە ماڭغان بىر يولنىڭ يولچىلىرى بولىمىز. بىلەمسەن؟ سەن بىزگە ئاتا يوللۇق! بىزدە ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئوخشاش يولنىڭ يولچىلىرى بولۇشنىڭ قانچىلىك قەدىرلىك ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بىز سېنىڭ بۈيۈك ۋە ئۇلۇغ نامىڭنى پۈتۈن جاھانغا يېيىپ، جۈملە ئالەمگە تونۇتتۇق ۋە سېنى ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلدۇق.

جېنىم ئىلى!

سېنىڭ قىزلىق سۈپەتلىرىڭ بىزنىڭ تارتىنچاقلىقىمىزغا، بىزنىڭ يىگىتلىكىمىز سېنىڭ نۇمۇسچانلىقىڭغا يوشۇرۇنغان ئەمەسمۇ؟ ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ بىردىنلا بىزدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا ياتلار بىلەن ۋە دۈشمەنلەر بىلەن بىللە كۈلۈشنى خالاپ قاپسەن...

سەنمۇ بۇنى ئوبدان بىلىسەن! ھېچبىر زامان بۇنداق قىلىقلار ساڭا ياراشمايدۇ! سېنىڭدىن بۇنداق ۋاپاسىزلىقنى ھېچ كۈتمىگەن ئىدىم. تا بۈگۈنگىچە، سېنىڭ لاي ۋە سۈزۈك سۇلىرىڭغا قانچىلىك كۆز ياشلىرىمىز ۋە قانلىرىمىز ئارىلىشىپ كەتتى. سەن بىزنىڭ قان ۋە ياشلىرىمىزنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ يىراق - يىراقلاردىكى كەڭ دالالارغا، چۆللەرگە ۋە دېڭىزلارغا ئاپىرىپ تۆكۈش جەريانىدا مىليونلىغان ئىنسانلارنى ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە ئاچكۆز ۋە نەپسانىيەتچى دۈشمەنلەرنى ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلىپ، ئۆزۈڭ تەرەپكە تارتىپ ئەكەلدىڭ، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ھەرخىل ھىيلە - مىكىر، سۈيىقەستلەرنى سالدىڭ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بىر ئوبدان سۈكۈناتىمىز ۋە ئېسەنلىكىمىزنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالدىڭ.

يولداشلىق، دوستلۇقنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇمۇ؟ بىزدىن نېمە ئۈچۈن رەنجىدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك غەمكىن تۇرىسەن؟ نېمە ئۈچۈن يەنە ئۆركەشلىمەيسەن؟ دائىم ئەتراپىڭغا قاراپ

هاڭۋېقىپ تۇرسەن، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ ئۇدۇل باقمايسەن، ياكى خىجىل بولۇۋاتامسەن؟

سەن خىجىل بولۇشقا ھەقلىق. بۇمۇ ئوغۇل بالىچىلىقنىڭ، ۋاپادارلىقنىڭ ئالامىتى. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ياتلاردىن تۇتقان دوستلىرىمىزمۇ يۈز ئۆرۈپ، بىزدىن قېچىشقا باشلىغان چاغدا، سېنىڭ بىزدىن يۈز ئۆرۈشۈڭگە، تەتۈر قاراشلىرىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمىز. پەقەت خىجىل بولۇشنىڭ ئۆزىنى بىر پەزىلەت دەپ بىلىمىز. ھەي، نى - نى قاغانلارنىڭ چېدىرلىرىنى مول رىزىقلار بىلەن تەمىن ئەتكەن تاغ سۇلىرى، بىز سىلەرنىڭ بۈيۈكلىكىڭلاردىن، ئۇلۇغلۇقىڭلاردىن قورقۇپ بەزىدە ئىگىلسەك، بەزىدە سۆيدۇق، بىز بۇ ئىشلارنى شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ بىلدۇق. ئەمدى سىلەر سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى قاچانغىچە داۋاملاشتۇرىسىلەر؟ ياكى سىلەر دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىڭلەرمۇ؟ سىلەردە زۇلۇمغا ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرىدىغان بىر كۈچ ۋە نومۇس قالمىدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مىدىرلىمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن يات ئەلنىڭ زالىملىرى ئۈستىگە سەل بولۇپ كەلمەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىك تۇرغان باشلىرىنى ئەزمەيسىلەر؟ ئالىيىپ قارىغان كۆزلىرىنى ئويمايسىلەر؟ دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق دېگەن شۇمۇ؟

ئانا تۇپراقلىرىمىزنى دۈشمەننىڭ پاسكىنا خەيلىرىنىڭ بۇلغاشلىرى، قاتتىق ئۆتۈكلىرىنىڭ تىلغاشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يامان كۆز بىلەن ھومىيىپ قاراشلىرى سىلەرنى ھېچ رەنجىتمىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا سىلەر قارا يۈرەك يىلان، چايانلارنى تۇتىمىز دەپ، ئاۋارە بولۇۋاتامسىلەر؟ بىلىسىلەرغۇ، ئۇلار بەرىبىر بىر بولۇپ ئىسسىق ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ كېتىدۇ. سىرتتا يەنە سىلەر بىلەن بىز يالغۇز قالىمىز. بۇنداق بولۇشنى كۈتۈۋاتامسىلەر يا؟

ئاز قالدى، ھېچ بىر زامان ئۈمىدىمىزنى ئۈزمەيلى!

ئەي گۈزەل! لاتاپەتلىك ئىلى دەرياسى!

سەن خۇددى سەرۋى دەرىخىدەك، ئانىسى ئەركىلىتىپ سۆيمىگەن قىزدەك نازلىنىپ ئاقماقتىسەن. سېنىڭ بۇژغۇن چىقىرىپ، ئۆركەش ياساپ ئاققان كۈنلىرىڭ بولاتتىغۇ. شۇنداق چاغلاردا سەن بىزنى ئالامەت قورقۇتۇۋېتەتتىڭ. مېھىرلىك لەۋلىرىڭ بىلەن ھېچ ئاياق بېسىلمىغان قىرغاقلارنى سۆيۈپ كېتەتتىڭ.

مىڭ ئەپسۇس، سەن سۆيۈپ قانمىغان ئۇ ھەيۋەتلىك قىرغاقلار ۋە قىيا تاشلار بۈگۈن دۈشمەننىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ يەنچىلمەكتە ۋە ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىماقتا. سەن بۇلارغا قانداقمۇ چىداۋاتقانسەن؟ بۇلار سېنىڭ ئۆزلۈكۈڭگە، مەۋجۇتلۇقۇڭغا، تارىختىن بۇرۇن بار بولغان غورۇرىڭغا ھېچ تەگمىدىمۇ؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ كۈچىنى، تاشقىن سەللىرىڭنى نېمىگە ساقلاۋاتىسەن؟

ئەمدى ئۆركەشلەپ، جۇشقۇنلاپ، تاشقىن ياساپ دۈشمەنلىرىڭنى بوغ! سېنىڭ كۈچۈڭ ئالدىدا ئۇ ئەبگاھلار ئىش قىلالمايدۇ. پەقەت بىر مىدىرلىساڭ ۋە شۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلساڭ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ياكى قورقۇۋاتامسەن؟ «قورقۇنچ» دېگەن بۇ سۆزنى ساڭا ئىشلىتىشكە تىلىم بارمايدۇ. چۈنكى، بۇ سۆز ساڭا ھېچ ياراشمايدۇ. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ سېنىڭ جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋاتقانلىقىڭدا باشقا بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. قايغۇرما! ئۇنداق غەمكىن ۋە ھەسرەتلىك ئاقما! سەن، بىزنىڭ سېنى ياخشى قوغدىيالمىغانلىقىمىزنى، ساڭا

نانكورلۇك قىلغانلىقىمىزنى يۈزىمىزگە سالما. قارا بىزگە، نېمە قىلماقچى بولغانلىقىمىزنى بىلىمىز.
سېنىڭ بىزدىن قانچىلىك پىداكارلىق قىلىشنى كۈتۈۋاتقانلىقىڭنى جۈملە ئالەم بىلىدۇ.

ئازراق چىدا...

قانداق پىداكارلىق قىلىدىغانلىقىمىزغا بىر قارا ۋە كۆزەت!»

1946 - يىلى 1 – ئىيۇل، چۈش ۋاقتى بولماستىنلا ئاسماندا ئوتتەك قىزارغان كۈندىن باشقا بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. پىژىلداپ تۇرغان ئاپتاپتا، ئۈرۈمچىنىڭ تېمپېراتورىسى تازا كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شەھەرنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان تاغ - داۋانلاردىن تارتىپ، ساي تاشلىرىغىچە ھەممىسى تونۇردەك قىززىپ، جاھاننىڭ تىنىقىدىن ئوت چىقىۋاتاتتى. كۈن چوغدەك ئۇيۇپ قاتقان بولۇپ، كۆكنى كۆيدۈرۈپ، ئالەمنى ئاتەشتەك قىزارتىۋەتكەن ئىدى. تەبىئەت يالقۇنلىنىپ قوغ تەكتىگە پاتقان، پۈتۈن شەھەر قاغجىراپ، ئاھالە قاق بولۇشقا مەجبۇر بولغانىدى. بۇنداق ئىسسىقتا ئېچىلغان قىزىل گۈللەرمۇ نامازشەمغا بارماي تۇرۇپلا پولىشىپ قالاتتى ۋە ئېچىلىشقا ئاز قالغان غۇنچىلار ئېچىلماي تۈگىلىپلا قېلىپ، قۇرۇپ كېتەتتى. تاڭ يورۇماي تۇرۇپ چىللىغان خورازمۇ كۈن بويى ھورۇنلۇق قىلىپ كاتەكتىن چىقماي، قونداقتا مۈگدەپ ياتاتتى. كۆزلىرىنى چاپاق باسقان كوچا ئىتلىرى ئىسسىقتىن نەپەس ئېلىشى قىسىلىپ، تىللىرىنى بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپ، نەدە سايە تاپسا شۇ يەردە يېتىپ ئۇخلايتتى. ئاندا - ساندا كەلگەن خېرىدارلارنىمۇ كۈتۈشكە خۇش ياقمىغان دۇكاندارلار دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا سوغۇق چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرسى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت توغرىسىدا ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ لاپ ئېتىشۋاتاتتى. ئىشقا رايى بارمىغان مەدىكارلار بولسا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ھۆكۈمەتتىن ئاللىقانداق ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ پاراڭ سوقۇشاتتى. يەنە نۇرغۇنلىغان ئادەملەر مەيدان تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى. 30 مىڭدىن ئوشۇق ئادەم يىغىلغان مەيداندىكى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەھمەتجان ئەپەندىم، مەسئۇد ئەپەندى، ئىيسا ئەپەندى، ئىسھاقبېك، بۇرھان شەھىدى ۋە مەركەزدىن كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسى ھاياجان ئىلكىدە تەرلەپ - پىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. يىغىندا ئالدى بىلەن رەئىس جاڭ جىجۇڭ «پۈتۈن ئۆلكىدىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» ناملىق نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە ئۆز ۋەدىلىرىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «..... مەن ئۆلكە رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كۆپچىلىك ئالدىدا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنىڭ ئاددىي چاكىرى سۈپىتىدە، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ئۈچۈن چوقۇم سەمىمىي - ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ دەرد - ئەلىمىنى قانداق ھەل قىلىش، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى قانداق يارىتىش يولىدا پۈتۈن ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچۈمنى ئايىمايمەن. بۇرۇنقى شىنجاڭ چوڭ زىندان ئىدى، دېدۇق. ئەمدى بىز شىنجاڭنى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك گۈلزارىغا ئايلاندۇرىمىز. بىز بۇرۇن شىنجاڭ خەلقى دائىم تەپرىقچىلىك، تېررورلۇق ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشاپ كەلدى، ئەتىگەن تۇرسا كەچكە كۆزى يەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، دېدۇق. ئەمدى بىز ھەربىر ئادەمنى تىنچ - خاتىرجەم، شاد - خۇرام تۇرمۇشقا ئىگە قىلىمىز. بىز بۇرۇنقى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى خىيانەتچى، چىرىك ئەمەلدارلار، دېدۇق. ئەمدى بىز ئەمەلدارلىرىمىزنى ساغلام، ساپ، تىرىشچان ھەمدە خەلق

ئۇچۇن سەممىي خىزمەت قىلىدىغان ئەمەلدارلاردىن قىلىپ چىقىمىز. بىز ئۆتمۈشتىكى شىنجاڭ خەلقىنى ئېزىلگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان خەلق، دېدۇق. ئەمدى بىز ھەممە ئادەمگە ئەركىنلىك ۋە بەخت بېرىپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيەدىن مەڭگۈ خالىي قىلىمىز. ئومۇمەن، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا ئىشىدا ئۆتكەنكى بارلىق يامان ھادىسە، يامان ئادەتلەرنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، دەۋر بۆلگۈچ يېڭى كەيپىيات، يېڭى ھايات بېرىمىز...».

جاڭ جىجۇڭنىڭ سۆزلىگەن جاراڭلىق نۇتقى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە كۆتۈرۈلگەن گۈلدۈراس چاۋاكلار ساداسى ۋە ئاياغلار ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار بىلەن بىرگە ھاۋادا بىر دەم لەيلەپ، يەنە شۇ جاينىڭ ئۆزىگە تىنىپ كەتتى. خەلققە ئاتا قىلىنغان ھۇزۇرى پەقەت ئىسسىق كۆڭۈللەردە يەرگە سەپكەن سۇدەك بىردەمدىلا سىڭىپ كەتتى، كەلتۈرگەن بەخت - سائادىتى بولسا سەپكەن سۇنىڭ سالقىن ھاۋاسىدەك تېزلا ئۇچۇپ كەتتى.

بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىتىمگە ئاساسەن ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردە خەلق سايلىمى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. سايلام ئارقىلىق خەلقنىڭ تۆۋەندىن تارتىپ يۇقىرىغىچە ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى. ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سايلامغا باشتىن - ئاخىر بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقى ۋە جەنۇبىدىكى يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلق سايلىمى پۈتۈنلەي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشى نەتىجىسىدە ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلمىدى. مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئالدىن پەرەز قىلغان ئەھمەتجان ئەپەندىم، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە تەمىرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. چۈنكى ئەھمەتجان ئەپەندى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە ئىشىنەتتى. ئۇلارنىڭ ماڭغان يوللىرى قارىماققا باشقىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بارىدىغان مەنزىلى ئوخشاش ئىدى. بۇ، خۇددى ھەر دەريانىڭ ئاققان يولى ئايرىم بولسىمۇ، ئاخىرى بېرىپ دېڭىزغا قۇيۇلغىنىدەكلا بىر ھەقىقەت ئىدى. ئەنە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەردەم مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىسى سۈپىتى بىلەن، 1946 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدىن 1947 - يىلى فېۋرالغىچە قەشقەر، يەكەن ۋە ئاتا يۇرتى خوتەنلەردە زىيارەتتە بولۇپ، تېخى تۈنۈگۈنلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ بۇگۈن ئۆزى يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ، بۇ تۆت ئايدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئوي - خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ پۈتۈن روھىنى يۇرتى ھەققىدىكى ھەرخىل خىياللار ئورىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ تۇرغان تۆت تامدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆيدىن كوچىغا چىقتى.

ئادەتتە، فېۋرال كىرىش بىلەن تەڭ ئۈرۈمچىدە قىشنىڭ سوغۇقى تازا ئەۋجىگە چىقاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۈرۈمچى ئاھالىلىرى مۇھىم ئىشلىرى بولمىسا تالا - تۈزگە چىقىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ بۇ يىل سوغۇق باشقا يىللارغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق بولغاچقا، ئادەملەرلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەتمۇ قاتتىق سوغۇقتىن تىپتىنىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا شۇنچە سوغۇققا بەرداشلىق بېرىدىغان ئىتلارنىڭمۇ توڭلاپ ئۆلگەنلىرى كوچىلاردا پات – پات كۆزگە چېلىقاتتى. شۇڭا بۇنداق قەھرىتان قىشتا كىممۇ تالاغا چىقىپ، بىكاردىن بىكارغا

ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ دەيسىز؟ ئەمما شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئەردەم مەقسەتسىز ھالدا ئاققۇۋۇق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۆزىنى نەگە ئاپىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلمەيتتى. ئۇ، قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى يىڭنە سانجىغاندەك ئېچىشتۇرۇپ بارغان ئاچچىق سوغۇققا پەرۋا قىلىپمۇ قويمايتتى. ھەتتا زەھەردەك سوغۇق ئۇنىڭ قاتتىق سۆڭەكلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىچىدىكى يىلىكىنىمۇ توڭلىتىپ قويۇۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن ھالدا، ئوي - خىيالغا ئەسىرگە چۈشۈپ، يولدا كېتىۋاتاتتى ۋە تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئەسقاتىۋاتقان مېڭىسىنىڭ ئاغرىمىغانلىقىغا شۈكۈر قىلاتتى.
ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ، جىلە قىلىۋاتقىنى پۈتۈن شەھەرنى توڭلىتىۋېتىپ بارغان سوغۇق ئەمەس، بەلكى كوچىلاردا ئاندا - ساندا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدىن چىققان غاراسلىغان ئاۋاز ئىدى. كىشىلەر تېپىلىپ كەتمەلىك ئۈچۈن، قاتتىق ئاياقلىرى بىلەن توڭلىغان زېمىننىڭ يۈزىدىكى قار ئۈستىگە چىڭ دەسسىگىنىدە، خۇددى يەرنىڭ جېنى ئاغرىپ ئىڭرىغاندەك چىققان ئاۋاز، ئەردەمنىڭ چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان قۇلاقچىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇلىقىغا ئارام بەرمەيۋاتاتتى.
مۇشۇ ئاۋازلار ۋە ئەتراپتىكى باشقا گاراڭ - گۇرۇڭ ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ، ئۇنىڭ رېتىملىق ئوي - پىكىرلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ باراتتى. ئۇ ئەمدى چوڭ كوچىلاردا مېڭىشتىن جاق تويۇپ، شەھەرنىڭ ئارقا كوچىلىرىغا ئۆتتى. مۇزلىغان بۇ شەھەرنىڭ ئادەمسىز ئارقا كوچىلىرىدا توختىماي يول مېڭىپ، تەنلىرى توڭلاپ دۈگدىيىپ كەتتى. ئەمما مۇزلىغان گەۋدىسىگە يولباشچى بولۇۋاتقان روھى چوغدەك ئاتەشلىك ئىدى. ئۇ ماڭغاچ توختىماي تەپەككۇر قىلىپ، ئانا يۇرتى خوتەندە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

ئۇ خوتەنگە قاراپ يولغا چىققاندا، شۇنچىلىك خۇشاللىققا چۆمگەن، پۈتۈن ئۆلگەن ھۈجەيرىسى قايتىدىن تىرىلىپ، ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئىنساندەك ھېس قىلغان ئىدى. ھەتتا خوتەندىكى بىر كۈنلۈك بەختىنى، يۇرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى بارلىق خۇشاللىق كۈنلىرىگە تېگىشىۋېتىشكە رازى ئىدى. ئۇ يۇرتىغا چاققانراق بېرىشقا ھەممىدىن بەك ئالدىرىدى.
يول بويى خوتەنگە بارغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلىرى توغرىسىدا پىلان تۈزۈپ، كۆرۈشىدىغان دوستلىرىنى خىيال قىلىپ ماڭدى. پىلان ۋە خىيالنى قىلغانسېرى قەلبى يورۇپ، ئىچى ھوزۇرغا تولۇپ، كۆڭلى تېخىمۇ يايرىدى. ئادەم دېگەننىڭ قەلبى ھېسسىياتقا ئاجايىپ باي، تەپەككۇر دۇنياسى ئاجايىپ كەڭرى بولىدۇ. ھېسسىياتقا تولغان قەلب نېمىلەرگىدۇ تەلمۈرۈپ سوقسا، تەپەككۇرىدا ئالىقاندىن نەرسىلەرنى ئويلاپ، پىكىر قىلىپ پىلانلار تۈزىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىدە، «خوتەنگە بارغان چاغدىكى خوشاللىقىم، خوتەندىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېسىل خوشاللىقىمدىن ھەسسىلەپ ئۈستۈن بولىدۇ» دەپ ئويلايتتى. بولۇپمۇ، ۋىسال لەززىتىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ ئېچىنىشلىق ئايرىلغان ۋە لەختە - لەختە دەردكە تولغان بىر يۈرەكتە، ئارىدىن ئون ئىككى يىل ئۆتكەندە بۇنداق بىر خۇشاللىق تۇيغۇغا ھاملە بولۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىمۇ ئوخشاشلا بۇ قېتىمقى سەپەردىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى. ئۇنىڭ يۇرت ئەھلىدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدى زور بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىر ئۈمىد يېتەتتى. ئۇ شۇ نىگان - نىگان كۆرۈنۈپ قالىدىغان كىچىككىنە ئۇچقۇننى ئۆزىگە مايىل قىلىپ، ئۇلغايتىپ، ئۇلۇغ يالقۇنغا ئايلاندۇرۇشقا ھېلىھەم قۇدرىتىم يېتىدۇ، دەپ ئويلايتتى.
ئەردەم بولسا ئۆز سۆيگۈسى بىلەن بىرگە ماڭغان دەريا بويلىرىنى، چاڭگاللاپ سۇ ئىچكەن سۈپ

- سۈزۈك بۇلاقلارنى، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن ۋادىلەرنى، تولۇن ئايدەك مېۋىلەرنىڭ ھىدى پۇراپ، كىشىنىڭ ئەقلىنى ئالىدىغان باغلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يۇرتىغا تېزرەك يېتىپ بېرىشقا تەقەززا بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى تەنھا بىر روھتەك، خۇددى ھاۋادا لەيلەپ ئۇچۇۋاتقاندەك شۇنچىلىك يەڭگىل ھېس قىلاتتى. ئۇنى بۇنچىلىك ھاياجانلاندۇرغان كۈچ، ئۇلۇغ ئىگەم كۆڭلىگە سالغان مەڭگۈلۈك ئىشقىنىڭ جۇشقۇنى ئىدى. ئىچىدە سۆيگۈسىنى خىيال قىلدۇرۇۋاتقان ھازىرقى كۈچ شۇنچىلىك قۇۋۋەتلىك ئىدىكى، تەسەۋۋۇرى خۇددى رېئاللىقتەك كۆز ئالدىدا شۇنچىلىك جانلىق نامايەن بولغان ئىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرىدا قاراقاشنىڭ كوچىلىرىدا كېتىۋاتاتتى، كوچىدىكى دەرەخلەر ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەك، شاخلىرىنى يەڭگىل شىلدىرلىتىپ قارشى ئېلىۋاتاتتى. يۇرتىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ئىچىگە چوڭقۇر تارتىپ، ئۆز نەپەسىنى كۆككە قارىتىپ چىقىرىپ بېرىۋاتاتتى. يۇرتىنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان ھەربىر گىياھ، ھەربىر يوپۇرماق، ھەربىر گۈل، ھەربىر جانلىق جىلۋىلىنىپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئۇ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا نۇرغۇن ئەللەرنى كېزىپ، نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن تونۇشۇپ، نۇرغۇن تىللاردا سۆزلىشىپ، ئۆزىگە لايىق بىر دوست تۇتالمىغان ئىدى. ھەردائىم يالغۇز ئۆتۈپ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىنى ئۆز ئائىلىسىدەك بىلىپ بۇگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەنىدى. ھەتتا باشقىلار بەزى قىزلارنى تونۇشتۇرغان، بۇ قىزلارمۇ ئەردەم بىلەن بۇ ھاياتنىڭ يولىنى ئاخىرىغىچە مېڭىشقا كۆڭلىدىن رازى بولغان ئىدى. بىراق ئۇ يەنىلا ھايات يولىنى يالغۇز مېڭىشنى تاللىدى. ھالبۇكى ئۇنىڭ يولى ئىچىدە ئىدى. ئادەمنىڭ ئىچىدىكى يول ھەم پاك ھەم چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئورالغان بولىدۇ. بۇنداق يوللار بۇزۇلمايدۇ، ئۇپرىمايدۇ ھەر دائىم ئىنسانىنى نىجادىيەتكە باشلايدۇ. بۇنداق يوللاردا يۈرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى مەئىشەتتىن ئەمەس، مەنىۋى لەززەتتىن ئەمىن تاپىدۇ ۋە بۇنداق يوللار گۈل - گۈلىستانلىق بولۇپ، مۇھەببەت قىيامىغا يېتىدۇ. ئۇ شۇ يوللاردا تەسەۋۋۇر ئەينىكىگە بېقىپ، پەرىۋىن بىلەن بىرگە ماڭاتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ شۇنچىلىك بەختلىك ئىدى، ئۇنىڭسىز نەپەس ئۇنىڭغا ھارام ئىدى، ئۇنىڭسىز قەلبى ھېچ سوقمايتتى. پەرىۋىن ئۇنىڭ قەلبىگە ئائىت بولۇپ، قىزنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن بارلىق نەرسىلىرى ئەردەمنىڭ قەلبىدە ئامانەتتە ئىدى. بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىپ، ئۇنى باشقىلارغا بېرىشكە ئەردەمنىڭ كۆڭلى قانداق چىدىسۇن؟ ناۋادا ئەردەم بەرسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى ۋە روھى يول قويامتىمۇ؟ قەلبىسىز ۋە روھسىز تەنىنى باشقىلار نېمە قىلسۇن؟ ئەردەم ھەر قېتىم پەرىۋىننى خىيال قىلغاندا، گويا يۈرىكى چوڭىيىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆكرەك قەپىزىگە پاتماي قالاتتى، سوقۇشلىرى تېزلىشىپ كۆكرىكىگە توختىماي سوقۇلاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ھۇزۇرلۇق بىر تۇيغۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ بىر روھقا ئىگە ئادەملەردەك چاغلاپ قالاتتى. كىشىلەر ئىنسان ھاياتىنى چۈشكە ئوخشايدۇ دېيىشىدۇ، ئەردەم بولسا كىشىلەر چۈش دەپ بىلگەن شۇ رېئاللىقنىڭ ھەقىقەتەن چۈش بولۇپ قېلىشىنى، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيانىڭ ھەقىقي رېئاللىق بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيا ۋە كۆرگەن چۈشلىرى رېئاللىقتىن نەچچە ھەسسە ياخشى ئىدى. تەسەۋۋۇر ۋە چۈشلىرىدە ئازاب بىلەن مۇھەببەت، دۈشمەن بىلەن دوست تەڭ مەۋجۇت ئىدى.

نىھايەت، ئەردەم ئۆز يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. ئەمما ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رېئال ھايات ئۇنى شۇنچىلىك بەختسىز ۋە ئۈمىدسىز قىلغان بولسا، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلىرى كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئورنىغا بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ دەر - ئەلەمنى تولدۇرۇپ قويدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاران ساقىيىۋاتقان يۈرەك يارىسى قايتىدىن قاناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولغان رېئال دۇنيا ئۇنىڭ خوشاللىقلىرىنى ۋە ئوي - پىلانلىرىنى ئېچىلماي توزىغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك بىراقلا توزىتىۋەتتى. كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ماكان بۇرۇنقى خوتەن ئەمەس، بەلكى يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان، ئەسىرلەر بويى قۇم ئاستىدا قالغان خارابىلىققا ئوخشايتتى. بىرمۇ ساق ئۆي، بىرمۇ تۈز تام، بىرمۇ سۇنمىغان دەرەخ كۆرۈنمەيتتى. ئېرىقلار يەنە تىنىپ، ئېتىزلار قۇرۇپ كەتكەنىدى. يوللار پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بولۇپ، نورمال ئادەم بۇ يوللاردا يول ماڭالمايتتى. ئەمما خوتەن خەلقى بۇ ئەسكى يوللارغا شۇنچىلىك كۆنگەنكى، ھەر بىر ئالغان قەدىمى بۇ يوللاردىكى غۇدۇر - بۈدۈرگە شىپپىدە چۈشەتتى. ئەلۋەتتە، بۇنداق يوللاردا مېڭىپ ئادەتلەنگەن ئادەملەر تۈپتۈز داغدام يولنى كۆرسە، غۇدۇڭشىشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى ئادەملەر كۆنگەن نەرسىسىنى ھەممىدىن بەك توغرا دەپ قارايدۇ. يوللارنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى سان - ساناقسىز دەل - دەرەخلەر كېسىپ تاشلانغان بولۇپ، كىشىلەر قالدۇق كۆتەكلەر ئۈستىدە باشلىرىنى ئېگىپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. خەلق بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسىلەپ نامراتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇچىسىدا ساق كىيىم - كېچەك، قاچىسىدا يېگۈدەك تاماق يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار شۇنچىلىك ياۋاشلاپ كەتكەنكى، خۇددى روھى بەدىنىدىن چىقىپ كەتكەن ئەرۋاھتەك، سالام بەرسىڭىز ئىلىك ئېلىشقىمۇ قورۇناتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بارغانلا يەردە تولۇق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈپ، كوچىلار ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن تولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، خەلقنىڭ يۈرىكىدە دەھشەت پەيدا بولۇپ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كېرىيەدىكى ئون مىڭغا يېقىن خەلق يىغىلغان مەيداندا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قەستەن ئىغۋا چىقىرىپ، شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە يەتتە كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھەتتا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپ ئاستىدا شۇڭا ئۈچۈن ئەردەم مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ھېچ ئايرىلمىدى. پەقەت بىرلا قېتىم مىڭبىر مۇشەققەتتە پۇرسەت تېپىپ، دادىسى، ئەبەيدۇللاھ، ئىلاخۇن تېۋىپ ۋە پەرۋىننىڭ قەبرىسىگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ، روھىغا دۇئا قىلىۋالغىنىلا قالدى. ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ ئۆيلىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، ئارقىسىدىكى باغلار قۇرۇپ، ھەممە يەرنى چاتقال بېسىپ كەتكەن ئىدى. پەرۋىن بىلەن ئىلاخۇن تېۋىپنىڭ قەبرە بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ھېلىقى جىگدە دەرىخىنىڭ پەقەت بىر تال شېخىلا ساق قالغان بولۇپ، قالغان شاخلىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەن، دەريا سۇلىرى ئازلاپ، ئاستىدىكى تاشلار كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئەتراپتىكى سۈزۈك بۇلاقلارنىڭ كۆزلىرىگە توپا تىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يەردە زۇلۇمنىڭ سۈكۈناتى دەۋران سۈرەتتى. خەلق نەچچە يىلدىن بېرى قاتتىق زۇلۇم چەككەچكە، ھەممىسى ئۆز ھالى بىلەن ئاۋارە ئىدى. بارچە خەلق ئۆز قورسىقىنىڭ غېمىنى يەپ، بىر كۈننىڭ قورساق توق ئۆتكىنىگە يۇۋاشلىق بىلەن شۈكرە قىلىپ، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. ئۇلار زۇلۇمغا قارشىلىق قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلار بولۇپ، ھەرۋاقىت بەدەل تۆلەشتىن

ئۆزىنى شۇنچىلىك قاچۇراتتى. ھەتتا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئېغىزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكىچە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارنى خەلق سايلىمىغا قاتنىشىشقا شۇنچە دەۋەت قىلسا، خۇددى بۇ سايلام ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق بىر كىچىك ئىشتەك كۆرۈنۈپ، ھېچ بىرىنىڭ كارى بولماي، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي يۈرىۋەردى. بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزىگە پۇرسەت دەپ بىلگەن نادان باي – غوجاملار بولسا، بىر قوشۇق ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، مەۋجۇت ھۆكۈمەتكە يالاقچىلىق قىلىپ، قولىدىكى گال پىچىقى بىلەن كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئۈستىخىنىغا چاپلىشىپ قالغان بىر چىمدىن گۆشىنىمۇ شىلىۋېلىش ئۈچۈن، قولىنى قانغا بوياشتىن يانمايۋاتاتتى. مەۋجۇت ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى خەلقنىڭ سۆكۈناتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھۆكۈمرانلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، مەمۇرىي ھوقۇقنى يەنىلا ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھۇشقى يەنە ئالچۇ چۈشۈپ، چۆنتىكى خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن تولۇۋاتاتتى. خۇددى پەيلاسوپ نىتچې: «بايلار كەمبەغەللەرگە تەڭرىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە قالدۇرۇپ قويمىدى» دەپ ئېيتقىنىدەكلا ئىشلار يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىجدانلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرىمۇ قالماي شېھىت قىلىنىپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغانلىقى ئۈچۈن، قالغان ناكەس موللىلار زالىم ھۆكۈمەتنىڭ سىياستىنى تەشۋىق قىلىدىغان كانىيىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. بۇ خامېلېئون موللىلارنىڭ كەڭ ئاۋامغا قىپ بېرىدىغان ئەڭ چوڭ ياخشىلىقى، نەزىر - چىراغلاردا قۇرئان تىلاۋىتى قىلىش ۋە توي - تۆكۈنلەردە نىكاھ ئوقۇش ئىدى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىللەردە ئۆلۈم - يېتىم كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تاپاۋىتىمۇ يامان ئەمەس يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ھۆكۈمەت سىياستىگە قارشى چىقىشقا «ھارام» دەپ پەتىۋا بېرىپ، گاللىرىنى پوشكال بىلەن پولۇدا ياغلاپ، زوۋانىدىن زۇلۇمغا قارشى چوقان چىقماس بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەيلى ماددىي جەھەتتىكى ھەقلەر بولسۇن، مەيلى مەنىۋى جەھەتتىكى دەردلەر بولسۇن ھەممىسگە ئىسىم قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ «ھارام» ئىدى. شۇڭا خەلق «ھارام»دىن قورقۇپ شۇنچىلىك ئىتائەتمەن بولۇپ كەتكەن ئىدى. خاكسار خەلق ئۇ دۇنيادىكى دوزاختىن قورقۇپ، مۇشۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا دوزاخنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەگەر ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا دوزاخ بار دېيىلسە، بۇ دوزاخ دەل خوتەندە ئىدى. دوزاخنىڭ ئىشىكى ئالدىدا «بۇ يەردە ئۈمىدكە ئورۇن يوق» دېگەن خەتلەر يېزىلغىنىدەك، خوتەننىڭ قوۋۇقىغىمۇ شۇنداق خەتلەر يېزىلغاندەك قىلاتتى. چۈنكى زالىملار خوتەن خەلقىنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقان ئىدى. ئەردەم خوتەنگە كېتىۋېتىپ، ئۆز يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى ھاياجان بىلەن ئىپادىلەپ: «خوتەن جەننەتكە ئەڭ يېقىن يەر» دېگەن بولسا، ھازىر ئۇ: «خوتەن دوزاخقا ئەڭ يېقىن يەر بولۇپ قاپتۇ» دېگەنلەرنى ئەقلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. خەلق ئون يىلدىن ئوشۇق قاتتىق زۇلۇم تارتقاچقا، ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلاردا نە ھاياجان، نە جۇشقۇنلۇق، نە مۇھەببەت، نە قەھرىمانلىق روھىنىڭ زەررىچىلىرى قالمىغان ئىدى. بۇرۇنقى جەسۇر خەلق مىسكىن، تىرىك روھلار ئۆلۈك، ئۈمىدلەر سۇنۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ چوڭ ئىش دۇئا قىلىش ئىدى. ئۇلارغا زەن سېلىپ قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ ھالى قوللىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن مەلۇم بولاتتى. دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللارنىڭ قانچە قاداق چۈشكەنلىرىنىڭ ئېگىلىرىنىڭ ئۈستىبېشى شۇنچە ۋەيرانە ئىدى. بۇنداق خەلقنى

ھەرقانچە رىغبەتلەندۈرگەن بىلەنمۇ، بەربىر دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا بەلباغلىيالمايتتى. ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى نە كۈچى، نە غەزىپى قالمىغانىدى. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، بۇ قەۋمنىڭ ھەققانىي غەزىپىنى قوزغاش ۋە ئامال قىلىپ ئۇلارغا غەيرەت كىرگۈزۈپ، ئۆلگەن جەڭگىۋار كۈرەشچان روھىنى تىرىلدۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى قوزغاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك ئىدى. لېكىن بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ يىللىق تەربىيە لازىم بولاتتى. بۇ بىر - ئىككى قېتىملىق تەسىرلىك نۇتۇق بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىشلار ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆز نۇتۇقلىرىدا ھەرقانچە چوقان سالغىنى بىلەن، ئەتراپىدىكى نادانلىقنىڭ زۇلمىتىدە، زىندان قاراڭغۇلۇقىدا قالغان «غار ئاھالىسى»دىن ئۇنىڭغا ئەكس سادا چىقمىدى، چۈنكى ئۇنى ھىمايە قىلىشقا خەلقتە جاسارەت قالمىغانىدى، ئۇلار بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاڭقىرالماي، ئۈمىدسىز كۆزلىرىنى پارقىرتىپلا تۇراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاللىسى سەل ئوچۇقلىرى ئازراق داد - پەريات كۆتۈرۈپ، ئۆز قارشىلىقىنى بىلدۈرۈشكە تەمشەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاجىز ئاۋازلىرىنى، خۇنخورلارنىڭ تەلۋىلەرچە جار سېلىشلىرى بېسىپ چۈشتى. ئادالەتسىزلىك ھەممە يەرگە يىلتىز تارتقان بۇنداق جەمئىيەتتە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، خۇددى بايانسىز چۆلگە كىرىپ ئېزىپ قالغان ئادەمدەك تەمتىرەپ قالدى. ئەمدى ئەردەممۇ، شۇ قەبرىلەردىن باشقا ھەممە نەرسىسى يات تۇيۇلىدىغان يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، تېزرەك ئۆرۈمچىگە كېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ھاياتى بۇ يەردە خەتەر ئىچىدە قالغان بولغاچقا، ئەردەمگە بولغان روھىي بېسىم ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۈمىدىنى ئۆرۈمچىگە باغلاپ، شۇ يەردە بىر مۆجىزىنىڭ چېچەك ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشىنى، شۇنىڭ بىلەن خوتەن خەلقىنىڭمۇ تەڭرىنىڭ ئەزىزلىرىگە ئاتىغان كۈنلىرىدەك بەختلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشىنى ئارزۇ قىلدى.

جەننەتتىكى ئىبرەم بېغىدا كۆزگە شۇنچىلىك كۆركەم تاشلىنىپ تۇرغان ئاجايىپ ئىككى تۈپ مېۋە دەرىخىنىڭ بىرى «بىلىم» دەرىخى، يەنە بىرى بولسا «ھايات» دەرىخى ئىدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى يوقتىن بار قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھ، ئۇ ئىككىسىگە بۇ دەرەخلەرگە يېقىنلاشماسلىقنى بۇيرۇغان ئىدى. ئەمما، ئىچىدىكى ھەسەت كۈچىيىپ نەپرەتكە ئايلانغان شەيتان، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇ ئىككى تۈپ دەرخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، <ھايات> دەرىخىنىڭ مېۋىسىگە ئېغىز تەگكۈزگەن ئۆلمەيدۇ، <بىلىم> دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى تېتىغان ياخشى - يامانىنى پەرق ئېتىدۇ»دەپ، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالدى. بۇنىڭ بىلەن ھاۋا ئانا ئۇدۇل بېرىپ «بىلىم» دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى يېدى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئادەم ئاتىمۇ يېدى. ئاقىۋەت ئاللاھ ئۇلارنى جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈۋەتتى ۋە شەيتانىنىمۇ قوشۇپ زېمىنغا سۈرگۈن قىلدى. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا گەرچە جەننەتتىكى راھەت - پاراغەتتىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىلمەكلىك ئىقتىدارىغا ئېرىشتى. ئۇلار چىنلىق، گۈزەللىك، مۇھەببەت ھېكمىتىگە نائىل بولدى، تەپەككۇر قۇۋۋىتىگە ئېرىشىپ، مۇھەببەت لەززىتىنىڭ پەيزىنى سۈردى. ئۇلار زېمىنغا چۈشۈش بىلەن تەڭ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ نۇرلۇق چىرىقىنى يېقىپ، بىر قولىدا ئەقلىنىڭ، يەنە بىر قولىدا سۆيگۈنىڭ مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ، ھاياتلىق يولىنى

يورۇتتى. بىلىم بىلەن مۇھەببەت ئۈچۈن شۇنچىلىك ئەجىر قىلىپ، بەدەل تۆلىدى ۋە جاسارەت كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، بۇ گۈزەل زېمىن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگاھىغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى شەيتان ھېچبىر زامان جىم تۇرمىدى. بەلكى ئۆز مەقسىدى ئۈچۈن كۈرەش يولىنى داۋام قىلدى. ئەنە شۇ ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ پۇشتىدىن بولغان ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن خوتەن خەلقىمۇ بىلىم، مۇھەببەت ۋە ئەرك يولىدا كۈرەش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلۈك تارىخىنى ياراتتى. بۇندىن كېيىنمۇ بۇ كۈرەشلىرى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. بېشىغا قانداق قىسمەت كەلسە كەلسۇن، ئەرك ئۈچۈن قىلىنغان كۈرەشلەر ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ، بىلىمنىڭ يولى ئۈزۈلمەيدۇ، مۇھەببەت مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ! ئەرك تەپەككۇرنىڭ قىممىتى، بىلىم ئەقلىنىڭ زىننىتى، مۇھەببەت ئۈمىدنىڭ چىرىقى. ئۆتمۈشتە ساپان سۆرەپ يەر تېرىغان، سېغىز لاي ئېتىپ ساپال بىلەن تۇچ ياسىغان، پىلە قۇرۇتى بېقىپ يىپ چىقىرىپ، يىپەك توقۇغان، قاشتېشىنى چوقۇپ، نەپىس زىننەت بۇيۇمى ياسىغان، قىلىچ ئوينىتىپ ياۋنى قوغلىغان شۇ خەلقنى بۈگۈنكى بۇ دەھشەتلىك توپاندەك زۇلۇم قاراڭغۇلۇقىدىن كىم قۇتۇلدۇرار؟ بىزگە نۇھ پەيغەمبەردەك قۇتقۇزغۇچى كېلەرمۇ ئەمدى؟ بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەزرىتى نۇھ ياسىغان كېمىگە چۈشەرمىزمۇ؟ بىز قاچانغىچە ئاپراسىياپ ۋە بۇغرا قاراخانلارنىڭ يولىغا ئاتلانمايمىز؟ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يولى شۇلارنىڭ يولى ئەمەسمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يولدىن ئۈركۈپ قاچىدۇ؟... ئەردەم تەئەججۈپ ئىچىدە شۇنداق سوئاللارنى ئۆزىگە ئارقا - ئارقىدىن قويدى، ئۇ بۇ سوئاللارنى ئۆز يۇرتىغا شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلەر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگىمۇ ئائىت ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان ھېس قىلدۇردى. ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى بىر يەرگە ئائىت بولۇشنى ئىستەپ كېلىۋاتاتتى. مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئۆزى ئەزەلدىن ئائىت بولغان يۇرتىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز ئۆزىنى يات ھېس قىلىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان كۈندىن باشلاپ، يىلتىزىدىن قومۇرۇلغان توغراقتەك، ھاياتىنىڭ سەل سۇلىرى قاياققا ئاقسا شۇ ياققا ئېقىپ، نەگە ئاپىرىپ تاشلىسا، شۇ يەردە لەيلەپ يۈرگەن ئىدى. ئادەم شۇ توغراقلاردەك يىلتىز تارتقان يېرىدىن بىر قېتىم قومۇرۇلدىمۇ، ئۆز يېرىگە قايتا يىلتىز تارتالمايدىكەن. ئۆز يېرىگە ئائىت بولالمىغان ئادەم، باشقا يەرگە تېخىمۇ ئائىت بولالمايدىكەن. خۇددى سەل ئېقتىپ كەتكەن توغراقلاردەك بىر ئۆمۈر ئۇدۇل كەلگەن ياققا ئېقىپ يۈرۈيدىكەن. بەزىدە يات ئەللەرنى ماكان قىلىپ بىر بۇلۇڭدا ياشىسىمۇ، ئەمما بىر ئۆمۈر سەرسان روھ بولۇپ ئۆتۈدىكەن. مانا ئەمدى ئەردەم ئۆزىنىڭ مەڭگۈ بىر يەرگە ئائىت بولالمايدىغانلىقىنى ھەقىقي تونۇپ يەتتى. دېمەك، يىلتىزىڭ بىر قومۇرۇلسا مەڭگۈ بىر يەرگە يىلتىز تارتالمايسەن، ئۆمۈر بويى قايتا كۆكلىيەلمەيسەن. نە سايە تاشلايدىغان شاخلىرىڭ، نە شىلدىرلايدىغان يوپۇرماقلىرىڭ، نە يوغان - يوغان غوللىرىڭ بولسۇن! لېكىنزە، ئەردەم ئىچىدە مۇنداق ئويلىدى: «بۇ يالغۇز بېشىمغا قانداق بالا كەلسە رازىمەن، مەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۆز خەلقىمنىڭ ماڭا ئوخشاش كۈنلەرنى كۆرمەسلىكى ئۈچۈن ھەر يەردە سەگەردان بولۇپ يۈرۈشكە، ئاتەشتە چۇچۇلا بولۇپ يېنىشقا رازى. مەن يىلتىزسىز قالغىنىم بىلەن، مىللىتىمنىڭ يىلتىزى ئەبەدىلئەبەد شۇ ئانا تۇپراقتا! مەن ئۆز خەلقىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن، بۇ كۈرەش يولى ئاسان بىر يول بولغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇنچىلىك دەرت - ئەلەم چەكمەس ئىدىم، ئاشىقنىڭ ئوچىقىدا

پۈچۈلماس ئىدىم. نېمە بولسا بولسۇن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىمىنىڭ يولى مېنىڭ يولۇم!
ئەجدادلىرىمىز «تۇپراققا سۇ تۆكۈلسە لاي بولىدۇ، قان تۆكۈلسە ۋەتەن بولىدۇ» دېگەن ئىكەن.
شۇ ئانا يۇرتنىڭ قارا تۇپراقلىرى مىليونلىغان شېھىتلەرنىڭ قانلىرى بىلەن بويالدى. شۇ چىلان
رەڭلىك تۇپراقلار ئەبەدىي بىزنىڭ ۋەتىنىمىز. مەيلى بىز قەيەردە بولساق بولايلى، بىزنىڭ
قەلبىمىز ئەبەدى ۋەتەنگە قاراپ تەلپۈنىدۇ».
ئۇ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ساق - سالامەت ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن چاغدىن
بېرى، ئۆزى يالغۇز شۇ خىياللار ئىچىدە، ئاچچىق سوغۇق شامال توزۇتۇۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى
بىلەن بىللە شەھەر كوچىلىرىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. مۇزلىغان شەھەرنىڭ
كوچىلىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئايلىنىپ، ئىچكى ئورگانلىرىنى ئۆششۈتۈپ قويغىلى تاسلا قېلىۋاتاتتى.
ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىنى توختىماي چوقۇلاۋاتقان خىياللارنىڭ ئايىغى چىقمايتتى. ئۇنىڭ
ئۈرۈمچىدە مۆجىزىدەك ئېچىلىشنى كۈتكەن ئۈمىدلىرى تەبىئەت ۋە سىياسەتنىڭ سوغۇق
ھاۋاسىدا مۇزدەك توڭلاپلا قالغان ئىدى. ۋەزىيەت ياخشىلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە
بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ يوقاتقان ئۈمىدلىرىنى تېپىش ئەمەس، بەلكى
ئىچىدىكى كىچىككىنە ئۈمىدىنىڭ ئۇچقۇنلىرىنىمۇ يوقىتىپ قويۇش يولىغا كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس
قىلىپ، يۈرىكى قىلتاققا چۈشكەن كىچىك قۇشتەك پىلتىڭلاپ، توڭلىغان بۇرنىنىڭ ئۇچىنى
توختىماي سىلايتتى. ھېچ بىر يەردە ئىللىقلىق كۆرمىگەن يۈرىكى ئەمدىلىكتە تېخىمۇ مۇزلاپ،
قېتىشقا باشلىغان ئىدى. بۇرۇن پەرۋىنگە ۋە پۈتۈن مىللەتكە سۆيگۈ بىلەن قۇچاق ئاچقان، ھەتتا
پۈتۈن دۇنياغا قۇچاق ئېچىشقا تەييار تۇرغان بۇ يۈرەك، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە سۆيگۈ - مۇھەببەت
يوق، ئۈمىد يوق، جانغا جان قاتىدىغان كۆز ياشلارنى ئاققۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھېسسىيات
يوق، ھەتتا ئەتراپىدا گۈزەل دۇنيانى يارىتىش ئۈچۈن يولغا چىققۇدەك كۈچىمۇ يوق جانسىز بىر
پارچە گۆشتەك بىلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ھەممە يەر قۇپقۇرۇق، سوغۇقنىڭ
زۇلمەتلىك ھوۋلىشىدىن باشقا بىرەر تىۋشىمۇ يوق بولۇپ، ھەممە نەرسە مۇز ئىچىدە ئىدى.
ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يېرىملىقىغا، روھىنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا، ئۆزىنىڭ
قانچىلىك بىچارە، قانچىلىك چارىسىز ئىچىدە قالغانلىقىغا پەقەت ئۈستىدىكى قوغۇشۇن رەڭلىك
تىنىق ئاسمان بىلەن بۇ مۇزلىغان شەھەرلا شاھىت ئىدى. ئۇ مۇزلىغان شەھەرنى ۋە مۇزلىغان
قەلبىنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئەركىن بىر روھقا ئىگە بولۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدىمىسە ئەمدى
بولمايتتى. ئۇ ئۆزى شۇنچىلىك كۆمۈلۈپ كېتىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ سىرلىرىنى
ئېچىش ئۈچۈن ئۆزىنى شۇنچىلىك زورلاپ، ئۆز - ئۆزىگە چوقان سالاتتى. ئۆزىنى قانچە
زورلىغانسېرى ئەقلىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ، چارىسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چارىسىز
قالغاندەك، كىچىك باللاردەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى تۇيۇۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ ئۇنتۇشنى ئويلايتتى. بىر زامانلاردا ئاتا - ئانىسى بىلەن، پەرۋىن ۋە
ئىلاخۇن تېۋىپ بىلەن بەختلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئەسلەپ، ئىچ - ئىچىدىن
ئازابلىناتتى. ئەمدى بۇ ئەسلىمىلەرمۇ ئەمدى مۇز تۇتۇپ، كاللىسىدا بىر ئىنچىكە كىرىستال
بولۇپ، قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئەينى چاغدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندا، كۆكسىدە بىر
بوشلۇق پەيدا بولغان ئىدى. بۇ قورقۇنچلۇق بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ بۇ قېتىم يۇرتىغا
بېرىپ مۇزدەك قارا تۇپراققا كۆكسىنى ياققان بولسىمۇ، ئەمما كۆكسىدىكى ئۇ بوشلۇقنى قايتا

تولدۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى. مانا ئەمدى ئۇ بوشلۇققا قار يېغىپ، مۇز تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتلىرىنى، بارلىق مۇڭ - زارلىرىنى، مۇزلىغان تەن ۋە روھىنى پەقەت قەلىمى ئۆتكۈر شائىرلارلا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. بۇنىڭغا، ياش شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ يېقىندا «ئەرك» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «مۇزلىغان شەھەر» ناملىق شېئىرى تەققاس!

مۇزلاق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق.
بۇلۇڭ - پۇچقاقنى قويماي چارلىدى-
قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرتىق.

كۈننىڭ ئەسىرى يوق، ھاۋا تۇمانلىق،
يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق.
ھەر نە شادلىقتىن جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنۇر ھەر ئۈن مۇڭلۇق، پىغانلىق.

كۆزلەر غەزەبلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللاپ،
ئاچچىق ئۈن بىلەن چالاتتى گۈدۈك.

تۇرخۇن تۈۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك.
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،
قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۆكۈك.

دوقمۇش - دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،
دوغدىيىپ يۈرگەن، يىرتىق چەكمەنلەر.
پارچە نانغا زار، تېلىققان كۆزلەر،
چەرخلىرى سۇنۇق، يەمسىز تۈگمەنلەر.

مۇزلامىش شەھەر، مۇزلامىش ھېسار،
قوۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار.
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار،
ئوزۇق ئىزلىشىپ قىلىدۇ شىكار.

كۆزلەر غەزەبلىك، قاپاقلار تۈرۈك،

هاياتنىڭ يىپى ئۈلاق يا ئۈزۈك.
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىللاپ
ئاچچىق ۋارقىراپ چالىدۇ گۇدۇك!

قىش ئۆتۈپ، باھار كېتىپ، ياز باشلانغان بولسىمۇ، ئۈرۈمچى خەلقى تەبىئەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېچ تۇيمايلا قالغان ئىدى. چۈنكى كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىغان يەردە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن ھۇزۇر ئالىدىغان ھېس - تۇيغۇ نەدە دەيسىز. 1947 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 2830 - نومۇرلۇق ئاخباراتىدا ئېلان قىلىنغان ھۆكۈمەت پەرمانىدا: «جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن، لىيۇ مېڭچۈن باشقا مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپلىقىدىن قالدۇرۇلدى، مەسئۇد ئەپەندى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە رەئىسلىكىگە، ئىيسا ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇمچە باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى، بۇرھان ئەپەندى نەنجىڭغا بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرىدۇ» دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ پەرمان سەۋەپلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ قارار بىتىمدە بېكىتىلگەن ئورتاق قارارغا خىلاپ بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا قارار ئېلىپ پەرمان چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرەپنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىتىمۇ ئوتتۇرىدىكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش بولۇپ، بۇ قارار گومىنداڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز ئالدىغا ئىدارە قىلىشنى ئۇيلاۋاتقان قارا نىيىتىنىڭ دەسلەپكى يۈزىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەمما مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئىلى ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەھمەتجان ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئامال بار خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئىيۇن ئايلىرىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ئەھمەتجان ئەپەندى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆزئارا كەڭ - كۇشادە سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن، ساياھەت قىلىش باھانىسى بىلەن ئاقتاغقا چىقتى. ئۇلار ياز كۈنلىرىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئادەمنىڭ تېرىسىگە يىڭنىدەك سانجىلىدىغان ئىسسىق ئاپتىپىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ مەنزىرىلىك تاغ باغرىغا كەلگەنلىكىدىن كۆپ مەمنۇن بولدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە كۆپكۆك ئاسمان، ئاستىدا ياپيېشىل ئېكىنزار، ئەتراپىدا قىپقىزىل لەيلىقازاق گۈللىرى بىلەن پۈركەنگەن تاغلار يالتىراپ تۇراتتى. ئەھمەتجان ئەپەندى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى جىلغا يولدا پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىز تاغ چوققىسىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى يىراقتىن ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شارقىراتمىدىن چۈشكەن تاغ سۇلىرى تاغ ئېتىكىنى بويلاپ، گۈزەل بىر ئۆستەڭنى ھاسىل قىلغان ئىدى. ئۇلار شارقىراتمىغا

يېقىنلاشقانسېرى، غۇر - غۇر چىقىۋاتقان سالقىن شامال ئۇششاق سۇ دانچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە كېلىپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئاخىرى شارقىراتمىنىڭ يېنىغا كەلدى، ھەر ئىككىلىسى ئېگىزدىن چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىغا شۇنچىلىك زوق بىلەن قارىدى. تاغ سۇلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشكىچە قىيا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، ئەتراپقا يالتىراق ئۇنچىلىرىنى چاچاتتى. سۇ دانچىلىرى ھەم تازا ھەم مۇزدەك بولۇپ، ھەر كىمنىڭ يۈزىگە چاچرىسا شۇدەم شۇنچىلىك راھەتلىك بەخش ئېتەتتى. تاغنىڭ پوكىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ سۈزۈك يۈزىنى ئىككى ئادەمنىڭ غۇلچى ئاران يېتىدىغان بىر قېرى قارىغاينىڭ ئېگىلىپ قالغان شاخلىرى سىلاپ تۇراتتى. ھاۋادا لېنتىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان شارقىراتمىنىڭ ئىككى ياقىسىدا ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ھەرقانداق غەمكىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى لال قىلماي قالمايتتى. ئۇلار بۇ مەنزىرىگە قاراپ بارلىق قايغۇلىرىنى، كاللىسىنى قوچۇۋاتقان پىكىر ئىختىلاپلارنى ئۇنتۇغاندەك بولدى. تاغ سۈيى پەسكە چۈشكەندە شۇنچىلىك ئالدىراپ تېز ئاقاتتىكى، ئۇنىڭ ئېقىشلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇيۇپ قالغاندەك بولدى. تاشتىن - تاشقا سوقۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇلار ئاجايىپ كۆپۈكلەرنى چىقىرىپ، شىرىلدىغان ئاۋازلىرىنى ئەتراپقا يايماقتا ئىدى. شوخ سۇلار بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئۇدۇل كەلگەن تاشنىڭ سىلىق يۈزىنى سۆيۈپ قاچاتتى. ئەھمەتجان ئەپەندى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى شارقىراتمىنىڭ يان تەرەپتىكى جىلغا يولىنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئادەم ئىزلىرى بار ھەم تار ھەم تىك بۇ يولدا، ياندىكى قارىغاي كۆچەتلىرىنى تۇتماي ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلەش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. ئەمما ئىككى ئەپەندى ھېچ ئىككىلەنمەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ، ھېچقانداق قىينالمايلا يەڭگىل قەدەم تاشلاپ يۇقىرىغا قاراپ ياماشتى. ئۇلار شارقىراتمىنىڭ مەنبەسىنى كۆزلەپ، يۇقىرىغا قاراپ يول ئالغانىدى. يەر يۈزىگە چۈشۈش ئۈچۈن شۇنچىلىك تەقەززالىق بىلەن ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، كۆك يۈزىدە پارقىراپ تۇرغان قۇياشنىڭ تازا نۇرلىرىدا كۆكتىن تۆكۈلۈۋاتقان جاۋاھىراتلاردەك ۋال - ۋۇل چاقناپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، پەسكە توختىماي دومۇلاۋاتاتتى. ئىككەيلەن يۇقىرىغا قاراپ داۋاملىق مېڭىپ، تاغنىڭ قاپ بېلىگە كەلگەندە، تۈزرەك بىر يەرگە كېلىپ توختىدى. ئۇلار بۇ يەردە دەم ئالغاچ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز ئاتتى ۋە ئېرىگەن قارنىڭ بىرقانچە يەردە بۇلاقتەك سۈزۈك كىچىك - كىچىك كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆردى. كۆلچەكلەردىن ئېقىپ چىققان سۇ بىر يەردە بىرلىشىپ، تاغنىڭ قىيالىرىدىن تۆۋەنگە شارقىراپ ئېقىپ، غايەت كۈچلۈك بىر ئېقىننى ھاسىل قىلغانىدى. دېمەك، تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسەن ئوخشاش. تاغدىن ئېرىگەن قار سۇلىرى يىغىلىپ كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇ كۆلچەكلەردىن تېشىپ ئاققان سۇلار بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئۆزئارا بىرلىشىپ، يېڭى يول تېپىپ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، دەريا - ئۆستەڭلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. دەريا - ئۆستەڭلەر ۋادىلاردا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، ئىنسانلار بوستانلىقلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ ۋە يېزا - شەھەرلەرنى بىنا قىلىدۇ. دېمەك، ئەڭ دەسلەپتە سۇ ئېقىنلىرى ئىنسانلارغا يول كۆرسەتكۈچى بولغان ۋە يوللارنىڭ پەيدا بولۇشىغا، ئاندىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋەسىلە بولغان. ئادەملەرمۇ شۇ قار سۇلىرىدەك ھېچبىر مەقسەتسىزلا بىرلەشسە ئىدى، ئەلۋەتتە غايەت زور بىر كۈچنى ھاسىل قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ چىقىش ۋە قۇتۇلۇش يوللىرىنى تاپقان بولاتتى. سۈزۈك سۇلارنى كۆرۈپ

ئۆزىنى تۇتالمىغان ئەھمەتجان ئەپەندى يەڭلىرىنى جەينەكلىرىگىچە تۈرۈپ، ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى يۇدى، ئاندىن سۇنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدى. سۇ گەرچە شۇنچىلىك مۇزدەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان يۈرىكىگە شۇنچىلىك ياقتى. سۇنىڭ تەمىنى تېتىپ، سۆيۈنۈپ ئىچىۋاتقان ئەھمەجان ئەپەندىنىڭ خوش كەيپىنى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇمۇ بىرىپ يەڭلىرى تۈرۈلگەن ئىككى قولىنى سۇغا تىقىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، سۇنى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ھۇزۇر ئىچىدە ئىچىشكە باشلىدى. بەلكى، بۇ سۇ ئۇ ئىككى ئەپەندىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئېگىز ۋە كۆككە ئەڭ يېقىن يەردىن ئىچكەن، ئەڭ تازا، ئەڭ مۇزدەك سۇ بولۇشى مۇمكىن. قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان سۇلار كىشىگە  كۆپكۆك دېڭىزنى ئەسلىتەتتى. سۇ يۈزىدە چاقنىغان نۇرلار كۆكتىن چۈشكەن يۇلتۇزلاردەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا  سەللا ۋارقىراپ قىلىنغان سۆز، تاغنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، كۆكلەرگە قەدەر يېتەتتى. يەڭگىل چىققان شامالنىڭ تەسىرىدە سۇ ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا قاچقان يەڭگىل دولقۇنلار پەيدا بولاتتى. ئەنە شۇ چاغدا، كۆك ئاسماننىڭ قەرىدە قامچىدىن ئۈركۈپ كەتكەن پادىلاردەك دەۋرىشىپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار پەيدا بولدى. ئۇلار تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى ئىچىدە، كۆككە قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۆزلىرىنى شۇنچىلىك ھۇزۇرلۇق ھېس قىلىدىغانلىقنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئىككى ئەپەندى يەر جاھاننىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن، دەبدەبەلىرىدىن، چاڭ - توزانلىرىدىن، مىلتىق ئاۋازلىرىدىن، گۈلدۈرقاراس ئالقىشلاردىن ئۇزاق ئىدى. ئاڭلىنىۋاتقان تىۋىشلار پەقەت سۈزۈك سۇ بىلەن ياپيېشىل قارىغايلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىلا ئىدى. ئىككى يولباشچى، يېشىل زېمىن بىلەن كۆك ئاسمان ئارىسىدا كۆڭۈللۈك سەيلە قىلىپ، ۋەتەن باغرىنىڭ ھايات گۈلىستانى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ، ھاياجانلىنىپ، بۇ گۈزەل ماكاندا يالغۇزلۇقنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى. سالقىن شامالنىڭ تۇيدۇرماستىن كېلىپ يۈزلىرىنى سىلاشلىرىدىن، تازا ھاۋانىڭ يەڭگىل كېلىپ نەپەسكە سوقۇلۇشلىرىدىن، كۆكتە ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان قۇياشتىن، ئۈستىدە توپ - توپ ئاققۇلاردەك ئۇچۇپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلاردىن، ئۇلارغا ماراپ قاراۋاتقان ياپيېشىل ياشرىپ تۇرغان ئىپتىدائيي قارىغايلاردىن باشقا، ئەتراپتا ھېچبىر نەرسە يوق ئىدى. دېمەك، ئىنسان بالىسى يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى ھەقىقەتكە شۇنچە يېقىنلىشىدۇ، تەبىئەت بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى چوڭقۇر باغلىنىشنى چۈشىنىپ ئۆز - ئۆزىنى شۇنچە سۈزۈك تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئىجادىيەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ھاياتنى شۇنداق شەيدالىق بىلەن كۈيلەشكە سەۋەب بولغان بۇ پىنھان شاھانە ماكان ھەقىقەتەن جەننەتتىكى ئېرەم باغقا تەققاس! مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بۇ ئاجايىپ مەنزىرىلەردىن ھاياجانلىنىپ، شائىرانە ھېسسىياتلىرى يەنە قوزغالدى - دە، ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەركىن قويىۋېتىپ، يەڭگىل بىر ئاۋاز بىلەن شېئىر ئوقۇدى:

ئۇلۇغ ۋەتەن، ئېرىغ تۇپراق، ئەزىز تۈركىستان،
تارىخىدۇر ئۇزۇن ئوچۇق مۇقەددەس داستان.
مەدەنىيەت ئاساسىنى ئەۋۋەل تاراتقان،
تۈركىستاننى تەڭرى بىزگە مەڭگۈ ياراتقان.
تا ئەزەلدىن ئەبەدكىچە ۋەتەن بىزنىڭدۇر.

ياشاپ كەلدۇق مىڭلارچە يىل بىز بۇ تۇپراقتا،
جان بەردۇق بىز، شان ئالدۇق بىز ئۇشبۇ تۇپراقتا،
ياراتىلدۇق، ھەم كۆمۈلدۇق بىز شۇ تۇپراقتا،
تا قىيامەتكىچە بىز ياشايمىز ھەم بۇ تۇپراقتا،
ۋەتەن بىزنىڭ، ۋەتەن بىزنىڭ، ۋەتەن بىزنىڭدۇر.

كېلىپ چۈشكەن كىشلەرنى سانايمىز مېھمان،
قونۇپ ئۆتكەن قاپىلىنى ئاتايمىز كارۋان،
بېسىپ كىرگەن كۈچنى دەيمىز ھەقسىز ئەل ئامان،
ئۆي ئىگىسى بولالماسلار ياخشى يا يامان،
كەلگەن كېتەر بىز قالۇرمىز، ۋەتەن بىزنىڭدۇر.

ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك كۈنى بارلىق بەختسىز كۈنلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەن ئىدى. دېمەك، ۋەتەن سۆيمەك ئالدى بىلەن شۇ ۋەتەن تۇپراقلىرى ئۈستىدىكى تاغ - دەريالارنى، دەل - دەرەخلەرنى، چۆل ۋە ئويمانلىق قاتارلىق تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلىرىنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ.

ئۇلار بۇ گۈزەل مەنزىرىنىڭ پەيزىنى سۈرگەچ، ئۆرلۈپ توغرىسىغا يېتىپ قالغان بىر قارغاينىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇرۇق گەۋدىسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. غۇر - غۇر قىلىپ چىقىۋاتقان تاغ شامىلى ئۇلارنىڭ بۇ دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئۇچۇرۇپ ئالەمگە يايماقتا ئىدى. ئەھمەتجان ئەپەندى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن يۈرەك سۆزىنى باشلىدى:

«ھازىرقى ۋەزىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بىزنىڭ گومىنداڭ بىلەن بىر يولدا مېڭىشىمىزغا ھېچبىر سەۋەب قالمىدى. بىز ئۇلارنىڭ بېرىدىغان ئىمتىيازلىرىنى ئالىمىز دەپ ئەمەس، بەلكى بەرمىگەن ئەركىنلىكنى ئالىمىز دەپ قولىمىزغا قورال ئېلىپ، بۇ يولغا باش قويغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇش، ئۆز خەلقىمىزنىڭ تەقدىرىنى ئۆزىمىز بەلگىلەشنى ئالىي غايە قىلىپ، بۇ كۈرەش يولىغا ئاتلانغان. مەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن خىتاي جەمئىيىتى بىلەن رۇس جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ، بىز ئاخىرقى مۇستەقىللىق غايىمىزگە يېتىش ئۈچۈن، چىنى تۈركىستان (خىتايغا تەۋە بولغان تۈركىستان) بولغاندىن كۆرە، ئەڭ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر رېسپۇبلىكىسى بولغىنىمىز ئەۋزەل، دېگەن قاراشتىن ھېچ ۋاز كەچمەيدىغان قارارغا كەلدىم. چۈنكى خىتاي بىلەن رۇسىيە دۆلەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، سىياسىي ئىدىيەسى، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە باي - نامراتلىق پەرقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. خىتاي جەمئىيىتى رۇس جەمئىيىتىگە قارىغاندا بەكمۇ قالاق. بۇ ئىككى چوڭ مىللەت سۆز - ھەرىكەت، مىجەز - خاراكتېر، ھېسسىيات ۋە قىممەت قاراش، دىنىي ئېتىقاد، كۈلتۈر قاتارلىق جەھەتلەردە بىر - بىرلىرىگە

تۇپتىن ئوخشىمايدۇ. ياشاۋاتقان جۇغراپىيەلىك شارائىتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى، تەپەككۇر قاتلىمى، ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتلەردە ئاجايىپ ئوخشىماسلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىز خىتايلارغا قارىغاندا رۇسلارغا مايىلراق كېلىمىز. بۇ بىزنىڭ كەمچىلىكىمىز ئەمەس، بەلكى ئارتۇقچىلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى. ھەر ئىككى دۆلەت ئۇرۇشنىڭ ئېغىر ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى جەھەتتىن تېز قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار تاشقى جەھەتتىن جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقاچقا، ماددىي بۇيۇملار كۆپلەپ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، ئىچكى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقى ھەقىقەتەن ئېغىر. ئەمما خىتاينىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر. مەن نەنجىڭدىكى قۇرۇلتايغا قاتنىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن خىتاينىڭ خېلى چوڭ شەھەرلىرىدە ئېكىسكۇرسىيەدە بولدۇم. كۆرگەن - بىلگەنلىرىم شۇنى ئېنىق ھېس قىلدۇردىكى، خىتاينىڭ بىزنى ئەمەس، پەقەت ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشى ئۈچۈنمۇ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇلاردىكى ۋەيرانچىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي جەمئىيىتى تىنچ جەمئىيەت ئەمەس، ھازىرمۇ ئىچكى ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. ئادەم سانى ھەددىدىن كۆپ بولۇپ، تەڭدىن تولا خەلقى ئاچ - يالىڭاچ، ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلغان. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن يول - يولدىكى ۋوگزاللاردا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدىن قاچقان، قاياققا بېرىپ جان ساقلىشىنى بىلەلمەي، تەمتىرەپ يۈرگەن مىليونلىغان خىتاي پۇقرالىرىنى كۆردۈم. ئۇلار گاڭگىراش ۋە چۈشكۈنلۈكلەر ئىچىدە بىر چىقىش يولى ئىزدەش ئۈچۈن، ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشقا تەييار. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتى، يانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يات مىللەتلەرگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراشلىرىدىن شۇنچىلىك روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلار بىز ئۈچۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق تەھدىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي جەمئىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، خىتاي مىللىتىگە كونا مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىكەن. ئادەم يېيىش، بۇلاپ - تالاش، قىرغىن قىلىش، باللارنى ئېلىپ - سېتىش، ھەرخىل خۇراپىي كارامەت ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، تېخى نارىسىدە قىزلارنىڭ پۇتلىرىنى بوغۇش دېگەندەك ناچار مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەن، شۇلار ئېرىشكەن جىسمانىي ئازابنى تېخى ئۆزىگە ھۇزۇر دەپ بىلىدىكەن، ھەتتا ئادەم گۆشىنى يەيدىكەن. بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى رەزىللىكلەر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە گۈزەللىك ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنى ئاز دەپ، مىللەتچىلەر بىلەن كوممۇنىستلار تىنىماي ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ بەدىلىنى ئاخىرى بىز تۆلەيدىغاندەك قىلىمىز. ئۆزى دۇنيادا ئارقىدا قالغان، ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتقا ئېھتىياجى بار، ئەمما بۇنىڭغا كۈچ - قۇدرىتى يەتمەيۋاتقان ۋە شارائىتىمۇ يار بەرمەيۋاتقان مۇشۇنداق بىر قالاق مىللەت بىزگە قانداقمۇ ياردەم قىلالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى تەلتۆكۈس ئاشكارىلاندى، ئۇلار بىزنىڭ ئالىي مۇختارىيەت تەلىپىمىزنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ بىر ئۆلكىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەيدانىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئەمما، بىز بۇنداق بولۇشنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن رەت قىلىمىز. چۈنكى بىز بۇ ئىنقىلابنى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلغان، شۇڭا بىز ئىنقىلاب مېۋىسىنى قوغداش ئۈچۈن ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىمىز.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلسەك، ئۇلار ياۋروپانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىگە يېقىن. گەرچە ئۇلار ھازىر سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى بىر دۆلەت بولسىمۇ، بۇنىڭ بىزگە بولغان زىيىنى خىتاينىڭ زىيىنىغا سېلىشتۇرغاندا چوڭ بولمايدۇ. ماركسىزم نەزەرىيەسى ياۋروپادا بارلىققا كەلگەن. ئەمما لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئارقىلىق چار پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ، ماركسىزم ئىدىيەسى ئاساسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇردى. كۆپ دۆلەتنىڭ قوراللىق ئارىلىشىشىنى مەغلۇپ قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما بۇ دۆلەت تۈزۈلمىسى ھەقىقىي ماركسىزم ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغان تۈزۈم ئەمەس. ماركسنىڭ قارىشىچە، سوتسىيالىزم قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىنچ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن چاغدا، ئىشلەپچىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن بىر نەچچە دۆلەتنىڭ بىرلىشىشى بىلەن سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇلىدۇ. بۇ دۆلەتلەردە ئۆزئارا چېگرا بولمايدۇ، پۇل بىرلىكى ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئىشلەپچىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئاخىرىدا سوتسىيالىزم تەرەققىي قىلىپ كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە يېتىپ بارىدۇ. كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئەسلى ماھىيەت جەھەتتە، خۇددى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ باشلانغۇچى بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە ئوخشايدۇ. يەنى ھەركىم ئۆز كۈچىگە لايىق ئەمگەك قىلىدۇ، ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىمات ئالىدۇ. بۇ ھەرقانداق شەيئى تەرەققىي قىلىپ پەللىگە يەتكەندە، ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ دېگەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ. ئەمما لېنىن ماركسنىڭ نەزىرىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، پرولېتارىياتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قوراللىق ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق سوتسىيالىزمنى مەجبۇرىي ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇنداق سوتسىيالىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى ئىشلەپچىرىش كۈچلىرى قالاق بىر ھالەتتە تۇرۇپ، ھەممىگە ماس كېلىدىغان ئىشلەپچىرىش مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنداق ئۈستۈن دۆلەت قۇرۇلمىسىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا تايىنىپ ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق دۆلەت خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ. خەلقسىز دۆلەت دۆلەت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىستراتېگىيەمىزنى ئويلىغىنىمىزدا، ھازىرچە ئۈچ ۋىلايەتتىكى مەۋجۇت ھۆكۈمىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش، زادى ئامال بولمىغاندا، خىتاينىڭ ئاپتونومىيەسى ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسى بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ نىسپىي ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىش بىز ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارايمەن. بىز دائىم پالانىزم، پوكۇنىزم دەپ تالىشىۋاتىمىز. ئەسلىدە بۇنداق پالانىزم، پوكۇنىزم دېگەن بىر نېمىلەرنىڭ بىز بىلەن ئالاقىسى يوق. بىز ئۇيغۇرلار يېڭى ئىزم پەيدا قىلىدىغا مىللەت ئەمەس، يېڭى ئىزم قوبۇل قىلىدىغانمۇ مىللەت ئەمەس. بىزگە يات ئىدىيەلەر كېلىپ قالسىمۇ، دەرھال ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كېتىدۇ. باشقىلارنىڭ تەپەككۇرى بىلەن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن بىرنەچچە قەۋەت پولات تام بارلىقى روشەن. چۈنكى يېڭى ئىزمنى تېرىغۇچىلار كېلىپ بىزگە ئۇرۇقنى چاچسا، ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇنبەت تۇپراق بىزدە يوق. شۇنداقلا يېڭى ئىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان ناخشىلارغا تەڭكەش قىلىپ چالىدىغان سازەندە بىزدە يوق. شۇڭا بىز ئىزملارغا چىڭ

ئىسلىۋالماي ئۆز يولىمىزدا مېڭىپ، سۈنئىي ئىقتىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. دۆلەت قۇرۇشىمىزغا نۆۋەتتە قايسى يول پايدىلىق بولسا، بىزنىڭ شۇ يولدا ۋاستە تاللىماي مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. سىزدىن ئاخىرقى قېتىم شۇنى تەلەپ قىلىمەن ۋە بۇ توغرىسىدا ئىجابىي جاۋابقا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنى سىز بىز بىلەن غۇلجىغا كېتىشكە ھېچ ئىككىلەنمەي ماقۇل بولۇڭ. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇت جۇمھۇرىيىتىنى قاچانغىچە ساقلاپ قالالىساق، شۇ چاققىچە بىرلىكتە كۆرەش قىلىمىز. بىزگە ھازىر ئاخىرقى نۇقتا شۇنچە يىراق ۋە مەجھۇل كۆرۈنۈۋاتىدۇ. لېكىن ئاخىرقى تەقدىرىمىزنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى بىزگە گۇڭگا بولغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ يول بىز ئۈچۈن شۇنچىلىك جاپالىق ھەم مەنىلىك. شۇڭا يول ئۈستىدىكى بەزى پىكىر ئىختىلاپلارنى بىرياققا ئىتتىرىپ قويۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ئۈچۈن، ئاخىرى تېخى ئېنىق بىلىنمىگەن نۇقتىغا قاراپ بىرگە مېڭىشىمىز لازىم. جاھان تىنچىغانغا قەدەر، مەۋجۇت ھۆكۈمىتىمىزنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئورۇنسىز ئىختىلاپلاردىن ۋازكەچسەك ۋە مەسىلىلەرگە توغرا قاراشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرمىساق ھەمدە ئۆزىمىز تۇرغان مەۋقەيىمىزنى، سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، سىز بىلەن مېنىڭ پىكرىم ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدە ھېچبىر ئىختىلاپ يوق. ھەممىمىز ياڭراق ئاۋازىمىز، جېنىمىز ھەم قېنىمىز بىلەن ئۆز خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە بارلىق ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە ئۇسۇللارنى بۆسۈپ چىقالايدىغان باتۇرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش يولىغا ئاتلىنىۋاتىمىز. بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشى ئۇ مىللەتنىڭ مۇتلەق ئېھتىياجى بولۇپ، بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزى زور تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىشى كېرەك. نۆۋەتتە ئۈچ ۋىلايەتتىكى مۇستەقىل ھۆكۈمىتىمىزنى ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ قېلىش ۋە تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىمىزنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئىختىساسلىق ياشلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئىختىساسلىق كىشىلەر كۆپ بولغان جەمئىيەتتە ھەرقانداق ئىش ياخشى يۈرۈشىدۇ. ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، مىللىي روھنى ئۆستۈرۈش ۋە شەخسنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ زۆرۈر خىزمەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن سىزدەك يولباشچىلارغا ۋە ئىلغار پىكىرلىك، زېھنى ئوچۇق زىيالىيلارغا ئېھتىياجىمىز بار. ھازىر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئىلغار زىيالىيلار ئىلىغا قاراپ سەلدەك ئېقىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنمەكتىمەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، بۈگۈنكى دۇنيا تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان مائارىپ سىستېمىمىزنى قۇرۇپ چىقىمىز. ئىلىم - پەن تەرەققىي قىلىپ، تېخى بىلىپ يېتىلمىگەن ساھەلەرگە يۈرۈش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئىلىم - پەندە ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ. تەبىئىي پەن ساھەسىدە تەتقىقاتلار ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى قىلىشنىڭ ئورنىغا شەرھلەشنى، ئىلغار پەن - تېخنىكىنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا باھالاشنى دەسسىتىۋاتىدۇ. ئىلىمنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش سۇسلىشىپ، قارىغۇلارچە يادلاش ئەۋج ئېلىپ، ئىجاتچانلىق يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتچانلىقتىن يىراقلىشىپ، كونا ئەقىدىلەرگە مەپتۇن بولۇپ كەتتى. بۇرۇن ئىسلام دۇنياسىدا شۇنچە تەرەققىي قىلغان ئاسترونومىيە ئىلمى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تىلسىماتقا ئايلىنىپ قالدى. سىزگىمۇ ئايانكى، ئىسلام ئەللىرى ھازىر بىر چەمبەرنىڭ ئىچىدىن چىقالماي،

توختىماي پىرقىراپ، ئۈيۈپ قالغان پىرقىرغۇچتەك تۇرغۇن ھالەتتە تۇرماقتا. ئەمما بىز ئۇنداق پىرقىراشنى ئەمەس، يولدا ئىلگىرىلەشنى خالايمىز. ئۇيغۇر مىللىتى ئەزەلدىن تارتىپ يېڭىلىق ياراتقان ۋە يېڭىلىقلارنى تېز قوبۇل قىلىدىغان مىللەت. ھازىر بىز كونا ئەمرىمەرۇپلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىۋاتىمىز. ئەقىل – پاراسەتلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى نەتىجىسىدە يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمىز. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ سىز بىلەن مەن ئورتاق كۆز قاراشتىكى بىر يولنىڭ يولچىلىرى بولىمىز. بىز پەقەت بىر يولدا ماڭساقلا، كەلگۈسىدە ئەركىنلىق قۇياشى بىزنىڭ يۈزىمىزگە قاراپ چوقۇم كۈلىدۇ. بىز ئىككىلىمىز مىسىر پىرئەۋنىنىڭ شۆھرىتىگە ۋە ئۇنىڭ مومىياسىغا قىزىققۇچىلاردىن ئەمەس. بىز ئەلۋەتتە پىرامىدانى ياساشقا كەتكەن ئەقىلگە، سەنئەتكە ۋە جاسارەتكە قىزىقىمىز. بىزنىڭ راھەت - پاراغەتتە جەمشىتتەك بولغىمىز يوق، بىز جاھاننى سورىغان زۇلقەرنەين ئەسكەرلىرىنىڭ قارىنىدىن «ئالتۇن قان» ئاققۇزغان تۈرك ئەسكەرلىرىگە باش بولغان ئۆگەدەك يول باشچى بولۇشىمىز لازىم. جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئاتىسى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رۇسىيە ئىنقىلابىنى ماختاپ: «كېيىسپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇش پەقەت ئادالەتلىك بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بولىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئادالەتلىك ئاق تەنلىكلەر بىلەن ئادالەتلىك سېرىق تەنلىكلەر بىر يولدا ماڭىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. بىز ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن رۇسلارنىڭ نۆۋەتتە «ئادالەتلىك يول» دەپ قارىغان يولىغا مايىل بولۇپ، ئاخىرى ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان ئادالەتنىڭ يولىنى چوقۇم تاپىمىز! ھازىر ھېچ بولمىغاندا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى بولسىمۇ خىتايلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قالغان تەڭسىزلىك ئەلىمىنى تارتمايۋاتىدۇ. ئۇلار ھەقىقىي ئازاتلىقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا خاس خورلۇقنىڭ، ئېزىلىشنىڭ دەردىدىن قۇتۇلدى. بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى پۈتكۈل تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز يېتەكچىلىك قىلغان كۈرەش پائالىيەتلىرىمىز بەلگىلەيدۇ. ھەرگىز تۈرك ياكى مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقىمىز بەلگىلىمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئۆز تەقدىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان دەۋردە، بارلىق ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششىمىز لازىم. ئەگەر بىز بىرلىك بولۇپ ئۇيۇشساقلا، كەلگۈسىدە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئازاتلىق، ھۆرلۈككە چوقۇم مۇيەسسەر بولىدۇ! نۆۋەتتە بىز ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق، كۆكتىكى قۇياشتىنمۇ بەك بىباھا!»

ئەھمەتجان ئەپەندىنىڭ ئاستا، ئالدىرىماي قىلغان ۋەزنلىك سۆزلىرى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە تەسىر قىلمىدى ئەمەس، ئەلۋەتتە تەسىر قىلدى. لېكىن، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ بىرگە يولغا چىققان دوستلىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى بار ئىدى. ئۇلار ئۇ يولنىڭ ئۆزلىرىنى ئاخىرقى مەنزىلگە ئاپىرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان نەپرەت ئوتى قەتئىي ئۆچمىگەن ئىدى. بۈركۈتنى ئۆلتۈرگەن ئۇنىڭ پېيىدىن ياسالغان ئوق بولغىنىدەك، خوجىنياز ھاجىمنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن جاللاتلارنىڭ ئۇ ئۆزى تاغدەك ئىشەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەخسۇس تەربىيەلەپ ئەۋەتكەن جاسۇسلىرى بولۇشى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ غەزىپىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق تراگېدىيەلىك تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى ۋە ئۆزىنىڭ باشلىرىغا كەلگەن بارلىق

مەغلۇبىيەتلەرگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جاۋابكار ئىكەنلىكىگە يۈزدە يۈز ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى «سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپدارلىرى» دەپ بىلگەن ئەھمەتجان ئەپەندى قاتارلىقلارغا تەلتۆكۈس ئىشىنىپ كەتمەيتتى. مەسئۇد ئەپەندى رەئىس بولغاندىن كېيىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىدىيەت تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى زىيانغا ئۇچراپ، خەلقنىڭ تەلەپلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. ھەتتا ئەھمەتجان ئەپەندى بىلەن «ئۈچ ئەپەندى»نىڭ ئارىسى سەل ئېچىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۆزلىرىنى «ئۈچ ئەپەندى» دەپ ھۆرمەتلەيدىغان قوللىغۇچىلاردىن ئەھمەتجان ئەپەندىمنى قوللايدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى ئاممىا ئاساسەن ئەھمەتجان ئەپەندى تەرەپدارلىرىنى قوللايتتى.

ئىككى تەرەپنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆزئارا ئوڭچى بىلەن سولچى مەسىلىسى ئۈستىدە تالاش - تارتىشقا چۈشكەندە، بۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئارىسىدا بىر - بىرىگە قارشىلىق كۈچى بارلىققا كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىلدىكى تالاش - تارتىشلار ئىككىسىنىڭ بىرسىنىڭ توغرا، يەنە بىرسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيتتى. ھەقىقەتەن ھەر ئىككىسىنىڭ توغرا ۋە خاتا تەرەپلىرى بار ئىدى. ئەگەر بۇلار بىر - بىرىگە سەممىي بولغان بولسا، تالاش - تارتىش كۈچەيگەنسېرى بىر - بىرىدىكى خاتا نۇقتىلار چۆرۈپ تاشلىنىپ، ئەڭ توغرا تەرەپلىرىلا ساقلىنىپ قالاتتى - دە، قالغان يولنى بىرلىكتە يۈرگىلى بولاتتى. لېكىن قايسىنىڭ توغرا، قايسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى دائىم بۇنداق بىر مۇنازىرىدە ئايرىغىلى بولىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. شۇڭا دائىم بۇنداق قاراش، پىكىرلەرنىڭ ھۆكمىنى يەنىلا تارىخ بېرىدۇ. كىمنىڭ ئىدىيەسى قانچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە شۇنچە توغرا بولىدۇ. بەزىدە ئىككى ئادەمنىڭ توغرىسى ئوخشاش بولماي، ھەربىرسىنىڭ توغرىسى ئۆزىگە توغرا بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆز توغرىلىرىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. بۇ ئىككى توغرىنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى پەقەت ۋاقىتلا ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن توغرىلارنى ۋاقىتنىڭ باھالىشىغا، تارىخنىڭ ھۆكمىگە تاشلاپ قويۇشتىن باشقا بىر يولىمۇ يوق.

ئاخىرى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىمىغان ئەھمەتجان ئەپەندى، 18 - ئاۋغۇست كۈنى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇپ مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ، ئاي - يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ ئىلىنىڭ پاكىز سۇ سېپىلگەن سالقىن كوچىلىرىدا مەڭگۈ جەۋلان قىلىشى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئاخىرىغىچە كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىغان ئىدى. ھەقىقىي ياخشىلىق سۇغا ئوخشايدۇ، سۇنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ياخشىلىقى چەكسىز، ئەمما ئۇ ھېچقانداق نەرسە بىلەن رىقابەت قىلمايدۇ. ئەڭ قاراڭغۇ قۇدۇقلاردىمۇ سۈپسۈزۈك ھالەتتە ئۆز تەركىبىنى ئۆزگەرتمەي تۇرىدۇ. ئەھمەتجان ئەپەندىنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەتكە قىلغان ياخشىلىقى ئەنە شۇ سۇغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ سۈزۈك سۇدەك قەلبى ۋە مەيۈسانە چىرايى ئۈرۈمچى خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالدى.

ۋاقىت ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئادىل قازى. ئۇ ھامان تارىخقا ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ. ۋاقىت سامان بىلەن بۇغداينى ئايرىيدىغان تاغ شامالىرىغا ئوخشايدۇ. ۋاقىت شامالدەك تېزلا

ئۆتىدۇ، ئەمما ئەڭ توغرىسىنى ئايرىيدۇ. ىىراق، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ چېتىلىدىغان مەسىلىلەر ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا، پەيت قولدىن كېتىدۇ – دە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاھۇ - زارلار بارغانسېرى ئاشىدۇ. ئاخىرى يۈرەكتە مەڭگۈ ساقايماس، ھەر ۋاقىت قاناپ تۇرىدىغان يارا پەيدا بولىدۇ.

1948 - يىلىنىڭ نورۇز بايرىمى يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۈرۈمچىدە تېخى باھارنىڭ شەپىسى يوق ئىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى دېھقانلار يازلىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ قويۇاي دېسە، ھاۋانىڭ ئەلپازى تېخى ھېچ ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى. بۇ يىلقى باھارنىڭ ھاۋاسى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە قارىغاندا ئوبدانلا سوغۇق بولۇپ، كۆكلەم قۇشلىرى تېخى سايرىمىغان، ھاشارەتلەر قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، ئۇۋىسىنى تېخى تېشىپ چىقمىغان ئىدى. قۇياش كۈندىن - كۈنگە ئىسسىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەگىز سۈيى تاشمىغان، يوللارنىڭ يۈزى تەرلىمىگەن ئىدى. بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى توڭلار تېخى ئېرىمەي، كۆرۈمسىز يۈزىنى كۆككە قارىتىپ تۇراتتى. دەرەخلەر تېخى بىخ بىلەن پوتلا چىقارمىغان بولۇپ، قىشچە كۆيگەن كۆمۈرنىڭ ئىسلىرىدا قاپقارا قارىداپ كەتكەن يالىڭاچ شاخلىرى تۆمۈر شىۋىقتەك تۈپتۈز تۇراتتى. بۇرۇنلاردا مۇنداق چاغلاردا، باھارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ئاۋامنىڭ كەيپىياتى ئالاھىدە كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئەمما بۇ يىل كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن بۇرۇنقىدەك باھار شەيدالىقى شاراپىتىدىن ھېچبىر ئىپادە يوق ئىدى. يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدىن، كىيىم - كېچەكلىرىدىن، روھىي كەيپىياتىدىن، باھارنى ئەنداز قىلغان تەسىۋرىي ئىپادىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئىلگىرىكى يىللاردا ئەڭ بولمىدى دېگەندە، قىشچە ئۆيىگە بېكىنىپ ياتقان كىشىلەر باھاردا پارلىغان قۇياشنىڭ ئاستىدا ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن كوچىلارغا چىقاتتى. ئەمما ھازىر كوچىلاردا ئادەملەر ناھايىتى شالاڭ ئىدى. پەقەت ئەتراپتىكى تاقىر تاغلاردىن ئەسكەن سوغۇق شامال پۈتۈن ئەخلەت - چاۋىلارنى ئۇچۇرتۇپ ئەكىلىپ، ئۈرۈمچى كوچىلىرىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تىقىۋەتكەن ئىدى. ئەخلەتلەر ئارىسىدىن رىزقىنى ئىزدەپ يۈرگەن قاغىلار ھەر يەردە كۆزگە چېلىقاتتى. چۈنكى قاغىلارنىڭ ئورنىغا قارلىغاچ تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئىدى.
ئەمما، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى نەنجىڭدىكى ئالتە ئايلىق ئۈنۈمسىز پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تېخى تۈنۈگۈنلا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى. ئەسلىدە، بۇلتۇر 20 – سىنتەبىر، گېنېرال جاڭ جىجۇڭ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنى ئۆزىنىڭ باش كاتىبى ئارقىلىق نەنجىڭغا بېرىشقا تەكلىپ قىلغان ئىدى. مەقسەت: «ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مالىيەسى يەتمەيدۇ. بۇنىڭغا مەركىزىي ھۆكۈمەت ياردەم قىلماقچى. ئەلۋەتتە، بۇ مالىيە ياردەمنى مەركەزدىن تەلەپ قىلىش تەمرات نازارىتىنىڭ ۋەزىپىسى بولغاچقا، سىز نەنجىڭغا بېرىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت كىشىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەلسىڭىز ياخشى بولىدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ تەشەببۇس بىلەن يولغا چىققان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن نەچچە قېتىملاپ كۆرۈشكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. ياپون ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا، يەنە كوممۇنىستلار بىلەن ئىچكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بۇنداق بىر پەيتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن مالىيە

ياردەم قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە تېخى، شەرقىي تۈركىستاندا ئالتۇن ۋە كۆمۈر كانلىرىنى جىددىي ئېچىپ، ئۇنىڭدىن كىرگەن ئىقتىسادىي كىرىمنى ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىستلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادىنىڭ مەنبەسى قىلىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئەسلىدە بۇ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ يولىغا مەقسەتلىك قۇرۇلغان قىلتاق بولۇپ، جاڭ جىجۇڭ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەربابلىرىدىن ئەھمەتجان ئەپەندى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتىدىن ئەندىشىلەنگەن بولغاچقا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئالىي مۇختارىيەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدىكى ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتلىرىدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداق بىر ئويۇننى قەستەن ئوينىغان ئىدى. ئەمما مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ نىيىتى خالىس بولغاچقا، ئۇنىڭ تۇتقان يولىمۇ گۈزەل بىر يول ئىدى. دوستلىرىنىڭ يوللىرى تارلىشىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش قىيىنلىشىۋاتقان جىددىي پەيتتە، ئۇ دادىللىق بىلەن «يولۇڭ يولۇمدۇر!» دەپ، دوستلىرىغا يار - يۆلەكتە بولۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئەمما مەۋجۇت ۋەزىيەت رەھىمسىز بولۇپ، جاڭ جىجۇڭ بارلىق ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى گەرچە بۇ قېتىمقى يولچىلىقتا كۆزلىگەن ھەقىقىي مەقسىدىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىراق نەنجىڭدىكى ۋاقىتلىرىدا مۇسۇلمان مەملىكەتلىرىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك كۆپلىگەن پايدىلىق كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈۋالدى. نۇرغۇن قىممەتلىك كىتابلارغا ئىگە بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت ھېسابلىناتتى. دەرۋەقە ئۇ، كىتابنىڭ ئىنسان روھىنىڭ ئوزۇقى ئىكەنلىكىنى ھەممىدىن ئوبدان بىلەتتى.

مانا ئەمدى، ئۈرۈمچىگە ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى جەنۇبىي زالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نورۇز كېچىلىكىگە قاتنىشىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە زالنىڭ ئىچى چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئوغۇل - قىزلار، ئەر - ئاياللار ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى بىلەن لىق تولغانىدى. ئۈچ ئەپەندى قاتارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئەڭ ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئېلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىنى بىر خىل جىددىي ھاياجان ئەسىرگە ئالغان ئىدى. ئۇلار سەھنىدىكى قىزىل رەڭلىك پەردىنىڭ چاققانراق ئېچىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. پەردىگە قاراپ ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى خۇددى كىچىك باللاردەك ھاياجانلىنىپ، سەۋرسىزلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا مىدىرلىشاتتى. ئۇلار ھاياجان بىلەن ھېسسىياتقا تولغان كۆزلىرىنى ئۇدۇلىدىكى پەردىدىن ھېچ ئۈزمەيتتى. چۈنكى بۈگۈن نورۇز ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان، مەسئۇد ئەپەندىنىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان «نىياز قىز» ناملىق ئەسەر دراملاشتۇرۇلۇپ قويۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. سەھنىنىڭ ئارقىسىدىكى ماھىر مۇزىكانتنىڭ ناخشى بىلەن تەمبۇرنىڭ تارىسىنى چېكىشىدىن چىققان يېقىملىق مېلودىيەگە ئەگىشىپ، قىزىل رەڭلىك پەردىنىڭ ئىككى قانىتى ئاستا - ئاستا ئىككى ياققا قايرىلدى. دەل شۇ چاغدا يەڭگىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى – دە، رىياسەتچى قىز سەھنىگە چىقتى. قىزنىڭ ئېگىز، ئورۇق بويىغا خويمۇ ياراشقان «خوجەنە نۇسخا» دەپ ئاتىلىدىغان كۆك ئەتلەستىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆينەك، قىزنىڭ ئەۋرىشىم بەدىنىنى خۇددى كۆك لېنتىدەك سوزۇلۇپ جىلۋە قىلىپ ئاققان قاش دەرياسىدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. چىمەن دوپپىسىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن ئىككى ئۆرۈمە

ئۇزۇن چىچى نازۇك چىۋىقتەك بىلىدىن تۆۋىنىگە لەرزان تاشلىنىپ، قىزنى تېخىمۇ جەزىبدار قىلىۋەتكەن ئىدى. بەرق ئۇرۇپ تۇرغان قىيغان قەلەمدەك قاشلىرى ئاستىدىكى يۇلتۇز كەبى نۇر چېچىپ تۇرغان بۇلاق كۆزلىرى تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى ياش يىگىتلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلماي قالمىدى. قىزنىڭ يۈزلىرى سەھنىگە چۈشكەن چىراق نۇرلىرىدا خۇددى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان ئانارىدەك نۇر چاچاتتى. تازا مەي باغلىغان جىنەستىدەك لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەن نورۇزلۇق تەبرىك سۆزلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ھاياجانلىرىغا تېخىمۇ قىزغىنلىق قاتقان ئىدى. قىز تەبرىك سۆزىدىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى يازغان «توپلان مىللەت» ناملىق شېئىرنى شۇنچىلىك ھېسسىياتقا تولغان شېرىن ئاۋاز بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى:

«توپلان مىللەت»

بېشىمىزدا ئۇلۇغ مىللەت سەۋداسى،
جان جىگەرلەر بۇ ۋەتەننىڭ شەيداسى.
شوئارىمىز ئەركىنلىكنىڭ داۋاسى،
مىللى بىرلىك دەردىمىزنىڭ دەۋاسى.
توپلان مىللەت توغرا يولدا يۈرەيلى.

بىرلىك بىلەن يۈرگەن مىللەت يوقالماس،
يۈرگەن مىللەت ئورتا يولدا ھېچ قالماس،
يۈرەيلى بىز، بىزنى كىشى تۇتالماس،
توپلان مىللەت توغرا يولدا يۈرەيلى.

يۈكسەك ئەخلاق بىزگە دائىم قول چىراغ،
ئەخلاق بىلەن يۈرەيلى بىز باش - ئاياغ.
مىللى بارلىق ئەركىنلىككە چوڭ ياراغ،
ئىشلەيلى بىز چۆللىرىمىز بولسۇن باغ.
توپلان مىللەت توغرا يولدا يۈرەيلى!

قىزنىڭ ئۇزۇن يەڭلىك ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بەرگى قىياقتەك قوللىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە شۇنچىلىك ماسلاشقان دېكلىماتسىيەسى، پۈتۈن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. زالدىن كۆتۈرۈلگەن چاۋاك ئاۋازلىرى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. قىز درامىنىڭ رەسمىي باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، پەردە ئاستا - ئاستا يېپىلدى. «نىياز قىز» ناملىق بۇ ئەسەر بەش پەردىلىك دراما قىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى پەردىسى نىياز قىزنىڭ كىچىك چاغلىرىدا ئۆز ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كۆرۈنۈش ئىدى. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھرىدە يايپېشىل يايلاقتىكى قوزىچاقلاردەك ئۇياقتىن - بۇياققا

سەكرەپ، شۇنچىلىك ئەركىن - ئازادە، بەختىيار بىر ھاياتتا ئۆسۈۋاتقان كۆرۈنۈشى تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىغا باشلاپ ئەكەتكەن ئىدى. سەھنىدىكى دېكراتسىيە، رولچىلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، ئۇلارنىڭ نەپىس ھەرىكەتلىرى سەھنە ئاستىدا ئولتۇرغان كۆرۈرمەنلەرگە ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى يەنە بەدىئىي ئەسەرلەر ئاتا قىلىدىغان ئىستېتىك زوقتىن بەھرىمەن قىلغۇزغان ئىدى.

ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پەردە يەنە ئىككى ياققا قايرىلىش بىلەن تەڭ، سەھنىدىكى پۈتۈن چىراقلار بىردىنلا يورۇپ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە قاراتتى. ئەگەر كۈچلۈك بىر نۇر قاراڭغۇ سەھنىنى بىردىنلا يورۇتمىغان بولسا ئىدى، سەھنىگە تىكىلىپ تۇرغان يۈزلىگەن كۆزلەرنى بۇنچىلىك ھاياجانغا سالالمىغان بولاتتى. قىزنىڭ سەھنىدىكى ھالىتى كۆكتىكى قۇياشتەك كۆرۈرمەنلەرنىڭ يۈزلىرىنى يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. پۈتۈن تاماشىبىنلار قىزغا قاراپ تاشتەك قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى سۆرەتلەش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. قىزنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان چېھرىدە بۇيۇك بىر پاكلىقنىڭ ئالامىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، قىزنىڭ ئۈستى - بېشىدىكى كىيىملىرى شۇنچىلىك ياراشقان ئىدىكى، تاماشىبىنلارغا بۇ كىيىملەرنى ئۇ قىز ئۆز قولى بىلەن پىچىپ، تىككەندەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى. چۈنكى قىزنىڭ تەقى - تۇرقىدىن قولىنىڭ چېۋەرلىكى، ئىش قىلىشقا بولغان يۈكسەك ئىشتىياقى ۋە خۇيىنىڭ گۈزەللىكى مانا مەن دەپ، چىقىپلا تۇراتتى. كىيىم - كېچەكلىرىگە تاللىغان رەختلەرنىڭ نەپىسلىكى قىزنىڭ گۈزەللىكى بىلەن قوشۇلۇپ، قىز سەھنىدە بىر دەستە گۈلدەك كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا، زالدا چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرغان ئەڭ چىرايلىق قىزلارنىڭ گۈزەللىكىمۇ گۇڭگالىشىپ قالغان ئىدى. بۇ قىز، دەل نىياز قىز ئىدى. نىياز قىزدىن ئاۋۋال تۇغۇلغان قېرىنداشلىرى تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، قىز تۇغۇلغان چاغدا دادىسى، «خۇدايىم بۇ قىزىمنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ» دەپ ئەنسىرەپ، «خۇدايىم بۇ قېتىم قىزىمنى ماڭا نىياز ئەيلەر» دېگەن ئۈمىد بىلەن قىزغا «نىياز قىز» دەپ ئىسىم قويغان ئىدى. دادىسىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، قىز ھايات قالغان ۋە بىر ئوبدان چىرايلىق چوڭ بولۇپ، ھازىر ئون ئىككى ياشقا تولغان ئىدى. كۈندىن – كۈنگە بوي تارتىپ، قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ چوڭ بولۇۋاتقان قىزىنىڭ ئۈستىگە چاڭ قوندۇرماي چوڭ قىلىۋاتقان ئاتا - ئانىسى شۇنچىلىك بەختىيار ئىدى. ئەمما، بۇ بەختلىك كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى، ئاتا – ئانىسى بۇ قېتىم قىزىدىن ئاۋۋال ئۇ ئالەمگە ۋاقىتسىز سەپەر قىلغانىدى. قىز يالغۇز بېشى بىلەن بۇ ھاياتتا يېتىم قالدى ۋە ھاممىسىنىڭ ئۆيىگە سىغىندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاممىسى نىياز قىزنى يەكلەشكە باشلىدى، ئۇ قىزغا ئۆيىنىڭ پۈتۈن قاتتىق - قۇرۇق ئىشلىرىنى قىلدۇرغاننى ئاز دەپ، يەنە ئۇنى كۈندە دېگۈدەك ئۇراتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەتىۋارلىق نازۇك قىزى ئەمدىلىكتە ھاممىسىنىڭ قولىدا قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچراۋاتاتتى. بىر كۈنى ھاممىسى نىياز قىزغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، قولىدىكى پىچاقنى نىياز قىزغا قارىتىپ ئاتتى. ئۆتكۈر پىچاق ئۇچۇپ كېلىپ قىزنىڭ بېشىغا تېگىپ، يېرىۋەتتى. قىزنىڭ ئاھ - زارلىرىنى ئاڭلىغان قوشنىلار ۋەقەنى ناھىيەنىڭ پۈتۈن دەۋا ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل تۇڭگان ھاكىمغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، باش - كۆزى قان يۇقى قىزنى ھاكىمنىڭ قورۇسىغا يېتىلەپ ئەكەلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزى چۈشۈپ يۈرگەن بۇ قىزىل گۈلنىڭ

بۇگۈن ئۆزلۈكىدىن ئالدىغا ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن تۇڭگان ھاكىم، پۇرسەتنى قولدىن قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن:
«ھە، ئەھۋالنى بىلدىم. ھازىرچە قىز مۇشۇ يەردە قالسۇن. بېشىدىكى يارىسىنى ئەڭ ئۇستا ھەكىملەردىن بىرسىنى چاقىرىپ ئەكىلىپ تاڭدۇرۇپ، داۋالاتقۇزىمەن. ئوبدان ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ دەۋانى ئۆز قولۇم بىلەن بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ، جامائەتنىڭ ئاغزىغا قۇرۇق ئېمىزگە سېلىپ، يولغا سېلىپ قويدى، ئۇ قىزنىڭ يارىسىنى تاڭدۇرۇپ، ئۆيدىكى خىزمەتكارلارغا ئوبدان كۈتكۈزدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاكىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان قىز بىر ئوبدان ئەسلىگە كېلىپ، رەڭگى - روپى ئوڭشىلىپ، ياڭاقلىرى ئاناردەك قىزىرىپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ھازىر تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا ۋاللىدە زاھىر بولغان سەھنىدىكى كۆرۈنۈش، دەل ھاكىمنىڭ قوروسىدىكى خوتەننىڭ يەرلىك قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ چىرايلىق نەقىشلىنىپ بېزەلگەن ئايۋىنىدا، ئىش قىلىشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇرغان نىياز قىز ئىدى. قىز ئايۋان ۋە قورودىكى ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا، يىراقتىن شەھۋانى ھەۋەسلىرى جىرتاق كۆزلىرىدىن بالقىپ چىقىپ تۇرغان ھاكىم، ئۆز ئۆۋىنىڭ پېيىدا يۈرگەن تۈلكىدەك ماراپ قاراپ تۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۆيدىن سىرتقا چىققان ھاكىمنىڭ دومباق بودەك خوتۇنى قورودا بولۇۋاتقان ئىشلارنى پەملەپ:
«بۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى بېشىمىزغا بالا بولىدىغان بولدى» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدۇ. خوتۇننىڭ پەيلىنى كۆرگەن ھاكىم دەرھال قورونىڭ ئارقىسىدىكى باغ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھاكىمنىڭ خوتۇنى قورونى قېتىرقىنىپ سۈپۈرۈۋاتقان نىياز قىزنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز كېلىپ، خۇددى كىچىك قوزىنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قاماللاپ ئالغان بۈركۈتتەك، قىزنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىدىن قامالاپ تۇتۇپ، باشلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇرىدۇ. ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ قارىدىغان يۈرىكىنىڭ ئازابلىق دەردىنى گۇناھسىز قىزدىن پۇخادىن چىققۇچە ئېلىۋالغان ھاكىمنىڭ خوتۇنى، غىتىلداپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئېغىر جسمانىي ۋە روهىي زۇلۇمغا ئۇچرىغان قىزنىڭ ئەلەملىك ياشلىرى يېتىم كىيىكنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن قانلىق ياشتەك، سۈزۈك يۇمران يۈزىگە ساقىپ ئاقىدۇ. قىزىل گۈلنىڭ ياپراقلىرىدەك تىترەپ تۇرغان، تاياق زەربىسىدىن قاناپ كەتكەن نېپىز لەۋلىرىدىن تۆكۈلگەن ئەلەملىك نىدالار ۋە سەھنىدىكى تراگېدىيەلىك كۆرۈنۈشلەر تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەكلىرىنى لال قىلىپ، كۆزلىرىدىن ياشلارنىڭ ئەگىپ ئۆتۈشىگە سەۋەب بولدى. قىز قورونىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇ ئۇستى ئوچۇق زىنداندىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ. ئەمما نەگە بارىدۇ؟ كىمنى پاناھ تاپىدۇ؟ مۇڭلۇق مۇزىكىدىن كېيىن پەردە ئاستا - ئاستا يېپىلدى.
ئۈچىنچى پەردە باشلاندى. بۇ قېتىم قىزنىڭ ھامىسىنىڭ خارابىلىقتا چۆككەن ئۆيى ۋە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قاقاس سەينادا تۇرغان جادۇگەر چىراي ھامىسىنىڭ كۆرۈمسىز گەۋدىسى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولدى. شۇ ئارىلىقتا نىياز قىز ئۇستى - بېشى يىرتىلغان قىياپەتتە، يىغلىغان پېتى دەرۋازىدىن ھويلىغا يۈگرەپ كىرىدۇ. تۇيۇقسىز قوروغا كىرگەن قىزنىڭ بۇ ۋەيرانە قىياپىتىنى كۆرگەن سەلەيخان ھامىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي ھودۇقۇپ، ئەنسىزچىلىك ئىچىدە لىۋىنى چىشلەپ تۇرۇپلا قالىدۇ. چۈنكى دەۋا تېخى ئاخىرلاشمىغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بېشىغا پالاكەت كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. زالىم ھاكىمنىڭ غەزىپىگە

ئۇچرىشىدىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولغان سەلەيخان، ئۆزىنىڭ ئىچىدە ئويلىغان ئەندىشىلىرىنى تاماشىبىنلارغا قاراپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ. دەل شۇ چاغدا، ھاكىمنىڭ ئۈچ قوراللىق تۇڭگان ئەسكىرى يۈگۈرگەن پېتى قورونىڭ ئىچىگە كىرىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا نىياز قىز قورقىنىدىن دەرھال ھامىمىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالىدۇ، بەلكى، قاتتىق قورقۇپ كەتكەن قىز، خۇددى تۆكۈلۈپ تۇرغان شور تامدەك تۇرغان سەلەيخاننىڭ گەۋدىسىنىڭ ئارقىسىنى دەپ ئويلاپ، ئىختىيارسىز شۇنداق قىلغان بولغىيتتى. ئەمما سەلەيخان ئويلىمىغان يەردىن مەدەكتەك گەۋدىسىنى ئىتتىك بۇراپ، نىياز قىزنىڭ نازۇك بىلەكلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، ئۇنى تۇڭگان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا بىر باغلام يۇمران چۆپنى ئاتقاندەك ئاتىدۇ. ئەسكەرلەر ئاچ قالغان چىلبۆرىلەردەك قىزغا ئېسىلىدۇ ۋە سۆرەپ ماڭىدۇ. قىز ئۆز ھامىمىسىغا يالۋۇرىدۇ، سەلەيخان بولسا قىزنى رەھىمسىزلەرچە ھاقارەتلەپ تىللايدۇ. ئەسكەرلەر چۆرىلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئانار گۈللۈك گىلەمنى سۆرەپ ماڭغاندەك، قىزنى قورودىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىدىكى ۋەقەلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ماسلاشتۇرۇپ تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكىنىڭ رېتىملىق مۇڭ - زارى، رولچىلارنىڭ دىئالوگلىرى، نىياز قىزنىڭ چارىسىزلىك ئىچىدە چارە ئىزدەپ، يەنە چارىسىز قالغانلىقى، قىزنىڭ ھامىمىسىغا يالۋۇرغان چاغدىكى ھەسرەتلىك زارلىنىشلىرى، تاماشىبىنلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى نىياز قىزنىڭ چۇۋۇلغان سۇمبۇل چاچلىرىدەك تال - تال چۇۋۇۋەتكەن ئىدى.

نىياز قىز ھاكىمنىڭ ئۆيىگە مەجبۇرىي ئەكىتىلگەندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ھاكىمنىڭ خوتۇنىنىڭ خورلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ زۇلۇمدىن قېچىپ سەلەيخاننىڭ قېشىغا قېچىپ كەلگەندە، ھاكىمنىڭ ئەسكەرلىرى يەنە تۇتۇپ ئەكەتكەن ئىدى. ئەينى چاغدا تۇڭگانلارنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقىدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن خەلق بۇ زۇلۇمغا قارشى چىقالمىغان، بىر ئوغۇل بالا چىقىپ بۇ باشپاناھسىز قىزغا ئىگە چىقالمىغان ئىدى.

دراما يەنە باشلىنىپ، پەردە ئېچىلدى، بۇ قېتىم سەھنىدىكى دېكراتسىيەدە قۇملۇق چۆل يولىدا كېتىۋاتقان بىر ئات ھارۋىسى كۆرۈندى. دېكراتسىيەنىڭ يېنىدا چۆل گۈلىدەك يالغۇز ئولتۇرغان نىياز قىز كۆرۈندى. ئەسلىدە، ھاكىم نىياز قىزغا پۈتۈنلەي ئېرىشىش ئۈچۈن، قىزنى خوتەندىن ئۈچ ئايلىق ھارۋا يولى ئۇزاقلىقتىكى يۇرتى گەنسۇدىكى ئانىسىنىڭ قېشىغا زورلۇق بىلەن يولغا سالغان ئىدى. نىياز قىز ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق يات ئەللەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يول شۇنچىلىك ئۇزاق بولغاچقا، 80 كۈن ئات ھارۋىسى بىلەن يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھارۋا يېگانە قىزنى ئېلىپ، دەشتى چۆللەردىن، قاقاس تاغلاردىن، ئورمانلاردىن ئۆتۈپ، يات ئەللەرگە قاراپ يولدا كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا نىياز قىز تېخى ئەمدىلا ئون تۆت ياشتا ئىدى. ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىز پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى يۈتتۈرۈپ، ھەسرەتلىك نىدالار بىلەن گۈزەل، غېرىپ بېشىنى يېپەكتەك يۇمشاق ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چىڭگىدە سىقىپ تۇتۇپ، قاپقارا بوتا كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن مۇنچاق - مۇنچاق ياشلىرىنى زەيتۇن رەڭلىك ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە تامچىتىپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىۋېتىدىغان بىر مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان، چىرايلىق كىيىنگەن، قاپقارا چاچلىرى ئارقىغا قايرىلغان، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار بىلەن نەملەنگەن نۇرلۇق يۈزىنى نىياز قىزنىڭ ئەلەملىك تۇرقىدىن ئالالماي، تىكىلىپ ئولتۇرغان شائىر يىگىت

ئابدۇرېهىم ئۆتكۈر يازغان ئىدى. تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترىتىپ، كۆزلىرىدىن هىجران ياشلىرىنى ئاققۇزۇشقا سەۋەب بولغان بۇ ناخشا، شائىرنىڭ «يۈرتۇم قالدى» ناملىق شېئىرىنىڭ پىغانلىق مىسرالىرىغا ئاتاپ ئىشلەنگەن ئاهاڭغا سېلىپ ئېيتىلغان ئىدى.

مەن تۇغۇلۇپ ئويناپ ئۆسكەن
قىزىلگۈلدەك باغلار قالدى،
ئېگىز - ئېگىز خوي چىرايلىق
ياقۇت تاشلىق تاغلار قالدى.

بۇغا - مارال پادا – پادا
ئويناپ يۈرگەن سايلار قالدى.
تاغ باغرىدا ئويناپ سەكرەپ
بوتىچاقلار، تايلار قالدى.

ئېگىز تاغنىڭ يان باغرىدا،
سۇلار ئېقىپ هەريانىدا،
قۇشلار سايراپ كەڭ قوينىدا،
يېشىل - يېشىل قىرلار قالدى.

ئەگىپ - ئەگىپ بويلاپ ئاققان،
چۇرۇق - چۇرۇق ئويناپ ئاققان،
ئاق كۈمۈشتەك پالىلدىغان
بالدىن تاتلىق سۇلار قالدى.

سۇ بويىدا شىلدىرلىشىپ،
تەزىم بىلەن باش ئېگىشىپ،
مەن يېتىمنى ئۇزىتىشىپ،
لەيلى - مەجنۇن تاللار قالدى.

جىمجىت كوچا، ئايدىڭ كېچە،
بۇلاق بويلاپ باغچە - باغچە،
يۇلتۇز ساناپ تاڭ ئاتقۇچە،
ئويناپ ئۆتكەن چاغلار قالدى.

چۆللەر ئارا غېرىپ باشىم،
قۇرۇمايدۇ كۆزدە ياشىم،

قىيامەتلىك قېرىنداشىم -
كۆيۈمچانىم دوستلار قالدى.

قالدى يۇرتۇم، قالدى تەختىم،
قالدى مېنىڭ ھۆر جەننىتىم.
ياۋ قولىدا قارا بەختىم،
ئالتۇن بۆشۈك يۇرتۇم قالدى.

ياش شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بۇ ناخشا تېكىستىنى پايانسىز ئانا يۇرتىنىڭ گۈل - چېچەكلىرىنى، دەل - دەرەخلىرىنى، كىيىك - ماراللىرىنى، مىللەتنىڭ ئاھ - پىغانلىرىنى، ھەسرەتلىك جۇدالىقلىرىنى ۋە ۋىسال ۋەسلىگە يېتىشتەك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەپ يازغان بولۇپ، بۇ شېئىر ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرلىرىدىن بىرى ئىدى. ياش شائىرنىڭ يېقىندىن بۇيان يېزىۋاتقان شېئىرلىرى تېماتىك جەھەتتىن زامانىنىڭ زۇلمىدىن زارلىنىش، چوقان سېلىش ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىش، ئاۋام خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان شېئىرلار ئىدى. بۇ شېئىرلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ناھايىتى ئۆتكۈر، شېئىرىي ھېسسىياتقا باي ۋە ئوبرازلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن، ئاڭلىغۇچىنى چەكسىز تەپەككۇر بوشلۇقىغا باشلاپ كىرىپ، كىشىگە ئاجايىپ رەڭدار ئىستېتىك زوق ئاتا قىلاتتى، كىشىنى ئىلھام بۇلاقلىرىنىڭ لېۋىدە سەيلە قىلغۇزۇپ، تەپەككۇر قاراڭغۇلۇقىغا پاتقانلىقنى ئويلاپ يېتەلمىگەنلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە چوقان سالاتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە نىياز قىزنىڭ كىشىنىڭ قەلبىنى لەختە - لەختە قىلىدىغان، ھەتتا بۇلبۇلنىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان پىغانلىق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە بىدادلىق ستەمنىڭ يارىسىنى قاناتقان ئىدى. ئۇلار سەھنىدىكى نىياز قىزغا تەققاس، بۇ غەپتارى پەلەكنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ، شۇ باھاردا تاڭ خورىزىنىڭ چىللىشىغا تولىمۇ تەشنا ئىدى. ناخشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، پەردە ئاستا - ئاستا يېپىلىشقا باشلىدى. ئاندىن يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئەڭ ئاخىرقى پەردە ئېچىلدى. تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا، قىزىل تۈۋرۈكلۈك ئۆيلەرنىڭ دېكراتسىيە كۆرۈنۈشى كۆرۈندى. قورودا نىياز قىز يۈزىنىڭ نۇرى قاچقان قىياپەتتە، يۇرتىنى سېغىنىش ھەسرەتلىرى ئىچىدە، خىياللار چۆلىدە تەنھا كېزىدۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن ياشانغان تۇڭگان ئايال چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەسلىدە ۋەقە مۇنداق ئىدى: نىياز قىز بۇ يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن، ھاكىمنىڭ ئانىسى بۇ چىرايلىق ئۇيغۇر قىزنى ئۆزىنىڭ 20 ياشلاردىكى ئوغلىغا ئۆيلەندۈرمەكچى بولىدۇ، نىكاھ قىلماقچى بولغان كۈنى نىياز قىز ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماقچى بولىدۇ. قىز ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئارقاننى ئۆينىڭ تورۇسىدىكى لىمغا باغلاپ ئۆزىنى ئاسىدۇ. ئەمما، بۇ تراگېدىيەنى ئۆز ۋاقتىدا بايقىغان باشقا ئۆيدىكى كىشىلەر دەرھال ئۆينىڭ ئىشىكىنى چىقىپ كىرىپ، نىياز قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، قىز ئۇزۇن مەزگىل ھوشىغا كېلەلمەي ئاغرىپ يېتىپ قالىدۇ. ياشانغان تۇڭگان ئايال ئىنساپقا كېلىپ، نىياز قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ، مېھرى -

شەپقەت ياغدۇرىدۇ. ھازىرقى سەھنىدىكى كۆرۈنۈش بولسا، دەل تۇڭگان ئايالنىڭ نىياز قىزغا ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى بېرىۋاتقان چاغدىكى سەھنە ئىدى. ياشانغان تۇڭگان ئايال نىياز قىزغا:
«ئۆز مىللىتىڭدىن بىرسى چىقسا، چوقۇم شۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندۈرۈپ، ئۆز يۇرتۇڭغا يولغا سېلىپ قويىمەن» دەپ ۋەدە بېرىدۇ، ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. سەھنىدە يالغۇز قالغان نىياز قىز تاماشىبىنلارغا ھەسرەتلىك بېقىپ، گۈزەل خىياللارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈشكە تىرىشىپ، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدىكى دالىدا كېزىپ يۈرىدۇ. دەل شۇ چاغدا مۇڭلۇق مۇزىكا چېلىنىدۇ ۋە نىياز قىز ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، «ئۆزھال مۇقامى»نىڭ 1 ـ مەشرەپ نەغمىسىدىكى بابا رەھىم مەشرەپ غەزەلىنى ئېيتىدۇ:

جاھاندا نېمە ياخشى، ئاتا بىرلەن ئانا ياخشى،
مۇزەررەتلىك قېرىنداشتىن ۋاپادار ئاشىنا ياخشى.
مۇھەببەت بۇيىدىن بىر زەررە لەززەت ئالمىغانلارنىڭ،
دىماغىغا ئۇلارنىڭ مىسلى ئاھۇيى خوتەن ياخشى.
يىراقتىن دىلرەباغا ئاشىنالىق ئانچە خوپ ئەرمەس،
كېچە ـ كۈندۈز ئانىڭ يانىدا بولماققا ۋەتەن ياخشى.

ئاندىن سەھنىنىڭ قىزىل پەردىسى ئاستا ـ ئاستا يېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن دراما ئاخىرلاشتى.

ئېھ! شۇنى بىلىڭلاركى، بۇ دراما بىر خىيالى ھېكايە ياكى رومان ئەمەس. درامىدىكى ھەممە ئىشلار راست. يەنى شۇنچىلىك دەرىجىدە رېئاللىقتا ئۇيغۇنكى، درامىنىڭ ھەربىر ۋەقەلىكلىرىگە كۆرۈرمەنلەر ئۆزلىرى بىۋاستە شاھىت بولغاندەك، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك، ھەقىقەت ھەر كىمنىڭ يۈرىكىدە ئايان ئىدى. دراما كۆرگۈچىلەرنىڭ پسىخولوگىيەسى بىلەن مەنىۋى دۇنياسىدا، خۇددى قاتتىق بىر يەر تەۋرەشتە قالغان ئادەمدەك، سىلكىنىش يۈز بەردى. دېمەك، ئىشغالىيەت ئاستىدا قالغان مىللەتنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى شۇ رېئال ھاياتتىكى ئۆزىگە خاس بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تېخىمۇ روشەن يورۇتۇشى لازىم. ھايات چىنلىقىنى سەنئەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدا جانلاندۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قاراڭغۇ زىنداندا زەنجىرلەنگەن مەنىۋى دۇنياسىنى ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈپ، ئۆلگەن روھلىرىنى تىرىلدۈرۈپ، مەۋجۇت مەسىلىلەرگە بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ۋە ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىتىپ، ئاسارەتكە قارشى جەڭگە سىگنال چېلىش كېرەك. شۇڭا مىللىي ئەدەبىيات رېئال ئىجتىمائىي جەمئىيەت بىلەن ماس قەدەمدە يول ئېلىپ، مىللەتپەرۋەر گۈزەل سەنئەتنى نامايەن قىلغان بولۇشى لازىم. يازغۇچى، شائىر ۋە سەنئەتكارلار چوقۇم مىللىي روھنى نامايەن قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت نىشانى قىلىش كېرەك. يازغۇچىلار پىشقان يېزىقچىلىق ماھارىتى بىلەن ئۆزىدە جۇغلانغان بىلىملىرى، تىل سەنئىتىنىڭ كارامىتى، تەسەۋۋۇر قۇۋۋىتى قاتارلىق بىلىملىرىنى ئوبيېكتىپلاشتۇرۇپ، يۈرەك ـ دىلىنى قەغەزگە پۈتۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ يازغۇچى ۋە

سەنئەتكارلىرى ئىلغار ئىدىيە، كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى تېخىمۇ زۆرۈر. گەرچە يازغۇچى بىرەر ھېكايە ياكى دراما ۋە ياكى رومان يازسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيەسى ۋە پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ قەغەز يۈزىگە پۈتۈلىدۇ. ئوقۇرمەن يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئىستېتىك زوق ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە ھاياجانلىنىدۇ، مەنىۋى دۇنياسىدا يۈكسىلىش بولۇپ، يازغۇچىنىڭ پىكىر - ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ يازغۇچىلىرى ئۆز ئىجادىيەتلىرىگە شۇنداق تەلەپ قويۇشى لازىمكى، ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان ئىدىيەسى ماتېماتىكىدىكى تەڭلىمە سىزىقىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان سانلار ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىتىنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نەمۇنە ئەسەرلەر بولۇشى لازىم. بۈگۈن مۇشۇ مۇزلىغان شەھەردە ئوينالغان دراما ۋە ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ناخشىلار مىللەتنىڭ قەلبىدىكى ئەنە شۇ سۆزلىرىنى سۆزلىدى. ئۇنى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلاندۇرۇپ ئۆتتى. بۇ ئارقىلىق، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى زوراۋانلىق يولى بىلەن ۋە مەدەنىيەتنى مەدەنىيەت بىلەن يوق قىلماقچى بولۇۋاتقان ستەمكار بىر زاماندا، مىللەتنىڭ ئۇۋاللىق، خارلىقتا قالغان ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا قاراپ سۈكۈناتتا تۇرماي، بەلكى يالقۇنلۇق مەنىۋى چىراق ياقتى.

ئېخ! بۇ كۈنلەر مۇزلىغان شەھەردە مۇزلىغان يۈزلىرىمىزگە چۈشكەن مۇزدەك ياشلارنىڭ تامچىسى بىلەن مۇزدەك ئۆتۈپ كەتمەكتە. كىتابلارغا «ھەر نەرسىنىڭ شىپاسى ۋاقىت» دەپ يازىدىكەن، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت زادى نېمىگە شىپا بولىدۇ؟ ۋاقىت ئۇيغۇر مىللىتىگە ئاچچىق ئەلەمگە تولغان تارىختىن باشقا بىر نەرسە قالدۇرۇپ كەتمىدىغۇ! ئۇنداقتا، كەلگۈسىدىكى ۋاقىت ھەقىقەتەن مىللەتنىڭ قانىغان يارىسىغا شىپا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ توغرا، مۇمكىن بولمىغاننى مۇمكىن قىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىش، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن يول ئېلىشى كېرەك. كېلەچەكنىڭ ئىشىكىنى كەچمىشنىڭ ئاچقۇچى ئاچىدۇ!

ئوپقان

كۆرۈپ مېنى ئەملىدى،
ماڭا قاراپ ئىملىدى.
كۆڭلۈم توڭلىغان پېتى قالدىم،
قايغۇ مېنى ھارغۇزدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يولغا ئىشەنچ قىلالىساڭ ئالدىڭغا قاراپ مېڭىۋەر. يولۇڭغا چىققان قىيىنچىلىقلار پەقەت سېنى سىنايدىغان ئىمتىھانلىرىڭ بولسۇن. ئۆزۈڭ توغرا دەپ بىلگەن يولنى ماڭ، يول ئۈستىدىكى ھىجران بىلەن ۋىسال تەقدىرگە باغلىق! يولنى قورقۇنچاقلار بىلەن ئەمەس، بەلكى جان بىلەن مالدىن كېچەلەيدىغانلار بىلەن ماڭ. قىيىنچىلىقلار بىلەن دۇچمۇدۇچ كەلگەندە، تىك تۇرۇشنى بىلىشىڭ كېرەك. نە بىر جاپا، نە بىر ستەم سېنى يولدىن قويمىسۇن. جەسۇر بولغان ئاتەش ئىچىدە قالغان يوللاردا مېڭىپ، پولاتتەك تاۋلىنىپ چىقىدۇ. قورقۇنچاقلار ئاتەشتە كۆيۈپ، كۈلى يولغا توزۇيدۇ. يولدا يۈرگەندە بىرلىك، ئۆملۈك بىلەن، قولنى - قولغا تۇتۇپ مېڭىش كېرەك. يول ئۇزاق بولسىمۇ ھامان مەنزىلگە يەتكىلى بولىدۇ، ئەمما كۆڭۈل ئۇزاق بولسا يېقىن مەنزىلمۇ ئۇزاق تۇيۇلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، مۇنداق بىر جۈملە بار، «قەدىمى ئېغىر ئادەم ئاستا يول يۈرسىمۇ يەنىلا مەنزىلگە يېتىپ بارالايدۇ».

گەرچە بۇ يىل ياز ناھايىتى كەچ كەلگەن بولسىمۇ، ھاۋا تۇيۇقسىزلا ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇلۇتلار زېمىنغا ھېچ ئۈنچىلىرىنى تۆكمىگەن ئىدى. ئۈرۈمچىدە كىشىلەرگە ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك، ھەممە ئادەمنىڭ دېمى سىقىلىپ، ئۆزىنى سالقىن بىر جايغا ئېلىپ قاچاتتى. يانچۇقىدا تۆت تەڭگىسى بارلا ئادەم شەھەردىن ئۈچ - تۆت كۈن بولسىمۇ ئايرىلىپ، تېرەكساي، ئاقتاغ ۋە بۇغدا كۆلى قاتارلىق سالقىن تاغ ھاۋاسى بار جايلارغا كېتىپ دەم ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بۇنداق زامانلاردا بولغۇلۇق يەنە دېھقانلارغا بولاتتى. ئۇلار ئاپتاپتا كۆيۈپ، تېرىلىرى قاقتەك قۇرۇپ، تاڭدىن كەچكىچە ئىشلەيتتى. ئۇلارنى ئۈستىدىكى قۇياشنىڭ قىزىق ئاپتىپى ئەمەس، بەلكى ئېتىزلىقتىكى ئاخىرى تۈگىمەيدىغان ئېغىر ئەمگەك ئازابلاپ، سۈيى تۈگىگەن تۇلۇمدەك بوشاشتۇرۇۋېتەتتى. گەرچە ھۆكۈمەت يەردىن ئېلىنىدىغان بىر يىللىق باجنى ئالمىغىنى بىلەن، ئېتىزدىن تۈزۈكرەك ھوسۇل ئېلىنمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ھالى يەنىلا خاراپ ئىدى. ئۇلار كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان كەڭ كەتكەن ئاختاملىق ئېتىزلارغا قاراپ، سۇسىز دەريادا قالغان بېلىقتەك ئازابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مال باھاسى ھەددىدىن تاشقىرى ئۆسۈپ، پۇل پاخاللىشىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە يامانلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەسئۇد ئەپەندى رەئىس بولغان بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۆزگىرىش بولدى دېيىلسە، پەقەت ئۈرۈمچىدىكى ھال كۈنى بىر ئاز ياخشىراق ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەردىكى جانلىنىشنىلا كۆزدە تۇتسا بولاتتى. يەنى مائارىپ،

سەنئەت ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلدى. مەكتەپلەردە يېڭى دەرسلىكلەر تۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن تارىخىي بىلىملەر ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت دەرسلىكلەر ئۆتۈلىدىغان بولدى. بولۇپمۇ تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىش خىزمەتلىرى ناھايىتى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرك خەلقلىرى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئاز - تولا تونىدى. چۈنكى بۇ جەھەتتە ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، گېزىت - ژۇرناللار چىقىرىلىپ، مىللەتنىڭ تارىخىنى، ۋەتەننىڭ جۇغراپىيەسىنى، ئەدەبىياتىنى چۈشەندۈرىدىغان دوكلاتلار بېرىلدى، تارىخ دەرسلەر تەسىس قىلىندى. بولۇپمۇ «ئەرك گېزىتى»نىڭ «يۇرتىمىز تۈركىستاندۇر، ئىرقىمىز تۈركتۇر، دىنىمىز ئىسلامدۇر، بىز مىللەتچىمىز، بىز ئىنسانىيەتچىمىز، بىز خەلقچىمىز» دېگەن ئالتە شوئار ئاستىدا ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتى كەڭ ئوقۇغۇچى ۋە ياشلار ئارىسىدا ئالاھىدە تەسىر قوزغىدى. ئەمما ئۈچ ئەپەندىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمۇ ئۇزۇنغا بارماي توسقۇنلۇققا ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى، مەسئۇد ئەپەندى رەئىس بولغان مەزگىلدە ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپدارلىرى بىلەن مىللەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈچىيىپ، قىلىدىغان ھەقىقىي ئىش بىر ياقتا قېلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ئەپەندىنىڭ تۈرك مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنى ئۆزىگە تەھدىت دەپ قاراپ، بۇلارغا  قارشى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىشۋەتكەن بولغاچقا، بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدىيەسىدە زىددىيەتلىك توقۇنۇش پەيدا بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى تاشكەنت رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشىدىن پايدىلىپ: «پانتۈركىزمنىڭ مەركىزى ئەنقەرە ئىدى. ھازىر بولسا بۇ مەركەز ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلدى. پانتۈركىزمنىڭ ئەنقەرەدىكى باشلامچىلىرى فۇئات كۆپرۈلۈ، بەسىم ئاتالاي بولسا، ئۈرۈمچىدىكى باشلامچىلىرى مەسئۇد سەبرى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەردۇر. دېمەك، ھازىر ئۈرۈمچى پانتۈركىزمنىڭ ئىككىنچى مەركىزى. بۇلار ئەسلى تۈرك بولمىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاتار مىللەتلىرىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، تۈرك قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. تىلى تۈركچە بولۇشىنىڭ ئۆزى تۈرك دېگەنلىك بولمايدۇ» دېگەندەك بىمەنە تەشۋىقاتلارنى ئېرىنمەي قىلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر چوغنى پۈۋلەپ ئۇلغايتىپ، ئۈچ ئەپەندى تەرەپدارلىرى بىلەن ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۈچەيتىشكە ئۇرۇندى. بۇنداق زىددىيەتلىك بىر تارىخىي شارائىتتىن پايدىلانغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھە دەپ ئۆزىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى كۈچەيتتى ۋە بۇ كۈچكە تايانغا ئاساستا، شىمالدىكى ئۈچ ۋىلايەتتىن باشقا، قالغان يەتتە ۋىلايەتنىڭ مەمۇرىي ئورۇنلىرىدا سايلام ئارقىلىق مەنسەپكە تەيىنلەنگەن خەلقپەرۋەر زاتلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ قول چوماقچىلىرىنى قويۇشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالغا قارشى چىققان ئۈچ ئەپەندىنى ھە دەپ مەركەزگە يامان كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسىنى بارغانسېرى تارايتىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا يول قويمىدى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە، خىتاي تۇپراقلىرىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن قىزىل كوممۇنىستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش تازا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشكە يۈزلەنگەن ئىدى.

كۈز كېلىپ، ئېتىزلار تاقىرلىشىپ، خامانلار سورۇلۇپ، گۈللەر توزۇپ، دەرەخلەر ياپراق تۆككەندە، كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى خىتاينىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىدە ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قازىنىشقا باشلىدى. 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى لياۋنىڭ - شېنياڭ جېڭى باشلاندى، پۈتۈن خىتاي مىقياسىدا سىياسىي، ھەربىي ۋەزىيەت كوممۇنىستلارنىڭ پايدىسىغا قاراپ راۋاجلاندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پات يېقىندا پۈتۈنلەي گۇمران بولىدىغانلىقى پۈتۈن جاھانغا ئېنىق كۆرۈنۈپ قالدى. ئىچ - ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن بۇ ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى توپلاپ ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر قولىدا تىنچلىق بايرىقىنى كۆتۈرسە، يەنە بىر قولىدا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەجەل ھودۇقۇشىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى. لەنجۇدا تۇرۇۋاتقان سىياسەتپەز گېنېرال جاڭ جىجۇڭ شەرقىي تۈركىستاندەك بىر گۆھەر زېمىننى مەڭگۈ خىتاينىڭ زېمىنى قىلىۋېلىش نىيىتىدە، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا باقتى ۋە كوممۇنىستلارغا مايىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە يۈزلەندى. ئۇ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭ»دا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىيە پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ليۇزېرۇڭ، ليۇمىڭچۈن قاتارلىقلارنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى قايتىدىن تەشكىللەشنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە، مەسئۇد ئەپەندىنى رەئىسلىكتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كوممۇنىستپەرەس بۇرھان شەھىدىنى رەئىسلىككە تەيىنلەش قارار قىلىندى، قارار لايىھەسىنى دەرھال جياڭ كەيشىغا مەلۇم قىلدى. بۇ چاغدا جياڭ كەيشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولغاچقا، كوممۇنىستلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا تەمشەلگەن ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ تەكلىپ لايىھەنى دەرھال تەستىقلىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پەرمان چىقىرىپ، مەسئۇد ئەپەندى بىلەن ئېيسا ئەپەندىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. مەسئۇد ئەپەندىنىڭ ئورنىغا بۇرھان شەھىدى ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئېيسا ئەپەندىنىڭ ئورنىغان ليۇ مېڭچۈن باش كاتىپلىققا تەيىنلەندى. گەرچە بۇ قېتىم ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مىللەتچى دەپ ئاتالغان ئەپەندىلەرنىڭ قولىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەسئۇد ئەپەندى بىر ئاز راھەتلىنىپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى ئۇ ۋەزىپە ئۆتىگەندىن بۇيان، يا مەركەزگە ياخشى بولالماي، يا خەلققە ياخشى كۆرۈنەلمەي، ئۆزى ئويلىغان چوڭ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخى ئاجىزلىق قىلىپ. تەڭلىك ۋە باش قېتىنچىلىققا قالغان ئىدى. ھازىر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى مىللەتچى خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئورنى ئاجىزلاپ، كوممۇنىستلارغا مايىلراق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشقان ئىدى. يېڭى ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن بولغاچقا، ئۈچ ئەپەندىنىڭ كۈچى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. ئەمما خىتاينىڭ ۋەزىيىتىدە چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. 1949 - يىلى يېڭى يىل كۈنى، مارشال جياڭ كەيشى نەنجىڭدا «يېڭى يىللىق تەبرىك سۆز» ئېلان قىلىپ، كوممۇنىستلار بىلەن سۈلھى سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما كوممۇنىستلارنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ خېيىنىڭ شىبەيپو دېگەن يېرىدە، «ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى» ناملىق يېڭى يىل

بېغىشلىمىسنى ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش مەيدانىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. كوممۇنىستلارنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى ئامېرىكىنىڭ ئىلغار قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ۋە «پولاتتەك قورغان» دەپ ئاتالغان گومىنداڭ ئارمىيەسى ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، بېيپىڭ، تيەنجىن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ بوسۇغىسىغا يېتىپ كەلدى. ئاپرېل ئايلىرى كىرىش بىلەن تەڭ، خىتاينىڭ بۇ مەركىزىي شەھەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتتى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى جەنۇبقا قاراپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن تېزلىكتە ئۆتۈپ، 23 - ئاپرېل كۈنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ مەركىزى نەنجىڭنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خىتاي زېمىنىدا 37 يىل ھۆكۈم سۈرگەن گومىنداڭنىڭ سەلتەنىتىگە خاتىمە بېرىلگەن بولدى.

1949 - يىلى 21 - ئىيۇندىن 14 – ئاۋغۇستقىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى ليۇ شاۋچى باشچىلىقىدا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شەرقىي شىمال بيۇروسىنىڭ شۇجىسى گاۋ گاڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ جياشياڭ قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا بېرىپ، قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى توغرىسىدا ستالىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئۇلار ستالىننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمىنى ئالدىغا سۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى پات يېقىندا پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايدىغانلىقىنى كېلىشتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور مىقداردا ئىقتىسادىي ياردەمگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلىش پىلانىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، «خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى»نىڭ شەرقىي تۈركىستاننى دەرھال ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن ھەربىي ۋە قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇش توغرىسىدا كېلىشىملەر تۈزۈلدى. 11 - ئىيۇل ماۋ زېدوڭ «خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى» 1 - دالا ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى پېڭ دېخۇەيگە غەربىي شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى، بۇنىڭ بىلەن «خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى»نىڭ 1 - دالا ئارمىيەسى غەربىي شىمالغا شىددەت بىلەن يۈرۈش قىلىپ، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا لەنجۇنى ئىشغال قىلدى. پېڭ دېخۇەي 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى 1 - دالا ئارمىيەسىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن، جىددىي ھەربىي لاۋازىمەتلەرنى تەييارلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن زور كۆلەمدە ھەربىي ۋە قاتناش قوراللىرى ياردىمىگە ئىگە بولدى. بۇنداق جىددىي بىر ۋەزىيەتتە، شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى تاۋ سىيۆ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى دەرھال خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئۆز مايىللىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ئەپەندىگە كەلسەك، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى يول بار ئىدى: بىرسى، قازاق خەلقىنىڭ يېتەكچىسى ئوسمان باتۇر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ۋەتەن تۇپراقلىرىغا باستۇرۇپ كىرگەن كوممۇنىستلارنىڭ ئاتالمىش «خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسى» بىلەن ئاخىرىغىچە جەڭ قىلىپ شېھىد بولۇش؛ يەنە بىر يول بولسا، كەلگۈسىدە ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن پۇرسەت كېلىشىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ، ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلىش يولى ئىدى. بۇ چاغدا

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى مۇنداق ئويلىدى: «كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن قانغا قان، جانغا جان ئېلىپ جەڭ قىلىپ، ئاخىرى شەرەپ بىلەن ئۆلۈپ، شېھىدلىك شارابى ئىچىش قانچىلىك ئۇلۇغ، مۇقەددەس ۋەزىپە بولسا، قەلبىگە زور ئۈمىدلەرنى پۈكۈپ، ۋەتەن ئۈچۈن يېڭى شەرەپلىك خىزمەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن، يولباشچىلارنىڭ ۋاقىتلىق ھايات قېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئۇلۇغ ئىش» ئەنە شۇ ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى قەلبىگە چىڭ پۈككەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئىيسا ئەپەندى ھىجرەت يولىغا ئاتلىنىشقا قارار بەردى. ئەمما مەسئۇد ئەپەندى  ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى، بۇ ياشقا كەلگەندە يەنە ۋەتىنىنىڭ تۇپراقلىرىدىن ئايرىلىپ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن كۆپ خىزمەت قىلىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى دەلىل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نەپىسىگىچە كوممۇنىستلار بىلەن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ۋەتەنىدىن ئايرىلمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى قارارنى بەردى.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئىيسا ئەپەندى ھىجرەت قىلىش قارارى ئالغاندىن كېيىن، دەرھال پاسپورت ئېلىش يوللىرىنى قىلىش ئۈچۈن گېنېرال تاۋ سىيۆ بىلەن كۆرۈشتى. ئاخىر كۆپ ئادەمنى ئېلىپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن ئۆزلىرى، ئائىلىسى ۋە ئالتاي نەشرىياتىنىڭ خادىملىرىغىلا پاسپورت ھەل قىلالىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ يېنىدا سەپەرگە ئاتلانغۇدەك يېتەرلىك ئىقتىساد يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەپەندى ئالتاي نەشرىياتى ئىگىلىكىدىكى مال - مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئالتۇنغا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئالتاي نەشرىياتىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مەتبەئە، گېزىت، ژۇرنال، كۇتۇپخانا، فىلىم ئىشلەش ماشىنىسى، تەنھەرىكەت زالى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەسلىھەلەر قاتارلىقلارنى ھېسابلىغاندا، ئەڭ ئاز دېگەندە مىڭ سەر ئالتۇنغا يارايتتى. ئەمما، بۇلارنى دەماللىققا سېتىۋالىدىغان خېرىدار يوق ئىدى. چۈنكى ھەركىم بۇ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا تېپىۋېلىشنى خالىمايتتى. كوممۇنىستلارنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ھېچقانچە ۋاقىت قالمىغان بولۇپ، بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، «كوممۇنىستلارغا قارشى بىرلىرىنىڭ مال - مۈلكىنى پۇل قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە قېچىشىغا ئىقتىسادىي ياردەمدە بولدى» دېگەن ئاتاق بىلەن ئۆزىنى ئوتقا تىقىشنى ھېچكىم ئويلىمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەپەندى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، بارلىق مال - مۈلۈكنى بۇرھان شەھىدىنىڭ رەئىسلىكىدىكى ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلدى. گېنېرال تاۋ سىيۆ  ئىككى ئەپەندىنىڭ مەرتىلىكىنى مەدھىيەلەپ: «بەك ياخشى ئىش قىلدىڭلار، بۇ قىلمىشڭلار ھەقىقەتەن ئالىجانابلىقنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر سىلەردىن باشقا بىرلىرى بولسا ئىدى، ئېلىشىغا سېتىۋەتكەن ياكى ئامانەتكە قويغان بولاتتى، ھەتتا بۇرھاننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەتكە قالغۇچە دەپ، ئوت قويىۋەتكەن بولار ئىدى. ئەمما سىلەر ئۇنداق قىلماي ھۆكۈمەتكە تەقدىم قىلدىڭلار. مەن بۇ ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن، سىلەر تەقدىم قىلغان ماللارنىڭ تىزىملىكى بويىچە پۇل ھەل قىلىپ بېرەلمىسەممۇ، لېكىن ئاز مىقداردا بولسىمۇ پۇل ھەل قىلىپ بېرىمەن» دېدى. ئۇلار بەرگەن تىزىملىك بويىچە ماللارنى يۆتكەش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدىنىڭ قول ئاستىدىكى تەشۋىقات ھەيئىتى بىرقانچە يۈك ماشىنىسى بىلەن كېلىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇپ كەتتى، بۇرھان شەھىدى ئاز بولسىمۇ يول راسخوتى بېرىدىغان بولدى. شۇ بىرقاتار ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن، يولغا چىقىدىغانلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ماڭىدىغان بولدى. باشتىكى گۇرۇپپىدىكىلەر ساپ ياشلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ساتتار بۇلبۇل، ئۇيغۇر ئادىل،

ھاجى ياقۇپ، خېۋىر تۆمۈر قاتارلىق ياشلار بار ئىدى، بۇلار يول ئۈستىدە ئۇچتۇرپاندىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنى ۋە بۆگۈردىن چىڭگىزخان داموللامنى ئېلىپ قەشقەرگە كېتىۋېرىدىغان بولۇپ، 15 - سىنتەبىر كۈنى يېرىم كېچىدە يولغا ئاتلاندى. ئارقىدىن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئائىلىسى بىلەن ماڭدى. ئاخىرىدا ئىيسا ئەپەندى بۇرھان شەھىدى بىرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان يول راسخوتىنى ئېلىپ يولغا چىقماقچى بولدى. ئىيسا ئەپەندى ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇرۇنلا ئۆز يۇرتى يېڭىسارغا يولغا سېلىۋەتكەن بولغاچقا، ھەرھالدا باشقىلارغا قارىغاندا بىر ئاز خاتىرجەم ئىدى.

سىنتەبىرنىڭ 18 - كۈنى يېرىم كېچىدە، ئۈرۈمچىدە ياز كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇپ تەختكە چىققان كۈزنىڭ سوغۇق شاملى زوراۋانلىق قىلماقتا ئىدى. ھاۋا تۇتۇق بولغاچقا، ئاسمان تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە قاپقارا كۆرۈنەتتى. يوللاردا ياتقۇدەك يەر ئىزدەپ يۈرگەن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا مۇش ئۇرغاندەك ئاڭلىناتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئائىلىسى ۋە ئەردەملەرنى ئېلىپ ماڭغان قارا يۈك ماشىنىسىنىڭ موتۇرىدىن چىققان ئاۋاز ئۈرۈمچىنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىدىكى سۈكۈناتنى بۇزۇپ، ئارقىسىغا ئۇپقاندەك تۇيى يوق قاراڭغۇ شەھەرنى قالدۇرۇپ، ئولانباي تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئارقا كوزۇپىدا ئولتۇرغان ئەردەم ئەمدىلا كۆنۈشكە باشلىغان شەھەردىن يەنە ئايرىلىپ، يىراق ئەللەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇ چەت ئەللەردىكى جاپالىق كۈنلىرىنى ئەسلەپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى ئون ئىككى يىل تارتقان ئەمەسمىدى، ھازىر ئۇ يەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بېشىغا كېلىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. ۋادەرىخا! باشقا كەلگەننى تارتماسلىققا نە ئىلاج، كىممۇ ئۆز ۋەتىنىدىن سەۋەبسىز ئايرىلىدۇ؟ ئۇ بۇ ئاخىرى چىقمايدىغان يولچىلىقتىن، ئىنسان روھىنى ئازابلايدىغان ھىجران ھەسرەتلىرىدىن قاچانمۇ قۇتۇلىدۇ؟ ئۇ كالىلىسىدىكى قاراڭغۇلۇقلار ئىچىدە گاڭگىراپ، ئارقىسىدا قېلىۋاتقان قارىياغاچلارغا سەپ سالدى. ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يازدا بۇ دەرەخلەرنىڭ سايىسى كىشىلەرگە جان ئارامى بېغىشلاپ، ئۇلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن بولسا، مانا ئەمدى سوغۇقنىڭ شەپىسى كەلمەي تۇرۇپلا، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك، باشلىرىنى ئېگىپ، زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىدە شاخلىرىنى شىۋىرلىتىپ ئارقىدا قىپ قالغان ئىدى. ئەردەم ئوڭ قولى بىلەن چاپىنىنىڭ ئىچىدە ئىسسىق تۇرغان سول مەيدىسىنى تۇتتى. بۇ يەر دەل، تاش ۋە تۇپراق كېرەك قىلماستىن ئۆز سۆيگەنلىرىنى كۆمىدىغان جاي، سەن يەنە شۇ يەرگە دەردىڭنى ئېيتىپ، ئازاب ۋە ئىزتىراپلىرىڭنى كۆمۈپ، يولۇڭنى داۋام قىلىشقا مەجبۇر بولىسەن. بىراق بۇ قاپيۈرەك چىدىغان بىلەن، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان دەرد - ئەلەملەرنىڭ تەسرى سارغايغان يۈزۈڭدە ئىپادىلىنىپ، دەردلىك كۆزلىرىڭدە ياش بولۇپ ئاقىدۇ. بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ سورىغانلارغا، يالغاندىن: «ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھقا شۈكرى» دەپ جاۋاب قايتۇرىسەن. مانا بۇ ئۇيغۇر پىسخىكىسى ئەمەسمۇ. ئەردەم بېشىنى چاپىنىغا چۆكۈكەپ خىيالغا كەتتى.

«ھەزرىتىم دائىم: ‹بۇ دۇنيادا ئۈمىد دېگەن نەرسە بار!› دەيدىغان. توغرا ئۈمىد بار، ھەتتا بار دېگەندىمۇ بۇ دۇنيانى تولدۇرغىدەك بار. ئەمما، بۇ ئۈمىدلەر بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇ خۇددى گۈزەل پەرۋىنگە ئوخشايدۇ. پەرۋىن مېنىڭ قەلبىمگە ئاجايىپ ئىشق ئوتىنى

تولدۇرۇپ قويۇپ، بۇ ئالەمدىن كۆچۈپ كەتكەندەك، ئۈمىدمۇ نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلارنى قەلبىمگە سىڭىپ قويۇپ، مېنى ئالداپلا كېلىۋاتىدۇ. ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۈمىد مېنى ھەقىقەتەن ھاردۇرىۋەتتى. خۇددى ھەق ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ، بوسۇغىدا ئۆمۈر بويى ئولتۇرغان دەرۋىشتەك، ئۈمىدىنىڭ سايىسىدا قاچانغىچە ئولتۇرىمەن؟ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۈمىد نېمە دېگەن ئازابلىق - ھە! يا بۇ ھاياتنىڭ ئۆزى شۇنداق ئازابلىقمۇ؟ ۋاھ، يالغانچى ئۈمىد! بۇ ھاياتنىڭ شەپقەتسىزلىكى سېنىڭ رەھىمسىزلىكىڭگە نېمىدېگەن تەققاس! كۈندۈزى قۇياش بىلەن بىزگە ئۈمىد بېرىپ قويۇپ، كەچتە زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇق بىلەن بىزنى جازالايسەن. سېنىڭ كۈندۈزلىرىڭ شۇنچىلىك قىسقا، ئەمما قاراڭغۇ كېچىلىرىڭنىڭ چېكى يوق. گېرمان پەيلاسوپى شوپېنخاۋېر مۇنداق دېگەن ئىكەن: ‹ھايات ئازابلىق بولىدۇ، بەخت دېگىنىمىز ھەۋەسنىڭ ۋاقتىنچە قاندۇرۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، چۈنكى ھاياتنىڭ ئۆزىدە ھەۋەس پەيدا بولىدۇ، ھەۋەس ئازابنىڭ مەنبەسى، ئازاب ئىنسانلارنىڭ دۇچ كېلىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتى، شۇڭا ھايات ئازابلىق›. مېنىڭچە بۇ ھايات ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئازابلىق. تۇغۇلۇپ تا مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ئازابتىن باشقا يەنە نېمە كۆردىمكىنتاڭ؟ يالغۇز مەنلا ئەمەس، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرىتىممۇ شۇنداققۇ! بىز يا بايلىق ۋە نام - ئابروي دېمىسەك. بىزنىڭ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزىمىز دېگىنىمىز پەقەتلا ئەركىنلىكقۇ؟ بىز بۇ يوللارنى شۇ ئەركىنلىك، ئازاتلىق ئۈچۈن مېڭىۋاتىمىزغۇ؟ باشقىلارغا ئالتۇن تاۋاقتا سۇنۇلغان ئەركىنلىكنى، بىز ئەسىرلەردىن بېرى مىليونلىغان خەلقىمىزنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ نېمىشقا ئالالمايمىز؟ ھاياتىمىز يول ئۈستىدىلا ئۆتەمدۇ؟»

ماشىنىنىڭ چاقى «جاق»قىدە قىلىپ بىر كاتاڭغا چۈشكەندە، شۇنچىلىك قاتتىق سىلكىنگەن ئەردەمنىڭ بەدىنى جايىدىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ، يەنە ئورنىغا «جاق»قىدە قىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كاللىسىدىكى بارلىق ئويلىرى يولنىڭ ئاشۇ ئازگىلىغا چۈشۈپ كەتتىمۇ قانداق، بوينىنى ئازراق سوزۇپ ئارقىسىغا قاراپ قويدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇ يول بويى ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلىپ يۈرۈپ، ئۆز خەلقىنىڭ بەختسىز قىسمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى، شۇڭا ئاقىۋىتى مەلۇم بولمىغان بۇ يولچىلىقنىڭ باشلىنىشىغا بويۇن ئەگدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا پاراكەندە بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى ھاياتنىڭ تېخىمۇ مەنىسىز ئۆتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئويلاۋېرىپ، بېشى يەنە ساڭگىلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇ تېخىمۇ ئىچىگە چۆككەن ئىدى. ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرى شېخىدا تۇرۇپلا سېسىپ كەتكەن ئالمىدەك، ئىچىدە تۇرۇپلا سېسىشقا باشلىغان ئىدى. ئالمىنىڭ قۇرۇتىدەك ئۇنىڭ ئىچىنى يەپ تۈگىتىۋېتىپ بارغان بۇ چىگىش ئويلار، ئۇنىڭ روھىغا ئىكەك سېلىپ، ئوخشاش كۈن، ئوخشاش يول، ئوخشاش ئەنسىزلىكنىڭ مۇقەددىمىسىنى بېسىشقا مەجبۇر بەل باغلاتقۇزىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئالەم ھاياتىنىڭ دەرتلىك ھاياتى يوشۇرۇنغان چوغلۇق يۈرىكىنى ئاستا سىلاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بارغانسېرى قىرىۋاتقان ۋە مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرغان چەكسىز ۋاقىت دەرياسى ئالدىدا ياشلىق ئۆركىشى قالمىغان، ئۆمرىگە بولغان ئىشەنچسىزلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىۋاتقاندەك ئىدى. ھەي، ھېلىمۇ ئادەم دېگەندە خىيال قىلىش ئىقتىدارى بار ئىكەن، ئەگەر ئۇ بولمىسا ئىدى، بۇ ئۇزۇن زېرىكىشلىك يولدا خىيالسىز قانداقمۇ قىلار ئىدى؟

ئۇزۇن بىر يولچىلىق ئۇلارنىڭ قول - پۇتلىرىنى چارچىتىپ، يول ئۇستىدىكى ئۇيقۇلۇق بەدەنلىرىنى بوشىتىۋەتتى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇلار توقسۇنغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان توقسۇننىڭ ھاكىمى ئابدۇلھەق ھوشۇر دېگەن كىشى ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈۋالدى. يولچىلار بۇ يەردە ئىككى سائەتتەك دەم ئېلىپ، غىزالانغاندىن كېيىن يەنە يولنى داۋام قىلدى. ئەردەم «يول بويىدىكى مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتنى ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ» دېگەن ئويدا بولغاچقا، يولنىڭ ياقىسىدىكى بۇغدايلىرى ئورۇلۇپ، ئاختاملىق بولۇپ كەتكەن كەڭ ئېكىنزارلىقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ ئۆز قىسمەتلىرىگە يەنىلا بوي ئەگمىگەندەك قىلىپ، ئەينى چاغلاردا پەرۋىنى كۆرۈش ئۈچۈن دەريا بويىغا قاراپ ماڭغاندا، كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان چەكسىز چېچەك دېڭىزىدەك كۆرۈنگەن، ساپسېرىق چېچەكلىگەن قىچىزارلىقنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا قارىداشقا باشلىدى، ئۇنىڭ قەلبى چېچەكسىز قالغان دالادەك ئاختاملىق بولۇپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان ئىدى. مۇھەببەت ئەڭ گۈزەل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ نۇرانە قۇدرەت بولسىمۇ، زوراۋانلىق ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. مۇھەببەتتىن ئايرىلغان يۈرەك قولىدىن قەلەمنى ئېلىپ، ئورنىغا قورالنى تۇتقۇزغان ئىدى. شۇندىن بۇيان قورالنى ھېچ يېنىدىن ئايرىمىدى. چۈنكى ئۇ، بۇ قورال بىلەن ھەم قەلەم تۇتقان قوللارنى ھەم مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرنى قوغدىماقچى بولغان ئىدى. ئۇ ھېلىھەم شۇ يولدا كېتىۋاتامدۇ، دېمەك، ئۇ ئۆمرىنى بۇ يولغا تەسەددۇق قىلماقچى. ئۇ پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن قۇربان قىلىشتەك بىر ئۈلگىنى تىكلەۋاتقان ئىدى. مانا يولچىلىق داۋام قىلماقتا، ئۇلار 20 - سىنتەبىر كورلىغا كېلىپ، بىر كېچە قونغاندىن كېيىن يەنە يولنى داۋام قىلدى.

بۇرھان شەھىدى ۋەدە قىلغان پۇلنى بەرمىگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە قالغان ئىيسا ئەپەندى 20 - سىنتەبىر ئۆز مۇھاپىزەتچىسى بىلەن جىپقا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئىيسا ئەپەندى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن، كېچە - كۈندۈز توختىماي يول ماڭدى. ئەنە شۇنداق ئالدىراشلىق ئىچىدە يول ئېلىپ، 22 - سىنتەبىر كۇچاغا كەلگەندە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىلەرگە يېتىشىۋالدى. ئىككى قەدىناس يولچى يولدا ئۇچراشقاندىن كېيىن، ھېچ ۋاقتنى ئىسراپ قىلماي قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يولبويى ئۆزلىرىگە ھۆرمەت، ئىكرام بىلدۈرگەن بۇرادەرلىرىگە تەشەككۈرلىرىنى بىلدۈرۈپ، 27 - سىنتەبىر قەشقەرگە ساق - سالامەت يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى يول بار بولۇپ، بىرى، تاشقورغان يولى، يەنە بىرى قاغىلىق يولى ئىدى. تاشقورغان يولى ئافغانىستان بىلەن پاكىستانغا ئايرىلىدىغان يول بولۇپ، بۇ يولدا سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ تەھدىتى بار ئىدى. قاغىلىق يولى بولسا ھىندىستانغا ئايرىلىدىغان يول بولۇپ، بۇ يول سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ تەھدىتىدىن يىراق ئىدى. بۇ يولنىڭ تەبىئىي شارائىتى ناچار بولۇپ، نۇرغۇنلىغان خەتەرلىك ئېگىز تاغ - داۋانلارنى ئاشقاندىن كېيىن، ئاندىن لاداخقا ئاپىراتتى. بۇ يولنى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆز ئائىلىسى ۋە ئەردەم قاتارلىق باھادىر ئەزىمەتلەر بىلەن بۇندىن ئون بەش يىل مۇقەددەم بىر قېتىم باسقان ئىدى. ئۇلار بار مەسلىھەت بىلەن، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە يادا بولغان قاغىلىقنىڭ يولىنى تاللىدى.

بىر ئادەم پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر قىلىدىغان ئۆمۈرلۈك بىر يولنى تاللاشقا جاسارەت قىلغان بولسا، ئۇ چوقۇم يول ئۈستىدە چىقىدىغان بارلىق بوران - چاپقۇنلارغا، جاپا - مۇشەققەتلەرگە،

خېيىم - خەتەر ۋە بارلىق روھىي ئازابلارغا قارشى تۇرالايدىغان بىر يۈرەككە ئىگە بولۇشى كېرەك. مانا شۇنداق يۈرەك بۇ ئىككى ئەپەندى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ مېڭىۋاتقان ئەزىمەتلەردە بار ئىدى.

مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ۋە ئىيسا ئەپەندىلەر بارلىق يول خەتلىرىنى ۋە يولدا يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈك، چېدىر قاتارلىق لاۋازىمەتلەرنى تولۇق تەييارلىدى ئىيسا ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىمۇ يېڭىساردىن قەشقەرگە كەلگەن بولۇپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە 1949 - يىلى 1 - ئۆكتەبىر تاڭ سەھەردە، قۇياش شەپەق پەردىسىنى قايرىپ گۈزەل جامالىنى ئەزىزانە قەشقەرگە كۆرسەتكەن چاغدا قاغىلىققا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يېڭىسار، يەركەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، 2 - ئۆكتەبىر كەچتە قاغىلىققا يېتىپ كەلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ قاغىلىقتا ھېچ تۇرماستىن ئۇدۇل يولغا چىققۇسى بولسىمۇ، ئەمما مەۋجۇت ۋەزىيەت ئۇلارنىڭ داۋاملىق يول ئېلىشىغا يول قويمىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يول ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇندىن كېيىنكى يوللارنى ئات -ئۇلاغ بىلەن يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلارغا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئات ئېلىشقا ۋە ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىدىغان قېرىنداشلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى بىرنەچچە كۈن ساقلاشقا توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار قاغىلىقتا ئون كۈن تۇرۇپ قالدى. ئىككى ئەپەندى قاغىلىققا كېلىش بىلەن تەڭ، تۆت ئەتراپتىكى قول ئىلكىدە بار، ئەقلى - ھوشى جايىدا كىشىلەر قاغىلىققا يىغىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىككى ئەپەندىنىڭ چەت ئەلگە ھىجرەت قىلماقچى بولغانلىقىنى تۇيۇپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ كوممۇنىستلارنىڭ تەھدىدى ئاستىدا قالغانلىقىنى بايقىغان ۋە ئىككى ئەپەندى بىلەن بىرگە يولغا چىقماقچى بولۇشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئىككى ئەپەندىنىڭ پائالىيەتلىرىگە پايلاقچىلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن جاسۇسلارمۇ قاغىلىققا يېغىپ كەتتى. بۇ چاغدا، خوتەن ۋە يەركەنتنىڭ بۇرۇنقى ھەربىي قوماندانى گېنېرال تەن جىنرېن قاغىلىققا كېلىپ ئىككى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى. گېنېرال تەن جىنرېن ئىيسا ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئىككى ئەپەندى قەشقەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئىدى. گېنېرال تەن ئىككى ئەپەندى بىلەن ناھايىتى ئوچۇق - يورۇق سۆھبەتتە بولدى. ئۇ گەپ ئارىسىدا: «بىز بىرلىشىپ، خوتەندىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ قىلايلى. خوتەن ۋە يەركەنتلەرنى ئىشغال ئاستىمىزغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىمىزغا بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى بۇ يەرلەرگە ئاياق باستۇرمايلى. مەن ھەربىي ئىشلارغا مەسئۇل بولاي، ئىككىڭلار مەمۇرىي ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇڭلار. خوتەندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ تەمىناتىنى خوتەن بىلەن يەركەنت خەلقى ئۈستىگە ئالسۇن. مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاج» دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىككى ئەپەندى بىر - بىرىگە مەيۈسلۈك بىلەن قاراپ قويىدى، ئاندىن ئىيسا ئەپەندى سۆز ئېلىپ: «بولىدۇ، دېگىنىڭىزدەك قىلايلى. خوتەننى مەركەز قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلايلى. ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي دۆلىتىنى قۇرايلى، ئۆز بايرىقىمىزنى ئاسايلى. سىز ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ قولىدىكى قوراللاردىن بىر قىسمىنى بىزگە ئېلىپ بېرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن بىز ئۆز خەلقىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، كوممۇنىستلار بېسىپ كەلگەندە، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن جەڭ قىلايلى. ئەگەر يېڭىلىپ قالساق، ھەممىمىز ھىندىستانغا بىرلىكتە قېچىپ كېتەيلى» دېدى. بۇ سۆزلەرگە قۇلاق بېرىپ ئاڭلىغان گېنېرال تەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «بۇنداق

قىلساق قانداق بولىدۇ؟» دېدى. ئارقىدىنلا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى سۆز ئېلىپ: «ئەلۋەتتە بولمايدۇ. بىز سىزنىڭ خوتەن ۋە يەركەنتتە قۇرماقچى بولغان ھۆكۈمىتىڭىز ئۈچۈن خەلقىمىزنى بالاغا قويمايمىز. سىزنىڭ ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ قارنىنى بېقىش ئۈچۈن خەلقىمىزگە زۇلۇم سالمايمىز. بۇنىڭغا خەلقىمىزمۇ رازى بولمايدۇ. ئەگەر بولىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، بىز مۇستەقىللىق ئېلان قىلساقمۇ، كەلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرىغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ، يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ قاراپ تۇرمايدۇ. بۇنداق چاغدا گېنېرال تاۋ سىيۆ سىزگە يۇقىرىراق مەنسەپتىن بىرنى بەرسە، دەرھال بىزنى سېتىۋېتىپ، ئۇياققا ئۆتۈپ كېتىشىڭىز تەبىئىي بىر ئەھۋال. ئاقىۋەتتە زىيان تارتىدىغانلار يەنە شۇ بىزنىڭ خەلقىمىز بولىدۇ. بىزدە، ‹تېزەك قاردا ياتماس، ياخشى - يامان قېتىلماس› دەيدىغان بىر سۆز بار. گەرچە بۇ سۆز سىزگە سەل قوپاللىراق ئاڭلانسىمۇ، سىز بىلەن بىزنىڭ مەڭگۈ بىرلىشەلمەيدىغانلىقىمىز بۈگۈنكى رېئاللىقتا ئاللىقاچان ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. شۇڭا سىز بايا ئېيتقىنىڭىزدەك، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دېدى. بۇ كەسكىن سۆزلەرنى ئاڭلىغان گېنېرال تەننىڭ يۈزىدە كۈلكىلەر يايرىدى، ئۇ ئەسلىدە ئىككى ئەپەندىنىڭ بۇ يەرلەردە بىر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تىت - تىتلاپ كەلگەنلەردىن بىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

ئىككى ئەپەندى ئۆز تەييارلىقلىرىنى تولۇق قىلغاندىن كېيىن، 13 - ئۆكتەبىر چۈشكە يېقىن، ئاپتوموبىل بىلەن يۈرۈپ كەتتى. چۈنكى ئاپتوموبىل بىلەن قانچىلىك ئۇزۇن ماڭالىسا، يول شۇنچىلىك تېز ئاۋۇيتتى، مەنزىلگىمۇ شۇنچە تېز يېقىنلىشالايتتى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە ئاپتوموبىل بىلەن كۆكيار دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. ئەمما بۇ يەردىن داۋاملىق ئاپتوموبىل بىلەن مېڭىشقا ئىمكان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئات - ئۇلاغلارنى ساقلاپ، جايىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئاتلار تېخى تولۇق تەييارلىنىپ بولمىغان بولغاچقا، ئۇلار بۇ يەردە بىر ھەپتىگە يېقىن قالدى ۋە كۆكياردىن ئانچە يىراق بولمىغان پۇسا دېگەن يەرگە كېلىپ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلىدى. بەزى كەم - كۈتىلەرنى تەلتۆكۈس تولۇقلىۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. ئۆكتەبىرنىڭ 21 - كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئەتراپتا دەرەخلەرنىڭ ئالتۇن ياپراقلىرى شىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى تېخى تولۇق تۈگىمىگەن بولۇپ، چىلان رەڭگى تۇپراقلارنىڭ يۈزى كۈلۈپ تۇراتتى. ئۈرۈمچىدىن ئىلگىرى – كېيىن يولغا چىققان 60 كىشى تولۇق يىغىلىپ بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن باشقا، بۇ كارۋانغا ئەگىشىپ ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ، روزىغارلىرىنى تاشلاپ ماڭغان يەنە نۇرغۇن ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆگە، بەزىلىرى قوتاز، بەزىلىرى ئات بىلەن يولغا چىقماقچى ئىدى. ھىجرەتكە ئۆزىنى ئاتىغان كىشىلەرنى ئۇزىتىپ چىققان خالايىقمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، بۇ كىچىك كەنتكە ئادەملەر سىغماي قالغان ئىدى. ئەتراپتا يىغا - زارە قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يىغا ئاۋازلىرى، بىر - بىرلىرىگە نېمىلەرنىدۇ تاپىلاۋاتقان ئېغىزلاردىن چىققان ھاياجانلىق سۆزلەر قۇلاققا ئاڭلىناتتى. بۇ قېتىم يولغا چىققانلارنىڭ يولى كەتسە كەلمەس بىر يول ئىكەنلىكى ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. يولچىلار ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىدىن، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي كۆز يېشى تۆكسە، ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىققانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك كىشىلىرىدىن تىرىك تۇرۇپ ئايرىلىپ قېلىۋاتقىنىغا ئىچى چىدىماي،

ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى. بەزىلەر كارۋاننىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ ماڭغان بولۇپ، ئۇلار ھىجران ئازابى ئىچىدە، ئىچىدىن ئۆرتىنىپ چىققان ئاچچىق زەرداپنى ئالغان ھەربىر قەدىمىدە ئىچىگە يۇتۇۋاتاتتى. ئەگەر سىرتتىن كەلگەن بىرەرسى بۇ مەنزىرىنى يىراقتىن كۆرۈدىغان بولسا، بۇ يەردە قىيامەت بولدىمۇ نېمە دېگەن بىر ئوي ئەقلىدىن كەچمەي قالمايتتى.

كارۋان ۋەتەننىڭ ئادەملەر ئولتۇراقلىشىپ ئۆزىگە ماكان تۇتقان ۋەتەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كەنتىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشتى، ئۇلار ئارقىسىدا ئۆزلىرىگە قىيالماي ئۇزاق - ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغان مەسۇم قارا كۆزلەرنىڭ فوكۇسىدىن مەڭگۈلۈك غايىپ بولدى.

كارۋان شۇ ماڭغانچە ئاپئاق قارلار قاپلىغان داۋانلاردىن ئۆتۈپ، چوڭ - چوڭ تاقىر باش تاغلارنىڭ تۆپىلىرىدىن ئارتىلىپ ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، زەرەپشان دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان خالاستان دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ دەريا ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بوغازنى بويلاپ يىلاندەك تولغىنىپ ئاقىدىغان بولغاچقا، يولنى ئۇدۇل مېڭىش ئۈچۈن، مۇزدەك دەريا سۈيىدىن 66 قېتىم كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. سۇنىڭ ئاستىدا چوڭ - چوڭ قورام تاشلار بار بولۇپ، ئات - ئۇلاغلارنىڭ پۇتلىرى شۇ تاشلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ قېلىپ، شۇنچىلىك قىينىلاتتى. ئاتلارنىڭ پۇتلىرى ھەر قېتىم قىسىلىپ قالغاندا، يولچىلار مۇزدەك سۇغا كىرىپ، بېلەكلىرىنى مۇزدەك تاغ سۈيىگە تىقىپ، ئاتلارنىڭ قىسىلىپ قالغان پۇتلىرىنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇنغىچە ھەپىلىشەتتى. بەزىدە كېچىككە يىقىلغان ئاتلارنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە - كېرەكلەر سۇدا ئېقىپ كېتەتتى. ئەنە شۇ جاپالاردىن كېيىن، ئەڭ قىيىن كېچىك دەپ ئاتىلىدىغان مايمۇن كېچىكىگە كارۋان 24 - ئۆكتەبىر كۈنى يېتىپ كەلدى. بۇ كېچىكنىڭ سۈيى ھەم ئۇلۇغ ھەم ئىتتىك ئاقىدىغان بولغاچقا، كېچىكتىن ئۆتۈش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريانىڭ ئاستىدا يوغان - يوغان قورام تاشلار كۆپ بولغاچقا ئۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. خەتەرلىك دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا ئېقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبتىن، ئىنساپلىق كىشىلەر كېچىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئېقىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن زەنجىر باغلاپ قويغان ئىكەن. لېكىن ئەتراپتىكى ئۆلۈك ئات، تۆگە، قوتاز قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇرۇپ كەتكەن جەسەتلىرى ۋە ئاقىرىپ كەتكەن ھايۋان سۆڭەكلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە دەھشەت سالاتتى. ئەمما داۋاملىق ئىلگىرىلەش ئۈچۈن بۇ كېچىكتىن ئۆتۈشتىن باشقا بىر ئاسان يول يوقتى. ئالغا قاراپ مېڭىش ئۈچۈن، ئۇچرىغان قىيىنچىلىققا بويۇن ئېگىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ھاياتتا ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ غەيرىتىگە، جاسارىتىگە، تىرىشچانلىقىغا باغلىق. پەقەت ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن كۆپ نەرسىلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، خالاس. بۇ ھاياتتا ئادەملەرنىڭ ئەڭ كۆپ قورقىدىغان نەرسىسى يېڭى بىر يولدا ماڭماق ۋە يېڭى بىر سۆز بىلەن يېڭى ھەم قىيىن بىر جۈملە تۈزمەك بولسا كېرەك. شۇڭا يېڭى يول، يېڭى جۈملە ئادەملەرنىڭ ئەڭ قىيىن ئىمتىھانى. «ئاسماندا قانچە بۇلۇت بولسا، يەردىمۇ شۇنچە گۈل بار» دېگەن گەپ بار. قىيىنچىلىق يول ئۈستىدە چىققان ئىكەن، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىمۇ ئەلۋەتتە بار. چۈنكى بۇ دېگەن يول، يول دېگەن بىر ئىمتىھان. يولغا چىقىپ مەنزىلگە يەتمىگەن، يولدىن ئېزىپ مەنزىلگە يەتكەن يوق. ئەمەلىيەتتە، مۇھىم بولغان نەرسە يولدىن ئازماسلىق. كارۋانلار يول بويى ئۆز يولىدىن ئازمىدى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىدىغان يولنى بويلاپ توختىماي كېتىۋاتاتتى. يولچى

يولدا پىشىپ يېتىلىدۇ، شۇڭا يولچىلارمۇ شۇنچە كۆپ ھەم قىيىن كېچىكلەردىن ئۆتكۈچە خېلى ئوبدانلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالدى. ھەتتا ئات - ئۇلاغلارمۇ سۇنىڭ يۈزىنىڭ قايسى يېرىگە دەسسىسە قىيىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغاچقا، شۇنچىلىك پەم بىلەن قەدەم ئېلىپ، ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەپ سۇدىن ئۆتۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ كارۋان يولچىلىرى بۇ كېچىكتىنمۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە ساق - سالامەت ئۆتۈپ، ئەتراپتىن قۇرۇق ئوتۇن - چاۋىلارنى تېرىپ ئەكىلىپ قىرغاقتىكى سايلىقتا ئوت يېقىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ، چاي قاينىتىپ ئىچىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچلىرىنى ئىسسىتقاندىن كېيىن، يەنە يولغا راۋان بولدى. ئۇلار شۇ ماڭغان پېتى يولدىكى ئۆتەڭلەردە قونۇپ، 27 - ئۆكتەبىر ئېگىز بىر تاغنىڭ يېنىغا كەلدى. تاغنىڭ ئۈچى چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا لەيلەپ تۇراتتى. مۇشۇ يەرگىچە پىلان بويىچە ھېچ ئازماي كېلىۋاتقان كارۋان، بۇ تاغنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئاتلاپ ئۆتۈشكە ئىرادىسى چىڭ ئىدى. ئۇلار ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي، يۇقىرىغا قاراپ ئايلىنىپ ماڭىدىغان يولغا چۈشتى. تاغنىڭ ئۈستىگە ياماشقانسېرى ھاۋا شالاڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. يولچىلارنىڭ نەپەسلىرى بوغۇلۇپ، يول ئېلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتاتتى. يولچىلار ناگان - ناگان توختاپ، ئازراق دەم ئېلىپ، نەپەسلىرى نورماللاشقاندا يەنە ئاستا - ئاستا قەدەم ئېلىپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى. ئالدىدىكى يوگىمەچ تاغ ئارىسىدىكى يوللاردا قارا -قارا قاغىلار بىر قونۇپ، بىر ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانات قاققان ئاۋازلىرى بىلەن قاقىلدىغان ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئەتراپقا ۋەھىمە سالاتتى. ئۇلارنىڭ قانداقتۇر يولدا ئۆلۈپ قالغان جانىۋارلارنىڭ جەسەتلىرىدىن ئۆز رىزقىنى تەمە قىلىپ، ئەنە شۇنداق سۈرەن سېلىپ ئۇچۇۋاتقانلىقى ھەركىمگە ئايان ئىدى. يولچىلار بۇ ئېگىز تاغدىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ، تاغ تۈۋىگە چۈشكەندە چېدىرلىرىنى تىكىپ، بىر كېچە تۈنىدى. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ ئۇلار تىككەن چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، يۈرەكلىرى سالغان ھالدا كۆككىئارت چېگرا ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان دەريادىن كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە يول ئېلىپ، كەچكە يېقىن شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئارقا دەرۋازا ۋە تاجاۋۇزچى خىتاينىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسكىرى قاراۋۇلخانىسى بولغان كۆككىئارت چېگرا ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ پىششىق خىشتىن سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق قاراۋۇلخانىسى ھەربىي ئىستىراتېگىيە جەھەتتىن شۇنچىلىك ئەپلىك بولغان بىر ئېگىزلىككە سېلىنغان بولۇپ، ئېگىزلىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ يولى لاداخقا بارىدىغان يول، سول تەرىپىدىكى شەھىدۇللاھقا كېتىدىغان تاغ يولى ئىدى. ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ قاراۋۇلخانا يىراقتىن سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇلار قاراۋۇلخانىدىن 500 مېتىر يىراقلىقتىكى جايغا چېدىر تىكىپ، شۇ يەردە تۈنىمەكچى بولدى، شۇڭا ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئېگەر - جابدۇقلىرىنى بوشىتىپ، يەنە چېدىر تىكىپ، ئوت يېقىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. شۇ چاغدا قاراۋۇلخانىدىن كەلگەن ئىككى ئەسكەر بىر باغاقچىنى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە سۇندى. باغاقچىدىكى خەت خىتايچە يېزىلغان بولغاچقا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى باغاقچىنى ئىيسا ئەپەندىگە بەردى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈم چىقالمىدىم، كەچۈرسىلەر. سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» خەتنىڭ ئاستىغا سۈن فۇگۇي دەپ ئىمزا قويۇلغان ئىدى. ئىيسا ئەپەندى بىلەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى مەسلىھەتلىشىپ ئەتە تاڭ ئاتقاندا بارماقچى بولۇپ، دەم ئېلىشقا

تەرەددۇت قىلدى. كارۋاندىكى ھەربىر يولۇچى بۇ ئېغىزغا كەلگۈچە ھاياتىدا كۆرمىگەن كۈننى كۆرگەن بولغاچقا، ھەممىسىنىڭ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار قورساقلىرىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئەتىسى سەھەردە يەنە بىر قېتىم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئىيسا ئەپەندى يېنىغا مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ قاراۋۇلخانىغا ماڭدى. ئىيسا ئەپەندى قاراۋۇلخانىغا يېقىنلاشقانسېرى، تونۇگۇنكى تەكەللۇپ باغاقچىسىنى يازغان سۇن فۇگۇي دېگەن قوماندانىنىڭ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى ۋە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا پىلىمۇتلارنى بەتلەپ ياتقان تەرى سۆرۈن ئەسكەرلەرنى كۆردى. قاراۋۇلخانىنىڭ قوماندانى سۇن فۇگۇي: "سىلەرنى قارشى ئېلىشقا ئالدىڭلارغا بارالمىغانلىقىمدىن خىجىلمەن، گېنېرال چاۋ شىگۇاڭ قەشقەردىن تېلگراما يوللاپ، سىلەرنى ياخشى كۈتۈۋېلىشىمنى ۋە چېگرادىن ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈۋېتىشىم توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە شەھىدۇللاھتىن كەلدىم، سىلەرنى دەرھال يولغا سەپ قويىمەن» دەپ، ئىيسا ئەپەندىنى قاراۋۇلخانىنىڭ ئىچىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئىچىگە كىرەر - كىرمەيلا ئۇلارنىڭ جەمئىي قانچە كىشى ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئىيسا ئەپەندىم ئۆزلىرىنىڭ جەمئىي 60 كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچقانداق بىر مەسىلە چىقارماي بۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. قوماندان سۇن فۇگۇي ئۇلارنى ئۇزىتىش ئۈچۈن چوشلۇك زىياپەت تەييارلىغانلىقىنى، ئەمما مۇھەممەد ئىمىن مۇئاۋىن رەئىسنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغانلىقىنى، شۇڭا مۇمكىن بولسا ئۇنى چاقىرتىپ كەلسە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىيسا ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولۇپ، نېمە كۆرسەم ئۆزۈم كۆرەي دېگەن ئوي بىلەن: «مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ يول ئازابىدىن تازا تاۋى يوق، ئۇنى چاقىرماي خاتىرجەم دەم ئالغۇزغىلى قويسىڭىز بەك ياخشى بولغان بولاتتى» دەپ گەپنى كېسىپلا ئۈزۈۋەتتى. ئەمما سۇن فۇگۇي جاھىللىق قىلىپ، چاقىرتىپ كەلسە بەك ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەپەندىم تېخىمۇ گۇمانلاندى - دە، بىر پارچە خەت يېزىپ، بىللە كەلگەن مۇھاپىزەتچىسىگە تۇتقۇزۇپ: «ماڭ، بېرىپ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنى چاقىرىپ كەل!» دەپ بۇيرۇق بەردى. مۇھاپىزەتچى يىگىت خەتنى ئېلىپ، ئۆيدىن ئاتقان ئوقتەك تېز چىقىپ كەتتى. ئىيسا ئەپەندى قاراۋۇلخانىغا كەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆز ئادەملىرى بىلەن يىراقتىن قاراۋۇلخانىنى كۈزىتىپ تۇرغان ئىدى. ئىيسا ئەپەندى چىقمىغاندىن كېيىن، دەككە – دۈككە ئىچىدە تاقىتى تاق بولۇپ، دەرگۇماندا بولغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى يېنىدا تۇرغان ئەردەمگە بۇيرۇق بېرىپ: «ئادەملىرىڭنىڭ بارمىقى مىلتىقنىڭ تەپكىسىدە بولسۇن! ھەرۋاقىت تەمكىن ۋە ھوشيار تۇرۇڭلار» دېدى. بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئەرلەر قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ تەق بولۇپ، ئەتراپتىكى قورام تاشلارنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ، ئېگىزلىكنى نىشانغا ئېلىپ تۇرۇشتى، دەل شۇ چاغدا ئۇلار ئېگىزلىكتىكى پىلىمۇتلارنىڭ ئۇچى ئۆزلىرىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزدى. شۇ ئارىدا ئىيسا ئەپەندىمنىڭ مۇھاپىزەتچىسى تۆت خىتاي ئەسكىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، قولىدىكى باغاقچىنى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىگە بەردى. باغاقچىغا: «قورالنى ھەرگىز تاپشۇرماڭلار، دەردىنى مەن تارتاي!» دەپ يېزىقلىق ئىدى. باغاقچىنى ئوقۇپ، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. كۆپچىلىك يامان بىر خەۋەرنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، ئەمما نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي، مۇھەممەد ئىمىن

ئەپەندىنىڭ ئاغزىغا تەقەززالىق بىلەن قاراپ جىم تۇرۇشتى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قەتئىي قىلىپ: «ھەممىڭلار قورالنى تاشلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى. كۆپچىلىك غىدىڭ - پىدىڭ قىلماستىن، قوللىرىدىكى قوراللارنى تۆت ئەسكەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەردى. ئەمما تىزىمغا ئېلىنمىغان بەزى قوراللارنى چاقىقانلىق بىلەن تىقىۋالدى. بۇ چاغدا بەزى سەپداشلار قوراللارنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە نارازى بولۇپ غۇدۇڭشىدى، بۇنى كۆرگەن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى: «<تاغنى ئۇقرۇق بىلەن ئەگكىلى بولماس، دېڭىزنى قېپىق بىلەن بوگكىلى بولماس> دەيدىغان گەپ بار. چوڭ ئىشلارنى كىچىك تەدبىر بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى چوڭ ئىشىمىز، بىر ئامال قىلىپ، ئېيسا ئەپەندىمنى قۇتقۇزۇش. ھازىر مەن ئۆزۈم يالغۇز قاراۋۇلخانىغا بارىمەن. ئەگەر بىزگە ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، تىقىۋالغان قوراللار بىلەن پۈتۈن كۈچنى توپلاپ قاراۋۇلخانىغا ھۇجۇم قىلىپ، قانچىلىك بەدەل تۆلىشىڭلاردىن قەتئىينەزەر، چېگرا ئېغىزىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىڭلار. ئەمما ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، بىز ھاياتلا بولىدىكەنمىز، سىلەرنىڭ قارامىلىق قىلىشىڭلارغا قەتئىي ھاجەت يوق. ھەممىڭلارنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم» دەپ، جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ئۇدۇل قاراۋۇلخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
قالغانلار ئۇنىڭدىن كۆزنى ئۈزمەي، ئۇ تاكى ئېگىزلىكتىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكىچە ئۇن - تىنسىز قاراپلا قېلىشتى. ئەمما ئىككى ئائىلىنىڭ باللىرى ۋە خانىملىرىنىڭ يۈرەكلىرى زىدە بولۇپ، كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى، باللار قىيا - چىيا قىلىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاۋاتاتتى. بۇ چاغدا، دەريا بويىدىكى چېدىرلاردا چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈتۈپ ياتقان يۈزلىگەن ئادەملەر، ئۇۋۇلىرىدىن چىققان قۇشلاردەك سىرتقا چىقىپ، نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭۋېقىپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى. ئەردەم تەمكىنلىك بىلەن ئۆز ئادەملىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تىقىپ قويغان قوراللارنى دەرھال ئېلىپ، قاراۋۇلخانىنىڭ يېنىغا چاندۇرماي ئاستا - ئاستا يېقىنلاشتى، ئاندىن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جىددى ھالەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى.
مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قاراۋۇلخانىغا كېلىشى بىلەن تەڭ، ئىككى ئەسكەر قوراللىرىنى بەتلەپ ئۇنىڭغا قاراتتى، بىرسى دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ، بېلىگە قىستۇرۇلغان يان قورالىنى ئېلىۋالدى، ئاندىن ئۇنى ئۆيگە ئەكىردى. ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئېيسا ئەپەندىم ئىككى قولى ئارقىسىغا باغلاقلىق ھالدا ئولتۇراتتى. بۇ چاغدا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى ئەسكەر كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ ئارقىسىغا قايرىدى ۋە يېنىدا تەييار قىلىپ قويغان ئارقىنى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى ئارقىدىن باغلاپ، ئېيسا ئەپەندى ئولتۇرغان بۇلۇڭغا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ قويدى. بۇ ئىشلار شۇنچىلىك تېز يۈز بەردىكى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ مېڭىسىدىن بىر چاقماق يالت قىلىپ چاقنىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەردى.
ئىككى ئەپەندى بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئەقلىدىن: «مۇشۇ قارا خىتايلاردىنمۇ ئۈمىد كۈتۈپ، نەچچە يىلدىن بېرى ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتۇق» دېگەن ئويلار كەچكەندەك ئىدى. ئۇلار ئەمدى گومىنداڭدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولۇپ، شۇ تاپتا ئۆزلىرىنىڭ نېمىلەرنى بىلمىگەنلىكىنى، قانداق خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلىقىنى ئۆزلىرىدىن ئۆزلىرى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۆتكۈزگەن بەزى خاتالىقلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىگە قادالغان ئەينەك بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ھايات داۋانلىرىدا يىراقتىن تۈزدەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر بەزىدە ئەگرى بولۇپ چىقىدۇ. ئەگرى يوللاردا ماڭغان يولچى ھەقىقەتنى تېز تونۇپ يېتىدۇ. بۇ ھاياتتا ھەممە

ھەقىقەت ئەگىردۇر، ھەتتا زامان بىلەن ماكانمۇ. شۇڭا بۇ يول، يولنى قانداق مېڭىشنى بىلگەن يولچىنىڭ ئىلكىدە. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرى تۈز دەپ بىلگەن يولدىن ئارقىسىغا چېكىنىشكە، ئۇلار چېكىنىپ تۇرۇپ، ئەگىر بىر يولدا مېڭىشقا جاسارەت باغلىدى. ئارقىسىدىكى يولنىڭ ھەم ئەگىر ھەم مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولدى.

يول بىز، شۇنچىلىك ئۇزاق بىزدە،
جان بىز، يوقتى بەدەن بىزدە.
ئېھسان قىلىپ، ھەق بىزنى كەچۈرسە،
بار بولىدۇ جان يېڭىدىن بىزدە.

- جالالىدىن رۇمى.

ئارقىدىن سۈن فۇگۇي كىرىپ: «ئەپەندىلەر كەچۈرسىلەر، ئەسكەرلەر سىلەرگە قوپاللىق قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ. ئەمما ماڭىمۇ ئامال يوق، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق. ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار، قەشقەردىكى باش قوماندان جاۋدىن كەلگەن تېلېگرافنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىلا ئوقۇپ بېرەي» دەپ، مەغرۇر ھالدا مەيدە يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ، ئوقۇشقا باشلىدى: «<مۇھەممەد ئىمىن ۋە ئىيسالار كەلدىمۇ؟ ئۇلار نۇرغۇن ئادەملەرنى بىللە ئېلىپ ماڭدى. يانلىرىدا رۇخسەتسىز نۇرغۇن قوراللارمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېلىپ مېڭىش قەتئىي مەنئىي قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنىمۇ ئېلىپ ماڭدى. بەلكى ئۇلار ھازىر چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا يېتىپ بارغاندۇ. ئۇلار كېلىشى بىلەن دەرھال قولغا ئېلىڭلار ۋە ئارقىغا ياندۇرۇپ ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر ئۇلار چېگرا ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، شەھىدۇللاھ ۋە كۆكئارتتىن ئەسكەر چىقىرىپ، ئارقىدىن قوغلاپ يېتىشىپ تۇتۇپ كېلىڭلار>، دېمەك، ئەپەندىلەر، سىلەرنى قولىمىزدىكى بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن قولغا ئالدۇق. ئەمدى سىلەرنى شەھىدۇللاھ يولى بىلەن گۇمىدىكى چېگرا ساقلاش باش شتابىغا يالاپ ئېلىپ ماڭىمىز. ھە، ئائىلەڭلاردىن ئەنسىرىمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئۇلارمۇ سىلەرنىڭ ئارقاڭلاردىن گۇمىغا قايتۇرۇلىدۇ» دېدى. ئۇ دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپلا، ئارقىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئىككى ئەسكەر ئۇلارنى قوللىرى ئارقىدىن باغلىغلىق پېتى شەھىدۇللاھقا قاراپ ماڭدىغان تەرەپكە ئەچىقىپ، راسلاغلىق تۇرغان ئىككى ئاتنىڭ ئۈستىگە يۆلەپ مىنگۈزدى. يەنە بەش ئاتلىق ئەسكەر قاتار كېلىپ يانلىرىدا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى شەھىدۇللاھقا ماڭىدىغان يول بىلەن ئېلىپ ماڭدى. يوللار شۇنچىلىك خەتەرلىك ۋە ئەگىر - بۈگۈر يوللار ئىدى. ئىككى ئەپەندى زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنچىلىك زۇلۇم چېكىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئازراقمۇ دەم ئالماي كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈۋاتاتتى. ئاتلارمۇ ھېرىپ، ماڭالماس ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتقان بولۇپ، ئىككى ئەپەندىنىڭ بىرقانچە قېتىم ئاتنىڭ ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشكەن چاغلىرىمۇ بولدى. ھەتتا بىر قېتىم مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئات بىلەن تەڭ يىقىلىپ چۈشۈپ، ئاتنىڭ ئاستىدا قالدى. ئۇلار سان - ساناقسىز سوغۇق كېچىكلەردىن، ئېگىز تاغلاردىن، چوڭقۇر ئويقانلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن مۇشەققەتلەردىن كېيىن، ئاخىرى 10 - نويابىر كەچتە

سانجۇغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەددىدىن زىيادە يول ئازابى تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئەتىسى ھەتتا قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنىنى تۇيماي ئۇخلىدى. پەقەت سىرتتىكى قاراۋۇل ئەسكەر ئىشىكنى قاتتىق ئېچىپ كىرگەندىلا، ئاندىن چۆچۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەسكەرنىڭ ئارقىسىدىن گۇمىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئېگىز ئورۇق كەلگەن، كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، بۇرۇنلىرى پاناقراق، دورداي كالپۇك، گەپ قىلغاندا چىش مىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قوماندانى كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى دوستانە قىياپەت بىلەن، ئۇيقۇسىنى ئەمدىلا ئېچىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئىككى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى ۋە: «سىلەر ئويلاپمۇ باقمىغان بىر خۇش خەۋەر ئەكەلدىم» دەپ، ماش رەڭ ھەربى چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن بىر پارچە مەكتۇپنى چىقىرىپ ئىيسا ئەپەندىگە سۇندى. مەكتۇپ خوتەندىكى گومىنداڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى لۇدىن كەلگەن بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «فۇ جۇشى مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، مىشۇجاڭ ئىيسا ئەپەندى! سىلەرگە سالام، مەن بىر ئەسكەرمەن، ۋەزىپەم بۇيرۇقنى شەرتسىز ئىجرا قىلىش. گېنېرال چاۋ شىگۇاڭدىن سىلەرنى تۇتۇش ھەققىدە بۇيرۇق كەلگەچكە، سىلەرنى تۇتقان ئىدۇق. ئەمدى باش قوماندان گېنېرال تاۋ سىيۆدىن كەلگەن مەخپى شىفىرلىق تېلېگراممىدا: <مۇھەممەد ئىمىن، ئىيسا ۋە ئادەملىرىنى تۇتقان بولساڭ قاچتى قىلىپ قويىۋەت! تۇتۇلمىغان بولسا، قوغلاپ قاچۇرۋەت!> دەپ بۇيرۇق كەلدى. مەن گېنېرال تاۋ سىيۆنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن ئادەم. ھازىر سوقماق يوللارنى ياخشى بىلىدىغان ئىككى نەپەر ئەسكەر ئەۋەتتىم، ئۇلار سىلەر بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ، سىلەرگە يول باشلاپ ھىندىستانغىچە بارماقچى. تېز ھازىرلىق قىلىپ يولغا چىقىڭلار! ئائىلەڭلارنىڭ ھەممىسى سانجۇغا كېلەيلا دەپ قالدى. ئەمدى ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەڭلار بولىدۇ. كېچىكسەڭلار ھەممىگە ياخشى بولمايدۇ. ھىندىستانغا چىققاندا، ئۇ ئىككى ئەسكەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، تەيۋەنگە يولغا سېلىپ قويارسىلەر. كۆرۈنۈشتە سىلەرنى ئارقاڭلاردىن ئىزدەيدىغان ئەسكەر چىقارتىمەن. ئاندىن، تۇتالمىدۇق، دەپ يۇقىرىغا مەلۇمات بېرىمەن. گېنېرال تەن گېنېرال تاۋ سىيۆ تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىدى، مەنمۇ بىرگە بارماقچى. سىلەرگە ئاقيول تىلەيمەن! مەن سىلەر بىلەن قەشقەردىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوروسىدىكى ئۈزۈملۈك باراڭنىڭ ئاستىدا پاراڭلاشقان ئادەم. ئىمزا: لۇ».

تاڭ قۇياشى جاھاننى يورۇتۇپ، تەبىئەت يۈزىگە چۈشكەن قىرۇۋلارنى جۇلالاندۇرۇپ تۇراتتى. ياپراق تۆككەن چىنارلار، ئىسسىق بەلۋاغلارغا قايتقان تۇرنىلارنىڭ مۇڭلۇق ساددا سايرىشىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. قۇرت - قوڭغۇزلار ئىڭراپ - زارلىنىپ يەر تەكتىگە مۆككەن ئىدى. تاغدىن ئەسكەن ئاچچىق شامال تال - گىياھلارنى سوقۇپ، پەسلىنى ئايرىپ، كۈزنى قوغلىماقتا ئىدى. چوققىلىرى يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرغان يىراق - يىراقتىكى بەھەيۋەت تاغلار يولچىلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئىككى ئەپەندى ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن يىغا - زارە ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە جامائەت بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ سالاملاشتى. ئۇلار ئالدىن تەييارلانغان چوڭ چېدىرلارغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا ئۆزئارا پاراڭلاشتى ۋە ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جىددى يول تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بارلىق تەييارلىقلار تەق بولغاندا، يەنى 14 - نويابىر يېرىم كېچىدە جاھاننى قاپقاراڭغۇلۇق باسقاندا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ۋە ئىيسا ئەپەندىلەر

ئۈستىباشلىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئەردەم، پولات قادىرلار بىلەن بىرگە سانجۇدىن يوشۇرۇنچە ئايرىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرى ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك بىر سەپەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ بىر - بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن تاغ تىزمىلىرى، ئېگىز - پەس ئېدىرلار، سان - ساناقسىز كېچىكلەر، چەكسىز دالا – دەشتىلەر سوزۇلۇپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمما، ئىككى ئەپەندىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى، ئەرك يولىدا قانچىلىك توسالغۇلار بولسا ئۇلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈشكە ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ئۇلار يوللاردا يوشۇرۇنۇپ مېڭىپ، 15 - دېكابىر كۆرلەن دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى، ئاندىن بۇ يەردە، ئارقىسىدىن ھېلىقى ئىككى ئەسكەر ۋە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە سەپەرداشلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ساقلىدى. 16 – دېكابىر كۈنى، ئارقىسىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى تولۇق يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ھېچكىم بىلمەيدىغان تاغ يوللىرىنى بىلىدىغان ئىككى ئەسكەرنىڭ يول باشلىشى بىلەن، بۇ كارۋان بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك داۋانلاردىن ئېشىپ، ساناقسىز مۇزدەك تاغ سۇلىرىدىن كېچىپ، بىر ھەپتە يول يۈرگەندىن كېيىن، قاش قارايغاندا كۆكئارت چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىن يانداپ ئۆتۈدىغان ئېگىز قارلىق داۋاننىڭ باغرىغا يېقىن يەرگە يېتىپ كەلدى. «بۆرىنى تۆت پۇتى باقىدۇ» دېگەندەك، يولچىلار ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ئادەمزات مېڭىپ باقمىغان يوللارنى كېزىپ، كېچە - كۈندۈز تىنماي يول يۈرۈپ، ھەتتا يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن پاراڭ سېلىشقىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالماي كېتىۋاتاتتى. ئۇلار داۋاندىن ئۆتۈش ئۈچۈن، ئىككى تاغ ئارىسىدىكى جىلغا يولىنى بويلاپ قاتمۇ - قات تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ماڭغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان تاغلار قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن ئىدى. سىرلىق زاۋال قاراڭغۇسى تۆت تەرەپتىن قىستاپ كەلگەچكە، ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە غۇۋالىشىپ، ئەمدى ئۇلارنىڭ يەنە ئىلگىرىلىشى مۇمكىن بولماي قالدى. شۇڭا ئۇلار شۇ يەردە تۈنەپ، سەھەردە يەنە يولنى داۋام قىلماقچى بولۇپ، مۇۋاپىق بىر جاينى راسلاپ، يۈك - تاقلارنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈردى، تۈگۈن - بوغچىلارنى يېشىپ، چېدىرلارنى تىكىشتى. ئاندىن يولغا ئېلىۋالغان ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇق ئوتۇنلارنى يېقىپ، چاي قاينىتىپ، مايلىق توقاچلار بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇپ يېتىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئەتراپ ھەقىقەتەن سوغۇق ئىدى. قېلىن قارلار بىلەن چۆمكەلگەن قورام تاشلار باشلىرى ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئەردەم ئەتراپىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن چېدىردا ياتماي، قېلىن جۇۋىسى ئىچىگە چۆمكىنىپ، يوغان بىر تاشنى دالدا قىلىپ ياتاتتى. ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى يوغان - يوغان قورام تاشلار ۋە ھەيۋەتلىك قىيالار ئوراپ تۇراتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ۋە ئېگىز چوققىلار باغرىدا، ئەردەم ئۆزىنى بىر چېكىتتەك ھېس قىلدى. تەبىئەتنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق يۈزىنى بۇ كېچە ئۇ مۇشۇ چەت - ياقا يەرلەردە كۆردى. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى پاخپايغان ۋە قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى خۇن قالمىغان كۆزى پىلدىرلاپلا قالغان ئىدى. جۈدىگەن يۈزى تاتارغان بولۇپ، ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆككە قارىدى، بۇ چاغدا ئۆتمۈشنىڭكىدەك كىشىلەرگە تونۇش بولغان ئۆتكۈر يالتىراق نۇر كۆزىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولدى. چوققىلار ئۈستىدە يىرتىق پەردە پارچىلىرىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان قارا بۇلۇتلار ئاستا - ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىچىنى يورۇتۇۋاتقان بۇ مەنزىرىگە ئۆزۈنچە تىكىلىپ ئولتۇردى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندە، تىزما - تىزما تاغ ئۆركەشلىرى ئۈستىدىن تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ

گۈزەل يۈزىنى ئەردەمگە قاراتتى، دۇردانە يۇلتۇزلار جىمىرلاپ سامادا چاقنىدى. ئەمما ئاي بىلەن يۇلتۇزلار ئۆز ۋەتىنىدە كۆرگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېگىزدەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرۋىن يۇلتۇزى سامادا كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپتىكى سوغۇق شامال ئەمدى جىمىغان بولۇپ، يەر ۋە كۆكتىكى ھەممە نەرسە سەھەردە دۇئاغا تۇرغان بوۋاينىڭ قەلبىدەك تىنچ ئىدى. زۇۋان سۈرمەي ياتقان بۇ دۇنيادا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ نەپەس ئاۋازىدىن باشقا بىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئۈستىدەماراپ ياتقان تولۇن ئاينىڭ شولىسىدا خېلىغىچە پىنھان ھالدا تولغىنىپ ياتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئەنسىز، دەردلىك خىياللار چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇ بۇ تاغلار ئارىسىدا ئەتە قۇياشنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، يولنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى قانداق قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈۋالىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭغا مەجھۇل ئىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشتى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي چۈشىنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى:

«ھاۋا گۈلدۈرلەۋاتقان بىر كېچىدە، ئەردەمنىڭ دادىسى مەسۇم ئۇستا ئۇنىڭغا سۇمۇرغ باشلىق پىچاقنى تەڭلەپ تۇراتتى. ئەردەم پىچاقنى قولىغا ئېلىشى بىلەن ھاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەپ، كۆكتە چاقماقلار قارا بۇلۇتلارنى يېرىپ چاقتى ۋە بىر دەستە نۇر قولىدىكى پىچاقنىڭ دەستىسىدىكى سۇمۇرغنىڭ بېشىغا چۈشتى. دەل شۇ چاغدا دادىسى كۆزدىن غايىپ بولدى - دە، قولىدىكى سۇمۇرغ باشلىق پىچاق چوغدەك قىزىرىپ، رىۋايەتلەردىكى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، ئەسىرلەرگە شاھىت بولۇپ ئۆلگەن سۇمۇرغ ئوت ئىچىدە قايتا تۇغۇلغاندەك، بىردىنلا پىچاققا جان كىرىپ تىرىلدى. تۇزدىن كۆركەم قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئاققۇنىڭكىدىن گۈزەل گەۋدىسىنى مەغرۇر تۇتۇپ تۇرغان سۇمۇرغ ئەردەمنىڭ ئالدىدا زۇۋانغا كېلىپ: <كەل، زامان ئىچىدە ئۇچۇپ، ماكان ئىچىگە نەزەر سېلىپ، ماكان ۋە زامانسىز دۇنياغا ئاپىراي سېنى> دېدى. ئەردەممۇ ھېچ ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايلا: <كەل سۇمۇرغىم، بىز ئۇچايلى! سەن مېنى ئۆز مىللىتىم تەپەككۇرىدا ساقلىغان تارىخ ماكانلىرىغا ئەكەتكىن. سەن مېنى ئانا ۋەتىنىنىڭ ساما بوشلۇقىنىڭ قەرىگە ئېلىپ ئۇچۇپ، ئانا تۇپراقلىرىمنى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم سەييارە قىلغۇزغىن! كەل، مېنىڭ جان دوستۇم سۇمۇرغىم! سەن مېنى مۇھەببەتنىڭ نادىر ئۈلگىسى، ئاشىقنىڭ گۈزەل سىمۋولى، ئالتۇن سۈتىدە پەرىزاتتەك چۆمۈلۈۋاتقان ۋە ساما قەرىدە ئالەمگە تەبەسسۇم بىلەن ئۆز جامالىنىڭ نۇرىنى چېچىۋاتقان ماھپەيكار پەرۋىنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىققىن. سەن مېنى ۋىسالىمغا يەتكۈزۈپ، ئىشق مەجنۇنلۇقىنىڭ چۆلىدىن قۇتقۇزغىن! مەن شۇ سامادا پەرۋىن بىلەن بىرگە مۇھەببەت، ئەرك، ئەقىل - ئىدراكىنىڭ يېمىرىلمەس، ئەڭ پاك قەلئەسىنى سالاي! مېنى بۇ جۇدالىقتىن، ئون بەش يىللىق ھىجراندىن قۇتقۇزغىن. مېنى يەنە جۇدالىق يوللىرىغا سېلىپ، قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ ئەكىلىدىغان قارا بوراننىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويما. ئاھ، پەريادلىرىم بىلەن بىرگە بۇ غەپتارى پەلەكتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئالتۇن كۇكۇلىلىق بالىدەك ئۈستۈڭگە مىنىپ ئۇچاي! يەر يۈزىدە يېتەلمىگەن ئاشىقىمنىڭ ۋىسالىغا كۆك يۈزىدە يېتەي!> دەل مۇشۇ پەيتتە، سۇمۇرغ بىر قانات ئۇرۇپلا ئەردەمنى ئوڭ قانىتىنىڭ ئۈستىگە ئالدى ۋە بىر ئىرغىپ ئۇنى مۈرىسىگە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ساماغا كۆتۈرۈلدى ۋە بىر قانات ئۇرۇشى بىلەن تەڭ، پۈتۈن تاغ ئۈستىدىكى ئاپپاق قېلىن قارلار قۇمۇش پۈپۈكىدەك توزۇپ، جاھاننى ئاق نۇرلۇق ئۇچقۇنلار قاپلىدى. ئۇ سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، زېمىنغا قارىدى، زېمىن ئۇنىڭ كۆزىگە قاپقارا تېگى يوق بىر ئويپاندەك كۆرۈندى، پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ ئىچىدە ۋارقىراپ - جارقىرىسىمۇ ئاۋازى

چىقماي، ھەممىسى تىلسىز قېلىپ، پۇت - قوللىرى شۇ قاراڭغۇ بوشلۇقتا لەيلەپ، بارغانسېرى تۆۋەنگە چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى ۋە سۇمۇرغنىم توختا!» دەپ ۋارقىراپ، چاچراپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقاردى، ئۈستىبېشىنى قار قاپلىغان ئىدى. ئەتراپ ئاق داستىخان سېلىنغاندەك بولۇپ كەتكەن ئىدى، ئەتراپتا لەپشىپ چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ شىر - شىر قىلغاندەك ئاۋازىدىن باشقا بىر ئاۋاز يوق ئىدى. ئاسماننىڭ بىردىنلا قارىداپ، ھاۋانىڭ بۇنچىلىك تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى ئەقلى ئالماي، دۇنيانىڭ شەپقەتسىزلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئۆزى توختىماي ئىتتىك - ئىتتىك نەپەس ئېلىۋاتاتتى. ئۇ قويۇن يانچۇقىدىكى سۇمۇرغ باشلىق پىچاقنى ئېلىپ، قېنىدىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، سىنچىلاپ قارىدى. بۇ زۇلمەتلىك كېچىدە، سۇمۇرغنىڭ كۆزىدىكى ياقۇت بۇ زۇلمەتلىك كېچىدە، ئۇنىڭ كۆزىگە ئوتقاشتەك چاقناپ، ھەقىقىي سۇمۇرغنىڭ كۆزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ پىچاقنىڭ دەستىسىنى ئاستا سىلاپ قويۇپ، يەنە قىنىغا كىرگۈزۈپ، قوينىغا سالدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى، ئەتراپىدىكى قورام تاشلارنىڭ قارلار بىلەن قاپلانغان سۈرلۈك گەۋدىسى چۈشتىن ئويغانغان ئەردەمنى مەسخىرە قىلغاندەك غادىيىپ تۇراتتى. ئەردەمگە نىسبەتەن، بۇ دۇنيا ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان ئىدى. بۇ ھاياتتا ئۇنىڭغا قالغىنى پەقەت ئۆتكەن ئۆمرىدىكى خاتىرىلەرلا بولۇپ، ھازىر ئۇ بولۇۋاتقان كۆپ ئىشلارغا پەرۋاسىز قارايتتى. ئەردەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۈستىبېشىدىكى قارلارنى قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، كۈيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئۇياق - بۇياققا مىدىرلاتتى، ئىككى تەرىپى قورام تاشلار بىلەن ئورىلىپ قارلار ئاستىدا ياتقان ئۆركەشكە قارىدى. ئۇلار تاڭ ئېتىش بىلەن  مۇشۇ ئۆركەشنى بويلاپ مېڭىپ تاغدىن ئۆتسىلا، مەڭگۈلۈك ئەركىنلىككە ئېرىشەتتى، ئەمما ئۆز ۋەتىنىدىن ئەبەدىي ئايرىلاتتى. يەنى، ئەركىنلىككە ۋەتەننى تېگىشەتتى. ئەمما ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ تېنى ئەركىن دۇنيادا ئەركىن ياشىغىنى بىلەن، روھى ۋەتەندە مەڭگۈ مەھبۇستا قالاتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان بولغاچقا، بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

يولچىلار تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئات - ئۇلاغلىرىنى راسلاپ يەنە يولغا راۋان بولدى. بۇ چاغدا قار توختاپ، ھاۋا ئېچىلغان، ئېگىز چوققىلار ئارىسىدىن ئاپتاپ چاقناپ، مېھرىلىك نۇرلار يولغا چېچىلغان ئىدى. ئۇلار داۋاننىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ ماڭغانسېرى يول تىكلەشتى. قار باسقان يەرلەرگە ئۆرلىگەنسېرى ئاتلارنىڭ مېڭىشى قىيىنلاشتى. بولۇپمۇ ئەردەم يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تاقىلىرى ئۇپراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تېيىلىپ ياخشى ماڭالمايۋاتاتتى. ئۇلار ئالدىراپلا يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ئاتلارنىڭ تاقىلىرىنى يېڭىلاشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغان ئىدى. ئەمدى، «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەندەك بىر ئىش بولمىسا بولاتتى. ئەردەم باشقا سەپەرداشلىرىنىڭ ئالدىدا، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىلەن ئىيسا ئەپەندىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئارقىسىدا كېتىۋاتاتتى. ئالدىدا كېتىۋاتقان پولات قادىرى بولسا، ئەردەمگە بۇرۇلۇپ - بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى. ئۇلار تاغنىڭ ئىچىگە كىرگەنسېرى سوغۇق شامال كۈچىيىپ، يول بارغانسېرى تارىيىشقا باشلىدى. يولچىلار ۋە ئاتلار ھاسىراپ، نەپەس ئېلىشلىرى تېخىمۇ قىيىنلاشتى. مېڭىۋاتقان يول ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئوڭ تەرىپى تاغ، سول تەرىپى تىك ئۇچۇرۇملۇق يولغا چىقىپ قالدى. مۇشۇنداق يوللار ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىپ قالسا ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يول

دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز بولغاچقا، يولچىلار زىيادە شالاڭ ھاۋادا ئۆزلىرىگە نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قىلىشۋاتاتتى. ئاتلارمۇ ھاسىراپ، قارا تەرگە چۆمگەن ئىدى. ئۇزۇن سەپەردە جۈدەپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن ئاتلارنىڭ كىرىپ كەتكەن بېقىنلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى. ئوڭ تەرەپتىكى تاغدىن ساڭگىلاپ تۇرغان قورام تاشلار ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە دېۋەيلەپ تۇراتتى. يولچىلار ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىشىدىن خۇدۇكسىرەپ، ئىختىيارسىز بويۇنلىرىنى ئېگىپ مېڭىشاتتى. ئۇلار بۇ يوللاردىن تېزرەك ئۆتۈپ، كەڭ بىر دالاغا چىقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ھەممە ئىش ئادەمنىڭ ئارزۇسىغا تەس كېلىدىغان بۇ دۇنيادا، ئۇلار چىڭقى چۈش ۋاقتىدا يولنىڭ ئەڭ خەتەرلىك نۇقتىسىغا ئۇلاشتى. يوللار تارلىقىغا باقماي شۇنچىلىك ئەگىر - بۈگىر بولۇپ، جەينەكتەك دوقاللىرى بەك كۆپ ئىدى. بىردىنلا ھاۋا قارىداپ، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاشقا باشلىدى. بۇنداق چاغدا بۇ يەردە قاپسىلىپ قېلىش بەكمۇ بولۇپ، بۇ يولدىن قانچە تېز ئۆتۈپ كەتسە، يولۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن شۇنچە ياخشى ئىدى. تاغلىق يوللاردا كۆپ مېڭىپ كۆنۈپ كەتكەن ئاتلارمۇ بۇ يوللاردا ماڭغاندا ئارىسالدى بولۇپ قېلىپ، توختاپ قالاتتى. سول تەرەپتىكى ئۇچۇرۇم پۈتۈنلەي قار - مۇزلار بىلەن تولغان بولۇپ، سەللا بىخەستىلىك قىلسا، يولۇچىلار تېگى يوق ئوپقانغا يەم بولۇپ كېتەتتى. تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، قار ئۇچقۇنلىرى يولۇچىلارنىڭ ئۈستىگە يېغىشقا باشلىدى. يولۇچىلار سوغۇقتا غال - غال تىترەيتتى، ئۇلارنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىنى قىرو قاپلاپ، پۇتلىرىنىڭ ئاستىدىكى قار بارغانسېرى قېلىنلاشقا باشلىدى. مۇز قاپلىغان چوققىلار ئاسمانغا تاقاشقان بولۇپ، قارلار بىلىق قاسراقلىرىدەك پارچە - پارچە مۇزلارنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ يولغا چۈشۈۋاتاتتى. قار بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن يولنى پەرق ئېتىش بەكمۇ تەسكە توختاۋاتاتتى. ئەردەم ئارقىدا قالغانلارنىڭ يېتىشىۋېلىشى ئۈچۈن قەدىمىنى ئاستىلاتتى. چۈلۈۋۇرىدىن يېتىلىۋالغان ئېتىمۇ دەم ئېلىپ مېڭىۋاتقىنىغا رازىدەك قىلىپ، بويۇنلىرىنى تولغاپ قوياتتى. ئەردەمنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقانلار خېلى ئۇزىراپ كەتكەنىدى. شۇ ئەسنادا ئەردەمنىڭ ئالدىغا بىر جەينەكتەك دوقال چىقتى. بۇ يەردىن ئاۋايلاپ ئۆتمىسە سول تەرەپ تېگى يوق ئوپقان ئىدى. ئۇ ئېتىنى ئاستا يېتىلەپ مېڭىپ دەل شۇ جەينەككە كەلگەندە، پۇتىنىڭ ئاستىدا ئاللىقانداق بىر نەرسە مىدىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالدىدا كېتىۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى دەرھال بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ ئارقىدا جەينەكتەك دوقالنى قاپلىغان قار تۇزانلارنى كۆرۈپ داڭ قېتىپلا قالدى، ئارقىسىدا كېلىۋاتقان ئەردەم كۆرۈنمەيتتى. كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى، پەقەت تۆۋەندىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قار تۇزاندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دېمەك، ئەردەم قەيەرگىدۇر بىر يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. يولدا ئۇنىڭ يا ئۆزى، يا ئېتى كۆرۈنمەيتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى بىردىنلا ئەقلى - ھوشىنى تاپقاندەك بولدى - دە، دەرھال ئېتىنى قويۇپ، ئارقىسىغا يۈگرەپ كەلدى. ئاھ، ۋادەرىخا! كۆرمەمدىغان بۇ مەھشەرگاھنى، يول پۈتۈنلەي سىرىلىپ، تۆۋەنگە كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، كۆرۈنۈپ تۇرغىنى تېگى يوق ھاڭ ئىدى. قارىغاندا، ئەردەم ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئوپقانغا يەم بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ يەردىن داۋاملىق قار تۇزۇۋاتاتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى، بار كۈچى بىلەن «ئەردەم! ئەردەم!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما ئەتراپتىن قورقۇنچلۇق بىر سادا قايتتى. بۇ

سادا دەل مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئاۋازى بولۇپ، بۇ ئاۋاز تاغلارنىڭ ئەسىرلەپ ياتقان جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋشىدىن چىققان گۈلدۈرلىگەن ئەكس سادالار ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قار تۇزۇپ تۇرغان جايغا شىددەتلىك ئىتىلىپ بېرىپ، قانداقتۇ بىر غەيرىي كۈچنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىنى توختىتىۋالدى - دە، ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ، تەسلىكتە گەۋدىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىۋالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تىكى يوق ئوپقان تۇراتتى. ئوپقان دەل شۇ جەينەكنىڭ يېنىدا بولۇپ، يولنى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ تاشلىغان ئىدى. ئەردەمنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بۇ يولدىن ئۆتۈشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى يەنە بار كۈچى بىلەن: «ئەردەم! ئەردەم!» دەپ ۋارقىردى. ئەمما يەنە شۇ تاغدىن كەلگەن ئەكس سادا ئاڭلاندى. ئۇ چاغقىچە مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئايالى يۈگرەپ كەلدى، مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قولى بىلەن شەرەت قىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەسلىكنى بۇيرىدى. چارىسىز قالغان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئوپقان لېۋىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرغان يېرى شۇنچىلىك خەتەرلىك ئىدى، سەل ئالدىغا داجىسىلا پۈتىنىنىڭ قېيىپ كېتىش ئېھتىمالى يوق ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ئاستا - ئاستا كەينىگە تاشلاپ، ئوپقان تۈۋىدىن يىراقلاشتى. بارغانسېرى قاپقارا كۆرۈنۈۋاتقان ئوپقان ئاستىدىن سوغۇق بىر ھاۋا كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئىيسا ئەپەندى بىلەن پولات قادىرىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەلمەكچى بولدى، لېكىن مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۇلارنى يېنىغا يېقىن كەلگۈزمىدى. چۈنكى يەنە قانداق بىر پالاكەتلەرنىڭ بولۇشىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى يەنە بىخەستىلىك قىلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ بالا - قازاغا ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، قەتئىي ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلگەندەك بولدى - دە، دەرھال قارغا دۈم ياتتى، ئاندىن زادى نېمە بولغىنىنى تېخىمۇ ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن، ئالدىغا قاراپ ئاستا ئۆمۈلىدى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي، ئېغىر ئەلەم ئىچىدە يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ، ئوپقاننىڭ لېۋىگە سۈرۈلۈپ كەلدى. بۇ چاغدا بىردىنلا ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان قىپقىزىل بىر نەرسىنى كۆردى. ئۇ ئاستا ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىنى قولى بىلەن سۈرۈپ ئاچتى. كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ئەردەمنىڭ سۇمۇرغ باشلىق پىچىقى ئىدى. غىلاپسىز پىچاق قارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئىدى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئالدىغا بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ يەنە تۆۋەنگە قارىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى بىردىنلا بىر قورقۇنچ ۋە ئۈكۈنۈش ئەلىمى چۇلغىۋالدى. ئۇ قار ئۈستىدە ئازابلىق ئىڭراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي، يەنە تۆۋەنگە سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭدا ھازىر ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان بىر كۈچ بار ئىدى. ئۇ شۇ كۈچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يەنە ئازراق ئالدىغا سۈرۈلدى ۋە بويۇنداپ تۆۋەنگە قارىدى. تۆۋەندىن توختىماي كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قار توزانلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى قاپلىۋالدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى جەينىكىنى قارنىڭ ئۈستىگە تىرەپ تۇرۇپ، قولى بىلەن يۈز - كۆزلىرىگە يېپىشىۋالغان قارلارنى سۈرتىۋەتتى. ئاندىن ئوپقاننىڭ ئاستى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يول يانغا سىيرىلىپ، پۈتۈنلەي ئېقىپ كەتكەن بولۇپ، ئاستى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر ھاڭ ئىدى. ئۇ تۆۋەنگە قاراپ يەنە ئەلەملىك توۋلىدى. ئەمما سەل ئۆتكەندىن كېيىن تۆۋەندە يەنە شۇ ئەكس سادادىن باشقا بىر ئاۋاز كەلمىدى. ئۇ بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلار ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ دۈم يېتىپ

تۇرۇپ، ئالدىدىكى تەكتى - تۈۋى كۆرۈنمەس ئۆپقانغا قاراپ خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ھۆكۈرەپ يىغلىدى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن «ئەردەم! جېنىم ئىنىم نەدە سەن؟ سەن ماڭا يۇرتۇمنىڭ بىردىنبىر تەۋەرۈكى ئەمەسمۇ! ئەردەم! ئەردەم!» دەپ توختىماي ناله قىلىپ ۋارقىرايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش دانچىلىرى ئوڭ قولىدا چىڭلا سىقىمداپ تۇتۇۋالغان پىچاقنىڭ سۇمۇرغ باشلىق دەستىسىگە قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى بۆلەكچىلا غەيرەتكە كېلىپ، ئارقىسىغا سۈرۈلۈپ ياندى، ئۆپقاننىڭ لېۋىدىن بەش قەدەمچە سۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، نېرىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي قاراپ تۇرغان ئىيسا ئەپەندى بىلەن پولات قادىرىغا قاراپ: «دەرھال ئارقان ئەكىلىڭلار، ئەردەمنى ھاڭدىن تارتىپ چىقىرىمىز» دەپ ئۇلارغا قاراپ ئىتتىك يۈگۈردى. ئۇلار يۈگرەپ بېرىپ ئاتلىرىنىڭ ئۈستىلىرىدىكى ئارقانلارنى، غىجباغلارنى ئالدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى قولىدىكى ئەردەمنىڭ پىچىقى بىلەن ئاتنىڭ چۈلۋۇرلىرىنى، تېرە تاسمىلارنى، ھەتتا قۇشقۇنلارنىڭ تاسمىلىرىدىن تارتىپ كېسىۋېلىپ، چېدىر تىككىشكە ئىشلىتىدىغان خادا تاياققا بىر - بىرلەپ ئۇزۇنسىسىغا باغلىدى. جىددىيچىلىكتىن تىترەپ كەتكەن قولى بىلەن تاياقنى تۇتقان مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىگەن ھالدا، ئۆپقاننىڭ يېنىغىراق بېرىپ يەنە دۈم ياتتى - دە، ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ ئىلگىرىلىدى. ئۇ ئەردەمنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا شۇنچىلىك ئالدىراپ، جەينىكىنى قارنىڭ ئۈستىگە تىرەپ تېز ئالدىغا قاراپ ئۆمىلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھاياتتا پەقەت سۈرۈلۈپ ماڭمىغان يولىلا قالغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ سۈرۈلۈپ ماڭىدىغان يولىمۇ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ بارلىق يوللارنى مېڭىپ بولۇپ، كۆز ئالدىدىكى ئەنە شۇ تۈۋى كۆرۈنمەس ئۆپقاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەلەملىك ناله قىلىپ، تاياقنى قولىدا چىڭ تۇتقىنىچە، تاياق ئۇچىدىكى ئارقاننى ھاڭغا چۈشۈردى، ئۇ تاياقنى مىدىرلىتىپ يەنە ۋارقىرىدى. ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، ئاڭلىنىۋاتقانقىنى يەنە شۇ ئۆزىنىڭ ئەكس ساداسىدىن باشقا ئاۋاز ئەمەس ئىدى، ئارقاننىڭ ئۇچىنىمۇ بىرسى تۇتقاندەك قىلمىدى. ئۇ ئارقاننىڭ ئۇچىنىڭ ھاڭنىڭ تۈۋىگە يەتمەي، مەجھۇل بىر بوشلۇقتا لەيلەپ تۇرغانلىقىنى ئەقلىدىن كەچۈردى. يەنە شۇنداقتىمۇ كىچىككىنە بىر ئۈمىد بىلەن، قولىدىكى ياغاچنى ئۇياق - بۇياققا بىرنەچچە قېتىم مىدىرلاتتى. ئەمما يەنىلا ھېچبىر ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇ ئەمدى چارىسىز ھالدا بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلغا قاراپ، چوقچىيىپ تۇرغان تاغنىڭ جەينىكىگە قاراپ ۋارقىرىدى: «ئادەم بارمۇ، ئارقىدىكىلەر يېتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» ئەمما ئۇ ياقتىن ھېچبىر ئاۋاز كەلمەي تۇرۇپلا، ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە ياندى. دېمەك، ئارقىسىدا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى يا بۇياققا ئاڭلانمايتتى، يا مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ئۇياققا ئاڭلانمايتتى. ئەردەمنى يۇتۇپ كەتكەن ئۆپقان كېلىۋاتقان بىرمۇنچە ياشلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىغان بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرسى بىلەن كۆرۈشىدىغان يول پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى. تاغ جەينىكىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكىلەر ئەمدى مەڭگۈ بۇياققا ئۆتەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا يانماقتىن باشقا بىر چارىسى يوق ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى دۈم يېتىۋېرىپ، پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئەمدى قولىدىكى تاياقنى تارتىپ ئېلىپ ئارقىسىغا غەزەپ بىلەن ئاتتى ۋە ئالدىدا قاپقاراڭغۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆپقاننىڭ تۈۋىگە قاراپ يەنە ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ مەسۇم ئۇستىنىڭ تەۋەرۈكى بولغان ئەردەمنىڭ ۋاپاتىغا ئاتىغان ھازا يىغلىرى ئىدى. بەلكى بۇ، تا بۈگۈنكىچە

ھېچ بىر زامان ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاپ باقمىغان يىغىلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇ. ئۇ ئىككى ئىنىسى شاھمەنسۇر بىلەن ئەمىر ساھىپ شېھىت بولغاندىمۇ ۋە ئەرەن بىلەن ئەبەيدۇللاھ، ھامۇت دېھقانلار شېھىت بولغاندىمۇ يىغلىيالماي قالغان ئىچىدىكى يىغىلارنىڭ ھەممىسىنى، مۇشۇ ئالدىدىكى تويماس ئوپقاننىڭ ئىچىگە تۆكۈۋاتاتتى. بۇ يىغا، مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ يولىدا شېھىت بولغان مىڭلىغان باھادىر ئەزىمەتلەر ئۈچۈن دەرد - ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ كەتكەن يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قان يىغىلارنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ئاھ - ۋاھ قىلىپ ئاللاھقا ئىسيان قىلىۋاتقىنىمۇ يوق، پەقەت ۋە پەقەتلا بېشىغا كەلگەن بۇ زۇلۇملارنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى زۇلۇم، دەرت ۋە ئازاب ئىچىدىكى بۇ ھاياتنى قوبۇل قىلالماي، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھاياتى بويىچە جەسۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ قېتىم بۇ يولدا ھەقىقەتەن چارىسىزلىك ئىچىدە ئەلەملىك تولغىنىپ يېتىپ قالغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ روھىغا تىرەك بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتىن ساقلاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى مۈزلاپ قېتىپ كەتكەن بەدىنى كەينىگە سۈرۈپ، ئاستا - ئاستا ئارقىغا ياندى، ئوپقان لېۋىدىن سەل يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى. ئۇ مۈدۈرلىدى، ئاندىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قېرىنداشلىرىغا، كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان ئاياللىغا قاراپ بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئىلگىرىلىدى. ئۇ ئەمدى ئىرادىسىنىڭ يولچىسى ئىدى. ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى ئەردەم بىلەن بىرگە ئاشۇ قاراڭغۇ ئوپقاننىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ، ئالدىغا قاراپ يول ئېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ئاياللىنى قوچاقلاپ يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئىيسا ئەپەندى كېلىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىنى يەڭگىل سىلىدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن بىر يول تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ يول ھەرقانچە قورقۇنچلۇق ۋە قىيىن دەپ قارالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ كارۋاننىڭ ئارقىسىدا قالغان ئوپقانچىلىك قورقۇنچلۇق ۋە زالىم ئەمەس ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ھاۋا تېخىمۇ بەتتەر ئۆزگىرىپ، يوللار گۆڭگا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خۇپتەن قاراڭغۇسى بېسىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇلار بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالماي يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئۇلار قالغان يولنى پىكىرلىرى بىلەن، ئەقلى بىلەن، روھى بىلەن بىرگە مېڭىشقا نىيەت قىلغان ئىدى. ئالدىدىكى تۆۋەنگە تۇتاشقان يولنى بويلاپ مېڭىپ، پەسكە چۈشسىلا، ھىندىستانغا تەۋە زېمىنغا قەدەم باساتتى. ئۇ يەردە ئورمانلىقلار بولۇپ، شىددەتلىك تاغ سۇلىرى ئېقىپ تۇراتتى. تەبىئەتنىڭ ئەنە شۇنداق مۇقەددەس جايلىرى ئادەتتە ئادەم ئاياغ باسمايدىغان مۇشۇنداق چەت - ياقا يەرلەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئۈمىدىنى ئارقىسىغا تاشلاپ قويغان بولۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ روھىغا باشقىدىن بىر ئۈمىدنىڭ قونۇشىنى كەلگۈسى تارىخ بەلگىلەيتتى. ئۇ ئەردەمنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارماسلىققا ئانت ئىچتى. ھازىر ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسىلا ئىدى. ئۇ ھاياتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىش ئۈچۈن، ئەڭ تار ۋە ئەڭ كەڭ يوللاردا ماڭماقچى بولدى، بۇ يولنى ئىرادىسىنىڭ كۈچى بىلەن باسماقچى بولۇپ، ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە بەردى.

ھېچبىر دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئۆتى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۆچىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىنى ھامان باشقا بىر دەرد ـ ئەلەم ئالىدۇ. شۇڭا ئىنسان دەرد ـ ئەلەم ئوتىدا تاۋلىنىۋاتقانلىقىنى ئارقىسىغا تاشلاپ ماڭغان يوللىرىدىن بىلىدۇ. ۋاقىت ئەنە شۇ يول خاتىرىلىرىنى تارىخ بەتلىرىگە پۈتىدۇ. ۋاقىت ئۇلۇغ پۈتۈكچى، ئۇ بېسىپ ئۆتۈلگەن يوللارنى خاتىرىلەپ، تارىخ سەھىپىلىرىگە قالدۇرىدۇ. ئۆلۈم تىرىكلەر ئۈچۈن بىر ئىمتىھان! مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى ئۈچۈن ھايات بولسا يولدىكى مۇجادىلە! ھېچكىم ئۆزىگە قاچان، نەدە نېمە بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيا بىر سىناقتىن ئىبارەت. ئۈستىگە يۈك يۈكلەنگەن تۆگە چۆل يولىغا قانداق راۋان بولغان بولسا، ئەردەمنىڭ روھىمۇ ئۆز ماكانىغا شۇنداق راۋان بولغان ئىدى. ئەردەم بىلەن پەرۋىن ئىككىسى ۋىساللىرىنى مەھشەرگە، ھېكايىلىرىنى بۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ مەڭگۈلۈك كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندى سەپداشلىرى بىلەن يەنە يولىنى داۋام قىلدى. ۋەتەن چېگرىسىدىن ھالقىغان چاغدىكى ۋەتەن تۇيغۇسى ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋە ۋىجدانىي بىر تۇيغۇ. بۇنى پەقەت ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ۋەتەن تۇپراقلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن يىراقلىشىۋاتقان ئادەملا چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. ئەنە شۇنداق تۇيغۇ مۇھەممەد ئىمىن ئەپەندىنىڭ روھىنى چۇلغىۋالغان ئىدى. شۇ دەقىقىدە، ئۇنىڭ شىكەستىلەنگەن كۆڭلىدىن ناۋايىنىڭ مۇنۇ ئىككى مىسرا بېيىتى كەچتى:

ۋەتەن تەركىنى بىر نەپەس ئەيلىمە،
يەنە رەنجۇ غۇربەت ھەۋەس ئەيلىمە!

**ھەق يولچىسى**

زامان كۆنلىرى ئالدىراپ ئۆتۈپ،
ئىنساننىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتۇر.
ئادەملەردىن دۇنيانى بوشىتىپ،
ئۆلۈمدىن قاچسا يەنە ئارتىلۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن.

يول بەزىدە تار بولسا، بەزىدە كەڭ بولىدۇ. بۇ ھاياتتىكى يولچىلىق بەزىدە مەغلۇبىيەتلىك بولسا، بەزىدە غەلىبىلىك بولىدۇ. يولغا چىقىشتىكى مەقسەت مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن. يول بىلەن مەنزىلنىڭ مۇناسىۋىتى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. يول باشلىنىش ۋە ئاخىرلىششتىن ئىبارەت جەريان بولۇپ، مەنزىل ئۇنىڭ نەتىجىسى. ھايات يولچىلىقى پەقەت بىرلا قېتىم بولىدىغان، ئىككىنچى قېتىم ھەرگىز تەكرارلانمايدىغان يولچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، يولچى يولنى ئوبدان ئويلاپ مېڭىشى كېرەك. يولغا چىققان ھەربىر يولچى كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن، يولدىن ئىبارەت بۇ جەريانىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم. يولچى كۆڭلىگە ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانلارنى، غايە - نىشانلارنى چىن پۈكۈش بىلەن بىرگە، يەنە يول ئۈستىدە ئالدىغا چىقىدىغان ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە تەييار پولاتتەك ئىرادىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇنداق ئىرادە بىلەن يولغا چىققان كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ئوچۇق، جاپاغا چىداملىق، ۋىجدانى راھەت، روھى ئۇلۇغ بولىدۇ ۋە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدا نۇرلۇق ئىزلىرى قالىدۇ.

1965 - يىلى 14 - ئىيۇن چىڭقىچۈشنىڭ ئالدى مەزگىلى، ئاپئاق ئاقارغان چاچ - ساقاللىرى ئۆسكەن، كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچكەن، چېھرى سولغۇن، روھى چۈشكۈن بىر بوۋاي ئىككى كىشىلىك كارۋاتتا ئۆزى يالغۇز تورۇسقا تىكىلىپ، تەنها ياتاتتى. ئۇنىڭ ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەقلىگە ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان ۋە بۇرۇن ھەر بىر مۇھىم ئىشلىرىنى ئاساسلانلاشتۇرۇشقا ياردەمدە بولىدىغان ئۆتكۈر پىكىرلەردىن بىرىمۇ ئۇنىڭ ئەقلىگە كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئاپاق ئاقارتىلغان تورۇسىغا شۇنچىلىك ئۇزۇن تىكىلىپ شۇنچە كۈچەپ قانچە ئويلىغانسېرى، كاللىسىنى شۇنچە قۇرۇق ھېس قىلىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىزى سىقىلىپ ئاغرىشقا باشلىغان ئىدى. جۈدەڭگۈ يۈزى بارغانسېرى تاتىرىپ، پۈتۈن بەدىنىدە ماغدۇر قالمىغان، ئورۇقلاپ تېرىلىرى ئۇستىخانلىرىنىڭ ئىچىدە شالاقلاپ قالغان ئىدى. ئۇ سەپكۈن چۈشۈپ قاتقان ئىككى قولى بىلەن ئۈستىگە يېپىقلىق تۇرغان ئاق كىرلىكلىك يوتقاننى مەيدىسىدىن تۆۋەنگىرەك سىيرىپ چۈشۈرۈپ قويدى. ئاندىن بېشىنى ئوڭ تەرەپكە سەل قىڭغايتىپ، تومۇرلىرى غازاڭنىڭ تومۇرلىرىدەك كۆپۈپ كەتكەن سول قولى بىلەن ياستۇقنىڭ ئاستىدىكى سۇمۇرغ باشلىق پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، پارقىراقلىقىنى يوقاتقان دەستىسىنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ قويدى – دە، پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

جاھاندا ئىختىيارىم ئاستىدا بىر جانۇ تەن قالدى،
مۇشەققەت بىرلە پىشقان باشۇ مېھنەتكەش بەدەن قالدى.

جېنىم ئايرىلدى راھەتتىن يۈرەك قايغۇ بىلەن قالدى،
يۈرەكتىن قوزغىلۇر ھەردەم بەرياد كىم خۇررەم چىمەن قالدى.

مۇقەددەس تۇپرىقىم ئۇچماقتىن ئەلا ئول ۋەتەن قالدى،
ئۇلۇس خار ئولدى تۇغقانلار ۋە مەسلەكداش ئەرەن قالدى.

شېئىرنى تىترەپ تۇرغان ئاۋاز بىلەن ئوقۇغان بۇ بوۋاي دەل مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىدى. ئۇ تېز - تېز نەپەس ئېلىپ سول قولى بىلەن بېشىدىكى ياستۇقنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئىككى قولىنى ئاستىغا تىرەپ تۇرۇپ، سەل يۇقىرىغا سىيرىلدى ۋە ئالدىدىكى ياستۇقنى يەنە ئېلىپ كارۋاتنىڭ باش تاختىيىغا چاپلاپ قويغاندىن كېيىن، ياستۇققا بېشىنى تىرەپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى سەل راھەت ھېس قىلغاندىن كېيىن، ئەردەمدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ، كۆز ئۆۋىلىرىغا كىرىپ كەتكەن قارا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تاراملاپ چۈشتى. ھىجرەتتىكى كۆڭۈل خاتىرىلىرى قاردەك ئاقارغان ساقاللىرىغا تامچىۋاتقان كۆز ياشلىرىدەك، دانە - دانە بولۇپ ئەقلىگە چۈشۈشكە باشلىدى.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھىجرەت كارۋىنى ئوپقان پاجىئەسىدىن كېيىن، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى ۋە دەھشەت بەدەللەرنى تۆلەپ، ئاخىرى غەلىبىلىك ھالدا كەشمىرگە ئۇلاشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ قىيىن يوللار سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇلار ۋاقىتىنچە كۆزلىگەن

مەنزىلگە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇندىن كېيىن ماڭىدىغان يوللىرى ئۈنچىلىك قولاي يوللار ئەمەس ئىدى. ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يول ئۇزۇن، مەجهۇل ھەم ئەگىر ئىدى. ئۇلار بولسا يەنىلا يولچى بولۇپ، مېڭىۋاتقان يولىنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەم ئۇزۇن ھەم پۇختا پىلانلارنى تۈزۈپ، بۇ يولنى ئاخىرىغىچە مېڭىشقا تەق ئىدى. ئۇلار روھلىرى، پىكىرلىرى، ئەقىللىرى بىلەن بۇ يولنى داۋام قىلىپ، ئارقىلىرىغا يانماي، ئالدىدىكى يول مەيلى ئۇزۇن، مەيلى ئەگىر، مەيلى تار، مەيلى ئېگىز داۋان بولسۇن، ئاخىرىغىچە ماڭماقچى ۋە بۇ يوللاردا ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتمەكچى ئىدى. ئۇلار ھازىر بىر دوقمۇشقا كېلىپ توختىغان بولۇپ، كېيىنكى قەدەمدە قاياققا مېڭىش توغرىسىدا ئويدان ئويلىشىپ قارار ئالمىسا، يەنە پۇشايمان قىلىدىغان ئىش يۈز بېرىشى ئېهتىمالدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

ئۇلار ھىندىستاندا ئۇزاق مەزگىل تۇرالمايدىغان بولغاچقا، كەلگۈسىدە ئىقبالى بار بىر مەملىكەتكە مۇقىم ئورۇنلىشىشى زۆرۈر ئىدى. گەرچە ئۇلارغا تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىگە چىقماقچى بولۇپ، ئۇلارنى تەيۋەنگە تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى، ئۆزلىرىنىڭ ھەم مىللىي ھەم دىنىي قېرىنداشلىرى بولغان تۈركىيە جۇمهۇرىيىتىگە ھىجرەت قىلىپ، شۇ يەرگە يەرلىشىش ئىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن تۈركىيەنىڭ ھىندىستاندىكى باش ئەلچىخانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى قىيىن ئەھۋالىنى باش ئەلچى ئەلى تۈرككەلدى ئەپەندىگە ئاڭلاتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كوممۇنىست خىتاي جۇمهۇرىيىتىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى يەنە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ ئاڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تارتىۋاتقان كۈلپەتلىرىنى ئاڭلىتىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ يەردە قانۇنلۇق تۇرۇش رۇخسەتنامىسىنى ھەل قىلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يات ئەللەردە ئۇزۇن مۇددەت ۋەتەنسىز سەرگەردان ھايات كەچۈرۈشىگە ئىچى چىدىماي، ئۇلارنىڭ بىر كىملىككە، ئىككىنچى بىر ۋەتەنگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن دەرھال كۈرەشكە ئاتلانغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەربىر مىنۇتى ۋەتەن ھەسرىتى، ئەلنىڭ غېمى بىلەن ئۆتتى. ئىشكىمۇ - ئىشىك قاتراپ ئۆز يۇرتداشلىرىغا پاناھلىنىدىغان جاي ئىزدەۋاتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز دەرت - ئەلەملىرىنى قەلىمى ئارقىلىق قەغەز يۈزىگە تۆكۈپ، ئۆز - ئۆزىگە مەدەتكار بولدى.

ھىمالايا! شۇ ئالدىمدىن چېكىل بىر ياققا،
قارا قۇرۇم! ئۆزەڭنى تارت يولدىن يىراققا،
قاراڭغۇ تاغ! سەنمۇ سۈرۈل بىر ئاز ئۇزاققا،
سالقىنلانسۇن بۇ يۈرەكنىڭ ئوتلۇق ياراسى،

كېلىپ ماڭا گۈزەل يۇرتنىڭ باھار ھاۋاسى.

چېچەكلىدى گۈزەل يۇرتنىڭ ئۇچماق باغلىرى،
گۈلزار بولدى چۇقۇر ئورمان، يۈكسەك تاغلىرى،
كەلدى يۇرتنىڭ جان ۋە تەنگە راھەت چاغلىرى،
جانىم ئىستەر بىر كۆرۈنسە يۇرتنىڭ قاراسى،
ئېسىپ كەلسە ئىپار ھىدلىق باھار ھاۋاسى.

چۈشمۇ ئىدى؟ باغلار ئارا كەزگەن چاغلىرىم،
خىيالمىدى؟ ئۇ شۇل ئۇچماق كەبى باغلىرىم،
قايدا قالدى؟ جان يايلاغى، جەننەت تاغلىرىم،
ئاقىپ كەتتى قەيەرلەرگە؟ كەۋسەر دەرياسى،
قايسى ياققا ئەسمەكتەدۇر باھار ھاۋاسى.

يات كېلەدۇر يات ئەللەرنىڭ يەرى ھەم سۈيى،
غەمخانەدۇر دىلغە ياقماس باغى ھەم ئۆيى،
ۋەيرانىدەك كۆرۈنمەكتە شەھىرى ھەم كۆيى،
يۇرت قايغۇسى يۇرتسىزلەرنىڭ روھى غىزاسى،
خىيالىنىڭ زەۋقى يۇرتنىڭ باھار ھاۋاسى.

يۇرتتىن يىراق، جاندىن يىراق بۇ ئۆكسۈز تەنلەر،
يات يۇرتلاردا ياشاماقتا جانسىز بەدەنلەر،
جىگەر قانى، قايغۇ - ھەسرەت ئىچكەن، يېگەنلەر،
دەردىمىزنىڭ يۇرتتىن باشقا يوقتۇر داۋاسى،
جان بەرگۈسى بىزگە يۇرتنىڭ باھار ھاۋاسى.

بايقۇش ياتار ۋەيران بولغان باغلەر ئورنىدا،
جەھەننەمدۇر ئۇ جەننەتتەك تاغلەر ئورنىدا،
بۇلبۇل خامۇش ۋارقىرايدۇ زاغلەر ئورنىدا،
تارىم دەريا بولدى مەسۇم قانلەر دەرياسى،
زەھەر بولدى جانغە شىپا باھار ھاۋاسى.

تۇپراقىدا قايناماقدا شەھىدلەر قانى،
ھاۋاسىدا ياڭرار مەزلۇم مىللەت پىغانى،
ۋەتەنپەرۋەر ئەرلەر بىلەن تولدى زىندانى،
ھەر سائەتى بىر قىيامەت شور غوۋغاسى،

سەمۇم (زەھەر) يىلى بولۇپ ئەستى باھار ھاۋاسى.

قايغۇرماغىل بۇغرا! ۋەتەن ئازاد بولغۇسى،
ياقىن كۈندە ۋەھشىي دۈشمەن بەرباد بولغۇسى،
ۋەتەن يەنە ئۇچماق كەبىي ئاباد بولغۇسى،
كۆكرەكىڭگە باسار سېنى ۋەتەن ئاناسى،
قارشىلايدۇ سېنى يۇرتىنىڭ باھار ھاۋاسى.

نەھايەت، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئەنە شۇنداق بىر قاتار تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە، 1952 - يىلى 13 - مارتتا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قارار چىقىرىپ، كەشمىردە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ۋە قازاق مۇھاجىرلاردىن 1850 كىشىنىڭ تۈركىيەگە يەرلىشىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز ئائىلىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرگە تۈركىيە تۇپراقلىرىغا ئاياغ باستى.

يولدا بىرگە ماڭسىلا دوست ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ھاياتلىق يوللىرىدىكى ھەر بىر داۋاندا، ئۆركەشلەپ ئاققان دەريالار ئالدىدا ھەمنەپەس بولغانلار، ھەمپىداكار بولغانلار، قاراڭغۇلۇقتا قالغاندا بىرگە مەشئەل ياققانلارلا ھەقىقىي دوست بولالايدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنە شۇ يوللاردا ئەڭ چوڭ بەدەل تۆلىگەن كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشىدەك يېقىن كۆرۈپ، يېنىدىن ھېچ ئايرىماي، پۈتۈن كۈرەش يوللىرىدا بىرگە بولغان ئەزىز سەپدىشى ئەردەمگە ئوخشاش نۇرغۇن يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. دېمەك، بۇ ھاياتتا يولغا راۋان بولماقنىڭ ئۆزى بەدەل تۆلىمەكتۇر.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ئىستانبۇلغا كەلگەن چاغلىرى، پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىگە ئائىت بولغان دۆلەتلەر بىلەن غەرب دېموكراتىيە ئىدېئولوگىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۆلەتلەردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلغان مەزگىللەرگە توغرا كەلگەن دەۋر ئىدى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بۇ ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرى بولغان «غەرب دۇنيا» قۇتۇبىغا مەنسۇپ بولغان ۋە «شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى»غا ۋاكالىتەن كورىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى. مۇنداق تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پۈتۈن كۈچى بىلەن كوممۇنىست خىتايلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان غەربىي تۈركىستانلىق تۈرك قېرىنداشلار بىلەن ياخشى ئىتتىپاق قۇرۇپ، «تۈرك بىرلىكى»، «تۈرك ئورتاق فرونتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىق رول ئوينىدى. ئۇ يەنە، ئىستانبۇلغا كېلىپ ھېچ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماي، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ دەردىنى تۈركىيە دۆلىتىگە ۋە خەلقىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن، ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان تەشۋىقات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنىڭ شۇنچە زور بولۇشىغا قارىماي، تۈرك تىلىدا «تۈركىستان» ناملىق ئايلىق ژورنالنى نەشر قىلدى.

1954 ـ يىلى 30 – ئاۋغۇستتا، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىنلەرنىڭ يول باشچىلىقىدا تۈنجى قېتىم سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تائىف شەھىرىدە «ھىجاز قۇرۇلتىيى»نى ئاچتى. قۇرۇلتاي بىر ھەپتە داۋام قىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك قارارلار ئېلىندى.

1. قۇرۇلتايغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق قوللىشى ئاساسىدا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىندىن ئىبارەت ئىككى يولباشچىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى كۈرەش يولىدىكى تولۇق ھوقۇقلۇق رەھبەرلىك سالاھىيىتىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىش، ئۇلار رەھبەرلىك سالاھىيىتى بىلەن تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، تەيۋەن ھۆكۈمىتىگە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچرىغان بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بارلىق كۈرەشلىرىنى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش، دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش. ئەگەر تەيۋەن ھۆكۈمىتى بۇ ھەققانىي تەلەپنى رەت قىلسا، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى»غا سۇنۇش يولى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش يولى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەيۋەندىكى مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش.

2. بۇندىن كېيىن ھەرقانداق بىر تەشكىلات ياكى شەخس تەيۋەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئاشكارا ۋە مەخپىي ئۆز نامىدا ئالاقە ئورناتماسلىق، شەخس نامىدىن ئىقتىسادىي ياردەم قوبۇل قىلماسلىق.

3. ھىجازدىكى تۈركىستانلىقلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىش ۋە تۈركىستان خەلقىنىڭ دەۋاسىنى ئىسلام ئەللىرىگە قانات يايدۇرۇشنى قوللاش يۈزىسىدىن سەئۇدى ھۆكۈمىتىگە بىر ئۆمەك ئەۋەتىش.

4. تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن، تۈركچە، ئىنگلىزچە، فارسچە، ئەرەبچە تىللاردا نەشىر قىلىنىدىغان «تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق ژورناللارنى چىقىرىش، «تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق ژورنالنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن توپلاش.

چەت ئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشكەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا ئاتاپ، ھارماي ـ تالماي پۈتۈن جىسمانى ۋە مەنىۋى كۈچى بىلەن كۈرەش يولىغا ئاتلاندى. ئەمما بۇ يولدا نۇرغۇن ماددى ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بولۇپمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەۋانىڭ كونىرىشىغا ئەگىشىپ، بۇ ھەققانىي دەۋا بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىپ قالدى. نۇرغۇن ئادەملەر ئاغزىدىلا قوللاپ، ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە دەۋاغا سۇس قاراشقا باشلىدى. زور كۆپچىلىك شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋەتەن سىرتىدىكى ھاياتنىڭ مۇشەققەتلىرى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا

تۇرمۇشىنىڭ قايناملىرىغا چۆكۈپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنىڭ كۈندىن - كۈنگە يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇلاردا ۋەتەندىن يېڭىدىن ئايرىلغان چاغلىرىدىكىدەك قىزغىن جەڭگىۋار روھ ئەمدى ئۆچكەن ئىدى. ھەممە ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى ئىچىدە بۇ ئىككى رەھبەرنىڭ ئەتراپىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى بىر دۇنياسىغا كىرىپ كېتىشتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆزىنىڭ بارغانسېرى چەتكە قېقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ خۇنۇكلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىرى يالغۇزلۇقنى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىستانبۇلدىن ئايرىلىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەمەس، بەلكى ۋەتەنىنىڭ دەۋاسىنى ياخشى قىلىپ، ۋەتەننى تېز قۇتقۇزۇش مەسىلىسى ئىدى. گەرچە ۋەتەن مۇنقەرز قىلىنغان بىر مەملىكەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر شۇ تۇپراقلاردا ياشاۋاتقان خەلق ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى يوقاتمىسىلا، بۇ ۋەتەن مەڭگۈ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە مەنسۇپ بولۇپ قىلىۋېرەتتى. دېمەك ۋەتەن دۈشمەنىنىڭ زەربىسىدە يوقاپ كەتمەيدۇ. ئۇنى يوق قىلىۋېتىدىغان كۈچ يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ خاتالىقلىرى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇ دەۋانى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ بۇ دەۋانىڭ توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزىنىڭلا ماڭىدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ ھەرگىز مېڭىشىپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئەنقەرەنىڭ قارا قىش كۈنلىرىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئەلەم قىلغىنى دۈشمەنلەرنىڭ قەست سۆزلىرى ئەمەس، شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىنىڭ ھېچنىمە دېمەي جىم تۇرۇۋېلىشلىرى ئىدى. شۇڭا ئۇ يولدا پەقەت بىر ئۆزى يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئۆزى ئىشەنگەن يولدىن قايتمىدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئىشلەپ تاپقان ئازغىنە پۇلىنى قىسىپ ئائىلىسىگە خىراجەت قىلغاندىن باشقا، قالغان پۇلغا قەغەز سېتىۋېلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەر يېزىلغان يازمىلارنى تەييارلايتتى. ئاندىن بۇ دەستە - دەستە يازمىلارنى، تەشۋىقاتلارنى سومكىسىغا سېلىپ ئاپىرىپ شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا، ئاممىۋي مەيدانلاردا خالايىققا تارقىتىپ كېچە بولۇپ كەتكىنىنى تۇيمايتتى. ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەندە، ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئولتۇرىدىغان كوچا ئاپتوۋۇزىغا بىلەت ئالىدىغان پۇلى يوق، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى پىيادە مېڭىپ قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق پىيادە سەپەرلەرنى قىلىپ، قاراڭغۇ كېچىلەردە ئۆيگە قايتىپ كەلگەن تالاي - تالاي كۈنلىرى بولغان ئىدى. ئۇ ئاناتولىيەگە جايلاشقان بۇ شەھەرنىڭ قەھرىتان سوغۇق كېچىلىرىدە ھارغىن قەدەملىرىنى تەستە ئېلىپ يولدا كېتىۋاتقان چاغلىرىدا، ئۆز- ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ مۇنداق ئويلايتتى: «يولۇڭ قانچە جاپالىق بولسىمۇ، ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. ئەگەر بۇ يولنى ماڭمىغان بولساڭ، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆگىنەلمەيتتىڭ. كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئىبرەتلىك تارىخنى قالدۇرالمايتتىڭ. بۇ ھاياتتىكى ھېچبىر تىرىشچانلىق بىكارغا كەتمەيدۇ، بۇنى ياخشى بىلىشىڭ كېرەك. سەن تىرىشتىڭ، كۈرەش قىلدىڭ، ئۆچمەس ئىزلارنى ھايات يوللىرىڭغا قالدۇرۇپ ماڭدىڭ. ئەمدى ئەجەل بېشىڭغا كەلسىمۇ خاتىرجەم كۆزۈڭنى يۇمسەن. سەن بۇ ھاياتتا ئۆز ئىمكانىڭ يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە قولۇڭدىن كېلىدىغانلا

ئىشنىڭ ھەممىسىنى ۋەتەن ۋە مىللىتىنىڭ ئۈچۈن قىلدىڭ. ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئىشلىرىڭ ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئورنىغا، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن بەزىدە ئايىغى چىقماس يوللاردا مېڭىشتىن قورقمىدىڭ. شۇنى ئۇنۇتما، سەن ئاخىرقى تىنىقلىرىڭدا، ۋىجدانىڭ راھەت ھالدا كۆزۈڭنى خاتىرجەم يۇمىسەن!»

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بەزىدە تۇرمۇشتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن شۇنچە قىينالسىمۇ، ئەمما ھېچبىر زامان ئۆز غۇرۇرىنى يوقاتمىدى. ئۆز نەپسىنى دەپ ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشتىن يىراق تۇردى. چۈنكى ئادەم نەپسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەجدىھا ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ھىجرەتتىكى زور كۆپچىلىك ۋەتەنداشلىرىنىڭ ئاشۇ نەپسىنىڭ پىرى بولغان ئەجدىھاغا يەم بولۇپ، ئۆز ۋىجدانىنى بۇلغىغانلىقىنى ھەر زامان كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ «يىلانچىنىڭ ھېكايىسى»نى ئەسكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا مۇشۇنداق بىر ئادەم بولۇپ ئاپىرىدە بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولاتتى، ئۆزىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا شۈكرە قىلاتتى ۋە ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇ سەنالار ئوقۇيتتى. ئۇ ھېكايە مۇنداق ئىدى:

«بۇرۇنقى زاماندا بىر يىلانچى بار بولۇپ، مەيلى ياز، مەيلى قىش بولسۇن داۋاملىق تاغلاردا يۈرۈپ، ئۆز ھىيلە - مىكىرلىرىغا، پىلانلىرىغا تايىنىپ يىلان تۇتۇپ ساتىدىكەن. قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يىلانچى ئورەك ۋە غارلاردا قىشلىق ئۇيقۇدا ياتقان يىلانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۆز پىلانلىرىنى تۈزۈپ يەنە تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەنزىلگە يەتكەندە، يىلانچى كىچىكرەك ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان شۇنداق چوڭ بىر ئۆلۈك يىلاننى كۆرۈپتۇ. كۆرۈپتۇ – يۇ، ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، خەلقنى بىر ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ چوڭ يىلاننى سۆرەپ يۈرۈپ، مىڭ جاپادا باغدات شەھىرىگە ئەكەپتۇ.

جاپاكەش يىلانچى بىرقانچە تەڭگە تاپماقچى بولۇپ، تىرەكتەك ئۇزۇن يىلاننى سۆرەپ خەلقى - ئالەمگە كۆرسىتىپ، دەپتۇ: ‹مەن سىلەرگە بىر ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ئەكەلدىم. ئەمما، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان جەبىر - جاپا تارتتىم›.

يىلانچى ئۇ يىلاننى ئۆلگەن ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەجدىھادەك يىلان تىرىك ئىكەن. پەقەت ئۇ قىشنىڭ سوغۇقىدىن ۋە ئاچلىقتىن ھۇشسىز بولۇپ ئۈچەككە كەتكەن ئىكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز يىلانچى ئۆلۈكتەك تۇرغان چوڭ يىلاننى ئۆلۈك دەپ بىلىپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇ چوڭ يىلاننى باغدات شەھىرىنىڭ چوڭ رەستىسىگە سۆرەپ ئەكىلىپ، خەلقنى ھاياجانغا سېلىپ، ئۇلاردىن پۇل توپلىماقچى بولغان ئىكەن. ئۇ چوڭ يىلاننى يوغان بىر گىلەمگە ئوراپ، ئارقان بىلەن باغلاپ، دىجلە دەرياسى بويىدىكى بىر يەرگە ئەكىلىپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قۇلاقتىن - قۇلاققا تارقىلىپ، پۈتۈن باغدات شەھىرىگە پۇر كېتىپتۇ.

<بىر يىلانچى شۇنداق چوڭ، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر ئەجدىھانى تۇتۇپ باغداتقا ئەكەپتۇ> دېگەن گەپ پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. باغدات شەھىرىنىڭ يۈز مىڭلارچە ئەخمەق ئاھالىسى توپلىنىپتۇ. يىلانچى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ يىغىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. خەلق بولسا چوڭ يىلاننى كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ئورالغان گىلەمدىن كۆزىنى ئۈزمەپتۇ. يىلانچى تەقەززا بولغان خەلققە قاراپ، ئىچىدە مۇنداق ئويلاپتۇ: <بىر ئاز

تەخىر قىلاي. تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى يىغلىسۇن. تاماشىبىنلار قانچە كۆپ بولسا، يىغلىدىغان پۇلمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.›

ئادەملەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، دەريا بويى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. يۈز مىڭلارچە ئادەم بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا دەسسەپ، يىلان ئورالغان گىلەمدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھاياجانلىق مەنزىرە ئىچىدە مەيدان مىغ - مىغ ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ.

ئاخىرى تازا ئادەم كۆپەيگەندە، يىلانچى يىلان ئورالغان گىلەمنى مىدىرلىتىپتۇ، ئادەملەر بويۇنلىرىنى سوزۇپ تىكىلىپ قارىشىپتۇ. سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆچەككە كىرىپ كەتكەن ئەجدىھادەك چوڭ يىلان چىڭ قىلىپ ئورالغان گىلەمنىڭ ئىچىدە ئىسسىغان ھەمدە ئىراقنىڭ ئىسسىق قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئاستىدا ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلگەن ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ كۆيۈشكەن بەدىنىگە ئاستا جان كىرىشكە باشلاپتۇ – دە، ئاخىرى رەسمىي تىرىلىپ مىدىرلاپتۇ. يىلاننىڭ بۇ مىدىرلاشلىرىنى كۆرگەن خەلقنىڭ ھاياجىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىپتۇ. پۈتۈن ئادەملەر دەھشەت ھەيرانلىق ئىلكىدە ۋارقىرىشىپ، ئىسقىرتىپتۇ. يىلان تېخىمۇ بەكرەك مىدىرلىغان ئىكەن، تاماشىبىنلار قىيا - چىيا قىلىپ، قورقۇپ قېچىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا يىلان ئورالغان گىلەمنىڭ باغلانغان ئارقانلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۈستىدىكى گىلەمنى ئېتىۋېتىپ، غەلىتە ئاۋازلاردا نەرە تارتىپتۇ. يىلاننىڭ بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازى دىجلە دەريا ۋادىسىنى زىلزىلىگە ساپتۇ. بۇ قىيامەتنى كۆرگەن خەلق قورققىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ. دەسسىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جىقلىقىدىن ئۆلۈكلەر دۆۋىسى ھاسىل بوپتۇ.

بۇ قىيامەتنى كۆرگەن يىلانچى: ‹مەن تاغدىن زادى نېمە ئەكەلدىم؟› دەپ، قورققىنىدىن پۈت - قولىدا جان يوق تۇرغان يېرىدە مىدىرلىماي قېتىپ قاپتۇ. بېشىنى كۆتۈرگەن دەھشەت چوڭلۇقتىكى يىلان غال - غال تىترەپ تۇرغان يىلانچىنى كاپلا قىلىپ بىر يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ».

دېمەك، ئادەم نەپسىنىڭ كەينىگە كىرسە ھامان ئەجدىھاغا يەم بولىدۇ. ئادەم نەپسىنى دائىم ئۆلۈك تۇتمىسا، ئەجدىھا ھەر زامان تىرىلىشكە تەييار تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەر دائىم زاھىر تۇيغۇلارغا ئەسىر بولماي، ئۆز نەپسىنى تىزگىنلەپ، پۈتۈن روھىي ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۆزى مۇقەددەس دەپ بىلگەن دەۋاغا قاراتتى. بۇ دۇنيادا دەۋا يوللىرى قان دەريالىرىنىڭ قىرلىرىغا ياسالغان. شۇڭا بىر قەدەم خاتا ئېلىنسا، قان دەرياسىدا غەرق بولىدۇ كىشى. مۇھەققەق، توغرا قەدەملەر بىلەن بېسىلغان يوللار گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن بولىدۇ. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەنە شۇنداق گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن يولدا ماڭدى. بۇنداق يوللاردا يۈرگەن كىشىنىڭ روھى پاك، ۋىجدانى راھەت بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ھايات دېگەندە بۇنداق يوللارغا تىكەننىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ قويىدىغانلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ چاچقان ئۇرۇقلىرى پۆچەك بولغاچقا، يەر يۈزىگە مەڭگۈ ئۈنۈپ چىقالمايدۇ. چىقتى دېگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەر نەزىرىدىن ھامان چۈشۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەق يولىدىن ئازمىدى. ھازىر ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە قالمىغان ئىدى. قالغىنى پەقەت، ۋەتەننىڭ ئازاتلىق يولىدا كۆرەش قىلىشنىڭ قانچىلىك شەرەپلىك، ئۇلۇغ يول ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشنىڭ پەخىرلىك تۇيغۇلىرىلا ئىدى. ئۇ قولىدىكى بارلىق ئىمكانلار بىلەن بىرگە،

بارلىق قېرىنداشلىرى ۋە سۆيۈملۈك ئايالى ئامىنە بۇغرا خانىمدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلدى. بۇ دۇنيادا بۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان ھېچبىر نەرسە يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا قالغىنى، بۇ يولدا ھەقلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئېغىر بىر يۈكىلا ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئانا تۇپراقنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان دۈشمەننى ئويلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ ھەقلىق دەپ بىلگەن يولىنىڭ يۈكىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلاتتى. ھازىرغىچە بۇ ھەقلىق يولدا بەل قويۇۋەتمەي، چېكىنمەي ماڭغانلىقىدىن ۋىجدانى راھەت ئىدى. ئەمما بۇ يولنىڭ ھەربىر بېكەتلىرىدە ئۆزىدىن ئايرىلىپ، چۈشۈپ قالغانلارنى ئويلىغىنىدا، قايسى بىر ئىچكى ئەزاسى بۇ ھىجرانغا چىدىماي يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كېتەتتى. ئەمدىلىكتە بۇ ھەقلىق دەۋا يولىدا مېڭىشقا ئۆزى ئاجىز كەپقالىدىغاندەك ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ ھايات يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگە كەلگەن ئىدى. ھازىرغا قەدەر، ئەتراپىدا يېڭى ئىنسانلار، يېڭى دۇنيالار بەرپا بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنەتتى. يىللار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى يالغۇز تاشلاپ يىراقلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبى يات ئەلدە ۋەتەن دەردىدىن ئۆرتىنىپ يانماقتا ئىدى. ئۇ بۇ يات شەھەردە ھارغىن، چارىسىز، پۇلسىز قېلىپ، ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ياردەمچى بولىدىغان ئادەملەرمۇ قالمىغان چاغلاردا، ئۆيىدىكى تام شىرەسىگە تىزىلغان قاتار - قاتار كىتابلار بىلەن قولىدىكى قەلىمى ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ، روھىغا قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى. ئۇ تەنھالىق ئىچىدە ئىزتىراپ چەككەندە، كېتىۋاتقان يوللىرى ئېتىلىپ قالغاندا، نىشانىدىن قىيىپ كېتەي دېگەن چاغلاردا ۋە كاللىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرى چېچىلىپ كەتكەندە، ھەتتا تۇزاققا چۈشەي دەپ قالغان پەيتلەردە، شۇ دەستە - دەستە كىتابلىرىدىكى بىرەر سۆز ياكى بىرەر جۈملە ئۇنىڭغا ھەق يولنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ھاياتتا ماڭىدىغان يوللار كۆپ بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يول پەقەت بىرلا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەقنىڭ يولى! مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەق يولىنىڭ يولچىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېسلىرى قەلىمىنىڭ ئۇچىدىن ئاققان سىياغا قوشۇلۇپ، بىر ئىنچىكە يولنى بويلاپ قەغەز يۈزىگە تۆكۈلۈپ، ئاجايىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۆزىنى كۈچسىز، ئاجىز ، چارىسىز ھېس قىلغان چاغلىرىدا كىتابلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە بىر كۈچ ئاتا قىلىپ، يول كۆرسەتكۈچى ئىشارەت بولاتتى. ئۆيىدىكى كونا كىتابلارنى ۋاراقلىغاندا، ئۇنىڭ بەتلىرىدىن چىققان كونا پۇراقلار ئۇنىڭغا خوتەن ئەنبىرىدەك تۇيۇلاتتى. كىتابلىرىدىن بۇرۇن ئوقۇغان بىرەر جۈملە ياكى بىرەر ھېكايىنى قايتا ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭدا يېڭى بىر جۈملە ۋە يېڭى بىر ھېكايىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بىر ھېس پەيدا بولۇپ، كەيپىياتى بىردىنلا ياخشىلىنىپ كېتەتتى. دېمەك، كىتابنى ياخشى كۆرگەن ئادەم ھەرگىز يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمايدۇ. ئوقۇش بىلەن يېزىقچىلىقنى ئۆزىگە ھەمرا قىلغان ئادەم قولىدا كىتاب تۇتۇپ ئۇخلاپ قالغان چاغلىرىدا ياكى ئۈستەل ئۈستىدىكى لامپىنى يېقىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا باشلىغىنىدا، ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىدەك ھېس قىلىدۇ.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھايات ئۇنى ئالدىغان، خورلىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھاياتقا ئالدانمىدى، ئۆزىنىڭ روھىنى زىنھار خورلاتمىدى. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزىنى تونۇش، دۇنيانى تونۇشتەك تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇ زۇلۇم، ناتەكشىلىك، ناھەقلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ستەمكار جەمئىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئىسيانكار ئىنقلابىي روھىنى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان ئالامەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ

ئەڭ ئاخىرقى ھاياتى تراگېدىيەلىك كۈنلەر بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز يولىنى ھېچ زامان يوقىتىپ قويمىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كىم ۋە نەدىن، قايسى يول بىلەن كەلگەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىغانىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ ئىچكى شەخسى تۇيغۇلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرى يولىدا ھارماي - تالماي كۈرەش قىلىش ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ روھىي ئازاتلىقى، مەنىۋى تەربىيەلىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنى قەلەمگە ئالغۇزدى. دېمەك، شېئىرلار ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ مەركىزىنى تەشكىل قىلىدىغان ژانىرلاردۇر.

مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەت ھاياتىدىكى بولۇپ ئۆتكەن مۇھىم ئىشلارنى بىر قۇر ئەسكە ئېلىپ، ۋىجدانى يەنە بىر قېتىم راھەت تاپقاندەك تاتلىق كۈلۈمسىرىدى. ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىز بولۇپ، يۈزلىرىدىن تارتىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر پەرزەنتى پاتىمە خانىم ئۆيگە ئاستا قەدەم بېسىپ كىرىپ كەلدى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بۇلتۇرلا ئانىسىدىن ئايرىلغان يالغۇز قىزىنى بۇ دۇنياغا تەنھا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كۆزى قىيماۋاتقاندەك، كارۋاتنىڭ بىر چېتىدە ئەمدىلا ئولتۇرغان قىزىغا زەن سېلىپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قارىدى. قىزىمۇ دادىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ، دادىسىنىڭ ماغدۇرسىز قوللىرىنى ئاستا - ئاستا سىلاپ تۇتتى. ئاندىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي دادىسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىرىدى. بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ قورۇق باسقان پىشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، دادىسىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا يەنە ئولتۇردى. ئۇ دادىسىنىڭ ئاق يوتقاننىڭ ئۈستىدىكى ئورۇق ئاق قۇشلاردەك تۇرغان ئوڭ قولىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يەڭگىل ئۇۋۇلىدى ۋە ھەر بىر بارماقلىرىنىڭ بوغۇملىرىنى بىر - بىرلەپ سىلاپ تۇتتى. بۇ چاغدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ نەپسى تۇيۇقسىز تېزلىشىپ كەتتى، ئۇ بىر گەپنى دېمەكچى ئىدى، ئەمما گەپلىرى بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەنسىزلىككە چۈشكەن قىزى دەرھال سۇ ئەكىرىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بېشىنى سەل قىيغايتىپ، دېرىزىدىن سوزۇلۇپ چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرلىرىغا كۆزلىرىنى تىكتى، ئۇ ھەر بىر نۇرنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋالماقچى بولغاندەك، شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردىكى يورۇق نۇرلارنى كۆرۈشى ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ ھالدا تۇرۇپمۇ، ئۈمىدىنى ھېچ يوقاتمىغان ئىدى. دېرىزىدىن سىزىپ چۈشكەن شۇ يالتىراق نۇرلار ئۇنىڭغا، زاماننىڭ ئېقىشىغا قارشى يالغۇز قىزى ئۈچۈن بولسىمۇ تىك تۇرۇش توغرىسىدا ئۆگۈت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ شۇنچىلىك مۇلايىملىق بىلەن تەبەسسۇم قىلدى ۋە ھېس - تۇيغۇلار يوقالغان يۈزىدە بىردىنلا ھاياجاننىڭ مەجھۇل ئەكسى پەيدا بولدى. ئاندىن يۈزىدىكى تەبەسسۇم بىلەن ھاياجان بىردىنلا ئۆچتى. بۇ ھال، خۇددى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن بىر ئادەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۇنىڭ يۈزىگە چىقىپ، ئاندىن پۈتۈنلەي چۆكۈپ كەتكەندىن كېيىنكى دېڭىزنىڭ تۇرغۇن يۈزىگە قاراپ تۇرغان قىرغاقتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆچكەن ئۆڭگە ئوخشايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەقلىدىن قايسى بىر دانىشمەننىڭ مۇنۇ سۆزلىرى چاقماقتەك چېقىپ ئۆتتى: «دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئايلىنىدۇ. يەر قۇياشنىڭ ئەتراپىدا، ئاي يەرنىڭ ئەتراپىدا.

ۋۇجۇدىمىزدىكى قان تومۇرلىرىمىزدا ئايلىنىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن ئايلانمايمىز؟» مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا پۈتۈن ھاياتى بويىچە ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، مۇشەققەتلىك بىر ئۆمۈرنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەمدى شۇ دەقىقىلەردە، ئۆزىنى ئۈستىگە چۈشۈپ تۇرغان نۇرلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ روھىي دولقۇنلىرى تېشىپ، كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىغا كېلىپ ئۇرۇلغان ئىككى تامچە ياش كۆزىدىن تۆكۈلۈپ، مەڭزىدىكى قورۇقلار ئارىسىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا تۆككەن ئەڭ ئاخىرقى ياشلىرى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىن، ئاغزىنىڭ ئەتراپىدىن، كۆزلىرىدىن، ھەتتا ۋۇجۇدىنىڭ ھەربىر ئەزاسىدىن ئۇنى قاتتىق قىيناۋاتقان بىر ئاغرىقنىڭ دەھشىتى چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئاغرىقلار بىردىنلا كۈچىيىپ، ئۇ بىر خىرقىراپلا بويىنى يانغا سىڭايان بولدى ۋە ئوڭ قولى يەرگە سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ نەپىسى ئەمدى ئەبەدى توختىغان ئىدى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىزىل رەڭلىك ئاي - يۇلتۇزلۇق بايرىقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى يېپىلغان تاۋۇت كىشىلەر مۈرىسىدە، قايتا تىرىلىپ كۆك قەرىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان سۇمۇرغدەك لەرزان لەيلەپ كېتىۋاتاتتى. بۇ مۇبارەك تاۋۇتنىڭ ئىچىدە ھەق يولچىسى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى يولچىلىقى ئىدى. مۇھەققەق، ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا باسىدىغان ئەڭ ئاخىرقى يولچىلىقى ئاخىرەتكە ماڭغاندىكى يولچىلىقى، يەنى مەسچىتتىن چىقىپ قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭغان يولچىلىق. بۇ يولنى زور كۆپچىلىك ئىنسانلار تاۋۇت ئىچىدە ئۇزۇنىغا يېتىپ، دوست - يارەنلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ مۈرىسىگە مىنىپ ماڭىدۇ. مانا بۈگۈن، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئەڭ ئاخىرقى يولچىلىققا چىققان ئىدى. دوست - يارەنلىرى بولسا مۇسىبەت ۋە دەرد - ئەلەمدىن قىزارغان كۆزلىرىدىكى ياشلارنى سۈرتۈشۈپ، ئۇنى مۈرىسىگە مىندۈرۈۋېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەقىلدانىلار ھەممىدىن بەكرەك مۇھەممەد ئىمىن بۇغراغا ئەمەس، بەلكى بۇ يولباشچىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان بەختسىز بىر مىللەتنىڭ تراگېدىيەلىك تەقدىرىگە ئۆكۈنۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئەمما بۇ يولچى ئۆزىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئاندىن ھەق يولىغا سەپەر قىلغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم يولدا، ئات ۋە ياكى باشقا قاتناش قوراللىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسان ھاياتىدا پەقەت ۋە پەقەتلا بىر قېتىم چۈشۈپ ماڭىدىغان تاۋۇتقا چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گۈزەل سىماسى ئىزتىراپ چەككەن دوستلارنىڭ قەلبىدە، كۆڭلىدە ئىدى. ئۇنىڭ باسقان يولى ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن بېسىلغان ۋە ۋىسال لەززىتىگە تۇتاشقان ئاشىقنىڭ يولى ئىدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋەتەنىنىڭ ئىشق - پىراقىدا يانغان ئاشىق ئىدى. گەرچە ئۇ ۋەتەنىنىڭ ۋىسالىغا، ئەركىنلىكىنىڭ ۋىسالىغا، ئازاتلىقىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ھەقنىڭ ھۇزۇرىدا ئاللاھنىڭ ئىشقىغا مۇيەسسەر بولۇشىدا نە شۈبھە؟! مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ ھاياتىغا ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھەق يولدا قالدۇرغان ئىزلىرى گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. كىمكى ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن ھەق يولدا ماڭسا، بۇ يول ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن بىردىنبىر يولى بولغان «سىراتىلمۇستەقىم» دېگەن يولنىڭ دەل ئۆزى! مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ئۆز يولىغا ئاشىق ئىدى. چۈنكى ئۇ ھاياتىدا شۇنچىلىك جاپا - مۇشەققەتكە ئۇچرىغان، ھىجران ئازابىدىن يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولغان ۋە ئۆز

قېرىنداشلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئايرىلغان بىر ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز يولىدىن مەڭگۈ قايتمىغان ئىدى. ئۇ ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى يولىدا تارتقان شۇنچە ئىزتىراپلارنى، جاپالارنى بەخت دەپ ئويلىغان، پۇتىغا سانجىلغان تىكەنلەرنى گۈل دەپ بىلگەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ماڭغان يولى ۋەتەن ئىشقىنىڭ يولى ئىدى، ئاللاھنىڭ يېگانە يولى ئىدى. ئۇ ھەق يولىنىڭ يولچىسى ئىدى، چۆل - جەزىرىلەردە ئۆز ئاشىقى ئۈچۈن كېزىپ يۈرگەن مەجنۇن ئىدى، تاغلارنى پارە - پارە قىلغان پەرھات ئىدى. شۇڭا ئۇ ۋەتەن ئىشقىدا مەيلى چۆلدە بولسۇن، مەيلى قارلىق تاغلاردا بولسۇن، مەيلى يات ئەللەردە بولسۇن، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن پايدىلىق يول بولسىلا ماڭغان ئىدى، ھەر يەردە ئەۋلادلارغا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ پانى دۇنيادىكى ئىزلىرى مەڭگۈلۈك باقى ئىزلاردىن بولۇپ، بۇ ئىزلار كەلگۈسىدىكى يولچىلارنىڭ يول بەلگىسى بولۇپ قالدى. بەلگە بولمىغان يولدا يولچى يولدىن ئازىدۇ. ئىز- ئىشارەتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئۆگۈت بىلەن قالدۇرغان بولسا، بەزىلىرىنى قورال بىلەن قويغان، بەزىلىرىنى قەلەم بىلەن قويغان بولسا، بەزىلىرىنى خىياللىرى بىلەن، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن قويغان ئىدى. شۇڭا ياش ئەۋلادلار ئۇنىڭ يولىغا ئاشىق ئىدى، چۈنكى ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقىغا تۇتاشقان بۇ يول ۋەتەن ئاشىقلىرىنىڭ يولى ئىدى. بۇ يولغا ئاشىق بولغانلار ئىزتىراپقا، ھىجرانغا، بەدەل تۆلەشكە ئاشىقتۇر. ھەق يولىنىڭ ئاشىقلىرىنىڭ ئاھلىرىدىن گۈلنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. لېكىن بۇ پۇراقلار ھەركىمگە نېسىپ بولمايدۇ، پەقەت شۇ يولنىڭ ئىشقىدا يانغانلارلا ئۇنى ھېس قىلالايدۇ.

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئىنسانلار ئۈستىدىن، جۈملىدىن بارلىق جانلىقلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغان بىر ھەقىقەت. ئۆلۈم مەيلى شاھ، مەيلى گاداي، مەيلى كۈچلۈك، مەيلى ئاجىز بولسۇن ھەممىسىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، توپاندەك ھەممىنى غەرق قىلىپ، ئۇ ئالەمگە ئاپىرىدۇ. بىز ئۆلۈمنى ئويلىغىنىمىزدا بىر تەرەپتىن قورقساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئالدىدا تەۋەنچىلىك بىلەن تەسلىم بولىمىز. ئۆلۈمنى ئۆز تەپەككۇرىمىزدا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىمىز. ئەگەر ئۆلۈم قورقۇسى بىزنى چىرماپ ئالغان بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلار ئىدۇق؟ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمىزنى قورقۇنچ ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ھايات تۇرۇپ ئۆلەر ئىدۇق. شۇڭا ئۆلۈمگە قورقۇنچ ئىچىدە نەپرەتلىنىشنى ئەمەس، بەلكى جەسۇرلۇق بىلەن ئۇنى سۆيۈشنى تاللىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتى - زامانىدا كەلگەن بىر ئۆلۈم، ئادەمگە ھەممە جەھەتتىن قۇچاق ئاچقان ۋە ھوزۇر بەرگۈچى گۈزەل بىر يول.

بۇ ھاياتتا، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش ئارىسىدىكى بۇ بوشلۇقتا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادىن زادى نېمە قالدى؟

مېنىڭچە، بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىدىكى ئىزلار قالدى، يولدا مېڭىش ئۈچۈن قىلغان كۈرەش تەجرىبىلىرى قالدى، بۇ ئارىلىقتىكى بىر پۈتۈن تارىخ قالدى، ھەممىدىن مۇھىمى، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭ ماڭغان گۈزەل يوللىرى قالدى. ئەگەر ھەر كىم ئارقىسىغا شۇنداق گۈزەل يوللارنى قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولسا، ئۇنداقتا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرادەك ئۈستۈن بىر روھقا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەمما ئۈستۈن روھقا ئىگە بولۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس، بۇ شەرەپ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولمايدۇ. ئۈستۈن روھقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ماددىي بايلىقتىن ۋاز كېچىپ، مەنىۋى بايلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تۆھپە قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىدە مەنىۋى ئىجاتكارلىق روھى بولۇشى، ھارماي - تالماي مەنىۋى ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىشى ياكى ئۆز ھاياتىنى ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن مىللىتىنىڭ بەخت – سائادىتى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن پىدا قىلىشى لازىم. خۇددى مەشھۇر يازغۇچى ۋىكتور ھۇگو ئېيتقاندەك: «ئادەم بۇ دۇنياغا يا كىشىلەر ئوقۇيدىغان بىر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇپ قويۇشى كېرەك، ياكى بولمىسا كىتاب يازغۇدەك بىر ھاياتنى ياشىشى كېرەك». مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بولسا ھەم كىتاب يازغان، ھەم كىتاب قىلىپ يازغۇدەك بىر ھاياتنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن مەن ئويلىدىم، ھاياتنى بىر رومان ياكى بىر داستان بىلەن ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەتلا بىر «سۆز» بىلەن خۇلاسىلىسا، زادى قايسى «سۆز» بۇ شەرەپكە نائىل بولار؟ قايسى «سۆز» بۇ ھاياتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەيدىغاندۇ؟

بۇ ھايات _

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىنغا كۆرە: سۆيگۈ - مۇھەببەت؛

دوستويېۋسكىگە كۆرە: جەھەننەم؛

زوردۇن سابىرغا كۆرە: ئىزدىنىش؛

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە كۆرە: ئىز؛

جالالىدىن رۇمىغا كۆرە: ئاشىق؛

سوقراتقا كۆرە: ئىزتىراپ؛

گەندىگە كۆرە: كۈرەش؛

نىتچېغا كۆرە: سەنئەت؛

كانتقا كۆرە: ئەركىنلىك

ئىدى.

سىزچىچۇ؟

مېنىڭچە: يول

ئوغۇزخان ئات ئۈستىدە يول يۈرۈپ، جاھاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرمىدىمۇ؟

ھەزرىتى يۈسۈپ يولچىلىق ئارقىلىق سائادەتكە، دۆلەتكە، زەپەرگە ئېرىشمىدىمۇ؟

ھەزرىتى مۇسا ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن مىسىردىن يولغا چىقىپ، پىرئەۋننىڭ قولىدىن نەچچە يۈزمىڭ يەھۇدىنى قۇللۇقتىن ئازات قىلمىدىمۇ؟

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەسرىب تەرەپكە ئۇدۇل يولغا چىقىپ ئىقلىملەر سۇلتانى بولمىدىمۇ؟

مەھمۇد كاشغەري يولغا چىقىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق شاھانە كىتابىنى يازمىدىمۇ؟

ئالپ ئارسلان يولغا چىقىپ ئاناتولىيەنى تۈركلەرگە مەڭگۈلۈك ۋەتەن قىلمىدىمۇ؟

مەجنۇن ئاشىقى لەيلا ئۈچۈن يول يۈرۈپ چۆللەردە داستان يازمىدىمۇ؟

شاھ مەشرەپ ئاشىق ئۈچۈن دەشتى - باياۋانلار ئېشىپ، يول يۈرۈپ ۋىسال شەربىتى ئىچمىدىمۇ؟

جالالىدىن رۇمى :«يول دېگەن نېمە؟ نۇرغۇن ئاياق ئىزلىرى بولغان يەردۇر» دەپ، ئۆز ئاشقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ساما ئويناپ، كىتاب يېزىپ، هايات يولىغا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرمىدىمۇ؟
سادىر پالۋان تەلكى تاغلىرىدا كېزىپ يۈرۈپ:

يىلان باغرىدەك يوللار،
يۇرتۇمنىڭ ئىز قاشقىسى.
ماڭا قىلچە بىلىنمەس،
ئەل ئىشقىدىن باشقىسى.

تارتقىنىم جەبىر - زۇلۇم،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىم مەن.
دەرد كەلسە كېلىۋەرسۇن،
يولۇم هەق كىرىلدىم مەن.

دەپ قوشاقلار قېتىپ، هەق يولىدا زالىملارنىڭ باشلىرىدا قىلىچ ئويىنىتىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار مىللىي روهى بىلەن مەردانە قوشاقلىرىنى بىزگە مەڭگۈلۈك مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ كەتمىدىمۇ؟

يول ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلماقتۇر،
يول مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەشتۇر ،
يول جاپادۇر، دەرتتۇر، ئىزتىراپتۇر،
يول دوستتۇر، دوست تاپماقتۇر،
يول تەجرىبىدۇر،
يول هىجراندۇر،
يول مۆجىزىدۇر،
يول مىهنەتتۇر،
يول ئۈمىدتۇر،
يول سەۋردۇر،
يول ۋىسالدۇر،
يول ئاشىقتۇر،
يول هاياتتۇر،
يول...!

22.03.2020